

ئابدۇراخمان قاھار

# توغراۋە قىزنىڭ ئاشىقى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# توغراق قىزنىڭ ئاشىقى

ISBN 978-7-5371-5419-2
9 787537 154192 >
باھاسى: 18.00 يۈەن

ئابدۇراخمان قاھار



# تۇغراق قىزنىڭ ئاشىقى

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

胡杨姑娘的情人（维吾尔文）
（长篇小说）
阿不都热合满·卡哈尔　著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　10.375 印张
2007年3月第1版　2007年3月第1次印刷
印数：1—4060

---

ISBN978－7－5371－5419－2　定价：18.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# بىرىنچى قىسىم

## 1

مەن يالغۇز قىز ئىدىم ، ئاتا ـ ئانام نىمىشقىدۇ مىنىڭدىن باشقا پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتىكەن . توققۇز ـ ئون ياش چاغلىرىمدا ئاپام ئۆلۈپ كىتىپ ، دادامنىڭ قولىدا قالدىم . بازارنىڭ تازا ئاۋات يىرىدە دادامنىڭ ئاشپۇزۇلى بار ئىدى . بىزنىڭ قورۇ ـ جايىمىز ئاشپۇزۇلنىڭ كەينىدە بولۇپ ، ئۇنىڭغا چوڭ كوچىغا چىقىدىغان تار كوچىدىن كىرەتتۇق ، هويلىمىزدا كۈنچىقىشقا قارىغان ئۈچ ئىغىزلىق ئۆي ، ئۆينىڭ ئالدىدا بىر تۈپ باراقسان قارىياغاچ ، قارىياغاچنىڭ ئاستىغا سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ ، ئۇ بىزنىڭ چايخانىمىز ئىدى . دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ چاي ئىچىش ، تاماق يىيىش ۋە مىنىڭ قول ئىشلىرىم مۇشۇ چايخانىدا ئۆتەتتى .

مەن قورۇدا كۆپ چاغلاردا يالغۇز قالاتتىم . يالغۇزلۇقنىڭمۇ ئازابى بولىدىكەن ، بىراق مەن سەۋر ـ تاقەتلىك ئىدىم . ئاپام ماڭا دائىم : «سەۋرلىك بول ، قىزىم ! سەۋرلىك ئادەم تىلىكىگە يىتەلەيدۇ » دەيدىغان . دادام ئەتىگەنلىك چايدىن كىيىن ئاشپۇزۇلغا چىقىپ كەتسە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چۈشلۈكلىرى كىرىپ قالغىنىنى هىسابقا ئالمىغاندا ، كەچتە بىراقلا كىرەتتى . دادام ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى هەم ئۆزى قورۇما قورۇيتتى . كەچلىك تاماقنى دادام ئىككىمىز دەرقەمدە ئولتۇرۇپ يەيتتۇق . مەن كۈن بويى مۇشۇ پەيتنى كۈتەتتىم ، مىنىڭ ئەڭ خۇشال بولىدىغان

پەيتىمىمۇ مۇشۇ چاغ ئىدى . دادام ئاشپۇزۇلنىڭ تامىقىنى زادىلا يېمەيتتى ، چۈشلۈكىمۇ ئاشپۇزۇلدا چاي ئىچەتتى . دەسلەپكى چاغلاردا دادامنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قوياتتىم ، دادام ئۆزى ئېتەتتى ، كېيىنكى چاغلاردا ئۆزۈم ئېتىدىغان بولدۇم . سەۋر - تاقەت قىلىش مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىپ كەتكەچكە قورۇدا يالغۇز قالسامۇ زېرىكمەيتتىم .

هويلىمىز ماڭا باشقا هويلىلارغا قارىغاندا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىللىق - يېقىملىق كۆرۈنەتتى ، ئويىنىغىلى كىرگەن دوستلىرىممۇ : «سىلەرنىڭ هويلىڭلارنىڭ پېشانىسى ئەجەب ئىللىققۇ ! » دەيتتى . هويلىمىزغا ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئارامبەخش ئىللىق نۇرلىرى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، ئۆيلەرنىڭ پېشانىسىدە ، هەمىشە يالتىراپ تۇرىدىغان دېرىزىلەردە ۋە ئارىلاپ سۇپۇرۇلگەن يەرلەردە نازغىپ ئوينايتتى ۋە ئۇ مەن بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتقاندەك ئورنىنى يۆتكەپ هېلى ئۇ يەردە - هېلى بۇ يەردە پەيدا بولۇپ تۇراتتى . قارىياغاچ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلار يېقىملىق ئۈن بىلەن ۋىچىرلىشىپ نەغمە قىلىپ كۆڭۈلگە زوق بېرەتتى .

هايات دېگەن قىزىق نەرسىكەن : ئاپام بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم كۆڭۈللۈك ئىدى ، ئاپام مەن بىلەن خۇددى چوڭ ئادەملەر بىلەن مۇڭداشقاندەك مۇڭدىشىپ كېتەتتى . ئاپام پات - پات : «مۇڭداشسىز ئۆمۈر — زېرىكىشلىك ئۆمۈر ، ئازابلىق ئۆمۈر ، هەسرەتلىك ئۆمۈر ، خۇدا ، ئۇنداق كۈنلەردىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ! » دەيتتى . ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆڭۈلسىز ، زېرىكىشلىك ، ئازابلىق كۈنلىرىم باشلاندى ، بىراق كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ، ئاستا - ئاستا ئۇنى ئۇنتۇشقا باشلىدىم . تىرىكلىك ، هاياتقا بولغان تەلپۈنۈش مەندە يېڭى - يېڭى ئوي -

خىياللارنى پەيدا قىلدى. چوڭ بولغانسېرى كەلگۈسى كۈنلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى، ياخشىراق، غەمسىز ياشاشنى، دادامنىڭ ئۆز ئىشىنى ياخشىراق داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئالغا ئىنتىلگەن ھەرقانداق ئادەم قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى قوزغاۋەرمەي، ئۇنى قانداق ساقايتىشنى، قانداق قىلسا ساقىيىدىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك. شۇنداق نىيەتكە كەلسىلا، ئادەم مۇھتاجلىقتىنمۇ، ئازابتىنمۇ، غەم - قايغۇدىنمۇ قۇتۇلىدۇ.

ئاپام ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ مېنى دادامنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەھەللىمىزدىكى «چولاق قارىي» (چولاق خەلپەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمگە ئوقۇشقا بەرگەن.

— پۈتۈن ئادەم بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟— دەپ سوئال سورىغانىدى بىر كۈنى ئاپام.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئاپام ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى:

— ئوقۇش كېرەك، دىلىڭىزغا چىراغ يېقىشىڭىز كېرەك. چىراغ يېقىلسا قانداق بولىدۇ؟ قاراڭغۇ دىلىڭىز يورۇيدۇ. بۇ چىراغ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل سىز ئۆگىنىۋاتقان بىلىم، موللامنىڭ سىلەرگە بېرىۋاتقان ساۋىقى. دىلى يورۇغان ئادەم قانداق بولىدۇ؟

مەن يەنە جاۋاب تاپالماي يەرگە قاراپ قالدىم.

— دىلى يورۇغان ئادەم ئاق - قارىنى، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلەيدۇ.

ئاپامنىڭ مېنى نېمىشقا ئوقۇشقا بەرمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدا چۈشەندىم. مېنى چوڭ بولسا پۈتۈن ئادەم بولسۇن دەپتۇ - دە!

مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتىم. خەلپىتىممۇ بىزنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى. ئەتىگەندە بوغچىمىزنى بويىنىمىزغا ئېسىپ قۇملۇق - توپىلىق يوللارنى بېسىپ خەلپىد-

تىمىنىڭ كوچىسىغا بۇرۇلغاندا : «ئەسسالامۇئەلەيكۇم !» دەپ
ۋارقىراپ بىرىنچى سالامنى قىلاتتۇق ، خەلپىتىمنىڭ دەرۋازىسى-
نى ئاچقاندا ئىككىنچى سالامنى ، دەرسخانىغا كىرگەندە ئۈچىنچى
سالامنى بېرەتتۇق . بۇ سالامنى ئوغۇللار ۋارقىراپ ، قىزلار ئى-
چىمىزدە بەجا كەلتۈرەتتۇق . ئاندىن هويلا - ئارامنى ، دەرسخانى-
نى سۇ چېچىپ سۈپۈرۈپ ، پاكىز تازىلىۋېتىپ خەلپىتىمنى كۈ-
تۈپ ئولتۇراتتۇق . شۇ كىرگەنچە چىققىچۇشتە بىراقلا قايتاتتۇق .
كىمدە كىم ئەتىگەندە كېچىكىپ كەلسە ، خەلپىتىم ئۇنى دەرسخا-
نىغا كىرگۈزمەي ، سىنىپتىن ، ئاندىن هويلىدىن تاكى كوچىغىچە
ئۈزۈن چىۋىقتا ئۇرۇپ - سۈرۈپ چىقاتتى . خەلپىتىم ئاچچىقى
يامان ئادەم بولۇپ قاپىقى زادىلا ئېچىلمايتتى ، ئۇنىڭ كۈلگىنىنى
پەقەتلا كۆرمەيتتۇق . مەن ئەتىگەندە دائىم دېگۈدەك بىرىنچى
بولۇپ كېلەتتىم ، ساۋاقلىرىمدىمۇ بىرىنچى ئىدىم . ئۆيگە قايتقان-
دىن كېيىن كەچكىچە ئۆتۈلگەن ساۋاقلىرىمنى يادلايتتىم ،
هەرپ - جۈملىلەرنى يېزىپ مەشىق قىلاتتىم . بەزى ساۋاقداشلى-
رىم بىر يىلغىچە هەتتا ئىككى يىلغىچە «هەپتىيەك» دىنمۇ چىقال-
مىغان ، مېنىڭدىن خەلپىتىممۇ ، ئاتا - ئانامۇ رازى ئىدى .

مەن چولاق قارىيدا ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئاپام ئۆلۈپ
كېتىپ ئوقۇشتىن قالغان . ئەسلىدە دادامۇ : «چوڭ بولۇپ
قالدىڭ ، قىزىم ، ئەمدى ئوقۇشقا بېرىشتىن توختاپ قالساڭ بو-
لار» دېگەنىدى . داداملا ئەمەس ، باشقىلارمۇ قىزلىرى ئون - ئون
بىر ياشلارغا كىرگەندە ئۇلارنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالاتتى . بۇ
بۇرۇندىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىدى . ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە ،
دادىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ ، تاپقان پۇلىغا كىتابلا ئالاتتى-
كەن . ئۇنىڭ خەت - ساۋاتىنى كىچىكىدە دادىسى چىقىرىپتىكەن .
ئاپام خەت - ساۋاتى چىققاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇشقا بەكمۇ
قىزىقىپ قاپتۇ ، كىتابقا بىر بېرىلىپ كەتسە ، قورسىقىنىڭ ئاچ-
قانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىكەن . بۇ قىزىقىش قارىيخانىدا ئوقۇش

بىلەن تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئاپامنىڭ بۇ نۇرغۇن جەڭنامە، ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىسى يېزىلغان كىتابلىرى دادىسىدىن قالغانىكەن. ئاپامدىن ماڭا قالغانىدى. بۇ كىتابلار قولدىن قولغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئۇستا خەتتاتلار ئۇنى ھەۋەس بىلەن كۆچۈرۈپ، قايتا - قايتا كۆپەيتىپ كۆچۈرۈپ شۇنىڭ تاپاۋىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. «كىتاب مىسالى ئېسىل مېۋە، — دەيتتى ئاپام پات - پات، — ئېسىل مېۋىنى قانچىلىك ئېتىساڭ شۇنچىلىك ھوزۇرلىنىسەن، لەززەتلىنىسەن، زوقلىنىسەن. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئاللىقاچان دۇنيادىن ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەقىل - ئىدراكى، كۈچ - غەيرىتى، مەرد - پىداكارلىقى، تاللىۋالغان پارلاق يولى، يىغىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى شۇنچىلىك ئۆتكۈر ھالدا ياڭراپ تۇرىدۇ ۋە بۇ ياڭراق سادالار سېنى توغرا يولغا چۈشۈشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ.» كۈنلىرىمنى ئۆيىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىدىن باشقا، ئاپامدىن قالغان، چەت - چۆرىلىرى قىرچىلغان، ۋاراقلىرى كونىراپ سىرىقىداپ كەتكەن كىتابلارنى ئوقۇش، يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. ئادەم ئۆزىگە ھەر خىل ئەمەكلەرنى ھەمراھ قىلسا، كۈننىڭ قانداق چىقىپ، قانداق پېتىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدىكەن، زېرىكىشنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن: «بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟» ئۇنى ئويلاپ شۇ كۈنكى زۆرۈر ئىشلارنى كۆڭلۈمگە پۈكىمەن.

كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا يەنە ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن: «بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلدىم؟»

قارارىمنى ئورۇندىغان بولسام شۇ كۈنى خاتىرجەم ھالدا تېزلا ئۇيقۇغا كېتىمەن، ئورۇندىيالمىغان بولسام شۇ كۈنى ئازابلىنىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي چىقىمەن. شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇشۇمنى رەتلىك - تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

ئاپام ئۆلۈپ كېتىپ نەچچە يىللار ئۆتۈپمۇ كەتتى . لېكىن دادام ئۆيلەنمىدى . باشقىلارنىڭ ئۆيلىنىۋېلىش توغرىسىدا قىلغان دالالەتلىرىگىمۇ كۆنمىدى . تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيگە دادامنىڭ ئىك-كى بۇرادىرى كەلدى . ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى :

—… ئۆيلىنىۋالساڭ بولاتتى ، ئاداش ،— دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ، — ھېلىمۇ سەن مۇشۇ چاغقۇچە ئىنساپ قىلدىڭ ، ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىڭنىڭ ھۆرمىتىنى ھەرقانچە قىلغان ئادەم سېنىڭچە-لىك قىلار .

دادام ئۈنچىقمىدى .

— ھازىر قىزىڭ بار ، خۇدايىم ئۇ قىزىڭنى سېنىڭ مۇشۇ تىكەندەك يالغۇزلۇقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىڭنى يېڭىش ئۈچۈن يارى-تىپ قويۇپتىكەن ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ، تۇرمۇشتىمۇ قىينالمى-دىڭ ، لېكىن قىزىڭ تالا ئادىمى ، بەربىر ياتلىق بولىدۇ ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن ؟

— شۇ چاغدا كۆرمەمدۇق .

— ئۇقۇلدى ، سېنىڭ غەرىزىڭ ئۇقۇلدى… ئاۋۋال قىزىمنى ياتلىق قىلىۋالاي ، دەپ ئويلاۋاتقان ئوخشايسەن ؟

— ئۇنداقمۇ ئويلاپ كەتمىدىم .

— ئەمىسە نېمىگە تارتىنىشۋاتىسەن ؟

— قويۇڭلار بۇ گەپنى ، باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى .

ئۇلار دادامنى ئۆيلىنىشكە كۆندۈرەلمەي كېتىپ قالدى . ئۇلارنىڭ گېپى توغرا . مېنىڭچە بولغاندىمۇ ، دادام ئۆيلىنىۋېلى-شى ، بېشىنى ئوڭلاپ ، تۇرمۇشىنى يولغا سېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى . تەقدىر نېسىپ بولۇپ ، مەن بۇ ئۆيدىن كېتىپ قالسام ، ئۇ قانداق قىلىدۇ ؟ مەن بۇ ئۆيگە باقىمەندە ئەمەسقۇ ، دادام مۇشۇ تەرەپلىرىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ ؟ تەس ئىشكەن ، ئۆزى ئوي-لىمىسا ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىسا ، ئېغىز ئاچقانلارنىڭ ئاغزىنى

تۇۋاقلاپ تۇرسا قانداق قىلغۇلۇق ، دادام نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ ؟ بولمىسا ئايالى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ سەۋرچانلىرى بىر يىلدىن كېيىن ، بەزىلىرى بىرنەچچە ئاي ھەتتا قىرىقى توشقۇچە تاقەت قىلالماي ئۆيلىنىۋالغانلىرى كۆپقۇ… تاقەتسىز ئەرلەرگە تەگكەن ئاياللارمۇ قىزىق بولىدىكەن ، ئۆزىنىڭ قەدىناسلىرىنىڭ بىرەر يىلغىچە ھۆرمىتىنى قىلمىغان ئادەم ماڭا قانچىلىك كۆيۈنۈپ ، ھۆرمىتىمنى قىلار ، دەپ ئويلىمايدىكەن . ئۇنداق ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە ئۆيىگە كېلىپ بولىدىكەن . كېلىپ بولۇپلا : «بۇ گادايكەن ، تۇرقىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوقكەن ، مەن يايرايمەن ، كۈلىمەن ، ئوينايمەن ، دەپ كەلگەن ، ياخشى يەپ ، ياخشى كىيىمەن ، دەپ كەلگەن» دەيدىكەن .

دادامنىڭ ئۆيلەنمەسلىكىدە مۇنۇ ئىككى خىل سەۋەب بارمىكىن ، دەپ ئويلايمەن : بىرى ، دادام مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ، بولۇپمۇ ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆڭلۈمنى قىلىچىمۇ رەنجىتمىدى ، تاۋىمنى ئۆستۇرۇپ تۇردى . (بەلكى مەنمۇ دادامنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان بىرەر ئىش قىلمىغاندىمەن . ) شۇڭا ئۆيلەنسەم ئاپىسىدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ قالغان بىچارە قىزىم ئۆگەيلىك تارتىپ قالسا يۇرىكىم چىدىمايدۇ ، دەپ ئويلايدىغاندۇ ؛ يەنە بىرى ، ئاپامنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكتىن ، باشقا ھەرقانداق ئايالنى ئاپام بىلەن تەڭلەشتۇرەلمىسە كېرەك . ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلاردىكى ھەقىقىي مۇھەببەت ـ سۆيگۈ — ئۆزى ھەققىدە ئويلاشنى پۇتۇنلەي ئەستىن چىقىرىپ ، جورىسىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ . مەن شۇنى ھېس قىلىپ قالدىمكى ، دادامنىڭ رەھمەتلىك ئانامغا بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن ـ دە… ئاپام ئوقۇيدىغان ئاشىق ـ مەشۇقلار قىسسىسى ، ئاشۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقى ، سەمىمىي ـ سادىقلىقى ، ۋاپادار ، مېھرىبانلىقى دادامغىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغانىكەن ـ دە ! ئادەملەرنىڭ

بولۇپمۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە سەممىي ـ سادىق ، ھۆرمەتچان بولۇشى ئۇلارنى شۇنداق گۈزەل ـ كۆركەم ، نەپىس كۆرسىتىدۇ . ئۇلارنىڭ شۇ روھىي ھالىتى بەخت ـ سائادەتتىن ، قەيسەر ـ قەھرىمانلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ . دۇنيادا قەيسەر ـ قەھرىمانلىقنى ، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى بىسىپ چۈشىدىغان تۇيغۇ ، روھىي گۈزەللىك بولمىسا كېرەك . مۇنداق سەممىي ـ سادىقلىقنى ، ھۆرمەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئادەملەر ھامان كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىدە ياشايدۇ ۋە خۇددى قەھرىمانلىق داستانىدەك ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ سۆزلىنىپ تۇرىدۇ .

دادام مېنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىمنى كۆرگەندە : «كىتاب ئوقۇساڭ ئاپاڭدەك سۆيۈپ ئوقۇ ! ئۇ ساڭا توغرا يول — مەنزىل كۆرسىتىدۇ ھەم سېنى قەيسەر ـ ئىرادىلىك قىلىدۇ» دەيتتى . مەن بۇنىڭدىن دادامنىڭ ئاپامنى ھېلىغىچە سېغىنىدىغانلىقىنى ۋە مۇھەببىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلاتتىم . ئەر كىشىنىڭ ئۆز ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتىشى — ئائىلىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتتىن تۇغۇلىدۇ . بۇنى چۈشەنمىگەن ئەر — پۈتكۈل ئاياللار دۇنياسىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ . كۆپىنچە ئاياللار پاك ، ۋاپادار ، پىداكار بولىدۇ . ئائىلىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلالمىغان ، ئۇنىڭ ۋاپادار ، سادىق ، مەرد ـ مەردانىلىقىدىن كۈچ ـ غەيرەت ئالالمىغان ۋە ئائىلىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن يېنىۋاتقان پاك سۆيگۈسىنى نوقۇل لەززەتلىنىشكە ئۇرۇنۇش دەپ بىلىدىغان ئەر ئۆزىنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئەخمەق ئەردۇر .

دادام ئاپام توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىمەيتتى . ئەمما ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ، روھىي ھالىتىدىن ئاپامنى قەدىرلەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . سۆيگۈ سىرلىرىنى چىڭ ساقلىيالىغان

ئەر ئايالىنىڭ پاك ، نازۇك ، نەپىس مۇھەببىتىنى ئەڭ قەدىرلە-
گەن ئەر ھېسابلىنىدۇ .

ھويلىدا يالغۇز قېلىش ، كىتابلارنىمۇ يالغۇز ئوقۇش ، ئۆي ئىشلىرىنىمۇ يالغۇز قىلىش مېنىڭ نۇرغۇن خىياللارنى سۈرۈشۈمگە ، خىياللارنى تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئىشلارغا بىرلەشتۈرۈشۈمگە ئەنە شۇنداق ئىمكانىيەت بېرەتتى . ئەتىگەندە چىققان كۈن ھويلىمىزغا ئەركىلەپ چۈشكەندە ، كۆڭلۈم بىردىنلا ئېچىلىپ ، بەدەن - بەدەنلىرىمدىن شادلىق تۇيغۇلىرى ياناتتى . بازاردا بارغانسېرى ئادەملەر كۆپىيىپ ، ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلار ، ئاتلارنىڭ پۇرقۇشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭلىناتتى . بۇ ئاۋازلار مېنى بىزار قىلمايتتى . يامغۇر - يېشىن بولۇپ ، بۇ ئاۋازلار بىر مەزگىل ئاڭلانماي قالسا ، ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتەتتىم . مۇنداق كۈنلىرى قارىياغاچ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىمۇ ئۆچۈپ ، مېنى دەممۇدەم تېرىكتۈرەتتى . ئەسلىدە قۇشقاچلار شاختىن شاخقا قونۇپ ، يېقىملىق ۋىچىرلاپ ھويلىنى ئاۋات قىلىپ تۇراتتى .

شۇنداق قىلىپ ، مەن ئون ئالتە - ئون يەتتىلەرگە كىرىپ قالدىم ، شۇندىلا مەندە دادامدىن ئەنسىرەش ۋە ئۇنىڭ غېمىنى قىلىش ئويى رەسمىي قوزغالدى . مېنىڭ لايىقىم بولمىسىمۇ ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم ياتلىق بولىمەن ، بەربىر بۇ ئۆيدىن كېتىمەن . مەن بۇ ئۆيدىن كەتسەم دادام قانداق قىلىدۇ ؟ بۇ ئۆيدە ، مۇشۇ ھويلىدا تىنكەندەك يالغۇز قالسا ، باش ئاغرىقى ، چىش ئاغرىقى دېگەن نەرسىلەرمۇ بار ، شۇنداق چاغلاردا كىم ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ ؟... مۇنداق ئەندىشىلەر ئۆز سايىسىنى بىزنىڭ ئۆيگە يايماي تۇرۇپلا مېنىڭ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى . مەن دادامنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتىم ، مۇشۇ غېرىبلىق كۈنلەردە مېنىڭ داداممۇ شۇ ، ئاناممۇ شۇ ئىدى . ئەگەر ھېچ نەرسىسى يوق يېتىم بالا

چىقسىغۇ ياخشى ، «بالا قۇل» قىلىپ مۇشۇ ئۆيگە ئەكېلىۋالساق ،
دادامدىنمۇ خاتىرجەم بولاتتىم . مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئەمىن تاپاتتى ،
بىراق مۇنداق توغرا كېلىپ قېلىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ .
ئويلىغان ، ئارزۇلىغان ، زارىقىپ كۈتكەن ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا
چىقىشى نەدە بار ؟ !... سەن كۆڭۈلگە ياقىدىغان ئىشلارنى قانچە
چوڭقۇر ئويلىساڭ ، ئۇ سېنىڭدىن شۇنچە يىراق قاچىدۇ .
مۇشۇلارنى ئويلىسام ، دادام ماڭا بارغانسېرى غېرىب - مۇساپىر-
دەك كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ . ئۇ كۆزۈمگە كېيىملىرى جۇل - جۇل
بولۇپ كەتكەن ، مەينەت ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ،
دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ، جىمغورلىشىپ ھالسىز سىياقتا كۆرۈنى-
دۇ... تۇرۇپلا يەنە نېمانداق يوق ئىشلار كاللامغا كىرىۋالىدىغان-
دۇ ؟ ماڭا بىرەر خېرىدار چىقمىدىغۇ ، ھېچكىممۇ تېخى ئىشەنچ-
لىك كېلىپ ئىشىك ئاچمىدىغۇ ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن . توۋا
دەيمەن ، شۇنداق ئويلىسامىمۇ ئاشۇ ئەندىشىلىك خىياللاردىن نېرى
بولالمايمەن . قىزلار ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالسىمۇ ، ئىشقى ھېس-
لاردىن ، ئۆز كەلگۈسىنى ئويلاپ ، باش قاتۇرۇشتىن خالىي بولال-
مايدۇ . مۇنداق خىياللارنى قىلمايمەن دېگەنسىرى ، شۇنداق خى-
ياللارغا پېتىپ قالىدۇ . بويىغا يەتكەن قىزلار ئىشقى ھېسلىرى-
نىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان-
لىقىنى سەزمەي قالىدۇ . ئون ئالتە - ئون يەتتىلەرگە كىرگەن
ئوغۇللارنىڭ ئۆز كەلگۈسى تۇرمۇشىنى ئويلاپ كېتىشى ناتايىن .
ئەمما شۇ ياشتىكى قىزلار بۇ خىل ئوي - خىياللارنىڭ ئەسىرى
بولۇپ قالىدۇ ۋە شۇنىڭ ۋەسۋەسىچىلىكىدە ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە
قالغان قىزلارمۇ نۇرغۇن .

ئەتىدىن - كەچكىچە ھويلىدا يالغۇز قېلىش ئەتراپىمنى
ئوراپ تۇرغان ۋە ئالدىمدا كۈتۈپ تۇرغان ھەممە ئىشلىرىمدىن
مېنى يۇلۇپ ئېلىپ ، ئاللىقانداق باش - ئاخىرى يوق چىگىش
خىياللار قوينىغا ئاتاتتى . ئىلگىرى مۇنداق خىياللار مېنىڭ بىسا-

تىمدا ھەرگىز تېپىلمايتتى ، ھازىر پۈتۈن بەدەنلىرىمنى چىرمى-ۋالدى . بۇنىڭغا نېمە ئامال ، بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىدىن سىرت ئىشلاركەن . بەزىدە چىگىش خىياللاردىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، يىڭنە ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىمەن — تاۋار ياغلىقا گۈل - غۇنچە چېكىش بىلەن بەند بولىمەن ، بىراق پۈتۈن مېھرىمنى بېرىپ گۈل چېكىشنى كىمگە ئاتاپ قىلىۋاتىمەن ، بۇنىڭ ئىگىسى كىم بولى-دۇ ؟ بۇنى بىلمەيمەن ، زادى بىلمەيمەن . لېكىن گۈل چېكىلىۋات-قان بۇ ياغلىق مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىك ! ساڭا قىممەتلىك تۇيۇلغان ۋە غايىبانە بىرىگە ئاتالغان نەرسىنى خۇپىيانە تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدىكەنسەن ، ياغلىققا گۈل چېكىۋاتقىنىمنى دادامدىنمۇ يوشۇرىمەن ، شۇنداق چاغلاردا قورۇغا ئۆيلىمىغان يەر-دىن تۇيۇقسىز دوستلىرىم كىرىپ قالسا مەڭدەپ كېتىمەن ، دەر-ھال ئۇنى يوشۇرۇپ قالىدىغان يەرگە تىققۇچە ئالدىراپ ھودۇقۇپ كېتىمەن ، ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەچكە ، بىرھازاغىچە گەپلىرىممۇ قولاشمايدۇ .

## 2

تۇن ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ ، ئۇيقۇسى قاچقان ئادەمنىڭ تاڭنى ئاتقۇزمىقى ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازابكەن ، بىر كېچە بىر يىلدەك تۇيۇلىدىكەن . بۈگۈنكى كېچە شۇنداق كېچىلەردىن بول-دى . دۇرۇس ، ئۇيقۇم قاچقان كېچىلەرمۇ بولغان ، لېكىن تۇن بويى بولغان ئەمەس . نېمىشقا تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم : بۇنىڭ سەۋەبى بار . بۈگۈن كۈندۈزدىلا كاللامغا چىگىش ۋە كۆڭۈلگە ھەم ئازاب ، ھەم شادلىق ئاتا قىلىدىغان خىياللار كىرى-ۋالدى . ئۇ ئىش - بۇ ئىش بىلەن بەزىدە بۇ خىياللارنى ئۇنتۇي-مەن ، بەزىدە يەنە ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ . ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپ ، ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن ، چىگىش خىياللاردىن

بىردەممۇ نېرى بولمىدىم . خىيالدىن قانچە قاچقانسېرى ئۇ ساڭا شۇنچە چىڭ چاپلىشىدىكەن ، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا ئەمدىغۇ ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ كېتەرمەن ، دەپ ئۇياققا ئۆرۈلدۈم — ئۇيقۇ يوق ؛ بۇياققا ئۆرۈلدۈم — ئۇيقۇ يوق . تىت - تىت بولۇپ بەزىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىمەن ، يەنە ياتىمەن . چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللار ماڭا ھېچ ئارام بەرمىدى . ئۇ پۈتۈن بەدەنلىرىمنى چىرماپ مېنى توختاۋسىز ھەرىكەتكە سالماقتا ئىدى . خىياللار نېمىدىن باشلاندى ؟ راست گەپنى قىلسام ، كەلگۈسى تۇرمۇشۇمنى ئويلاشتىن باشلاندى . مەن كۆڭلۈمگە ياقىقان قانداقتۇر بىر يىگىتكە ياتلىق بولىمەن - دە ، باشقا جاھان تۈتىمەن… بويىغا يېتىپ رەسىدە بولغان ھەرقانداق قىز بۇنداق خىيالدىن بىردەممۇ نېرى بولالمايدۇ . بۇ ئۆيدىن ، دادامنىڭ ئالدىدىن كېتىمەن . دادام كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ : ئۇ ھويلىدا ، تام تۈۋىدە ئۇنگەن قورايدەك يالغۇز قالغان ، ئۆيلەر ۋەھىمىلىك تۇستە چۆلدەرەپ تۇرىدۇ ، كەچتە ئاشپۇزۇلدىن ھېرىپ - ئېچىپ يانسا ، ئالدىغا قويۇلىدىغان بىر چىنە ئىسسىق تاماق يوق . كىيىم - كېچەكلىرى كىرلىشىپ ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرىدۇ ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئورۇن - كۆرپىسىنى ئۆزى سېلىپ ئۆزى يىغىۋاتقان ، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق مەيۈس ھەم غەمكىن ، پۈتۈن تۇرقىدىن غۇربەتچىلىك يېغىپ تۇرغان تۆت تام ئۇنى يەپ تۇرىدۇ ، ئۇ كىمگە گەپ قىلىدۇ ، كىمدىن گەپ سورايدۇ ، خۇددى گەپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ سۈپىدا يالغۇزسىراپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇزۇلدۇرمەي پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىدۇ… ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ۋە ئۆمۈرنى ئۇپرىتىدىغان نەرسە يالغۇزلۇق ، غەم . يالغۇزلۇقتا غەمگە گىرىپتار بولغان ئادەم خۇشخۇي - تېتىكلىكتىن ، ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشتىن ، گەپ - سۆزدىنمۇ قالىدۇ . دادام يالغۇزلۇقتا مىسكىنلىشىپ ، غەمنىڭ شىددەتلىك

هۆكۈمرانلىقىدا ، چوڭقۇر قايغۇنىڭ جىمجىتلىقىدا قالغاندەك كۆ-
رۈنمەكتە . هويلىنى ئاۋات قىلىپ ۋىچىرلىشىپ تۇرىدىغان قۇش-
قاچلارمۇ ئىغىر سۈكۈتكە چۆشۈپ ، دان چىچىپ تۇرغۇچى ئىگە-
سىنى سېغىنىپ ئۈياق - بۇياققا تەلمۈرۈپ قارايدۇ . ئۇلار شۇن-
چىلىك بىچارە ، كۆزلىرىدە مەيۈس ئۈچقۇنلار . تۇرۇپلا يەنە مە-
يۈس خىياللىرىم يوقاپ ، بەدەنلىرىمدىن شادلىق تۇيغۇلىرى ياند-
دۇ . خۇدايىم بەرگەندەك ، كۆڭلۈمدىكىنى تاپقاندەك ھېچنېمىسى
يوق يېتىم بالا ماڭا ئەر بولىدۇ ، ئۇ «بالا قۇل» بولۇپ ئائىلىمىز-
گە كىرىدۇ . مەنمۇ ، داداممۇ بۇ تەقدىردىن — تۇيۇقسىز كەلگەن
بۇ ئامەتتىن سۆيۈندۇق . دادام ئەمدى ئۆيدە ھۇۋقۇشتەك يالغۇز
قالمايدىغان بولدى . مەنمۇ بۇ ئۆيدىن كەتمەيدىغان بولدۇم . ئادەم
خاتىرجەم ، كۆڭۈل سۆيۈندىغان كۈنلەرگە ئېرىشسە ئۇنىڭ قەد-
رىنى قىلىش كېرەك . مەن دادامنى ھۆرمەتلىگەندەك ئۇنىمۇ ھۆر-
مەت قىلىپ تۇرىدىغان بولدۇم . بۇ نىكاھتىن ھۇزۇرلىنىپ مۇ-
ھەببەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشقا تىرىشتىم ، مۇھەببەت گۈللىد-
رى «ھۇپپىدە» ئېچىلدى ، ئېيتقۇسىز گۈزەل ، ئازادە باغلارنى
سەيلە قىلىپ كۆڭلۈم يايرىدى ... لېكىن بۇ بىر خىيال ،
ئارزۇ - ئارمان ، خىياللىرىمدا پەيدا بولغان كۆڭۈللۈك ئىشلار
ئەمەلدە كۆرۈنگىنى يوق ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىنىمۇ كۆر-
مىدىم . ئادەم شېرىن خىياللارغا چۆككەندە ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەن-
لىرىگىنى ياندۇرغان لەززىتى كۆزۈڭدىكى ئۇيقۇ ئۇگدىكىنى ئاللى-
قاياقلارغا قاچۇرۇۋېتىدىكەن .

مانا مۇشۇنداق بىردە قايغۇ - غەم ، بىردە شاد - خۇراملىق
قوزغايدىغان خىياللار ماڭا ئۇيقۇ بەرمەي تاكى تاڭ ئاتقۇچە داۋام-
لاشتى . تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، چايغا ئوت
يېقىۋېتىپ ، ھويلىنى شىۋاق سۈپۈرگىدە سۈپۈرۈشكە كىرىشتىم .
سەھەر ھاۋاسى ئاجايىپ تازا ، سالقىن بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن نەپەس-
لىنىش بەدەن - بەدەنلىرىڭنى يايرىتىۋېتىدۇ . ئەتىگەنلىك قۇياش-

نىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ھويلىمىزغا ئەركىلەپ چۈشكەن ، ئاسمان
سۈپسۈزۈك ، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىدىغان ئاسمان بوشلۇقىدا ئاق
پاختىدەك بۇلۇتلار ئاندا ـ ساندا لەيلەپ يۈرىدۇ . بىر كېچە مېنى
قىيناپ چىققان خىياللاردىن ھېرىپ كېتىپتىمەن ، يېنىم يەر
تارتىپ تۇرىدۇ . كېچە ئوبدانلا شامال چىققان ئوخشايدۇ ، خىيال-
لارغا چىرمىلىپ ، شامال چىققانلىقىنىمۇ ئۇقماپتىمەن ، ھويلىغا
ئەخلەت ـ چاۋارلار تولۇپ كېتىپتۇ . دادام چاي قايىنىغۇچە ئاشپۇ-
زۇلغا بىر چىقىپ كىردى ۋە بىردىنلا غودۇڭشىپ قالدى :

— تۇرداخۇن بوۋاي ئەجەب كىرمىدىيا... نېمە بولغاندۇ ؟

تۇرداخۇن بوۋاينى تونۇيتتۇم ، ئۇ يېزىلىق ئادەم . مەن ئې-
سىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئاشپۇزۇلغا دائىم ئوتۇن ئەكىرىپ
تۇرىدىغان ئادەم ئىدى . بەزىدە ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىپ ، ھاردۇ-
قىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى .

— ئوتۇنۇڭ تۈگەپ قالدىمۇ ، دادا ؟

— تۈگەي دەپ قالدى ، ئەسلىي تۇنۇگۇن كىرىدىغان كۈنى
ئىدى .

— ھېلى كىرىپ قالار ،— مەن ئىشىمنى قىلغاچ شۇنداق
دېدىم .

— يا بوۋاي ئاغرىپ قالدىمىكىن ، يا يولدا... ، — دادام
گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى .

مەن دادامغا ئىتتىك قارىدىم ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تىنىشىدىن
بوۋايدىن ئەنسىرەپ قالغانلىقىنى بايقىدىم . دادامنىڭ ئەنسىرىشى-
مۇ توغرا ، قايسى كۈنى سەھەرلىق بىر بوۋاي كالا ھارۋىسىدا
شەھەرگە مەڭگەن بېسىپ كىرىۋېتىپ ھارۋىدا قىيسىيىپ يېتىپ
تۈگەپ قاپتۇ . كالا ھارۋىنى سۆرەپ ، يولدىن چىقماي بازارغا
كىرگەندە ، باشقىلار ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ . ئەسلى-
مىلىرىم ئۆزۈمنى غەمگە سېلىپ قويدى . قۇشقاچلار قارىياغاچ
شاخلىرىدىن چۈشۈپ دانلاپ يۈرىدۇ . قۇشقاچلار مەندىن قورق-

مايتتى . ئۇياق ـ بۇياققا ماڭسام قىزغۇچ كۆزلىرى بىلەن بېشىنى سىڭار يان قىلىپ قاراپ كېتەتتى . بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ماڭا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى سىزەتتىم . چۈنكى ، مەن ئۇلارغا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ نانىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ، تاماقنىڭ ئاشقان ـ تاشقانلىرىنى تامنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ بېرەتتىم . تېخى بەزىدە مۈشۈ جانىۋارلار ئۈچۈنلا ئالغان تېرىقلارنىمۇ چېچىپ بېرەتتىم . قۇشقاچلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا قاراپ تۇرۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك . ئۇلار «دىك ـ دىك ـ دىك» سەكرىشىپ چېچىلغان دانلارنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ تالىشىپ يەيتتى . جىقراق يەۋېلىش غەرىزىدە تۇمشۇقلىرى شۇنداق تېز ھەرىكەتكە كېلەتتى ، بىردەمدىلا يەۋېتىپ ماڭا بېشىنى سىڭار يان قىلىپ تەلمۈرۈپ قاراشاتتى . بۇ «يەنە بارمۇ ؟» دېگىنى ئىدى . «بولدى ئەمدى ، باشقا يەرلەردىنمۇ تېپىپ يەڭلار» دەيتتىم ئىچىمدە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ كۈلۈپ كېتەتتىم . مۈشۈ جانىۋارلىرىم مېنى غەمدىن خالاس قىلاتتى .

※ ※

چۈشتىن كېيىن ھويلىغا دادام بىر بالىنى باشلاپ كىردى . مەن قىلىۋاتقان ئىشىمنى قويۇپ ، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدىم . بۇ كىمدۇ ؟ ئۇنىڭ بېشىدا كىرلىشىپ كەتكەن ئاق دوپپا ، ئۇچىسىدا تىزىغا ياماق چۈشكەن قارا ئىشتان ، ئۆڭۈپ كەتكەن بۆز كۆڭلەك ، بېلىدە كۆك پوتا ، پۇتى يالاڭ ئاياغ ، قولىدا ئۇزۇن قامچىسى بولۇپ ، ھارۋىكەشلىك قىلىدىغان بالىدەك قىلاتتى . مەن مۇنداق سىياقتىكى بالىلارنى بازاردا كۆپ كۆرگەنىدىم .

— تۇرداخۇن بوۋايىنىڭ ئوغلى ، — دېدى دادام ماڭا قاراپ ،— ئويلىغىنىم توغرا چىقتى ، تۇرداخۇن بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ .

— شۇنداقمۇ، دادا، — ئۇنىڭ مەن ئويلىغاندەك ھارۋىكەش
بالا ئەمەسلىكى ئايان بولدى.
— شۇنداق، جاڭگالدىن ئوتۇننى ئەكېلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ
ماجالى بولماي، مۇشۇ ئوغلىدىن كىرگۈزۈپتۇ.
تۇرداخۇن بوۋاي ئاشپۇزۇلغا ئۇچ ـ تۆت كۇندە بىر قېتىم
ئوتۇن ئەكىرىپ تۇراتتى ۋە بەزىدە ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىپ
چىقىپ كېتەتتى. دادام ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرەتتى (مەنمۇ
ياخشى كۆرەتتىم). قايتىدىغان چاغدا، دادام ئوتۇن ھەققىدىن
باشقا گۆش، كۆكتات ۋە كۇندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسى-
لەرنى بېرىپ تۇراتتى.
— كېلىڭ، سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن.
ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان
بالا سۇپىغا ئاستا كېلىپ قورۇنۇپ ئولتۇردى ـ دە، قامچىسىنى
يېنىغا قويدى. ھاۋانىڭ قاتتىق قىزىپ كېتىشى ئۇنىڭ يۇز ـ
كۆزلىرىدە، بويۇن ـ قۇلاق چۆرىلىرىدە چىپىلداپ تەر تامچىلى-
رىنى ئاققۇزماقتا ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن بىر قىزنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئولتۇرۇش — ئۇنى تېخىمۇ تەرلەتمەكتە ۋە پوتىسىنىڭ
ئۇچىدا يۇز ـ كۆزلىرىنى ئېرتماقتا ئىدى.
— ئۇ ئەكىرگەن ئوتۇنىنى چۇشۇرۇۋېتىپلا ماڭماقچى
ئىدى، — دېدى دادام، — مەن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىم، ئۇنىمى-
غىنىغا قويماي باشلاپ كىردىم، چاي ئىچىپ كىچىككىنە دېمىنى
ئېلىپ ماڭسۇن، ھارۋىغا قېتىپ كىرگەن كالىسىمۇ ئاچ قاپتۇ.
ئۇنىڭمۇ قورسىقىنى يېرىم ـ يارتا بولسىمۇ تويدۇرۇپ ماڭمىسا
يولدا قالىدۇ ـ دە! قېنى، چېپىڭنى چاپسانىراق قاينات، مەن
دۇكانغا چىقاي.
دادام چىقىپ كەتتى، مەن ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ، ئورنۇم-
دىن تۇردۇم ۋە قارىياغاچ شاخلىرىدىكى توختىماي ۋىچىرلىشىۋات-
قان قۇشقاچلارغا قارىغان بولۇپ تۇيدۇرماي ئۇنىڭغا نەزەر تاشلى-

دىم : ئۇ كۆزىنى يەردىن ئالماي قورۇنۇپ ئولتۇرىدۇ ، پۈتىنى قويىدىغان يەر تاپالمىغاندەك بارماقلىرىنى پۈكۈۋاپتۇ . ئۇنىڭ شۇ ھالىتى — نومۇس قىلىپ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى (مەنمۇ ئوڭايسىزلىنىۋاتىمەنغۇ ) . چاي قايناتقۇچە سۆزلەپ بېرىپ ئولتۇرايمۇ ؟ يېنىغا بارغان ئىكەنمەن ، بىرنېمە دېيىش كېرەك ، نېمە دەيمەن ؟… يا ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئوت قالىغان بولۇپ ئولتۇرايمۇ ۋە ياكى ئۆيگە كىرىپ كېتەيمۇ ؟… مەن ئۆز ئۆيۈمدە ، ئۆز ھويلامدا تۇرۇپمۇ نېمە قىلارىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىۋاتىمەن ، ئۇنىڭ ھەرنېمە بولمىقى ھەق . قىزلار تارتىنچاق باللارنى كۆرسە ، ئۇنى گەپكە سالغۇسى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ خەيرخاھلىق قىلغۇسى كېلىپ قالىدۇ . چۈنكى ، تارتىنچاق باللار ۋاپادار ، سەمىمىي ـ سادىق بولىدۇ ، ئالدامچىلىقنى بىلـ مەيدۇ ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ . كۆڭلى ئەگرىلىكتىن خالىي بولىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ . بىرلا كۆرگەن بالىغا مېنىڭدە مۇشۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغىلىپ قالدى . بۇ قىزلارنىڭ ئاجىزلىقىمۇ ياكى تەبىئىتى يېنىك بولامدۇ ، بۇنى ھېچ بىلەلمىدىم . ئىككى ئادەم گەپمۇ قىلماي ، ئۇرۇشۇپ قالغان ئادەمدەك ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇش ناھايىتى ئەپسىزكەن ، قىز بالىغا تېخىمۇ ئەپسىز . ئاخىر ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئوتقا قاراپ ئولتۇردۇم . ئۇنىڭدىن گەپ چىقمىدىغاندەك ئەمەس . يەنىلا يەردىن كۆزىنى ئالماي تەگسىز خىياللار قوينىدا قالغان ئادەمدەك ، گويا سۆزلەش مەنئى قىلىنـ غاندەك جىمجىت «شۈككىدە» ئولتۇرىدۇ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ھويلا ـ ئۆيلەرگە قاراپ ، زەن سېلىپ ئولتۇرسا بولمامدىغاندۇ ، چىرايىنىمۇ تۈزۈككىنە كۆرمىدىم تېخى… مەن كوچىغا ، بازارغا ئۇنى ـ بۇنى ئالغىلى چىقسام ، مۇنداق ياش باللار ماڭا گەپ تاشلاپ ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، سۇركىلىپ ئاۋارە قىلىپ كېتىدـ دۇ . ئۇنىڭ مىسكىنلىك يېغىپ تۇرغان بۇ ھالىدىن مۇنداق جۈرئەت تېپىلمايدۇ . ئۇنىڭ شۇ ھالىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ

قالدىم : «كەمبەغەللىك ئادەمنى مىسكىن ، جۇرئەتسىز ، كەم
سۆز قىلىۋېتىدىكەن ـ دە !» ئادەملەرنىڭ ياشىشى ئۈچۈن نۇرغۇن
نەرسىلەرگە ھاجىتى چۈشىدۇ . ھۈنەرۋەنلەر ياشاش ئۈچۈن ھۈنەر
قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ھۈنىرىدىن ھاجىتى چۈشكەنلەر بەھرىمەن بولىد-
دۇ . ئەمما دېھقانلارغا مىدىرلىغان ھەممە جانىنىڭ ھاجىتى چۈشىد-
دۇ . دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى ، گۈللىنىشى ، تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى
دېھقانغا باغلىق . خەلپىتىمنىڭ تالىپلاردا نۇرغۇن ھەققى بولغىنىد-
دەك ، ئۆرە يۇرگــەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىــڭ ھەققى
بار . ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ، ماڭلاي تەرى ، قىممىتى —
ھۆرمەتلىنىشى ، ھەقىقىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك . شۇن-
چىلىك زور ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتقان ئاشۇ دېھقانلارمۇ
پەخىرلىنىشى ، مەغرۇرلىنىشى كېرەك . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار
نېمانچە مىسكىن ، بىچارىدۇ ؟… بەزى ئادەملەر ھىيلىگەرلىك ،
ئالدامچىلىق بىلەن ئاسانلا پۇل تاپىدۇ ، باي بولىدۇ . ھىيلىگەر-
لىك ، ئالدامچىلىق ھامان ئاق كۆڭۈللۈك ، سەممىيلىك ئۈستىد-
دىن غالىب كېلىپ تۇرىدۇ . قاراڭلار ، بازاردا ئالدىنىۋاتقان ،
زىيان تارتىۋاتقانلارمۇ يەنە شۇ دېھقان . «ئوڭدا ياتقان گىردە
يەپتۇ ، كەتمەن چاپقان جىگدە» دېگەن شۇ دە . دادام بىلەن تۇردا-
خۇن بوۋاينىڭ سۆھبەت ـ مۇڭدىشىشلىرىدىن شۇ نەرسە ئايانكى ،
ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلاردىن ئالىدىغان سېلىقلىرى كۆپ ھەم ئېغىر-
كەن ، دېھقانلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ ؟ ياۋاش ، ئاق كۆڭۈل ، سەمم-
مىي ئادەملەرنى شۇنچە بوزەك قىلسا بولامدۇ ؟ !… دېھقانلارنى
باشقۇرۇۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۇسۇل ـ چارىسى
يوق ، ئەمما ئېلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىسى كۆپ . بۇ سېنىڭ
تۇرمۇشۇڭ بىلەن نېمە كارىم ، ئالساملا بولدى ، دېگىنى ئەمەس-
مۇ . مۇنۇ دېھقان يىگىتنى قاراڭلار ، پۇتىغا ساپىدىغان كەشىسىمۇ
يوق ئىكەن ، دادىسىنىڭ ھالىتى تېخى بۇنىڭدىنمۇ ناچار . مۇشۇمۇ
تۇرمۇش بولدىمۇ ؟… تورغاي چوڭ چىللىغاندا ئېتىزغا چىقىپ

ماڭلاي تەرىنى تۆكۈپ ، تاكى كۆز باغلانغۇچە مۇكچىيىپ تىنىم-
سىز ئىشلىگەن دېھقان ئىشلىگىنىگە تۇشلۇق چىشلىمىسە ، قانداق
قىلىپ چاپىنى تىزىدىن ئاشىدۇ ؟ ! ئۇلارنىڭ ھەققىگە تۇشلۇق
باياشات تۇرمۇش نېمىشقا يۈز ئاچمايدىغاندۇ ۋە مېنىڭ نېمىلەرنى
خىيال قىلىۋاتقانلىقىمىنى مۇنۇ بىچارە بالا بىلمەيدۇ - دە ،
بىلگەن بولسا - ھە...

خىيال بىلەن ، كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنگەن ئېچىنىشلىق قىيا-
پەتلەر بىلەن بولۇپ ، چاينىڭ قايناپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتى-
مەن . پەقەت «ۋاراق - ۋاراق...» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندىلا
ئېسىمگە كەلدىم . ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ توغرۇلۇق خىيالغا
بېرىلىپ كەتكىنىمنى ئۇ بىلىپ قالغاندەك ئىزا تارتىپ كەتتىم
ۋە ئاغزىمدىن بىرەر گەپ چىقىپ كەتكەنمىدۇ ، دەپ ئويلىنىپمۇ
قالدىم . ئاستا قارىسام ئۇ ئورنىدا قىمىر قىلماي ، بۇرۇنقىدەكلا
يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋات-
قانلىقى ، ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى ئۆزايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى ،
بەلكى بۇ ھويلىغا نېمىشقا كىرگەندىمەن دەپ ئويلاۋاتقاندۇ . بۇ
خىجىلچىلىقىنى ، تاشتەك ئېغىر جىمجىتلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشىم
كېرەك .

ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ تۇرۇشۇمغا دادام ئاشخانى-
دىن بىر تەخسە قورۇما كۆتۈرۈپ كىردى . ئۇ دادامنى كۆرۈپ
ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى .

— ئولتۇر بالام ، ئولتۇر ،— دېدى دادام قورۇمىنى شىرەگە
قويۇپ ،— قورسىقىڭنى ئوبدان تويدۇرۇپ ، دېمىڭنى ئال ، ھاۋا-
مۇ قىزىپ كەتتى ، كۈن قايرىلغاندا ماڭساڭمۇ بولىدۇ .

— كېچىكىپ قالارمەنمىكىن ، ئېتىز - ئېرىقتا ماڭا قاراپ
تۇرغان ئىشلار نۇرغۇن .

— كېچىكىپ قالمايسەن ، كۈن ئۇزۇن ، دېھقاننىڭ قاچان
ئىشى تۈگىگەن ، ھە ، راست ، تۇرداخۇنكام قانداقراق ، يېتىپ

قالدىمۇ، مېڭىپ يۈرەمدۇ؟

— يېتىپلا قالمىدى، يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈيدۇ، بىراق ماغدۇرى يوق، قېرىلىق يېتىپ قالدىمىكىن، كۆزلىرى جىنچىراغتەك پىلدىرلاپلا قالدى.

— تۇرداخۇنكام تېخى قېرىلىق يەتكۈدەك مەزگىلدە ئەمەس، كۆپ بولسا ئەللىك بەش - ئەللىك ئالتىلەردە باردۇر؟

دادامنىڭ سۆزىدىن ھەيران قالدىم. «تۇرداخۇن بوۋاينى كەم بولسا يەتمىشلەردە باردۇر؟» دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق، يۈزلىرىنى پۈرلاپ تاشلىغۇدەك قەغەزدەك قويۇق قورۇق بېسىپ كەتكەن، ئالدىغا ئېڭىشىپ قالغان ئادەم ئىدى. توۋا، شۇ ئادەم دادامدىن ئاران ئالتە - يەتتە ياشلا چوڭ ئىكەن - دە! دادام ئۇنىڭ ئالدىدا ياپياشلا تۇرىدۇ. ئادەم ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمىسە، تىرىكچىلىك غېمىدە زورۇقۇپ كەتسە كەچ كۈزدە قالغان قورايدەك قۇرۇپ مەزگىلسىز قېرىپ كېتىدىكەن - دە. شۇ بىچارە بوۋاينىڭ ھالىغا يېتىدىغان دادامدىن باشقا كىم بار؟!...

— ئېيتقىنىڭ توغرا، — دېدى دادام بېشىنى لىڭشىتىپ، — تۇرداخۇنكام ماغدۇرىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ ئوبدان، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوزۇقلىنىپ بەرسە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. سەن قايتقاندا، ماڭا يولۇققىن، يولۇقماي كېتىپ قالما - ھە؟

— ماقۇل.

دادام چىقىپ كەتتى.

— قېنى چاي ئىچىڭلا، — دېدىم مەن تېخىچە خىجالەتچىلىك ئىلكىدە قىزىرىپ ئولتۇرغان مېھمان يىگىتكە كۈلۈمسىرەپ قاراپ. ئۇنىڭ پېشانىسىدە يەنە تەر تامچىلىرى پارقىرىدى، كۆزلىرى مۇلايىملىق بىلەن پىلدىرلىدى. ئۇ چايغا قول ئۇزىتىشتىنمۇ، قولىغا چوكا ئېلىشتىنمۇ قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ

گېپىم بىلەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا سۇس تىترەۋاتقان قولىغا چىنىنى ئېلىپ چايدىن بىر يۇتۇم ئىچتى ـ دە، نانغا ئاستا قول ئۇزاتتى. كەمبەغەللىك ئادەمنى شۇنچىلىك تارتىنچاق، كەم سۆز قىلىۋېتىدىكەن ـ دە! ئەگەر ئۇ باي ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ، پۇزۇر كىيىنگەن بولسا مۇنداق تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ ئولتۇراتتىمۇ؟! بىزنى كۆزگىمۇ ئىلماي ھەممە گەپنى ئۆزى قىلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئولتۇرغان بولاتتى. پۇل — بايلىق — ئادەمنى تەكەببۇر، مەنمەنچى، تەلۋە قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ مەنمەنچى، تەلۋىلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئۆزىدە يوق پەزىلەتلەر ھەققىدە سۆزلەۋېرىپ كىشىنى بىزار قىلىدۇ. ئۆزى ھەققىدە قانچە كۆپ سۆزلىگەن ئادەم شۇنچە سەتلەشكەن ئادەم بولىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، مۇنداق ئادەملەر ئۆزىدىن پۇلدار ياكى مەنسەپدارلارنى كۆرسە شەرمەندىلەرچە تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ خۇشامەت قىلىدۇ، مۇنداق ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

ھاۋا شۇنچە قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى، ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ۋارقىراپ داڭلاشلىرى، ھارۋىكەشلەرنىڭ يول تالىشىپ بىر ـ بىردىنى تىللاشلىرى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قارىياغاچ ئاستىدىكى سالقىن سۇپىدا چاي ئىچىۋاتقان يېزىلىق يىگىت سۆزسىز، مەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا چىنىسىگە چاي جىقلاپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىزلا يىراقتىن كاككۇك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كاككۇك ـ كاككۇك ـ كاككۇك ...

ماڭا بۇ ئاۋاز ئادەتتىكىدىنمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى. كاككۇك ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە نەزەر سېلىپ، يەنە ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ئۈنىنى ئاڭلاشنى كۈتتۈم. بىراق، ئۇ جىمىپ قالدى. يېزا دېگەن ۋاڭ ـ چۇڭسىز، خىلۋەت يەر، بۇ ئېسىل جانىۋارلار ئۇ يەرلەردە توختىماي سايرايدىغاندۇ؟

— كاككۇكلار سەھرالاردا كۆپتۇ؟ — ئۇنى گەپكە سېلىپ ئارىدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان جىمجىتلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەكچى بولدۇم.

— ھەئە، كۆپ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

— بۇ يەرلەردە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئادەملەر كۆپ جايلاردا تۇرمايدىكەن، ئاۋازىنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلاپ قالىمىز، تېخى بەزى كۈنلىرى ئۇنى يوقاپلا كېتىدۇ.

— بىز تەرەپلەردە جىق، ئۇ ئەتىيازدا قىچقىرىپ كەلگەنچە تاكى تۇخۇم چىقارغۇچە ئۇنى بېسىلمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق، ھەسرەتلىك، كىشىدە دەرد - ھەسرەت قوزغاپ تۇرىدۇ.

يائاللا··· بۇ بالىدىنمۇ شۇنچىلىك گەپ چىقىدىكەن - ھە! گەپلىرى تېخى چوڭقۇر مەنىلىك، مەن بۇ بالىدىن مۇنچىلىك گەپ چىقار دەپ قىياس قىلمىغان. شۇنداق ئويلىدىم - دە، دېدىم:

— ئۇنىڭ قىسمىتىمۇ ھەسرەتلىك - دە!

— شۇنداق دەپ ئاڭلىغان، بىراق يېزىدا تۇرغۇن ئادەملەرگە ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىمۇ تېتىمايدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ كەملىكى، ھەتتا يوقلۇقى، ئۇنىڭ ھەسرىتى ئۇلارنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان.

ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ماڭا شۇنداق ياقتى، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بېرىۋاتقان باھاسىمۇ ئورۇنلۇق. ئەسكى چاپان ئىچىدىمۇ ھەقنى دەيدىغان، چاقناپ تۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بار ئىكەن - دە! مۇنداق ئادەملەر كىيىم - كېچەككە قارىماي ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەنلەر تېپىپ ئېيتقان.

ئۇمۇ، مەنمۇ جىمىپ قالدۇق. تۇرداخۇن بوۋاينى ياخشى

تونۇيتتىم ، دادام بوۋاينىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىنى قىلاتتى ، مەنمۇ
شۇنداق قىلاتتىم ، ئۆيدە ئۇخلاپ ، دەم ئالماقچى بولغاندا ، تۆت
قاتلاپ كۆرپە سېلىپ ، ئاپئاق ياستۇقلارنى قويۇپ بېرەتتىم .
بىراق ، مۇنۇ ئوغلىنىڭ بىرىنچى قېتىم كىرىشى ، ئۇنىڭ ئىسمى-
نىمۇ بىلمەيمەن ، سوراشتىن ئىزا تارتىپ تۇرۇۋاتىمەن . توۋا ،
ۋۇجۇدۇمدىكى ئەركىن - ئازادىلىك بارا - بارا يوقىلىپ ، ئۇنىڭ
ئورنىنى ئوڭايسىزلىنىش ، ئەيمىنىش ئىگىلەۋاتىدۇ . ئۆز دېمەت-
لىك ئادىمىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ داستىخىنىڭدا
ئولتۇرغاندا ، ئىسمىنى بىلمەي سۆزلىشىش ئەپسىز ئىكەن . بەل-
كى ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقاندۇ . قىزىق يېرى ، ئۇ ماڭا
قارىمايتتى ، مەن قارىسام كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى . مەن نەلەرگى-
دۇ قاراپ سۆزلىسەم ، ئۇنىڭ ماڭا كۆزىنىڭ ئۇچىدا قاراۋاتقانلى-
قىنى سېزەتتىم . ئاخىر ئۇنىڭ ئەسكى چاپان ئىچىدىكى چاقناپ
تۇرغان ، بۇغداي ئۆڭ ، كۆزى ئوتلۇق ، ئەقىللىق يىگىت ئىكەنلى-
كىنى بىلىپ قالدىم .

ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولدى ، يەنە قۇياي دەپ شۇنچە زورلى-
ساممۇ ئۇنىمىدى . دادام ئاشپۇزۇلدىن ئەكىرگەن قورۇمىنىڭ
يېرىمىنىمۇ يېمەپتۇ . چاينى كۆپ ئىچكەن بىلەن ناننىمۇ ئاز
يېدى . ئۇنىڭ بەكمۇ تارتىنچاقلىقى بىلىنىپ تۇراتتى ، ئەمما ئۇ
ھەرقانچە تارتىنسىمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ ماڭا «لاپ - لاپ» قىلىپ
قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلار-
نى سېزىپ قالدىم .

ئاخىر ئەيمىنىش ، خىجالەتچىلىكنى يېڭىپ ، ئۇنىڭ ئىسمى-
نى سوراشقا جۈرئەت قىلدىم :

— تونۇشۇپ قالايلى ، ئىسمىڭىز نېمە ؟ — ئۇ نېمىلەرنى
ئويلاپ ئولتۇراتتىكىن ، تۇيۇقسىز بېرىلگەن سوئاللىمدىن مەڭ-
دەپ قالدىمۇ ، يۈز - كۆزلىرىدە قايمۇقۇش ، گاڭگىراش ئالامەت-
لىرى ئىپادىلەندى .

— مېنى ... مېنى دەۋاتامسىز .

— شۇنداق ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى سوراۋاتىمەن . بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولمىسا يەنە كىمدىن سورايتتىم .

— مېنىڭ ئىسمىم... تەۋەككۇل .

— ھە ، مۇنداق دەڭ .

شۇ سۆزدىن كېيىن يەنە جىمجىتلىق باشلاندى . مېنىڭمۇ ئىسمىنى سورايدىغۇ دەپ ئويلىغۇدىم ، بىراق ئۇ سوراپمۇ قويمىدى . بۇنىڭغا تۆزمەي ، ئاخىر بۇ ئېغىر جىمجىتلىقنى يەنە ئۆزۈم بۇزدۇم :

— تونۇش ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمىسە بىر نەرسە كەمدەكلا قىلىدىكەن ، سىزنىڭغۇ ئىسمىڭىز تەۋەككۇل ئىكەن ، مېنىڭ ئىسمىمنى سورىمايسىزغۇ ؟— دېدىم تەۋەككۇلگە قاراپ . ئۇنى گەپكە سالغۇم بار ئىدى . سۆزلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىسام دەيتتىم .

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلىمەن .

— نېمە ، قانداق بىلىسىز ؟

— دادام خېلى بۇرۇنلا دەپ بەرگەن ، ئابدۇكېرىمئاخۇننىڭ بىر تاللا قىزى بار ، ئىسمى گۈلنىسا ، دېگەن ،— تەۋەككۇل شۇنداق دېدى - دە ، يۈز - كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم - كۈلۈمسىرەش ياندى . مۇنداق ئىپادىلەر مېنىڭمۇ چىرايىمدىن يانغاندۇ ، مېنىڭ ئۇنى ، ئۇنىڭ مېنى بىلگەنلىكىمدىن ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم . تەۋەككۇل بىلەن يەنە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇم بار ئىدى . پۈتۈن - سۇرۇك بىر ھويلىدا ئەتىدىن - كەچكىچە يالغۇزدىن - يالغۇز ئولتۇرۇش مېنىڭدە ئەنە شۇنداق تۇيغۇلارنى ياندۇرغانىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، بەزىدە ئادەمدە كۆڭلىگە يارىغان كىشىگە يېقىنلىشىش ، بىللە بولۇش ئىشتىياقى قوزغىلىپ قالىدىكەن . بىراق ئۇ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ كېتىدىمەن دەپ ئورنىدىن تۇردى ، ئېسىلىۋېلىشنىڭ ئورنى يوق ، زور-

لاۋەرسەم ئۇ نېمە دەپ قالىدۇ ، شۇڭا بوپتۇ ، دەپ ئۇنى ئۇزىتىپ
كوچىغىچە چىقتىم . كوچىغا چىقىشىمنىڭ سەۋەبى ، دادام ئۇنىڭـ
غا : «قايتقاندا ماڭا يولۇققىن !» دېگەن . «دادامنىڭ شۇنـداق
دېيىشىـدە بىـرەر سەۋەب باردۇر ؟— دەپ ئويلىدىم ۋە كۆڭلۇمـ
دە ،— دادام تۇرداخۇن بوۋاي قايتقاندا ، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا
يەيدىغان نەرسىلەرنى بەرگەنلىكىنى غىل - پال كۆرۈپ قالغان ،
بۇ قېتىم تەۋەككۇلگىمۇ بىرەمدىكىن» دەپ پەرەز قىلدىم ھەم
بىرىشىنىمۇ ئۈمىد قىلدىم . راست دېگەندەك ، دادام مېڭىشقا
تەرەددۇتلىنىپ ھارۋىسىنى قېتىۋاتقان تەۋەككۇلگە بىر پارچە ماتاـ
غا ئورالغان بىر نەرسىلەرنى بەردى ھەم جېكىلەپ دېدى :
— تۇرداخۇنكام ماغدۇرسىزلىقتىن يېتىپ قالغان بولۇشى
مۇمكىن ، مانا بۇ ئازراق ئۇستىخانلىق گۆش ، ناۋات ، داداڭغا
كۈندە شورپا سېلىپ ئوبدان كۈتۈڭلار ، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ،
ئېغىر ئىش قىلمىسۇن ، ماقۇلمۇ ، بالام ؟
— ماقۇل ، — ئۇ دادام بەرگەن نەرسىلەرنى نومۇسلىنىپ
تۇرۇپ ئالدى - دە ، مەن تەرەپكە «لاپ» قىلىپ قارىدى . مەن
دەرھال ئۆيگە كىرىپ كېتىش ئۈچۈن بۇرۇلدۇم .

## 3

ئەتىگەنلىك چاينى دادام ئىككىمىز كۈندىكىدەك قارىياغاچ
ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئىچىشتۇق . چاي ئىچىلىپ بولغانـ
دىن كېيىن دادام ئاشپۇزۇلغا چىقىپ كەتتى . بۈگۈن ھاۋا تۇتۇـ
لۇپ قاپتۇ ، قارا بۇلۇتلار پەسلا يەردە — گويا قول ئۇزاتسا
يەتكۈدەك يەردە لەيلەپ يۈرۈپتۇ . ھاۋا تۇتۇلۇپ قالسىمۇ ، ئادەمـ
نىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن ، قارا بۇلۇتلار يا يامغۇر تامچىلىرىـ
نى تۆكمەي ، يا تارقىلىپ كەتمەي بىزىرىپ تۇراتتى .
مەن كۈندىكى ئادىتىمگە يات ھالدا نېمىشقىدۇ ئۆزۈمچىلا

قايغۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم . نېمە ئۈچۈن مېنى غەم باسىدۇ ، خىياللار چىرمىۋالىدۇ ، كۆڭلۈم تۇمانلىشىدۇ ؟ بۇنى بىلمەيمەن ، تۇرمۇشۇمدىكى پۈتۈن خۇشاللىقلار تۈگەپ كەتكەندەك چوڭقۇر قايغۇدا قالغانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن . قاچا - قۇچىلار يىغ- لىپ تېخىچە يۇيۇلماي ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ . ماڭا ئۆگىنىپ كەتكەن قۇشقاچلار دەرەخ شاخلىرىدىن چۈشۈپ ، مېنىڭدىن ئېھ- تىياتمۇ قىلماي داستىخان ئۈستىدە دىكىلدەپ نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەپ يۈرۈپتۇ . «سىلەرگە بۈگۈن نان ئۇۋاقلىرىنى چېچىپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن - دە ، جانىۋارلار !» دەپ ئويلىدىم ئى- چىمدە .

ئادەم دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن ، ئويلاپ باقمىغان ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىكەن . تېخى چاي ئىچمەي تۇرۇپ — چاي قاينىتىۋاتقان ، داستىخان سېلىۋاتقان ، دادام بىلەن چايغا ئولتۇر- غان مەزگىللەردىلا ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئوغلى تەۋەككۈل كۆز ئال- دىمغا كېلىۋېلىپ ، بىردەممۇ نېرى بولمىدى . ئۇنىڭ تارتىنچاق- لىقى ، گەپ قىلغاندا يەردىن بېشىنى ئالماسلىقى ، كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇشى ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي- ۋاتقاندەك قورۇنۇپ ئولتۇرۇشى كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ . خوش ، شۇنداق ئىكەن . بۇ ئىشلارنى نېمانچە ئويلاپ كېتىمەن ، نېمىشقا ئۇ كۆزلەر يېنىپ ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ ؟... بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يەتتىم : مەن باشقا ياققا قاراپ گەپ قىلىۋېتىپ بىردىنلا ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىسام ، ئۇ ماڭا «لاپ» قىلىپ قارايتتى - دە ، كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئادەم- نىڭ ئىشقى ھېسلىرىنى قوزغايدىغان بىر ئوتنىڭ چاقناپ كەتكەن- لىكىنى ، تال - تال كىرپىكلىرىنىڭ يۈرىكىمگە تەگكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم . شۇنىڭ بىلەن مەن ئوقۇغان كىتابلاردىكى «كۆز ئۈچى بىرلە بېقىپ باغرىم جاراھەت ئەيلىدى» دېگەندەك مىسرالارنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالغانىدىم . نېمىشقا مەندە مۇ-

شۇنداق ئۇمىد، ئېيتقۇسىز شېرىن شادلىق تۇيغۇلىرى يانىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە كۆڭۈلنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى، ئالدىڭدا ساڭا ئۇمىد ئاتا قىلىدىغان نەرسىنىڭ، ئۆمرۈڭنى خۇش قىلىدىغان خۇشاللىقنىڭ يۈز ئېچىۋاتقانلىقىدىن بولىدۇ.

پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىمگە بىردىنلا ئوت كەتكەندەك ۋە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك ئوتلۇق ھالغا قالدىم. بۇرۇن مۇنداق ھېس - تۇيغۇلار مەندە يېنىپ - مۇ باقمىغانىدى. ھېچنىمىدىن - ھېچنىمە يوق نىمىشقا مۇنداق بولۇپ قالىمەن، بەدەنلىرىمدىن نىمىشقا مۇنداق يېقىملىق ھېس - تۇيغۇلار قوزغىلىدۇ؟ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا، تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان خىياللارنى ئۆزۈمدىن ئىرغىتىپ تاشلاشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن؟... بىردەمدىن كېيىن ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلار ئىلكىدە ياندىم... راستىنى ئېيتسام، ئازاب ئىچىدىن بىر خىل شېرىنلىكنى، ياشاشنىڭ گۈزەللىكىنى سېزىشكە باشلىدىم. بىراق، شۇ تاپتا ئۇ ھېچنىمىدىن خەۋىرى يوق، مەن ئويلىغان ئويلار خىيالىغىمۇ كىرمىگەن ھالدا ئېتىزدا ئىشلەۋاتقاندۇ؟ تىرىكچىلىكنىڭ ئېغىر يولىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ بىساتىدا مەندە يانغان ھېس - تۇيغۇلار يانمىغاندۇ؟ كىتابلاردا «كۆز — ئىشقى ھېسلارنى ئىپادە قىلىدىغان بىرىنچى تىل» دېگەن شېئىرىي مىسرالارنى كۆپ ئوقۇغانمەن. شۇنداق ھېسلار ئۆز بېشىمغا كېلىۋاتامدۇ - يا، ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يانغان سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ مەيلىمنىڭ قوزغىلىپ قېلىشى ئارتۇقچە ھېس - تۇيغۇ ئەمەسمۇ؟... شۇنداق، ئارتۇقچە ھېس - تۇيغۇ. ھازىرغىچە مەن بىرتالاي يىگىتلەرنى كۆرگەن، گەپلەشكەن، ئۇلار ماڭا مەيلىنى بىلدۈرۈپ مەنىلىك گەپلەرنىمۇ قىلغان، ئەمما مۇنداق يېقىملىق ھېس - تۇيغۇلاردا يانمىغانىدىم. مېنىڭ مەيلىمنى قوزغاتقۇدەك ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلمىغان. مۇنۇ سەھرالىق يىگىتكە نىمىشقا مەيلىم قوزغىلىپ قالىدۇ؟

ئەقىلىمدىن ئېزىپتىمەن ، راستىلا ساراڭ بولۇپ قالىغان ئوخشايمەن... بىراق سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشىنىڭ سۆيگۈسى — قىياپىتىدىن ، يۈزىدىن ، كۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ . ئېنىقراق ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ سېنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ساڭا تىكىلىپ بېقىشىدىن ، هاياجان ئۇچقۇنلىرى يانغان يۈزىدىن بىلەيسەن . شۇنداق بولىدىغۇ ، ماڭا «لاپ - لاپ» قىلىپ قارىغاندا ، كىشىنى ئەسىر قىلغۇچى مۇھەببەتلىك نۇرلار چاقناپ كەتتىغۇ ، تال - تال كىرپىكلىرى بىلەن يۈرىكىمگە گويا ئوقيا ئاتتىغۇ... كىم مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىرىدا ياتقان ، تېخى ئۇيغانمىغان نازۇك ، نەپىس ، گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغىتالىغان ؟ !...

ئۇھ ... ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئوي - خىياللىرىمنىڭ باش - ئۇچىغا چىقالمىدىم ، قالايمىقان ئوي - خىياللار مېنى ئىلكىگە ئېلىۋاپتۇ - دە ! ھېرىپ كېتىپتىمەن ، ئولتۇرغان ئورنۇمدا مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن . قاراڭغۇلار ، چىنە - قاچىلارنى يۇيماپتىمەن . كۈنمۇ ئارغامچا بويى ئۆرلەپ ئەتراپنى قىزىدۇرۇشقا باشلاپتۇ . ھەممە نەرسە ماڭا ئۇنىسىز ھالدا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا .

تۇيۇقسىز ھويلىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بەھرىنىسا بىلەن مەرەمنىسا كىرىپ كەلدى .

— خېنىم ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك ئولتۇرۇپ كېتىپتىلىغۇ ، — دېدى بەھرىنىسا يېقىنلاپ كېلىپ ، — نېمە بولدىلا ، چاي چايلىقتا قاپتۇ ، قاچانلا كىرسەڭ يا كىتاب ئوقۇپ ، يا يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتىلا ، بۈگۈن داستىخانىنىمۇ يىغىشتۇرماي خىيالغا پېتىپ قاپتىلىغۇ ؟ قانداق سېھىرلىك خىيال ئۇ سىلىنى ئەسىر قىلىۋالغان ؟

— شۇنى دېگىنە ، ئاداش ، گۈلنىسانىڭ ئۆزىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە خىيالغا چۆكۈپ كەتكىنىگە قارىغاندا ، مەيلىنى

بىرى ئەكەتكەن ئوخشايدۇ ، شۇڭا قانداق قىلسام بولار ، دەپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قاپتۇ .

— نېمە ئۇنداق يوق گەپنى قىلىسىلەر ،— دېدىم مەن چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ . بىراق چىرايىم تاتىرىپ ، زورمۇزور كۈلۈمسىرىگەنلىكىم بىلىنىپ كەتتىمغۇ دەيمەن .

— يوق گەپ دەيسەنغۇ ، نەق ئۇستىڭدىن چۈشۈپتىمىز ، قاراڭلار چىرايىنى ، بىرقىسما بولۇپ كەتتى ، بۇنىڭغا بىر دەرد چاپلىشىپتۇ ، بۇنى قانداق دەرد دېمەمسىلەر ؟ — ئۇ ئۆزى قانداق دەردلىكىنى دەي ، دەپ ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللەپ تۇرۇۋىدى ، مەرەمنىسا ئىتتىكلا ئېغىز ئاچتى :

— قانداق دەرد بولاتتى ، ئىشقى دەرد ، ئىشقى دەرد ئادەمنى مۇشۇنداق شۈك ، جىمىغۇر ھەم خىيالچان قىلىۋېتىدۇ .

ئۈچ دوست — مەرەمنىسا ، بەھرىنىسا ، گۈلنىسا . بۇلارنىڭ يېشى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر دېمەتلىك قىزلار . كىچىكىدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ، چولاق قارىيدىن بىللە ساۋاق ئېلىشقان ، بوي تارتىپ ئۆيگە سولىنىپ قالغاندىن كېيىنمۇ بىر - بىرىنى ئىزدەپ تۇرىدىغان يېقىن دوستلار . دوستلۇق — ئۆمۈرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجى ، تەڭداشسىز خۇشلۇقى ھەم ھۇزۇرى . ئۇنىڭسىز ياشاش — مەنىسىز ياشاش . ئۇلار بىر - بىرىنى ئىككى - ئۈچ كۈن كۆرمىسە چىدىمايدۇ . مۇڭداشسىز ئۆتكەن كۈنلىرى مەنىسىز ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ . شۇڭا ئۇلار كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىر - بىرىگە ئايانماي ئېيتىدۇ .

ئەمما ، مەيلىمنى قوزغاتقان سىرلىق ئىشلارنى ، قانداق ھېس - تۇيغۇلاردا تولغىنىۋاتقانلىقىمنى دوستلىرىمغا ئېيتقۇم كەلمىدى (بولمىسا ئۇلار ئۇستۇمدىن چۈشكەنىدى ) . چۈنكى ، ئۇنىڭدىن ئېنىقراق ئىپادە بولمىسا نېمىنى دەيمەن ، راست ، ئۇ سېھىرلىك قاراشلىرى بىلەن ئىشقى ھېسلىرىمنى قوزغاپ قويدىدى . بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم ، ئىشقى ھېسلىرىمنىڭ ئاجىزلىقى .

بۇ ئاجىزلىقىمنى ئۇلارغا ئېيتسام ، «سەۋزىدە خەۋەر يوق ، گۇ-
رۇچ دەم يەپ قاپتۇ» دېمەمدۇ ! شۇڭا ئۇلارغا راست گەپنى
دېمەسلىك قارارىغا كەلدىم . دوستقا سىر بەرگەن قىزلارنىڭ
ئېغىر ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم .

— سىلەر سانىماي سەككىز دېمەڭلار ، مەن ئىشقى دەردكە
گىرىپتار بولغىنىم يوق ، مەيلىمنى بىرى ئەكەتكىنىمۇ يوق ،
ئۇنداق ئادەمنى كۆرگىنىممۇ يوق . «گۇمان ئىماننى قاچۇرار»
دېگەن راست گەپ ـ دە !

— ئەمىسە نېمانچىلا چوڭقۇر خىيالدا قالدىڭ ؟ سەن ھېچقا-
چان مۇنداق خىيالدا قالمىغان ؟

— ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەنغۇتاڭ ...

— يالغان ئېيتما ، سەن مۇنداق چۈشكۈنلۈككە زادىلا قالمى-
غان ، ياخشى چۈشەنسەڭمۇ ، چۈشەنمىسەڭمۇ دەپ قوياي ، يالغان
سۆزلەش قەدىر ـ قىممىتىڭنى يەرگە ئۇرىدۇ ، دوستلار ئىچىدىكى
ئىناۋىتىڭنى يوق قىلىۋېتىدۇ ، ئۇقتۇڭمۇ ، دوستەك !

— بۇ گەپلەرنى سەن بىزگە كۆپ دەيتتىڭ ،— دېدى مەرەم-
نىسا مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ ،— ئەمدى ساڭىمۇ ياندۇرمىساق
بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . ھەممىنى ئۇنتۇپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭگە
ھەيران قالدۇق . بۇنىڭدا بىرەر سەۋەب يوق دېسەڭ ، بۇ سۆزۈڭگە
بىز ئەمەس ، شەيتانمۇ ئىشەنمەيدۇ .

— ئۆزۈڭ دائىم : «دوستلۇق — سەمىمىيلىك ، راستچىل-
لىق ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ» دەيتتىڭ ، «دوستلار ئۆزئارا سەمى-
مىي ، راستچىل بولمىسا ، دوستلۇقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن
ئەمەس» دەيتتىڭ . دوستلىرىڭغا يالغان ئېيتىشقا قانداق پېتىن-
دىڭ ؟— بەھرىنىسا بۇ سۆزنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى ۋە ماڭا
قادىلىپ تۇرۇۋالدى ، ئۇنىڭ تىكىلگەن كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇ-
لۇش ناھايىتى تەس ئىدى . ئىككىسى ماڭا خۇددى ھۇجۇم قىلىۋات-
قاندەك بىرى توختىسا ، بىرى ئۇزۇلدۇرمەي سۆز ئوقلىرىنى
ئاتماقتا ئىدى . مەن بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى
باشقا ياققا بۇرۇۋېتىش چارىسىنى قوللىنىشنى ئويلىدىم ، بولمىسا

ئۇلار ماڭا ئارام بېرىدىغاندەك ئەمەس .
— سىلەر زادى نېمە ئىش بىلەن كىرىدىڭلار ، ماڭا يېڭى گېپىڭلار بارمۇ ، يا ئوينىغىلى كىرىدىڭلارمۇ ؟
— باشقا ۋاقىتتا شۇنداق دېگەن بولساڭ ، سېنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايتتۇق ، بۈگۈن بىر گەپنى ساڭا دېگىلى كىردۇق ،— دېدى بەھرىنىسا ئۆزلۈكىدىنلا ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ماۋزۇدىن يۆتكىلىپ ،— پادىشاھلىق باغقا بېرىپ سەيلى قىلىپ كېلەيلى دېيۋىدۇق .
مەن ھەيران قېلىپ ئىتتىكلا ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم .
— سەن نېمە دەيسەنكىن ، يا كۆڭلۈڭ تارتمامدۇ ؟
مەن ئويلىنىپ : «بارساق بولارمۇ ، بارمىساق بولارمۇ ؟» دەپ ئىككىلىنىپ قالغاندىم ، مەرەمنىسا :
— ھاۋا بۈگۈن بۆلەكچىلا قىزىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئايلىنىپ ئويناپ كېلەيلى ، دېيىشتۇق . ئىنىم سەھەر تۇرۇپ يۇلغۇنلۇق مەھەللىسىگە بارغان ، پادىشاھلىق باغنى كۆرۈپ كەپتۇ ، ھېچكىم يوقكەن ، شۇنداق ئازادە ئىكەن ، دەيدۇ .
— شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ ، بېرىپ سالقىنداپ كېلەيلى ، ئەمما مەن دادامدىن سوراپ باقاي .
— ئاشپۇزۇلنىڭ تازا بازىرى كەپتۇ ، ئادەملەر شۇنداق جىق-كەن ، داداڭ ھېلى چىقامتى ، يۇرە . نېمىلا بولسا دادامدىن سوراي-مەن ، دەپ تۇرۇۋالدىكەنسەن .
— ياق ، سورىمىسام بولمايدۇ ، ئۇ دېگەن مېنىڭ ھەم دادام ، ھەم ئانام ، ماقۇل دېمىسە ھەرگىز بارالمايمەن .
— ۋاي قورقۇنچاق ، سورىساڭ سورا !

※ ※

بىز ئۈچ قىز — پادىشاھلىق باغقا قاراپ ماڭدۇق . بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبە بولغاچقا ، «باغ ئازادە ، سەيلى قىلىدىغانلار كېلى-

دىغان كۆنمۇ ئەمەس» دەپ ماڭغانىدۇق .

ئاڭلىشىمچە ، نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى مۇشۇ يۇرتنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ، سەنئەتخۇمار پادىشاھى بازاردىن بىر چاقىرىم نېرىدىكى — بىر ئۆستەڭ سۇ گۈلدۈرلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان يەرگە بىر باغ بىنا قىلدۇرغان ، باغنىمۇ پۇقرالارغا ھاشار سالماي ، خەزىنىدىن پۇل چىقىرىپ سالدۇرغانىكەن . باغ بىنا قىلىشىنىڭ ئالدىدا : «باغقا مېۋىلىك دەرەخ تىكەمدۇق ، مېۋىسىز دەرەخ تىكەمدۇق ؟ » دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ . ۋەزىر - ۋۇزرالار تالاش - تارتىشنى ئەۋجىگە چىقارغاندا ، پادىشاھ : «مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكسەك كىشىلەر ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ ئوغرى بولىدۇ ، ‹مېۋىسىنى يەيمىز › دەپ شاخلىرىنى ئېگىپ - سۇندۇرۇپ جىنايەتچى بولىدۇ . باغ ئاستا - ئاستا خارابلىشىپ كېتىشى مۇمكىن . شۇڭا پوتونلەي مېۋىسىز دەرەخلەرنى تىكەيلى » دېگەنىكەن . بىرىنچى قېتىم كۆچەت تىكىلگەن يىلدىن باشلاپ بۇ باغ «پادىشاھلىق باغ» دەپ ئاتىلىپ كېتىپتۇ . پادىشاھ باغنى ئۆزى ۋە ئۆز جەمەتلىرى ئۈچۈن قىلدۇرماي ، پۇقرالارنىڭ دەم ئېلىشى ، سەيلە - ساياھەت قىلىشى ئۈچۈن قىلدۇرغاچقا ، پۇقرالار بۇ باغقا ئەركىن - ئازادە كېلىشىپ ، ئويناپ ، تاماشا قىلىشىپ كېتىدىكەن . پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ، باشقىلار باغقا ياخشى قارىماي ، قاراقسىز قېلىپ دەل - دەرەخلەرنىڭ قۇرۇغانلىرى قۇرۇپ ، كۆكلىگەنلىرى كۆكلەپ ، باغ جاڭگاللىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر پادىشاھلىق باغقا بېرىپ ئويناپ - كۈلۈپ ، تاماشا قىلىشىپ كېلىدىكەن . ھازىرمۇ ھەپتىنىڭ باشقا كۈنلىرى باغ چۆلدەرەپ قالسىمۇ ، پەيشەنبە ، جۈمە كۈنلىرى ئالايىتەنلا ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ .

مەن دادامدىن :

— بەھرىنىسا ، مەرەمنىسالار پادىشاھلىق باغقا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى ، دەپ كىرىپتىكەن ، دادا ، بارسام بولامرمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

دادام گېپىمنى ئىلىك ئالدى :

— بوپتۇ ، بېرىلىڭ قىزىم ، باغدا ھېچكىم بولمىسا ئويناپ كېلىڭلار ، باغدا باشقا ئادەملەر بولسا دەرھال قايتىپ كېلىڭلار .

بىز دادامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن باغقا قاراپ ماڭغاندۇق . بىراق ، باغقا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا بەھرىنىسانىڭ قىلىقلىرى جىنىمغا تېگىشكە باشلىدى . تېخى بازاردىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپلا ، بىزگە يىگىتلەر ، ھەتتا ياشانغان كىشىلەرمۇ سۆز قىلىپ چاقچاق قىلغىلى ، گەپ تاشلىغىلى تۇردى . ئەسلىي بىز گەپ ياندۇرماي ، بېشىمىزنى ئېچىمىزگە تىقىپ ئۆتۈپ كەتسەك بولاتتى . بىراق ، بەھرىنىسا ئېچىلىپ ـ كۈلۈپ ئۇلارغا گەپ ياندۇرغىلى ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ئايناقلىغىلى تۇردى . تېخى قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ، كەينىگە قايرىلىپ ، قاش ـ كۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرگەندەك لاۋزا قىلىقلارنى قىلىپ كەتتى . مەن نومۇس قىلىپ ئۆلدۇم ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغىنىمغا قاتتىق ئۆكۈندۇم . مۇشۇ يېقىندىن بېرى ، ئۇ ئىشق ـ مۇھەببەت گەپلىرىنى تولا قىلىدىغان بولۇپمۇ قالغانىدى .

— نېمانداق قىلىسەن ، بەھرىنىسا ،— دېدىم خاپا بولۇپ .

— يىگىتلەر بىلەن شۇنداق گەپلەشكۈم ، ئوينىغۇم كېلىپ تۇرىدۇ ، — دېدى ئۇ راست گەپنى قىلىپ كۈلۈپ .

— ئارانلا تۇرۇپتىكەنسەن ـ دە...

— شۇنداق چاغلىرىمىز ئاللىقاچان كېلىپ قالدى ، ئاداش ، تېخى ئۆتۈپمۇ كەتتى ، — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ، شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . مەن ئوقۇغان كىتابلاردىكى «ھاياسىز كىشىگە يېقىن يولىما» دېگىنى ئاجايىپ توغرا ئىكەن ـ دە ! ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرسەڭ كىشىلەر سېنىمۇ ھاياسىزغا چىقىرىۋەتمەمدۇ... ئۇنىڭ سۆيۈنۈۋاتقانلىقى كۈلگەن كۆزىدىن ، تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن يۈزىدىن چىقىپ تۇراتتى . ئۇ كوچىغا

چىقىپلا ئىچىلىپ خۇشخۇيلىشىپ كەتكەنىدى .
— ساراڭدەك گەپ قىلمىغىنە ، رودۇپايدەك كەينىڭگە كىرد-ۋالسا قانداق قىلىسەن ؟… كۇلۇۋاتقىنىنى…
— كىرىۋالسا مەيلى ، تېخى ياخشى ، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك ئاستا دېدى ، — ياشلىقىمىز ئۆتۈپ كېتىۋاتسا…
— باغقا ئەگىشىپ بارسىچۇ ؟
— ئەگىشىپ بارسا ئەجەب ياخشى بولاتتى ، پاراڭلاشساق ، كەڭتاشا باغدا مۆكىمۆكىلەك ئوينىساق كۆڭۈلگە يارايدىغانلىرى چىقىپ قالىدۇ ، ئاداش . تۆت تامنىڭ ئىچىدە سولىنىپ ئولتۇر-ساق مەيلىمىز يوق ئادەمگە ياتلىق بولۇپ قالامدۇق . يىگىتلەر ماڭا تىكىلىپ قارىسا بەدەنلىرىم يايراپ خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي قالىدۇ ، «مېنىڭمۇ قەدىر - قىممىتىم بار ئىكەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن .
مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك يېنىك تەبىئەتلىك ئىكەنلىكىنى ، ھېسسىياتى قوزغالسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم . شۇنچە ئارىلىشىپ ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزىنى بايقىمىغاند-كەنمەن . «توۋا» دەپ ياقامنى تۇتتۇم - دە ، ئۇنىڭغا غەزەپ - ئۆچلۈكۈم قوزغالدى . لېكىن ، ھازىر غەزەپنى ئىپادىلەيدىغان پەيت ئەمەس - دە ! بىرمەنە سۆزدى كۆپ قىلىپ ئەزمىلىك قىلىش — تەنتەك ، ناپاق ، قىلىقسىز كىشىنىڭ ئىشى . ئانام رەھمەتلىك : «تۈزى ئۆتۈپ كەتكەن تاماقنى ئىغىزغا ئالغىلى بولمىغىنىدەك ، سۆزى كۆپ جاۋىلداق ئادەمنى دوست تۇتقىلىمۇ بولمايدۇ» دەيدىغان ، توغرا ئىيتىپتىكەن .
— ھە ، سەن مۇشۇ مەقسەتتە مېنى باغقا چىللاپتىكەند-سەن - دە ، بىلىپ قوي ، سېنىڭ دېپىڭغا ئۇسسۇل ئوينىمايمەن جۇمۇ !
— يامان يەرگە چىللىمىدىم ،— ئۇ ھېيىقماي ، خىجىلمۇ بولماي كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئىغىزىغا ئالماقتا ئىدى ، —

يىگىتلەر بىلەن گەپلىشىپ ـ مۇڭداشماي ئۆز كۆڭلۈڭنى ئۆزۈڭ قانداق خوش قىلىسەن ؟

— ئەمىسە مەن باغقا بارمايمەن ، ئۆزۈڭلار بېرىڭلار ، — شۇنداق دېدىم ـ دە ، بۇرۇلۇپلا كەينىمگە ياندىم . سېپىلدىنمۇ چىقىپ بولغىنىكەنمىز .

— ۋاي بولدى ، ئاداش ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ ۋە ئىتتىك كېلىپ بىلىكىمنى تۇتتى ھەم ماڭا يالۋۇرۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قارىدى . مەرەمنىسامۇ ماڭغان يولدىن قايتماسلىقنى دالالەت قىلىپ تۇرۇۋالدى ھەم بەھرىنىساغا ئالىيىپ قارىدى . قانداق قىلىشىم كېرەك ؟... ئاخىر ئىككىسىنىڭ زورى بىلەن يەنە پادىشاھلىق باغقا مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم . يېرىم يولدىن قايتىشىمۇ ئەپسىز تۇيۇلدى .

سېپىلدىن چىقىپ ئوچۇقچىلىققا ئۇلاشقاندا ، ھاۋا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى . ئاياغ ئاستىمىزدىكى يۇمشاق قۇم ئارىلاشقان بوز توپا پۇرقىراپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . گەپ قىلىش مەنئى قىلىنغاندەك جىمجىت كېتىپ بارىمىز ، قاياقتىندۇر كاككۇكنىڭ يېقىملىق ئۈنى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى . ھەممىمىز كاككۇكنىڭ نەدىن سايراۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئەتراپىمىزغا زەن سېلىپ قاراشتۇق ھەم ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ، يېقىملىق ئاۋازىغا ئاپىرىن ئېيتىشىپ كەتتۇق . بەھرىنىسا قىلغان گەپلىرى ، قىلىقلىرىدىن بىرئاز خىجىللىق ھېس قىلدىمۇ ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ھېسسىياتىنى باسالماي چىرايىغا ئوقچۇپ چىققان بايىقى خۇشخۇيلۇق ، نازۇ كەرەشمە ، شادلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . مەن كاككۇك ئۈنى كەلگەن تەرەپكە دەممۇ دەم قارايتتىم . بەھرىنىساغا دېگەن گەپلىرىمدىن كۆڭلۈم شۇنداق خاتىرجەم ، خۇشال ئىدى . ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئادەم — باشقا گەپلەرنى دېمەيلا تۇرايلى — ئۆز ۋىجدانى ئالدىدىمۇ ھەرگىز سوراققا تارتىلمايدۇ ، قىلغان ئىشلىرىدىن پۇشايمانغىمۇ قالمايدۇ .

ھاۋانىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىدىن ماڭلايلىرىمىز ، بويۇن ، قۇلاق چۆرىلىرىمىز تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ ، پادىشاھلىق باغقا چاپسانراق يېتىۋېلىش ئۈچۈن قەدەملىرىمىزنى ئىلداملىتىپ ماڭدۇق . يولنىڭ ئىككى قاسنىقى شالاڭ يۇلغۇنلۇق ئىدى . يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا كېيىملىرى جۇل - جۇل بىر بوۋاي مۈكچىيىپ ئېشىكىگە بىر باغدىن - بىر باغدىن قىلىپ باغلانغان يۇلغۇنلارنى ئارتىش بىلەن ئاۋارە ، ئۇنىڭدىن باشقا يولدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ .

— بەھرىنىسا ، — دېدى مەرەمنىسا كەينىگە قايرىلىپ ، — ئۈنۈڭ ئۆچۈپ كەتتىغۇ ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن ؟

— ئويلىغىنىم جىق ، گەپ قىلاي دېسەم قورقىمەن .

— نېمىدىن قورقىسەن ؟

— قىڭغىر كېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن ، كېيىمدىن قۇسۇر تاپىدىغانلار جىقكەن .

كۈلۈپ كەتتىم ، بەھرىنىسانىڭ گەپلىرى ماڭا قارىتىلغاندى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، بايىقى گەپلىرىمگە ئۇ قايىل بولماپتۇ ، مېنىڭدىن رەنجىگەندەك تۇرىدۇ . رەنجىسە رەنجىسۇن ، كېيىمدىن ھەرگىز يېنىۋالمايمەن ، ئۇنىڭغا قاراپ دېدىم :

— ھەي ، بەھرىنىسا ، ئويلاپ ئىش قىل دېمەكچىمەن . كۆڭلۈڭگە ياقىدىغان ئادەمنى نايناقلاپ تاپامسەن ، سېنىڭ نايناقلىقىڭغا كۆڭلى ئېرىگەن ئادەم ساڭا مەڭگۈلۈك جورا بولالامدۇ ؟… ئاقىۋىتىنى چوڭقۇرراق ئويلا .

— ھەي ، گۈلنىسا ، سەن شۇنداق دەيسەن ، سېنىڭ دادىڭ رايىڭغا قارىغان بىلەن ، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز رايىمىزغا باقمايدۇ .

— سېنىڭ قىلچىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىڭ يوقما ؟

— مانىڭ گېپىمنى… ھېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىمىغىنە ، بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىزگە كىم قارايدۇ ، كىم ماقۇل

بولىدۇ ، ئاتا ـ ئانىمىزغا كىم ياقسا ، بىز شۇنىڭ خوتۇنى — قۇلى . تېگىپ بولۇپ كۆڭلىمىز خالىغان ئىشنى قىلىپ باقايلى ـ چۇ ، قازى ئاخۇنۇمنىڭ دەرسىگە بېسىلىمىز .

— ھەممە گەپ سېنىڭ ئىرادەڭدە ، سەن ئادەم ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ ، قەدىر ـ قىممىتىڭنى ساقلاش ـ ساقلىيالماسلىقىڭ ئىرادەڭگە باغلىق . ھەرقانداق ئىشـ ـتا ئۈمىدسىزلىك ئىرادەڭنى بوشاشتۇرۇپ ، سېنى خارلىقتا قويىـ ـدۇ . يولى كەلگەندە ئىرادىلىك ئادەم ئۆزىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدۇ . ئىرادىسىز ئادەم خەقلەرنىڭ ئالىقىنىدىكى ئويۇنچۇقتا ، ئاخىرىدا تاشلاندۇق ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇنداق ياشىغاـ ـدىن ئۆلگەن ئەۋزەل ئەمەسمۇ !

شۇ گەپلىرىمدىن ئۆزۈممۇ تەسىرلىنىپ روھلىنىپ قالدىم . يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىم بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپ قارىدىم . مەـ ـرەمنىسا ماڭا قاراپلا قاپتۇ ۋە ئۆزى تۇيمىغان ھالدا بارماقلىرىنىڭ بىردە ئېچىلىپ ، بىردە يۇكۇلۇشىدىن ئۇنىڭدا ياشاشنىڭ قىممىـ ـتىنى چۈشەنگەن روھىي ھالەت ئىپادىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . بەھرىنىسا بىردە ماڭا قارايتتى ، بىردە نەلەرگىدۇ تىكىلەتتى ، ئۇنىڭدىمۇ ئويلىنىۋاتقاندەك قىياپەت چىقىپ تۇراتتى . مەن گەپلىـ ـرىمنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە ، كۆچەت تىككەن ئادەم ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەپ ھوزۇرلانغاندەك ئۆز ـ ئۆزۈمدىن رازى بولۇپ قالدىم .

پادشاھلىق باغقا يېتىپ كەلدۇق . بىردىنلا يۈزلىرىمىزگە ئادەمنى سەگىتىدىغان سالقىن شامال ئۇرۇلدى ۋە قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى تۇشمۇتۇشتىن ئاڭلاندى ، بەدەن ـ بەدەنلىرىم يايراپ ، يېقىملىق ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغالدى . ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇشتۇق . سۇ ئانچە مۇزدەك بولمىسىمۇ ، قىزىپ ـ تەرلەپ كەلگەچكە ، مۇزدەك بىلىنىپ ئاجايىپ راھەتلەندۇق . شۇنچە كەڭرى باغدا بىزدىن

باشقا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئۆزىمىزنى بۇ يەرنىڭ خوجايىن-
لىرىدەك ھېس قىلىپ ، خالىغان — كۆڭلىمىز تارتقان يەرلەرگە
بېرىپ ئايلاندۇق ، سەيلە قىلدۇق ، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈن-
گەن يەرلەردە ئولتۇردۇق ، ئېغىنىدۇق ، مۇڭداشتۇق ، غىڭشىپ
ناخشىلارنىمۇ ئېيتتۇق . شەھەر ۋاڭ - چۇڭلىرىدىن نېرى بول-
غاچقىمۇ ئۆزىمىزنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشلاردەك ئەركىن ،
ئازادە ھېس قىلىپ ئالايىتەنلا يايرىشىپ كەتتۇق . ساپ ھاۋادىن ،
قۇياش نۇرىدىن بەھرىلىنىپ ، كۆڭۈللىرىمىز ھېچقاچان كۆرۈل-
مىگەن ھالدا ئېچىلىپ قىن - قىنىمىزغا سىغماي قالدۇق .
تەڭتۇش دوستلار جەم بولسا ، ئارزۇ - ئارمانلىرى توسالغۇسىز
بولسا ، بۇ كىشىلەرگە تەڭداشسىز ھۇزۇر - لەززەت بېرىدۇ .
ئەمما ھەممە پىكىرلەرنىڭ بىر يەردىن چىقىشى ناتايىن . بۇنى
يېڭىلىمىگەن دوستلۇق بۇزۇلىدۇ . بەھرىنىسا بىلەن بولغان دوست-
لۇقتا ئۇنىڭ شاللاق ، يېنىكلىكىنى گەپ - سۆز ، نەسىھەتلەر
بىلەن يېڭىپ كەتكىلى بولماسمۇ ؟ نەسىھەتلەر قۇلاقتىن كىرىپ ،
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ ئەمەسمۇ ! ئەگەر ۋۇجۇدىنى
تەۋرىتەلمىسە بۇنىڭغا ئامال يوق - دە !

قۇچاق يەتمەيدىغان قېرى قارىياغاچ ئاستىغا — شالاڭ چىم-
لىق يەرگە كېلىپ ئولتۇردۇق . يېنىك ئۇرۇلۇۋاتقان شامال
يۈزلىرىمىزنى سىيپاپ ئۆتمەكتە ئىدى . قارىياغاچ شاخلىرى ئارد-
سىدىن چۈشكەن ئالا كۆلەڭگىلەر دەم ئۇ يەردە ، دەم بۇ يەردە
ۋە يۈزلىرىمىزدە ئويناپ تىنمايتتى . يۈز بېرىۋاتقان تەبىئەت ھۆ-
نەرلىرى كۆڭۈللىرىمىزنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتەتتى . پاراڭ-
لىشىشمۇ لەززەتلىك نەرسە . پاراڭ بىلەن ، تەبىئەت گۈزەللىكد-
دىن ھۇزۇرلىنىش بىلەن كۈننىڭ تىكلىشىپ قالاي دەپ قالغانلى-
قىنى تۇيماي قاپتۇق . باغ شۇنچە ئازادە ، ھاۋالىق بولسىمۇ ئۆيگە
قايتمىساق بولمايدۇ - دە !

— قىزلار ، ئەمدى ئۆيگە قايتايلى ، پېشىن بولاي دەپ قاپ-

تۇ، — دېدىم ئۇلارغا تىكىلىپ.

— بىرى بىزنى قوغلاۋاتقاندەك نېمانچە ئالدىرايسەن ئاران بىر كەلگەندە، — دېدى بەھرىنىسا تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

— دادام: «چۈشتىن كېيىن قالماڭلار» دېگەن. ۋاقتىدا بارمىساق خاپا بولىدۇ، سىلەرنىڭمۇ ئاتا - ئاناڭلار خاپا بولار.

— خاپا بولۇشىنغۇ خاپا بولىدۇ، بىراق بىردەم ۋايساپ ئۇنتۇپ كېتىدۇ، كىچىككىنە ئولتۇرغىنە، ئاداش، ئەجەب دادامىلا دەيدىكەنسەن...

— دېمەيچۇ، مەن دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، شۇڭا داداممۇ مېنىڭ رايىمغا باقىدۇ.

بىزنىڭ گەپلىرىمىز ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى. بىز ئەنسىرەش ئوتلىرى يانغان كۆزلىرىمىز بىلەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەم ھەيران قېلىش، ھەم قورقۇش ئىچىدە بوينىمىزنى سوزۇپ قارىشىپ كەتتۇق. ھايال بولماي باغنىڭ يۇقىرىسىدىن بەش - ئالتە ئاتلىق ئادەملەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار خۇددى چۈجە ئالىدىغان ساردەك دەھشەتلىك ئەلپازدا كېلىۋاتاتتى. بىز ھاڭۋېقىپ قالدۇق، مەن شۇندىلا ۋاقتىدا كېتەلمىگىنىمىزدىن پۇشايمان قىلدىم. دوستلىرىمغا، بولۇپمۇ بەھرىنىساغا قاتتىق خاپا بولدۇم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىزگە كۆز ئۈزمەي قاراشلىرى مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. ئۇلار بىر بولسا ئوۋچىلار، چۈنكى ئاتلىرىنىڭ غانجۇغىلىرىدا ئوۋلىغان قىرغاۋۇل، توشقانلار پۇلاڭلاپ تۇراتتى؛ بىر بولسا بەلكى قايسىبىر يۇرتنىڭ بەگلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، كىيىم - كېچەكلىرى ياخشى بولۇپ، پۇقرالارغا ئوخشاشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوغىلاق كەلگەن بىرى ئات ئۈستىدىن قايرىلىپ بىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك قاراشلىرى بىزدە قانداقتۇر

ۋەھىمە ، قورقۇش تۇيغۇلىرىنى ياندۇرماقتا ئىدى . ئۇلار بىزدىن ئازراق ئۆتۈپلا بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوغان ئىككى تۈپ قارىياغاچنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى . يەنە بىرى ئۆز ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويغان كۆرپىنى ئېلىپ ، ھېلىقى پاكىنەك ـ دوغىلاقنىڭ ئاستىغا سېلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭ قولىدى-كى قارچىغىنى ئاۋايلاپ ئالدى . ئۇ ئۇنى يېنىغا تارتىپ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . ئۇ پىچىرلاشنى ئاڭلاپ بېشىنى ماقۇللاش ئىشارىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم لىڭشىتىپ قويۇپ ، ئۇدۇل بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى . بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەندە پاكىنەككە قىلغان ئالامەتلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

— سىلەرنى بىزنىڭ ھۈسەنبەگ چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ غادىيىپ تۇرۇپ ، — يېنىمىزغا كېلىپ بىردەم ئولتۇرسۇن ، دەيدۇ . بەگنىڭ بۇگۈن ئىچى پۇشۇپ سۆھبەتداش سېغىنىپ قاپتۇ .

بىز بىر ـ بىرىمىزگە «نېمە ئىش بۇ ؟» دېگەن مەنىدە قاراشتۇق . غەلىتە ئىشقۇ بۇ ، ئۇلارنى بىز تونۇمىساق ياكى سۆھ-بەت قىلغۇدەك تەڭتۇشلىرى بولمىساق ، ئۇلار بىزنىڭ دادىمىز-دەك ، بىز ياش قىزلار تۇرساق ، ئىككى ئوتتۇرىدا قانداقمۇ سۆھ-بەت ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ ؟… بۇ يالغان ، پۈتۈنلەي يالغان . «ئۇنىڭدا بىر مەقسەت بار ؟ » دەپ ئويلىدىم ـ دە ، قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سېزىپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى . نېمە دېيەل-شىمىز كېرەك ، ئالدىمىزدا چاپارمىنى قادىلىپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ .

— قايسى بەگ ئۇ ؟ بۇ يەردە بەگلەر تولا ،— دېدى بەھرىنىسا ھېچقانداق تەپ تارتماي چاقماقتەك سۆزلەپ .

— ئاڭلىساڭلار خۇش بولۇپ كېتىسىلەر ، ھۈسەنبەگ دېگەن كىشى شۇ بولىدۇ ، يېقىن ـ يىراققا مەشھۇر زات ئۇ ، سىلەر مەشەدە تۇرۇپ ئۇقمامسىلەر ، قېنى ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ ، بەگ-

ىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىڭلار ،— دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا .

ئۇنىڭ بىزنى كۆزگە ئىلماسلىق ، مەنسىتمەسلىك مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقىمىزدىن ئاچچىقىم كەلدى - دە ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي مۇنداق دېدىم :

— كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق ، ھۇسەنبەگ خاپا بولمىسۇن ، بىز قايتىمىز ، — ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم .

— ھاي - ھاي ، قىزلار ، ئۇركۇمەڭلار ، يۇرتىنىڭ پاسىبانلىرىدىنمۇ ئۇركۈگەن بارمۇ ؟ !— دېدى ھۇسەنبەگ ئاتلىقمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە بىزنىڭ يېنىمىزغا پۇلاڭلاپ كەلدى - دە ، ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇردى . بايىقى بىزنى مەنسىتمەي گەپ قىلغىنى ئۇنىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى . مەن ھۇسەنبەگكە تۈيدۈرماي كۆزۈمنىڭ ئۇچىدا قاراپ سەپسالدىم : ئۇ قىرىق - قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى پاكىنەك ، سېمىز كىشى بولۇپ ، قىسقا بويۇنلىرى خۇددى بۇقىنىڭ بوينىدەك قاتلىنىپ كەتكەن ، بويۇن ، يۈزلىرىمۇ مايلىشىپ پارقىراپ تۇراتتى . بوينىنىڭ قاتلانغان يەرلىرى ، قۇلاق چۆرىلىرى ، كۆپتۇرۇپ قويغاندەك يوغان بۇرنىنىڭ ئەتراپلىرىدىن كىر - پاسكىنچىلىق «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ تەرلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئېڭەك ئاستىدىن يۈندا رەڭ تەر تەپچىرەپ ئاقماقتا ئىدى . ئەمما چىرايىغا ماس كەلمىگەن ھالدا كىچىك كۆزلىرى ھېلى قولىدا تۇرغان قارچىغىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر ئىدى . ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى مەرەمنىسا ، بەھرىنىسالارغا تىكىلگەندىن كېيىن ، ماڭا يۆتكىلىپ تىكىلىپ قالدى . مەن دەرھال يەرگە قارىۋالدىم . ئەمما كۆڭلۈمگە بىردىنلا ئەندىشە چۈشتى - دە ، «نېمىشقا بۇرۇنراق كەتمىگەندىمىز» دېگەن تىت - تىتلىق تۈيغۇسى پۈتۈن بەدەنلىرىمنى ياندۇرۇشقا باشلىدى .

ئۇ مەرەمنىسا بىلەن بەھرىنىسانىڭ كىمنىڭ بالىۋاقىسى

ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار دەپ بەرگەندىن كېيىن مېنىڭدىن سورىدى. ئەسلي ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى ئۇقماقچىدەك قىلاتتى. مەنمۇ دەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن قىلىن كالپۇكلىرى مىدىرلىدى:

— ھە، سىز ئابدۇكېرىمئاخۇننىڭ قىزى ئىكەنسىز - دە! ياخشى - ياخشى، بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى قارىمامدىغان، نىيەت خالىس - دە! بىز پات - پات كېلىپ ئاشپۇزۇلدىن تاماق يەپ تۇرىمىز، دادىڭىزنىڭ قورۇمىلىرى ئاغزىمىزدا قالىدۇ، — دېدى ئۇ سۇس ھېجىيىپ، — سىزنىڭ ئانىڭىزنى ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق ئايال دەپ خوتۇنلار ماختاپ تەرىپىنى قىلىشاتتى، سىزمۇ ئانىڭىزنى دورىغانسىز؟

ئۇ ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن، مەن ئۇنچىقماي پەسكە قارىدىم.

ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بەھرىنىسا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بۇمۇ كىتابنى جىق ئوقۇيدۇ.

ئۇ بەھرىنىسانىڭ گېپىگە ئېرەنمۇ قىلماي، يەنە ئۆزى گەپ باشلىدى:

— خوش، سىلەر ئەرگە تەگكەنمۇ؟

ھەممىمىز جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق. ھاياسىز ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن شۇنداق ھاياسىز گەپ چىقىدۇ. بەگلەر، پۇل - بايلىقى بىلەن ئۆزىنى ھۆكۈمدار سانايدىغان كىشىلەر تەكەببۇر، مەنمەنچى بولىدۇ، ئۇلاردا ئەدەپ - ئەخلاق پەزىلىتىدىن مىسقالچىلىكمۇ تېپىلمايدۇ، ئار - نومۇسنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، تەكەببۇر - مەنمەنچى كىشى ئىنتايىن كۆڭلى قارا، نادان كىشىدۇر. شۇنداقلا يەنە ئادەمدە ئەقىل - ئىدراك، پاراسەت، نومۇس بولمىسا ئېغىزى يۈگەنسىز، شاللاق بولىدۇ. بىرئاز جىملىقتىن كېيىن، بەھرىنىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ كېچىكتۇرۇپ

بولسىمۇ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى :
— بىز تېخى توي قىلمىغان ، توي قىلغان بولساق بۇ يەرگە ئىشەنچلىك كېلەلەمدۇق .
ئۇنىڭ كۆزى ھەممىدىن كۆپرەك ماڭىلا تىكىلىپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭغا قارىمىساممۇ ، مېنىڭدىن كۆز ئۈزمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇراتتىم . يۈزۈم قىزىرىپ چىمىلداپ كەتتى . شۇنچە كەڭتاشا يەردە نەپىسىم بوغۇلۇپ قىسىلىشقا باشلىدىم . ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ ، بەھرىنىسا بىلەن مەرەمنىساغا قارىدىم . ئۇلار يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇرۇپتۇ .
— بىز ماڭايلى ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ . ئاۋۋال مەرەمنىسا ، ئاندىن بەھرىنىسا قوزغالدى .
— نېمانچە ئالدىرايسىلەر ، ھۆسەنبېگىمنىڭ تېخى گېپى تۈگىمىدىغۇ دەيمەن ، — دېدى بايىقى چاپارمىنى ئالدىمىزنى توردىماقچى بولۇپ .
— بولدى ، ئۆت بۇياققا !— ھۆسەنبەگ ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قارىدى ، — ئالدىرىسا بوپتۇ ، قايتسا ئۆز ئىختىيارى ئەمەسمۇ .
بىز باغدىن خۇددى يۇگۇرگەندەك تېز چىقىپ كەتتۇق . ئەمما بەھرىنىسا بىلەن مەرەمنىسا باغدىن چىققان بولسىمۇ ، كەينىمدە قاپتۇ . بىراق ، «كۆڭۈل ئاچىمىز ، ئەركىن - ئازادە سەيلە قىلىپ ئويناپ كېلىمىز » دېگەن پادىشاھلىق باغدا ھېلىقى نائەھلىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆزۈمنى خۇددى قەپەسكە سولىنىپ قالغان قۇشتەك ھېس قىلغانىدىم ، ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپلا قانداقتۇر ئەركىن ، ئازادە يېڭى بىر دۇنياغا چىققاندەك ئۆز - ئۆزۈمدىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولۇپ كەتتىم . ھاردۇق ئالغاندەك چوڭقۇر تىنىپ پېشانەمدىن يۇژۇلداپ چىققان تەرنى سۈرتتۇم - دە ، كەينىمگە قاراپ :
— نېمانچە ئاستا ماڭىسىلەر ، ھېلىقى ۋەھشىيلەردىن مېھرىڭلارنى ئۈزەلمەيۋاتقاندەك ! — دېدىم غەزىپىمنى باسالماي .
— نېمانچىلا ئاچچىقىڭ كېلىپ كەتتى ، يامان ئادەملەر ئە-

مەسكەنغۇ، — بەھرىنىسا شۇنداق دېدى - دە، كۈلدى.

— يامان ئادەملەر ئەمەسكەندە؟ — مېنىڭ كۈلگۈم كەلدى، — پەيلى شۇنداق يامان، بىزگە مولۇندەك قارىشىۋاتسا... بولۇپمۇ ھۆسەنبەگ دېگىنى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك قارايدۇ، مېنىڭدىن پەقەت كۆز ئۈزمىدى، ھىجىيىپ گەپ قىلسىمۇ كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدۇ.

— ئەرلەر دېگەن شۇنداق بولىدۇ، قىزلارنى كۆرسە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايدۇ، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟!

— مەن قىزىدەك تۇرسام، ئۇنىڭدا ھايا، ئىنساپ يوقمۇ؟

— ئۇنىڭدىن قېرى ئادەملەر ياش قىزلارنى ئېلىۋاتسا ... تېخى ئىنساپ، ھايا دەيسىنا، ئىنساپ، ھايا دېگەن قېرى، مايماق - سايماق بولسىمۇ، ئېرىڭگە سادىق بولۇپ ئۆت، ئۇنىڭ قولى بول دېگەنلىك، ھايالىق بولۇش پەقەت بىزدىنلا تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاداش.

بىز بىردىنلا نېمىشقىدۇ جىمىپ كەتتۇق. ھاۋا ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى. يېرىم سائەتلىك يول گويا گەپ قىلىش ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ئۈنسىز داۋاملاشتى. مەن ئۈنچىقماي كېتىۋاتسامۇ، چىرايىمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ ئەمما بىردە مەيۈسلۈك - غەمكىنلىك، بىردە غەزەپ - نەپرەت ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ بەدەن - بەدەنلىرىمدىن يېنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلار تاكى ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە ئۆچمىدى. ئەمما بەھرىنىسا بىلەن مەرەمنىسادا يۈز بەرگەن بايىقى ئالامەتلەرگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

## 4

تۈنۈگۈنكى ئىش — بىزنىڭ پادىشاھلىق باغقا بېرىشىمىز — ھۆسەنبەگ دېگەنلەرنىڭ «بۆرە يوق دېگەن سايدا بۆرە كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك بىزگە ئۇچراپ قېلىشى مېنى نېمىشقىكىن ئەندىشىگە

سىلىپ قويدى . ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ، دادام ئاشپۇزۇلغا چىقىپ كېتىشى بىلەن يەنە ۋەھىمىلىك خىياللارغا چىرمىلىپ قالدىم . خۇددى ئەسكى چۈش كۆرگەن ئادەمدەك ئىچ ـ ئىچىمدىن مەيۈسلۈك ، ئەندىشە ئۆرلەپ تۇراتتى ۋە يەنە ئۇلارغىمۇ يېنىۋاتقاندـ ـلىقى ئېنىق بولمىغان قەھر ـ غەزەپمۇ ئۆرلەپ تۇراتتى . ئويلىدـ ـساملا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ ، غەزىپىم تېخىمۇ قايناپ تاشاتتى . بەھرىنىسا بىلەن مەرەمنىساغا ، بولۇپمۇ بەھرىنىساغا شۇنداق ئاچـ ـچىقىم كېلىدۇ ، ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى ، ئەسكىلىكى ، قىزىل كۆزلۈكى بىلىنىپ تۇرغان ئادەملەرگە نېمىشقا ئوچۇق ـ يورۇق ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ ؟ تېخى «يامان ئادەملەر ئەمەسكەنغۇ» دەيدۇ ؟ تېخى يەنە ھۆسەنبەگ دېگىنىنىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرـ ـغان كۆزلىرى بىلەن ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك قاراشلىرىنى «ئەرـ ـلەر دېگەن شۇنداق بولىدۇ ، قىزلارنى كۆرسە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايدۇ ، بۇنىڭ نېمىسى يامان» دېگىنىگە قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى بەھرىنىساغا ھېچ گەپ ئەمەسكەن ـ دە ! ئۇنى خوپ كۆرىدىكەن ـ دە !… بەھرىنىساغا جىگدە پۇراپ قالغىلى خېلى بولغان ، ئەرلەرنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان ، «چاقچاق قىلدىم» دەپ كىشىنى نومۇسقا قويىدىغان گەپلەرنى ، قىلىقسىز قىلىقلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان . ئەھۋالغا قارىغاندـ ـدا ، (يامان يېرى ) ئۇنىڭغا قانداقلا بولسا ئەر بولسىلا بولۇۋېردـ ـدىغان ئوخشايدۇ . بۇ ئىشنىڭ رەھىمسىز ئاقىۋىتىنى ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى بەختىنى ئويلاشتىن ئۇ تېخى خېلىلا نېرى ئىكەن . قىز بالىغا ئەر بولسىلا بولۇۋېرەمدۇ ؟ «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولـ ـسۇن» دېسە ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ، خالايدىغىنىنى ، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى نەگە قويىدۇ ، ئۇنىڭدا ياخشى تىلەكلەر يوقمۇ ؟ ياخشى تىلەك — ئادەمنىڭ دوستى ، ھەمراھى . ياخشى تىلەك ئىگىسى ئۆزىدە مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىسىلا ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۇرەلەيـ ـدۇ . ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بۇ ھايۋانلارغا يېقىن تۇرمۇش ئۆتكۈزـ

گەن بولۇپ قالامدۇ ! ئادەمدە ئۆزگە ئىشىنىش ، ئالدىدىكى
كۆڭۈلەرگە ئىشىنىش بولۇش كېرەك ـ دە ! ئاددىيسى ، ئۆز ئۆمرد-
ىنىمۇ رازى قىلالماي ئۆتسە ، نېمە قىلىدۇ ئۇنداق ياشاپ !
ئەگەر پادىشاھلىق باغقا كەلمىگەن بولساق ، كەلگەندىمۇ مەن
«كېتەيلى» دېگەن چاغدا ئۇلارمۇ ماڭا قوشۇلۇپ ماڭغان بولسا
ھەۋەسنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇچرىمىغان ، مۇشۇنداق ۋەھىمە ـ ئەندىشىد-
ىلەرگىمۇ قالمىغان بولار ئىدۇق . مەنغۇ ئەندىشىلىك خىياللارغا
پېتىپ ئازابلىنىپ يۈرۈۋاتىمەن ، ئۇ ئىككىسچۇ ؟ تۈنۈگۈنكى
ئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندۇ ، بەلكى بەھرد-
ىنىسا خۇشال بولۇپ ، تېرىسىگە پاتماي يۈرگەندۇ... ئىشقىلىپ ،
كۆڭلۈمگە قارا بوران كەلگەندەك بىر ئەندىشە چۈشۈپ قالدى .
مېنىڭ ئويلىغانلىرىم كۆپ ھاللاردا توغرا چىقىپ قالىدىغان ...
ياكى مەن ئارتۇقچە ئويلاپ ئۆزۈمنى ئالاقزادىلىككە سېلىۋاتىمەن-
مۇ ؟... ياق ، ئارتۇقچە ئوي ـ خىياللاردا بولغۇنۇم يوق ، كۆڭلۈم
تۇيۇپ تۇرغان ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن . ھەۋەسنىڭ بىزگە قا-
راپ كېتىشى ، بولۇپمۇ ماڭا سەپسېلىپ قارىشى بىرقىسما ، ئۇ-
نىڭغا نۇرغۇن سىرلىق ئىشلار ، ئالدامچىلىق ، كۆڭلى قارىلىق ،
شەھۋانىيلىق بالاسى ، زورلۇق يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ .
بىردىنلا ئۆزۈمدە يۈرەك ـ باغرىمنى بۇرۇقتۇرما قىلىد-
غان ، تەگسىز خىياللارغا چىرمىلىپ قالىدىغان روھىي ھا-
لەت يۈز بەردى ـ دە ، مۇشۇ دەھشەتلىك ھېس ـ تۇيغۇلاردىن
چاپسانراق قۇتۇلۇش ئىستىكىمۇ ياندى . چۈنكى ، چوڭقۇر قايغۇ
جىمجىت بولۇپ ، ئادەمنى تېخىمۇ ئۈنسىز ، مەيۈس ، مىسكىن
قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۇ سېنى قىلچىمۇ ئارام بەرمەي رەھىمسىزلەرچە
قىينايدۇ . تۇيغۇلار ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى ۋە ئادەمنى ئۈنسىز
قىلىۋېتىدىغىنى غەم ـ قايغۇ . ئۆمرۈڭدە غەمدىن يامان يەنە
نېمە بار ؟ ! يامان يېرى ، سەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىساڭ ، ئۇ
تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ ، ئۆرلەيدۇ ، كۈچىيىدۇ . قايغۇ ، تەشۋىش ،

ۋەھىمىنى ئويلاۋېرىش — يۈرەكتە يارا پەيدا قىلىدۇ . مۇشۇنداق تۈيغۇلاردىن قۇتۇلالماي ئۆمرىنى خازان قىلغانلار ئازمۇ !

ئازابلىق ھېس - تۈيغۇلاردىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن «لىككىدە» تۇردۇم - دە ، كۈندىكى يەرگە — تامنىڭ تۈۋىگە داستىخاندىكى نان ئۇۋاقلىرىنى تۆكتۈم . قۇشقاچلار دەرھال يوپۇرۇلۇپ كەلدى . ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي ، بىردەمدىلا دىكىلدەپ يۈرۈپ يەپ بولۇپ ، بېشىنى سىڭار يان قىلىپ قىزغۇچ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىشتى . بۇ «يەنە بارمۇ ؟» دېگىنى ئىدى . بازاردىن ئەكىرگەن تېرىقلار تۈگەپ كەتكەن ، بولمىسا تۆكۈپ بېرەر ئىدىم ، ھەي جانىۋارلار ، تەلمۈرۈپ قالدى - دە.... توخۇ باقسامۇ بوپتىكەن ، يالغۇزلۇقۇمدا ماڭا ھەمراھ بولاتتى ھەم ئادەمگە ئېغىر بېسىم ئاتا قىلىدىغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھويلىنىڭ ئويغاقلىقىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى - دە.... دادامغا ئېيتاي ، بازاردىن بىرنەچچە توخۇ ئەكېلىپ بەرسۇن... يا ھويلىنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ دەرمۇ ؟ تازىلاپ تۇرسامۇ ، كاتەكتە باقسامۇ بولىدىغۇ ، شۇنداق خىياللار بىلەن قولۇمغا سۈپۈرگە ئالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن . شىۋاق سۈپۈرگىدە ھويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدىم . شۇنىڭ بىلەن بايىقى ئەندىشىلىك خىياللارنى ئۇنتۇشقىمۇ باشلىدىم .

چۈشكە يېقىن دادام كىرىپ كەلدى . قولىدا ئەتىگەن ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتكەن لېگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا پولۇ كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى .

— بۈگۈن يېرىم قازان پولۇ ئەتكەن ،— دېدى دادام لېگەننى ماڭا سۇنۇپ ،— شۇنىڭدىن ئەكىردىم ، بەك ئوخشاپتىكەن ، سەنمۇ يەرسەن ، قىزىم ، بۈگۈن ئوتۇنچى بوۋاي كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ، ئۇمۇ يېسۇن ، ئاچچىق چاي دەملەپ بەر .

— ماقۇل ، دادا ، ھازىرلا ئوچاققا ئوت يېقىۋېتەي ،— شۇنداق دېدىم - دە ، كۆڭلۈمدە : «بوۋاي كىرگۈچە ئوغلى كىر-

سىچۇ !» دەپ ئويلىدىم . ئويلىدىمۇ ئۆزۈم ئەندىكىپ كەتتىم ۋە دادامنى ئويلىرىمنى تۇيۇپ قالدىمىكىن ، دەپ چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئويلىرىمنى بىلىپ قالغاندەك ئەمەس . ئۆزۈممۇ قىزىق ئويلاپتىمەن ، دادام قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىغا زوقمەنلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرۇپتۇ .

پولۇنى قازان بېشىدىكى تەكچىگە قويۇپ ، ئۈستىگە قىزىل گۈللۈك سىرىق داستىخاننى يېپىپ قويدۇم .

دادام چىقىپ كەتتى .

سۇپىنىڭ يېنىدا ئۆرىلا تۇرۇپ قاپتىمەن ، بايىقى مېنى ھەر خىل ئوي - خىياللارغا سالغان ئەندىشە ، ۋەھىمە ، ئاچچىق غەزەپ-لىرىم نەلەرگىدۇ غايىب بولۇپ ، شۇ تاپتا ئوتتۇنچى بوۋاي ئەمەس ، بەلكى «ئوغلى كىرىپ قالار» دېگەن ئۈمىد مېنى جانلاندۇرۇۋەت-كەندى . شۇئان ھويلىنىڭ يېرىمىنى سۇپۇرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالدىم - دە ، قالغان يەرلەرنى سۇپۇرۇشكە كىرىشتىم . ھويلىنى پاكىز سۇپۇرۇپ ، سۇ چېچىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئەينەككە قارىدىم . كۆزلىرىم بىردەمدىلا ئولتۇرۇشۇپ قالغاذ-دەك ، چىرايىممۇ پەرىشان كۆرۈندى . كىرپىكلىرىمگە چاڭ - توزان قونۇپتۇ . ئالدىراپ ھويلىغا چىقىپ سوغۇق سۇدا يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ، چاچلىرىمنى نەمدىدىم - دە ، يەنە ئۆيگە كىرىپ ئەينەككە تىكىلدىم . ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغان تارغاقتا چاچلىرىمنى ئۇزاق تاراپ ، ئۆزۈمنى بىرقۇر تۈزەشتۈردۈم . نې-مىشقىدۇ ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ، گويا ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان قۇشتەك سەزمەكتە ئىدىم . كەيپىياتى ئوسال ئادەمدە بىردىنلا ئۈمىد پەيدا بولسا ، جاننى قاقشىتىدىغان غەم - قايغۇ ، ھەسرەت - پىغان يوقىلىدۇ . ئۈمىد — روھىي بايلىقتۇر . قانچە ئۈمىدلىك بولساڭ بايلىقىڭ شۇنچە ئاشىدۇ . «غەم قاقشىتىدۇ ، ئۈمىد ياشنىتىدۇ» دېگەن گەپ ھەرگىزمۇ بىكار ئېيتىلمىغان . ھەممە نەرسەڭ قولدىن كېتىپ ھېچ نەرسەڭ قالمىسىمۇ ، ئۈمىد-

ـدىڭ قالسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . سىنى چۇشكۇنلۇكتىن ، ۋەـ
ھىمىلىك خىياللاردىن ، چوڭقۇر ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىرـ
دىنبىر نەرسە ئۇمىد .
«ئوتۇننى تەۋەككۇل ئەكىرمەي ، ئۇنىڭ دادىسى ئەكىرسىدـ
چۇ ؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدىم ھويلىغا چىقىپ خېلى ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن ، — مەيلى ، بوۋاي ئەكىرسىمۇ مەيلى ، ھېچ
بولمىغاندا تەۋەككۇلنىڭ ئەھۋالىنى ، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى
ئۇقالايمەن . ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۆكسۇگەن ، سەدپارە بولـ
غان دىلىمغا شىپالىق مەلھەم . ئادەمنىڭ مەيلى قوزغىلىپ قالغان
كىشىنى كۆرگۇسى ، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ
پاراڭلاشقۇسى ، بولماي كەتكەندە ، ئۇنىڭ توغرۇلۇق خەۋەرلەرنى
ئۇققۇسى كېلىپ قالىدىكەن .
چاي قايناپ كەتكىنى نېكەم ، مەيلى دادىسى بولسۇن ، مەيلى
ئوغلى بولسۇن ، ئۇلاردىن تېخىچە خەۋەر يوق ، ئادەم كۇتۇش
كىشىنى ئېيتقۇسىز چوڭقۇر تەقەززالىققا سالىدىكەن ، ھەتتا ئادەم
ئۆزىنى باشقۇرالمايمۇ قالىدىكەن . «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانـ
سىلا جانلىنىپ دەرۋازىغا قارايمەن ، كۆزلىرىم ئىنتىزارلىقتا
مۆلۈلدەيدۇ ، يۈرەكلىرىم ئۇرۇپ كېتىدۇ… چۇش مەزگىلى يېـ
تىپ كەلگەندە ، روھىم چۇشۇپ سۇپىدا سولىشىپ ئولتۇرۇپ
قالدىم . ئويۇمغا يەتمىگەن ئويلار يەتتى ، ئىچىمدىن يالقۇن ئۇرۇـ
ۋاتقاندەك ئىغىزلىرىم قۇرۇپ كەتتى . ئىنتىزارلىق مېنى تامامەن
ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى . بۇ ھالەتلىرىمگە توۋا دەيمەن ، ئادەم
ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشى كېرەكقۇ ، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە
نېمىشقا ئۆزۈمنى باشقۇرالماي كېتىمەن ؟ مەندە مۇشۇ خىل ئاـ
جىزلىق بار ئىكەندە ، ئادەم بۇ خىل ئاجىزلىقنى يەڭمىسە ، باشقىدـ
لارنىڭ ئالىقىنىدىكى قونچاققا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن . توـ
رۇپلا ئۆزۈمنى كايىپ كېتىمەن : دەردسىز قىز ئىدىم ، دەردلىك
قىزغا ئايلىنىپ قالدىم . نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالىمەن ؟ تۇرـ

مۇشتا ھېچنېمىدىن غېمىم يوق ئۆتتۇۋاتاتتىمغۇ…

راسا چىڭقىچۇش مەزگىلىدە يورىكىم تۇيۇقسىزلا ئۇرۇپ كەتتى . دەرۋازا ئېچىلىپ دادام بىرىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . دېگىنىمدەك بوپتۇ ، كۆزلىرىمنى قاماشتۇرۇپ كىرىۋاتقان ئوتۇنچى بوۋاي ئەمەس ، ئارزۇلىغىنىمدەك ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى . خۇشاللىقىمدا بېشىم ئاسمانغا يەتكۇدەك بولدى . ئۇلارنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن . دادام ماڭا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى . ئىزا تارتقانلىقىمدىن ئىتتىك پەسكە قاردۋالدىم .

— بوۋاي كىرمەپتىغۇ ، دادا ؟— دېدىم مەن ئاشۇ سۆزنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي .

— بوۋاي تېخىچە تۇزىلەلمەي ئوتۇننى يەنە ئوغلى ئەكىرىپتۇ ،— دېدى دادام ماڭا قارىمايلا مېڭىپ ، — ئىسسىقتا شۇنچە يەردىن ھارۋىدا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىرمەك ئاسانمۇ ؟ ئوتۇننى ئاشخانىدىكى باللارنى چۇشۇرۇۋەتسۇن ، دەپ تەۋەككۇلنى ئۆيگە باشلاپ كىردىم .

— ياخشى قىپسەن ، دادا ، ھەممە نەرسىنى راسلاپ قويدۇم .

— قېنى بايىقى تاماقنى ئەكەل ، ئاچچىق چاي دەملە .

مەن سۇپىغا شىرە قويۇپ داستىخان سالدىم . تەۋەككۇل قولىنى يۇيماقچى بولسا كېرەك ، قولىغا چۆگۈن ئالدى . مەن ئىتتىك بېرىپ چۆگۈننىڭ بېغىغا قول ئۇزاتتىم . بۇ ۋاقىتتا قولۇم ئۇنىڭ يىرىك قولىغا تەگدى ـ دە ، شۇئان پۈتۈن بەدەنلىرىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى ، بۇ ھالەتنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى تىلەيتتىم ، بىراق ، دادام بولغاچقا چىڭ تۇرالمىدىم . شۇنداق قىلىپ ، چۆگۈننى ئۇ بەرمەي ، قولىنى ئۆزى سۇ قۇيۇپ يۇيدى . ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قولىغا نەچچە قېتىم سۇ قويۇپ بەرگەن . لېكىن بۇ ياش بالىغا ئۇنداق قىلمىسامىمۇ بولاتتى ، دادامىمۇ «قولىغا سۇ ئال» دېمىگەن . نېمىشقىدۇ ئۆزۈممۇ

سەزمىگەن هالدا شۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ كېتىپتىمەنغۇتاڭ .

— داداڭ تېخىچە تۇزىلىپ كېتەلمەپتۇ ـ هە ؟— دېدى دادام تەۋەككۇلگە ئۆزە تۇرغان پېتى . دادامنىڭ دۇكانغا چىقىپ كېتىشـ كە ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— دادام ياخشى ، مېڭىپ يۈرىدۇ ، هازىر يېنىك ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتىدۇ ، ئاپام يولدا ئاپتاپ ئۆتۈپ كەتمىسۇن ، دەپ ئەكىرىدـ شىگە ئۇنىمىدى . شۇڭا بۇ قېتىممۇ ئوتۇننى مەن ئەكىردىم . بولمىسا مېنىڭ ئىشلىرىم چېچىمدىنمۇ تولا ئىدى ،— دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ .

— ياخشى قىپسەن ، بالام ، ئاپاڭمۇ ياخشى ئويلاپتۇ ، داداڭـ لارنى ئاسرىمىساڭلار بولمايدۇ . دېھقانلار نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتالمايۋاتسا بۇنى ئاز دېگەندەك بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، دېھقانلارغا بەك ئۇۋال بولدى ، سىلەر قانـ داق قىلىۋاتىسىلەركىن ؟

— هېلىمۇ ياخشى كالا هارۋىسى بولسىمۇ قىلىۋاپتىكەنمىز ، ئوتۇن ئەكىرىپ تۇرغاچقا ، قورساقتىن قىسىلماي ئۆتۈۋاتىـ مىز ،— دېدى تەۋەككۇل ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ . ئۇنىڭ مەيۈسـ لەنگەن چىرايىدىن هەسرەت ـ نادامەت ئالامەتلىرى ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى ،— بولمىسا كۆن ئالمىقىمىز ناهايىتى تەسكە چۈشەتتىـ كەن . دېھقانغا ئېغىر ، هازىر كۆنگە ئارانلا بىر ۋاخلىق ئۇماچ ئىچىپ ئۆزە يۈرگەنلەر نۇرغۇن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىق ـ سەيـ سىلەرنىڭ كۆپلىگىچۇ ، سېلىق ـ سەيسە دېگەنلەر دېھقانلار ئۇـ چۈن تاپقان ـ تەرگىنىنى دەم تارتىدىغان كۆھىقاپ بولدى .

— قىزىق ئىش : ئىرىك جاننىڭ هەممىسى دېھقانغا موهتاج ، يەنە شۇنداق تۇرۇپ پېشانىسىدىن هالال تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر قىلغانلار خارلىقتا ، ئاچلىقتا قېلىۋاتىدۇ ، ئەجىر قىلمىغانلار باياشات ياشاۋاتىدۇ . لېكىن ئاخىرقى هېساپتا دېھقانلارسىز ئەل ئۆزە بولالامدۇ ، قورسىقىنى تويغۇزالامدۇ ! دېھقانلارنىڭ هالىغا

يەتمەي ، ئۇلارغا تۇزۇك قارىماي ، كۆيۈنمەي ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن باشقۇرۇۋاتقان خان ـ بەگلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار ، پۈت تىرەپ تۇرالارمۇ ؟ ! ئاپەت بولغانىكەن ، خانلىق خەزىنىسى ئۇلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش كېرەك ـ دە ! كارى بولماي قاراپ تۇرسا ئەل خارابلاشمامدۇ !

دادامنىڭ قاپىقى سىلىنغان هالدا ئىپتىقانلىرى مېنىمۇ ، تەۋەككۇلنىمۇ ئويغا سېلىپ قويدى . تەۋەككۇل كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئىچىنىشلىق هالدا چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغانىدى . لېكىن بىز راست گەپنى قىلغاندا ، بۇ ئىشلارنىڭ باش ـ ئۇچىغا چىقالمايتتۇق ۋە قانداق قىلىشنىمۇ بىلمەيتتۇق . دادام چوڭقۇر تىندى ـ دە ، قولىنى قاتتىق سىلكىپ ئاڭلانماس دەرىجىدە بىرنېمىلەرنى دەپ ئاشپۇزۇلغا ماڭدى هەم كېتىپ بېرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ :

— تەۋەككۇل بالام ، قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇزۇپ ، بىر-دەم ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭارسەن ، — دېدى ۋە هويلىدىن چىقىپ كەتتى .

دادامنىڭ چىقىپ كېتىشى تەۋەككۇلگە ئەركىن ـ ئازادىلىك ئاتا قىلغاندەك ئۇ ئۆزلۈكىدىنلا شىرەگە يېقىن سۇرۇلدى . ئەھ-ۋالدىن قارىغاندا تەۋەككۇل بۇرۇنقى تارتىنىش ـ قورۇنۇشلارنى ئۆزىدىن ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك قىلدۇ ، ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىدە تېتىكلىك ، بەھۇزۇرلۇق ، ئوغۇللاردا بولىدىغان جۇرئەت ئىپادى-لىنىپ تۇراتتى . مەن دادام بايا ئەكىرگەن بىر لېگەن پولۇنى شىرەگە قويدۇم ۋە پىيالىلەرگە ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن قۇيۇپ :

— قېنى ، ئاشقا بېقىڭا ، — دېدىم .

— قېنى ، ئۆزىڭىزمۇ كەلمەمسىز ، تېخى هېچنېمە يېمىگەن-دەك قىلىسىزغۇ ،— دېدى تەۋەككۇل ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ .

— مەنمۇ كېلىمەن ، يولىڭىزغا قاراپ تاماقمۇ يېمىدىم .

— مىنى… مىنى كىرىپ قالارمىكىن دەپما؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئوتلىرى ياندى.

— ھەئە، سىزنى كىرىپ قالارمىكىن، دەپ.

— مېنىڭ يولۇمغا قاراپسىز - دە؟

— شۇنداق، تەقەززا بولۇپ…

— مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— دادامدىن.

— شۇنداقمۇ، دادىڭىز قانداق بىلگەندۇ؟

— دادام: «دادىڭىزنى كىرىپ قالارمىكىن، بۈگۈن ئوتتۇن ئەكىرىدىغان كۈنى» دېگەن. ئەمما مەن سىزنى كىرىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلىغان.

— موللا تاپقاق ئىكەنسىز جۇمۇ.

— مېنىڭ كۆپ چاغلاردا ئويلىغانلىرىم توغرا چىقىدۇ، سىزنى كىرىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم، دېگەندەك سىز كىرىپسىز، — مېنىڭدىن كۆرە، تەۋەككۈلنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى، لەۋلىرىنى تەبەسسۇم ئورىۋالغانىدى. ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى قانداق پەيتتە بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسىتىدىغان قەلب ئەينىكىدۇر.

ئۇ بىرىنچى قېتىم كىرگەن چاغدىكىگە قارىغاندا، بۇ قېتىم خېلىلا ئەركىن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. دادامنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قاراپ تەسىرلىنىپ قالدىمۇ ياكى كۆڭلىدە ماڭا نىسبەتەن مەن ئويلىغاندەك باشقىچە ئوي - خىيال پەيدا بولدىمۇ، نېمىلا بولمىسۇن، ساددىلىق بىلەن قىلغان گەپ - سۆزلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ كىيگەن كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پاكىز يۇيۇلۇشى، پۇتىغا كونىراپ - ئاقىرىپ كەتسىمۇ كەشە كىيىۋېلىشى ماڭا چىرايلىق ھەم پاكىز كۆرۈنۈش ئۇچۇن تىرىشىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بەرمەكتە ئىدى.

قىزلار شۇنداق بولىدۇ : بىرەر يىگىتكە كۆزى چۈشسە ، مەيلى قوزغالسا ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۈزەپ ، چىرايلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ . مۇنداق ھېس - تۇيغۇلار ئوغۇللاردىمۇ ئويغىنىدىكەن - دە ! بىرىگە مەيلى قوزغىلىپ قېلىش تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ ، مەن بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلارنى ئۆزۈمدىلا ئەمەس ، تەۋەككۇلدىمۇ سېزىۋاتىمەن .

تەۋەككۇل پولۇنى ، توغرالغان گۆشلەرنىمۇ قوشۇپ تارتىنماي يېمەكتە ، مەنمۇ ئۇنى «تاماق يېيىشتىن توختاپ قالمىسۇن» دەپ ئاز - ئازدىن ئېلىپ يەۋاتىمەن ، «قېنى ، تەۋەككۇل ، چوڭ - چوڭ ئېلىڭا» دەپمۇ تۇرۇۋاتىمەن . كۆڭلۈمدە نۇرغۇن گەپلىرىم بولسىمۇ ، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قىينالماقتىمەن . ئۇنىڭغا دېيىش ئۈچۈن ئويلىغان گەپلەرنى دېمەكمۇ تەسكەن ، كېچىلىرى كۆزۈڭنى يۇمۇپ خىيال قىلغاندا ئاساندەك قىلغان بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرغاندا ناھايىتى تەسكەن . لېكىن شۇ ئەھۋالدا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك جىمىپ ئولتۇرۇشمۇ ئەپسىز - دە .

— بۇنىڭدىن كېيىن ئوتۇننى سىزلا ئەكىرسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ ،— دېدىم مەن ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ ئېچىپ .

— قانداق دەيسىز ؟

— مېنىڭ ئويلىغىنىم : دادىڭىز ئاۋارىچىلىك تارتمايتتى ، قېرىغاندا جاپانى ئازراق تارتسا دەيمەندە .

— مېنىڭمۇ ئۆزۈملا ئەكىرگۈم بار ، كۈندە دېگۈدەك كىرسەم... راستىمنى ئېيتسام سىز بىزدەك كەمبەغەللەرنى ئۆزىڭىزدەك كۆرىدىكەنسىز... شۇڭا سىز بىلەن گەپلەشكۈم كېلىپ تۇرىدۇ . بىراق ئېتىز - ئېرىقتا مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلار نۇرغۇن .

— ئەكىرگىڭىز بولسىلا ، ئىشلارمۇ ئاستا - ئاستا تۈگەپ

كېتەر ، قانچە كۆپ كىرسىڭىز شۇنچە ياخشى بولاتتى .

شۇ گەپ ئېغىزىمدىن ئىتتىكلا چىقىپ كەتتى ـ دە ، يۈزۈم
قىزاردىمۇ ، چىمىلداپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ گەپتىن كې-
يىن تەۋەككۈل كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋالدى . مەن كۆ-
زۈمنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي قالدىم . بىراق ، كۆزۈمنىڭ ئى-
چىگە قارىشىدىن ئۇنىڭ مەيلىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ئېنىق
ھېس قىلدىم .

تەۋەككۈل ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللەپ توختاپ قېلىپ ، يەنە
ئۆمەللەپ يەنە توختاپ قېلىپ ، ماڭا «لاپ ـ لاپ» قىلىپ قارايد-
تى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماڭا گېپى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— ھازىر مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم ، سىزگە ئېيتاي ،
سىزمۇ ئويلىنىپ بېقىڭ ، — دېدى ئۇ قولىنى ئېرتىپ گېپىنى
باشلاپ ، — تۇرمۇشىمىزنىڭ ناچارلىقى راست ، ئاپەت بولغانلىقى-
مۇ راست . تۇرمۇشىمىز ناچار دەپ قاقشاپلا يۈرمەي باشقا قوشۇم-
چە ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلىپ ، تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاشنىڭ غېمى-
نى قىلمىساق بولمايدىكەن . مېنىڭ ئويىمچە ، تۇرمۇشىمىزنى
بىرئاز بولسىمۇ ياخشىلاش — ئوتتۇننى كۆپرەك ئەكىرىپ تۇرۇ-
شۇمغا باغلىق ئىكەن ، دەپ ئويلاۋاتىمەن . كەمبەغەللەر ئۆز تۇر-
مۇشىنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا بولمىسا بولمايدۇ ـ دە ! ...

— ياخشى ئويلاپسىز ، — دېدىم مەن خۇشال بولۇپ ، —
ئامال ـ چارە تاپقان ئادەم جۈرئەت قىلىپ ئۇ يولغا كىرىش
كېرەك ، ئۇ يولغا كىرمىسە ، تاپقان ئامال ـ چارىسىنىڭ نېمە
پايدىسى بار دەيسىز . ياخشى ئويلاپسىز ، شۇنداق قىلىڭ .

— جاڭگالدا قۇرۇغان دەل ـ دەرەخلەر كۆپ ، بىزنىڭ يېزىغا
سەل يىراقراق يەردە قويۇق يۇلغۇنلۇقمۇ بار ، يەنە بىرنەچچە
كۈندىن كېيىن دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى ئۆتۈپ كېتى-
دۇ . ھەر كۈنى كەچتە ئوتۇن كەسلەپ ، بىرئاز كۆزنىڭ ئاچچىقى-
نى چىقىرىۋېلىپ بازارغا ماڭسام ، تاڭ ئاتقۇچە كېلىپ بولىمەن .

مۇشۇنداق قىلىۋەرسەم، ئاستا ــ ئاستا بۇ ئىشقا كۆنۈپ ئادەتلىنىپ قالامدىم. «ئۇزۇم پىش — ئاغزىمغا چۈش» دېگەن ھۇرۇنلارنىڭ ئىشى، ئۇنداقلار ھەرگىز قىردىن ئاشالمايدۇ.

— ياخشى ئويلاپسىز، مۇشەققەتتىن قورقمىسىڭىز قىلىپ كېتەلەيسىز.

— جاپا ــ مۇشەققەتتىن قورقۇش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس. «ئەمگەكنىڭ تېگى نەق راھەت» دېگەنلىك جاپا ــ مۇشەققەتنى، قىيىنچىلىقنى يېڭەلىگەن ئادەمنىڭ ئاغزى ئاشقا تېگىدۇ دېگەنلىك ئەمەسمۇ!

— ئىرادىڭىزگە باركاللا،— ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم، دېگەن ئىشلىرىنى تېخى باشلىماستىن بۇرۇنلا، شۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىرادە تىكلىگەنلىكى، كۆزلىرىنىڭ يېنىپ كېتىشى، چىرايىنىڭ جىددىي تۈس ئېلىشى ۋە ئاۋازىدىكى قەتئىيلىك ئۇ ئىشنى تامامەن قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە تەۋەككۇل ئەقىللىق، ئىرادىلىك، غەيرەتلىك دېھقان يىگىتى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ جىمىپ قالدى. مەن ئۇنى قوللاش، كۈچ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ:

— مەنپەئەتى بار ئىشنى قىيىنچىلىقى بولسىمۇ قىلىش كېرەك. قىيىنچىلىق ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەنپەئەت سىزگە تەئەللۇق بولىدۇ. ياخشى ئىشنى ئويلاپسىز، ھەقىقىي ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىنى ئويلاپسىز،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا جىددىي تۈستە قاراپ،— مۇشەققەتلىك ئىشنى باشلىۋالماق قىيىن، باشلىۋالغاندىن كېيىن بارا ــ بارا ئۇ ئادەتتىكى كۈندىلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئورنۇمدىن يېنىككىنە تۇرۇپ داستىخاننى يىغىشتۇردۇم. داستىخاننى تامنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ قاقتىم. دەرەخ شاخلىرىدا

ۋچىرلىشىۋاتقان قۇشقاچلار بۇنىڭغا ئۆگەنگەنلىكتىن ئۇ يەرگە
«دۇررىدە» قىلىپ چۇشۇشتى ۋە رىزقىلىرىنى بىر - بىرىدىن
تالىشىپ قىزغىنىشىپ يېيىشكە باشلىدى . كۇن پېشىندىن ئۆ-
تۇپ ، هاۋا قاتتىق قىزىماقتا ئىدى . تەۋەككۇلنىڭ بويۇن - يۇز-
لىرىدە خۇددى بېرىلىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان ئادەمدەك قوناق-
تەك - قوناقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى . قولياغلىق تۇتۇش
ئادەت بولمىغانمۇ ياكى ياغلىقى بولسىمۇ ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قالغان-
مۇ ، ئۇ پېشانىسىنى بىگىز بارمىقى بىلەن سىيرىپ قولىنى
سىلكىيتتى . بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى - دە ، ئۆيگە كىرىپ
يۇشۇرۇپ قويغان يەردىن بىر بۇرجىكىگە قىزىلگۇل غۇنچىسى
كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى ئاچىقتىم ۋە تەۋەككۇلنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم .

— سىزگە هەدىيە قىلدىم ، تۇتۇڭ ، تەرلىرىڭىزنى
سۇرتۇڭ ،— دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ كۇلۇمسىرەپ .

تەۋەككۇل هەدىيە قىلىنغان قولياغلىققا قاراپ هودۇقۇپ
ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن قوزغالدى .

— مېنىڭ… مېنىڭ تەرلىرىمگە بۇ ياغلىق زايە كېتىد-
دۇ ،— دېدى ئۇ ياغلىققا قارىغىنىچە باش كۆتەرمەي .

— ياق ، تەرلىرىڭىزنى سۇرتسىڭىز ، ياغلىق خىزمىتىنى ئادا
قىلغان بولىدۇ .

— بۇ… بۇ… ئو… شۇقچە بولۇپ كەتتى .

— ئۇنداق دېمەڭ ، ئوشۇقچە ئەمەس ، ياغلىق ئىگىسىنى
تاپتى . ئەمدى داۋاملىق خىزمىتىڭىزنى قىلسۇن .

ئۇياققا قاراپلا چۆچۇپ كەتتىم ، ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان ،
دادام بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۇ هويلىغا قايسى ئارىلىقتا كىرگەن-
لىكىنى تۇيماي قاپتىمەن ، بەلكى تەۋەككۇلمۇ تۇيمىغاندۇ . يۇزلى-
رىم ئوت ئېلىپ ۋىلىلداپ نومۇستىن ئۆلەي دېدىم . مەن قولياغ-
لىقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ «ئېلىڭ - ئېلىڭ» دەپ ، ئۇ خىجىل

بولۇپ «ئالمايمەن !» دەپ دەتالاش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى دادام كۆرگەندۇ ؟ ! «قانداقمۇ قىلارمەن ؟» دەپ ئويلاپ كەتكەنلىكىمـ ـدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ، بېشىمنى يەردىن كۆتۈرەلمەي قالـ ـدىم . ئاڭغىچە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك دادامىمۇ يېنىمىزغا كەلدى ۋە قولىدىكى بىر پارچە ماتاغا ئورالغان نەرسىنى تەۋەككۈلگە سۇندى :

— مە ، بالام ، قايتقاندا ئۆيۈڭگە ئالغاچ كەت ، ئازراق يېمەكـ ـلىكلەر ،— دېدى ئۇ ھويلىدا قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولـ ـسا ، شۇنداق تېز بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى .

ھەر ئىككىمىز ئۆرە پېتى تۇرغان ئورنىمىزدا تۇرۇپلا قاپـ ـتۇق . ئارىنى جىمجىتلىق باستى . تەۋەككۈلمۇ قاتتىق خىجىللىقـ ـلىقتا قالغاندەك قىلىدۇ ، قارا كۆزلىرى پىلىلداپ نەلەرگىدۇ تىكىلەتتى . خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئويلىنىپ قالدىم : «بۇ قىز - يىگىتلەر ئىچىدە ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ ، لېكىن باشقىـ ـلاردىن خۇپىيانە بولاتتى . باشقىلار كۆرۈپ قالسىمۇ بىرنۆرى ، دادامنىڭ كۆرۈپ قالغىنى تازىمۇ ئۇياتلىق ئىش بولدى - دە…. نېمە ئىلاج ، بولغۇلۇق بولدى ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئەتراپىمىزـ ـغىمۇ قارىماپتىمەن ، ئەمدى تەۋەككۈلنى چۆچۈتۈپ قويماسلىقىم ، كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ قويماسلىقىم كېرەك ، ساددا ، ئاق كۆـ ـڭۈل بالا ئەمدى كىرمەي يۈرمىسۇن يەنە !» مەن ئېچىلىپ :

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىز كىرىڭ ، سىزنى ساقلايمەن ، — دېدىم نومۇس قىلىشىنىمۇ قايرىپ قويۇپ . ئەمما راست گەپنى دېسەم ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىرىدىكى گەپنى دېدىم .

— مەنچە بولسىغۇ كۈندە كىرىپ تۇرسام دەيمەن ، بىراق سىزنى جىق ئاۋارە قىلىۋېتىدىكەنمەن .

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ ؟ گۇل ئېچىلسا ئۇنى يۇرايدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ… بىر ئادەمنىڭ خالىغان ئىشنى قىلىشى ھەرگىز ئاۋارىچىلىك ھېسابلانمايدۇ . خالىغان ئىش — كۆڭۈلنىڭ ئىشى…

— ئەمدى مەن ماڭاي ، كۆنمۇ قايرىلىپ قاپتۇ ،— تەۋەككۇل دادام بەرگەن تۆگۈنچەكنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ماڭدى . كېتىپ بېرىپ كەينىگە قايرىلىپ مۇنداق دېدى :

— دادىڭىز دائىملا جىق ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ ، ئەسلىدە مۇنچە-لىك قىلىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى ،— ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئۇڭايسىز-لىنىۋاتقانلىقى ، ئاۋازىدىن خىجىل بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— دادام سىزنىمۇ ، دادىڭىزنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ .

مەن دادامنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تەۋەككۇلنى بۇرۇنقىدەك كوچىغىچە چىقىپ ئۇزاتماي ، دەرۋازا تۈۋىدىلا خوش-لاشتىم :

— خوش ، ئامان بولۇڭ .

كۆرۈلمىگەن بىر ئىش كۆرۈلدى : خوشلاشتىممۇ — يۈرى-كىم سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قال-دىم . نېمىشقا دەرۋازا تۈۋىدىلا تۇرۇپ قالدىم ؟ ئۇ ھارۋىسىغا چىقىپ ماڭغۇچە ، كۆزۈمدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتكۈچە قاراپ تۇرسام بولماسمىدى… ئۇ ماڭا يېنىپ - يېنىپ قارىماسمى-دى ، شۇ قاراشلىرى بىلەن يۈرىكىمگە بىر پارچە ئوت تاشلاپ كەتمەسمىدى ، ئۇ ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ ، ئۇنى ئەبەدىي يادلاپ ، سېغىنىپ ئۆتمەسمىدىم… مەن رازى ، مۇشۇ ئوتتا يېنىپ - كۆيۈپ ئۆتۈشكە رازىمەن . مۇشۇ ئوت مېنىڭ ئەڭ نازۇك ، ئەڭ نەپىس ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئويغاتتى ، ھازىرغىچە ھاياتىمدا كۆرۈلمىگەن يېقىملىق ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتتى .

## 5

ئادەمنىڭ بېشىغا ئىشق - مۇھەببەت سەۋداسى چۈشسە بار-غانسېرى ئۇنىڭ ھەسرەت ئازابى ئۇلغىيىپ پۈتۈن بەدەنلىرى ئوتقا

چۈشكەن قىلدەك تولغىنىدۇ . ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش دولقۇنلۇق
دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈپ گۆھەر تاپماقتىنمۇ تەس .
«بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ» دېگەندەك تەۋەككۇلنى بىر
كۆرۈپلا ئىشق ھېسلىرىم قوزغالغان . ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندە
بەدەن - بەدەنلىرىم لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى . ئەگەر ئۈچىنچى
قېتىم كۆرسەم ھوشۇمدىن كېتىدىغان ئوخشايمەن . بەھرىنىسا-
نىڭ ئوغۇللارنى كۆرسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ناياقلاپ كېتىشلى-
رىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆز بېشىمغا كەلگەندە چۈشەنگەندەك بولۇۋا-
تىمەن ، بىراق بەھرىنىسا ئەر زاتىنى كۆرسىلا شۇنداق قىلىقسىز-
لىقلارنى قىلىپ كېتەتتى . مەنچۇ ؟ ھازىرغىچە بىرتالاي يىگىتلەر-
نى كۆردۈم ، بولۇپمۇ ئۆزۈمنى تۈزەپ يۈرۈش سېزىمى ئويغانغان-
دىن كېيىن ، ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغىلى تالا -
تۈزگە كۆپ قېتىم چىقتىم . مەن كۆرگەن يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى
ماڭا چاقچاق قىلىپ ، گەپ تاشلاپ كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالماقچى بو-
لۇپ كەينىمگە كىرىۋالدى ؛ بەزىلىرى سۈركىلىپ كۆڭلىنى ئىز-
ھار قىلماقچى بولدى ؛ ھەتتا بەزىلىرى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ
مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ ئەگىشىۋالدى ؛ تېخى كەينىمدىن
چىقماي دەرۋازا ئالدىغىچە كەلگەنلىرىمۇ بار . بۇلارنىڭ ھېچقايسى-
سىغا كۆڭلۈم ئېرىمىدى ، مەيلىم قوزغالمىدى ، ئەمما تەۋەككۇل-
نى بىر كۆرۈپلا ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدا قار - مۇزلار ئېرىپ
كەتكەندەك ، كۆڭلۈم «شۇررىدە» ئېرىپ ، ئۇنىڭغا مەيلىم چۈ-
شۈپ قالدى . نېمىشقا مەيلىم چۈشۈپ قالدى ؟ دەسلەپ تەۋەككۇل-
نى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ ئىنتايىن كەمبەغەل ئىكەنلىكىگە ئىچىم
ئاغرىپ قالدى . ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىۋاقىسى ئىكەنلىكىنى
بىلەتتىم . كۆڭلەك - تامباللىرىنىڭ ئۆڭۈپ ، دۈمبە - تىزلى-
رىغا ياماق چۈشكەنلىكى ، پۇتىنىڭ يالاڭ ئاياغلىقى ۋە پۈتۈن
تۈرقىدىن يېغىپ تۇرغان نامراتلىق ، مىسكىنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ-
غا ئىچ ئاغرىتىش ، خەيرخاھلىق قىلىش ، ياردەم بېرىش سېزىمى

تۇغۇلدى . مۇنداق سېزىم ھەممە ئادەمدە تۇغۇلمىسىمۇ ، نۇرغۇن ئادەملەردە تۇغۇلىدۇ ، مەن ئوقۇغان قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ كونىراپ سېرىقداپ كەتكەن كىتابلاردىمۇ كەمبەغەللەرگە كۆيۈ- نۈش ، ياخشىلىق قىلىش ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش — ساۋابلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي ساۋاب دېيىلگەن . بىراق ، ئىچ ئاغرىتىشتىنمۇ مۇھەببەت قوزغىلىپ قالىدىكەن ، راستىنى ئېيتسام ، ئىچ ئاغرىتىش سېزىمى ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا ئايلاندى . شۇنىڭ بىلەن مېنىڭدە ئىشقى ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئويغىنىشى بىرىنچى قېتىم . بىرىنچى قېتىم قوزغالغان سۆيگۈ ناھايىتى قاتتىق تۇتىدىغان ئوخشايدۇ ، شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، پۈتۈن ئەس ـ يادىم شۇنىڭدىلا بولۇپ ، مېنى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس يىپ ئۇنىڭغا مەھكەم باغلىۋالدى . ئۇنىڭ ئىنتايىن نامراتلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى ، نامراتلىقى تېخى ماڭا سەممىيلىك ، ساپلىق ، ياخشىلىق بولۇپ تۇيۇلدى . ئىشقى ھېس ـ تۇيغۇلار بىر يىگىتنىڭ باي بولۇشى ياكى گاداي بولۇشىغا قارىماي قوزغىلىۋېرىدىكەن . كەمبەغەل بولسا نېمە بوپ- تۇ ، بىزمۇ بايمىتۇق ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنى باشقىلارغا سار- غايماي ، قىسىلماي ئۆتكۈزۈۋاتىمىز شۇ . كەمبەغەل دېگەن دۇنيادا ئەڭ ئاق كۆڭۈل ، ھالال ، سەممىي ـ سادىق ، ۋاپادار ئىشچان بولىدۇ .

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاپ قالغاندۇ ، مەن تېخىچە ئويى- غاق . ئۇيقۇ ئۆگدىگىدىن ئەسەرمۇ يوق ، ھەم ئازابلىق ، ھەم ئەندىشىلىك خىياللار ئىلكىدە تولغىنىپ يېتىپتىمەن . تۈن ئۆزد- ىنىڭ قارا پەردىسىنى تولۇق يايغان مەزگىلدىن باشلاپ يېپىشقان خىيال ھازىرغىچە ئارام بەرمەي مېنى قىيناۋاتىدۇ… تۇۋا دەي- مەن ، دۇنيادا غەمسىز قىز ئىدىم ، نېمە بولغاندىمەن ، سۆيگۈ سېزىمى ئويغىنىش بىلەن ھەسرەتلىك قىزغا ئايلىنىپ قالدىم . تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ئادەم باسقان قەدىمىنىڭ خاتا ئېلىنغان-

لىقنى بىلسە دەرھال كەينىگە يېنىپ توغرا يولغا چۈشەلەيدۇ ، لېكىن سۆيگۈ يولىغا كىرگەن ئادەم كەينىگە يانالمايدىكەن . ئىشـ. قىلىڭ چۈشكەن ئادەم گويا يولنىڭ ئۇ بېشىدا تۇرۇۋېلىپ سېنى مەھلىيا قىلىپ داۋاملىق قەدەم تاشلاشقا ئۈندەپ تۇرىدىكەن . ياشاشنىڭ قىممىتى ۋە گۈزەللىكى ماڭا بۇگۈنكىدەك مەنىلىك ، سۆيۈملۈك ، يېقىملىق تۇيۇلغان ئەمەس . سۆيگۈ تۇيغۇسى سۆيـ. گۈلۈك چۈشكەن ئادەمنى تېخىمۇ گۈزەل ، تېخىمۇ نەپىس قىلىۋېتىدـ. دىكەن . شۇ تاپتا تەۋەككۇل ماڭا ھەممە ئادەملەردىن يېقىن ، سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتا . قوزغالغان ئىشقى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ھەيران بولساممۇ ، ئۇنىڭ ئىلكىدىن ھامان نېرى ئەمەسمەن .

باش تولغۇنىڭ قىچقىرىشى ئاڭلاندى . تېخىچە ئۇخلىيالمىغىـ. نىمنى بىلدىم . ئۇياق ـ بۇياققا نەچچە رەت ئۆرۈلگىنىمنى بىلمەيـ. مەن ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندا چىلىق ـ چىلىق تەرگە پېتىپ كەتكەنلىكىمنى تۇيدۇم . ئىچ ـ ئىچىمدىن گويا يالقۇن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . ئاراملىق ئىزدەپ شەپىسىز مېڭىپ ھويلىغا چىقتىم . بۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىم تالاغا چىقىشىم ئىدى . ئەتراپ جىمجىت ، يۇلتۇزلار ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمچىقلىـ. تىپ ماڭا قاراپ كۈلمەكتە ، ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇن ئاي بىردە بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ چىقىپ ، بىردە بۇلۇتلار ئارىسىغا مەيۈسلىنىپ كىرىپ كېتىپ ، مەن بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتـ. قاندەك قىلاتتى . كېچىنىڭ سېھىرلىك گۈزەللىكى قەلبىمنى دەممۇدەم ياندۇرماقتا . خېلى سەگىپ قالدىم . شىۋىرلاپ ئۆتكەن شاماللار سالقىنلىق ، ئارام ـ راھەت ئاتا قىلماقتا ئىدى . نەدىندۇ بىر يەردىن تۇيۇقسىزلا ئىتنىڭ ئاچچىق ئۇنى ئاڭلاندى ـ دە ، بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى . بەزى تۇنلىرى يېقىن ـ يىراقتىن كىملەرنىڭدۇ ئېيتقان دەردلىك ـ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالىدىغان . بىردىنلا شۇنداق دەردلىك ـ مۇڭلۇق ناخشىلارنى

ئاڭلىغۇم كېلىپ قالدى . ناخشا ئاڭلاش ئىستىكىدە يېنىپ ، خېلى ئۇزاق تۇردۇم ، لېكىن ئېيتىلمىدى . ئۆزۈم غىڭشىپ ئېيتىپ باقايمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم ، ناخشا ئېيتقۇم ، ئاڭلىغۇم كېلىپ تۇراتتى . بىراق ، دادامنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يالتىيىپ قالدىم . بىر چاغدا تەرەپ - تەرەپتىن توخۇلار قىچقىرىشقا باشلىغاندا ، كېچە گۈزەللىكىدىن كېچىپ ، ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم . ئورنۇمغا كېلىپ ياتقاندا ، ئۆزۈمنىڭ بايىقىدىن خېلىلا سەگىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم . بىراق ، خىياللار يەنە يېپىشقىلى تۇردى . مەنغۇ مۇشۇنداق سۆيگۈ خىياللىرىغا بەند بولۇپ يېتىپتىمەن ، تەۋەككۇل نېمە سەۋدا ، نېمە ئويىدىدۇ ؟... ئىككى تەرەپنىڭ سۆيگۈسى بىر يەردىن چىقسا ، قوشۇلۇپ كەتسە ، ئاندىن مۇھەببەت گۈلى ئېچىلىدۇ . تەۋەككۇلنىڭ ماڭا مەيلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، لېكىن تازا ئېنىق ئەمەس ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن چىققان سۆيگۈ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلاشنى ئىستەيمەن ، مېنىڭ ئازابلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تىلەيمەن . پۈتۈن بەدەنلىرىمدە يېنىۋاتقان تىلىكىم ، ئۈمىدىم مۇشۇ !

تۇۋا ، خۇدايىم ! قۇدرىتىڭدىن ئايلىناي ، ئۈمىد - تىلەكلىرىم راستقا ئايلىنىپ قالدى . ئاسماندىن چۈشكەندەك تەۋەككۇل تۇيۇقسىزلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى ، ئۆي ئىچى بىردىنلا يورۇپ كەتتى . ئۇ بېشىغا بادامدوپپا ، ئۇچىسىغا ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن ، بېلىدە چۈچىسى جىلۋىلىنىپ تۇرغان سۇس سېرىق پوتا ؛ مەن دېرىزە يېنىدا چېچىمنىڭ ئۇچىنى ئويناپ تۇراتتىم . ئۇ كۈلۈمسىرەپ كېلىپ قولۇمنى تۇتتى ، ئاندىن بېلىمنى . بەدەنلىرىم قىزىپ يېنىپ كەتتى... مېنى ئۆزىگە تارتتى ، بوشاشقان بەدەنلىرىم ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭغا چىرمىشىپ كەتتى... مەن ئۆزۈمنى بىلەلمىگۈدەك ھالغا كېلىپ قالدىم ، نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن ، بايا چۈشتىلا ئۇ تۇرمۇشنى ياخشىلاش

توغرىسىدا گەپ قىلغان چاغدا ئۇنىڭغا قاتتىق تەلمۈرگەنىدىم ،
مېنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇشىنى ، مەھكەم قۇچاقلىشىـ
نى ، لەۋلىرىمگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈشىنى شۇنچىلىك زارىـ
قىپ كۈتكەنىدىم . مانا ھازىر شۇ ئويلىرىم ۋۇجۇدقا چىقىۋاتاتتى .
ھاياتنىڭ مۇنداقمۇ شېرىن پەيتلىرى بولىدىكەن ـ ھە !… مەن
ھوشۇمنى يوقاتقاندەك بولۇپ ئۇنى «چىڭگىدە» قۇچاقلىۋالدىم .

شېرىن خىياللار ، يېقىملىق ھالەتلەرنى خىيال قىلىپ يېـ
تىپ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا
كۆزۈمنى ئاچسام ، ئۆي ئىچى يوپيورۇق بولۇپ كېتىپتۇ . ئالدىـ
راپ ـ تېنەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە ، كىيىملىرىمنى كىيىپ ،
يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغمايلا تالاغا چىقتىم . دادام سۇپىدا چاي
ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن . خىجىل بولدۇم . نېمە قىلارىمنى بىلـ
مەي ، بېشىمنى يەردىن كۆتۈرمەي بېرىپ چۆگۈننى قولۇمغا ئالـ
دىم ـ دە ، يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ ئېرتىپ ، دادامنىڭ يېنىغا
باردىم :

— مېنى نېمىشقا ئويغىتىۋەتمىدىڭ ، دادا ؟

— قارىسام چارچاپ ھالسىراپ كەتكەن ئادەمدەك ئۇخلاۋېـ
تىپسەن ، شۇڭا ئويغاتمىدىم ، — دېدى دادام چايدىن بېشىنى
كۆتۈرمەي .

دادامنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ كەتتىم ، ئۇيقۇسىزلىقتىن بەلكى
كۆزلىرىممۇ قىزىرىپ كەتكەنمۇ ، بوش ئاۋازدا شىۋىرلىدىم :

— ئاخشام ئىچىم پۇشۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم ، دادا ،
سەھەردە ئۇخلاپ قالغان ئوخشايمەن ، چايىنىمۇ ئۆزۈڭ قايناـ
تىپسەن ـ دە…

— ھېچقىسى يوق ، چاي دېگەننى قايسىمىز قايناتساق بولىـ
ۋېرىدۇ ئەمەسمۇ .

— مەن تۇرۇپ سەن قاينىتىپ يۈرسەڭ …

دادام گېپىمنى بۆلۈۋەتتى :

— كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ، ئوبدان ئۇخلىۋال، قىزىم.

دادام چاي ئىچىپ بولۇپ ئاشپۇزۇلغا چىقىپ كەتتى. مەن سۇپىدا ئۆز - ئۆزۈمدىن نارازى بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. خىياللىرىم تەۋەككۇلدىن يۆتكىلىپ دادامغا ئۆتتى. دادام باشقا ئۆيدە ياتسىمۇ، مېنىڭ كېچىچە ئۇخلىيالماي تولغىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلگىنىمنى، تالاغا نەچچە چىققانلىقىمنى تۇيۇپ قالغانمىدۇ؟... تۇيۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا «كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ، ئوبدان ئۇخلىۋال» دەمدۇ، تېخى تالاغا نەچچە رەت چىققانلىقىمنىمۇ بىلىپ بوپتۇ - دە.... ھېلىقى چاغدا تەۋەككۇلگە ياغلىق بەرگەنلىكىمنى كۆرۈپ قالغان، قانداقمۇ قىلارمەن... بوپتۇ، نېمە ئامال، مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەربىر ياتلىق بولىدىغان ئادەم، ياخشى يېرى، تەۋەككۇلگە مەيلىمنى بىلدۈرۈپ يېقىنچىلىق قىلغانلىقىمدىن ئۇنىڭدا (دادامدا) باشقىچە ئالامەتلەرنى سەزمىدىم. تەۋەككۇلگە ياغلىق بەرگەندىن كېيىن، دادامنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە، روھىي ھالەتلىرىگە سەپسالدىم، ئۇنىڭدىن «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ، ئەگىتمە - ياپتا سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىمىدىم، چىراي - شەكلىدىمۇ قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى، ئاۋۋال قانداق يۈرسە، شۇنداقلا يۈردى. شۇنىڭغا قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا يېقىپ قالغانلىقىنى دادام خوپ كۆرىدىكەن: «ئۇلار بەكمۇ نامرات، بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس، ئەگەر قىزىم ئۇ يەرگە ياتلىق بولۇپ بارسا جاپا تارتىپ قالارمىكىن، كۆزىدىن ياش قۇرۇماسمىكىن» دەپمۇ ئويلىمايدىكەن. بىلدىم: دادام نامرات - كەمبەغەللەرگە بەكمۇ كۆيۈنىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە ئۇلارنى بارچە يۆلەيدۇ. بۇ چىن دىلىدىن قىلىۋاتقان ئىشى. نۇرغۇن ئادەملەر باركى، ياخشى سۆزلەرنى قىلسىمۇ ئۆز بېشىغا كەلگەندە، بار تۇرۇپ، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈشنى ئاللىقاياقلارغا تاشلىۋېتىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭ-

لىدىن چىقىرىپ قىلغان سۆزىنى ئۆز مەنپەئەتىگە دۇچ كەلگەندە يەنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەلمىسە ، قىسقىسى ، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىسا ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىناۋىتى ، ئابرۇيى بولامدۇ ؟

بىلىمەن ، دادام بەھرىمىسا ، مەرەمنىسالارنىڭ دادىلىرىغا ئوخشاشمايدۇ . ئۇلاردەك تەرسا ، جاھىللاردىن ئەمەس . دادام باش-قىلارنىڭمۇ ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئەركىنلىكىنى قوللايدۇ ، ئۆز ئەركىنلىكىدە چىڭ تۇرغان ئادەملەرنى ماختايدۇ . بۇ دادامنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمگە قارىغانلىقى ، مېنىڭ ئىختىيار - ئارزۇلىرىمنى ئەتىۋار بىلگەنلىكى ئەمەسمۇ ! ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئىززەت ساقلانسا ، ھەر ئىككى تەرەپ «باشقا غەيرىي ئىشلار يۈز بېرىپ قالارمۇ ؟ » دەپ ئەنسىرى-مىسىمۇ بولىدۇ . ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى ، پەرزەنتلەرگە بەكمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىش ياكى ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈلچەكلىك قىلىش — بۇ ئۇلاردا يامان ئىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ .

كۆڭلۈم چايغا تارتمىدى ، نېمىشقىدۇ قورسىقىم زادىلا ئاچ-ماپتۇ . قۇيۇپ قويغان چىيىم شۇ پېتىچە تۇرىدۇ . ئەتراپىمدا قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ دان ئىزدەپ يۈرىدۇ . ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ تېرىق چېچىپ بېرەي دېسەم ، تېرىقمۇ تۈگەپ كېتىپتۇ ، بازاردىن ئەكىرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ ، ئەكىرىشىم كېرەك . ئۇلارنىڭ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراشلىرىغا چىدىمايمەن ، ئۇلار مېنىڭ — مىسكىنلىشىپ غەمگە پېتىپ قالسام كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان ، يال-غۇزلۇقۇمنى بىلىندۈرمەيدىغان ھەمراھلىرىم ، قولۇمغا ئۆگىنىپ قالغان جانىۋارلىرىم . تاڭ يېڭىدىن سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ۋى-چىرلاشنى باشلىسا ، تاكى كەچ كىرگۈچە توختىمايدۇ . دادامغا قايسى كۈنى توخۇنىڭ گېپىنى قىلسام ئەكېلىپ بەرمەكچى بول-غان ، توخۇ ئەكەلسە باقسام بىزنىڭ ھويلا ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى .

توخۇمۇ ياخشى جانىۋار ، قىچقىرىپ بېرىدۇ ، ئادەملەرنى سەگەك-لىتىپ تۇرىدۇ . باش توخۇ تۇن نىسپىدىن ئۆتكەندە قىچقىرىشنى باشلاپ ، تاڭنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىدۇ . كۈن-دۈزلىرى هويلا ـ ئارام مۈگدىلىنىپ قالغاندا ، قىچقىرىپ كەتسە هويلىغا جانلىنىش ئاتا قىلىدۇ .

ئايغى ئۈزۈلمەس خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرسام تۇيۇقسىز دەرۋازا ئېچىلىپ دادام سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنى — بىرى ، سېمىز رەڭ ، سەللىلىك ، ئۈچىسىغا كۆكۈچ تون كىيگەن ، چار ساقاللىق ، بۇرنىنىڭ يوغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ؛ يەنە بىرى ، ئورۇق ، قارا بۇرۇتلۇق ، ئۈچىسىغا سۇس بېغىر رەڭ تون كىيـ-گەن ، ئىككى ئۈچلۈق ئادەمنى باشلاپ كىردى . مەن هەيرانلىق ئىچىدە ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم . دادام ئۇلارنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . نېمىشقىدۇ يۈرىكىم بىردىنلا دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ بىرقىسما بولۇپ قالدىم ۋە شۇئان مەندە ئەندىشلىك سوئاللار تۇغۇلۇشقا باشلىدى : «بۇلار كىم ؟... يېزىلىق ئادەملەر ئەمەس ، شەهەرلىكتەك قىلىدۇ . بىزنىڭ ئۆيگە زادىلا كەلمىگەن بۇ ناتو-نۇش ئادەملەر قانداقلارچە كېلىپ قالدى ؟ مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ماڭا سەپسېلىپ قاراپ كەتكىنى نېمىسى ؟... » چېچىلىپ كەتكەن خىياللىرىمنى بىر يەرگە جەملە-يەلمەي ئاۋارە ئىدىم .

ئانچە هايال بولماي دادام ئۆيدىن چىقتى . ئۇنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن ، چىرايىدىن دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان خۇشخۇيلۇق نەلەرگىدۇ غايىب بولغانىدى . ئۇ يېنىمغا كېلىپ هېچقاچان كۆ-رۈلمىگەن غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا :

— قىزىم ، تېزرەك چاي دەملە ، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىپ تۇر ،— دېدى ـ دە ، ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

دادامنىڭ گېپىگە هەيران قالدىم . ئۆيگە هەرقانداق ئادەم كەلسە مېنى «ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىپ تۇر» دېمەيدىغان ، بۇ

قېتىم نېمىشقا دەپ قالدى؟ ئۇنىڭ تېگىدە نېمە مەنە باردۇ؟ قولۇم ئىشتا بولسىمۇ خىيالىم شۇ گەپتە ئىدى. پۈتۈن بەدەنلىرىمنى ئەندىشىلىك، قورقۇنچلۇق خىياللار چۇلغىۋالدى. چوقۇم بۇنىڭدا بىر گەپ بار، ئويلىغانسېرى قوللىرىم تىترەشكە، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەندىشىچىلىكتە قىلىۋاتقان ئىشلىرىم قولاشمايۋاتاتتى.

دادام ئۆيدىن چىقىپ تەييارلاپ قويغان داستىخان، تاتلىق - تۈرۈملەر، نانلارنى ھەم چىنە - چەينەكلەرنى ئېلىپ ماڭدى.

— دادا، ئۇلار كىم؟

— ئاستىراق گەپ قىلىڭ، تونۇمايدىغان ئادەملەر.

مەن دادام ئېيتقاندەك ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن خانامغا كىرىپ كەتتىم. بىراق خاتىرجەم بولالمىدىم، ئولتۇردۇم، قوپتۇم، ئۇياق - بۇياققا ماڭدىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلغاندەك قىينالدىم. تونۇمايدىغان ئادەملەر نېمە سەۋەبتىن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ قالدۇ؟ دادام نېمىشقا ماڭا: «ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭ» دەيدۇ؟... ئويلىمىغان ئويۇم قالمىدى، بىراق ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلىپ تىت - تىت بولۇشقا باشلىدىم. دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ گەپ تىڭشاپ باقايمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن بىرىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ئويۇمدىن ياندىم. ئاخىرى كاللامغا «ئەلچى» دېگەن بىر گەپ كېلىپ قالدى - دە، ئەرۋاھىم ئۇچۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۈتۈن بەدەنلىرىمدىن قورقۇش ھەم غەزەپ ئارىلاشقان ھېس - تۇيغۇلار قوزغالدى. ئۇنداق بولسا ئۇ ئىككىسى ماڭا ئەلچى بولۇپ كەلدى - دە!... كەلگەنلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، تۇرقى، سالاپىتىگە قارىغاندا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەلچىلىرى ئەمەس، چوقۇم باي - بەگلەرنىڭ، ھۆكۈمدار - ئەمەلدارنىڭ، ھېچبولمىسا، قول ئىلكىدە بار

ھاللىق ئادەملەرنىڭ ئەلچىلىرى. بىلدىم، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ، بۇلار چوقۇم پادىشاھلىق باغدا ئۇچرىشىپ قالغان ھېلىقى ھۇسەنبەگ دېگەن تەلەتى سۇرۇن، كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان مەلئۇننىڭ ئەلچىلىرى. مەن ئۇنى ئاڭلىغان، ئىنتايىن قارا كۆڭۈل، ۋەھشىي مۇناپىق دەپ ئاڭلىغان. ئەمدى ئۇنىڭ قىزىل كۆزى بىزنىڭ ھويلىغا، ماڭا چۈشۈپتۇ ـ دە... دادامنىڭ شۇڭلاشقا ئۆڭى ئۆچۈپ كېتىپتىكەن ـ دە! بىردىنلا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ ئىچىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۆيلەر پىرقىراۋاتقاندەك، يەر ئاسمانغا، ئاسمان يەرگە چۈشۈۋاتقاندەك بولۇپ كۆز ئالدىم تۇمانلاشتى، بېشىم پىرقىراپ دەلدەڭشىپ كەتتىم، يۈرىكىم سىقىلىپ، بوغۇزۇمغا بىرنەرسە تىقىلغاندەك قىينالدىم. پۈتۈن بەدەنلىرىمنىڭ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماپتىمەن. خىيالىڭغىمۇ كەلمىگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بەرسە، ئادەم ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدىكەن.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بەلكى بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندۇ، ئۇلار گۇدۇڭلىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى. ھېلىقى ئىككىسى غادىيىپ مېڭىپ دېرىزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. دادام ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققانچە يېنىپ كىرمىدى، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەتسە كېرەك. مەن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھويلىغا چىقتىم ھەم نېمىشقىدۇ ھويلىمىزدىن قانداقتۇر بىر زالىم بەگلەر چىقىپ كەتكەندەك ئېغىر تىنىدىم. ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىمنى بېسىپ سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئەتراپىمدا دانلاپ يۈرگەن قۇشقاچلار روھىي ھالىتىمنى چۈشەنگەندەك دىكىلدەپ مېڭىشتىن توختاپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك قاراشتى. خۇدايىم ئۇلارغا بىلىش ـ چۈشىنىشنى ئاتا قىلغان بولسا پىغانلىرىمنى ئايانماي تۆكەر ئىدىم. يىراقتىن قاقشاپ قىچقارغان كاككۇكنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

— كاككۇك ـ كاككۇك ـ كاككۇك...

كاككۇكنىڭ ئۈنى ھەسرەتلىرىمنى قوزغاپ قويدى.

ئۇلارنىڭ نېمە ئىش، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى، ئىككى ئوتتۇرىدا قانداق گەپ - سۆزلەرنىڭ بولۇنغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەقەززاسى پۈتۈن ئەس - يادىمنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالدى. ئويلىغانسېرى ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ئولتۇرالماي قالدىم. كۆڭلۈم قانداقتۇ بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلاتتى. دادامنىڭ بېشىنى سىلىپ ئۈن - تىنسىز چىقىپ كېتىشى مېنىڭ شۈبھەمنى دەممۇدەم ئاشۇرماقتا ئىدى. كۆز ئالدىمغا يۈرىكى جاراھەتلەنگەن، ئاھۇپىغانلىرى ئۆرلەپ تۇرغان، ئەلەم - ھەسرەتتىن كۆز ياشلىرى توختىماي ئېقىپ چۈشۈۋاتقان بىر قىز كەلدى. بۇ قىز كىم؟... ئەلۋەتتە مەن. ئۆز خىياللىرىمنىڭ ۋەھىمىسى مېنى چۆچۈتۈپ قورقۇتۇۋەتتى. نېمىشقا مۇشۇنداق دەھشەتلىك خىياللار كاللامغا كىرىۋالىدۇ؟ تەشۋىش — ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن ئادەمنى تاپسا كۈچىيىپ كېتىدۇ. ھەر خىل تەشۋىشلەر مېنى تاشتەك قېتىپ كەتكەن يەرنى چېپىۋاتقان ئادەمدىنمۇ بەكرەك ھارغۇزۇۋەتتى - دە، قارىياغاچقا يۆلەنگىنىمچە ئاستا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ھەقىقەتەنمۇ قايغۇ - تەشۋىشلەر ئەندىشىلىك، ھەتتا دەھشەتلىك بولىدىكەن، خۇددى يۈرەك - باغرىڭنى يەۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن.

ئېنىق بولمىغان تەشۋىشلىك خىياللار ئىلكىدە تولغىنىپ كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قاپتىمەن. بىردەمدىن كېيىن دادام كىرىدۇ، شۇنىڭغىچە كەچلىك تاماقنى تەييار قىلىشىم كېرەك. ئالدىراپ چۆپ ئېتىشكە تۇتۇش قىلدىم.

تاماق تەييار بولۇشقا يېقىن دادام يەنە بىرىنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى، لېكىن خاتا كۆرۈپتىمەن، بۇداقىسى دادامنىڭ ئاغىنىسى ئىكەن. يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. بۇ ئادەم بىلەن مەن ئىسمىنى بىلگەندىن تارتىپ دادامنىڭ بېرىش - كېلىشى بار ئىدى. ئۇ يېقىن

كەلگەندە سالام قىلدىم :
— ئەسسالام ، ھېكىم دادا !
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ ، قىزىم ؟
— ياخشى ، ھېكىم دادا .

ئۇلار شۇنچە ئىسسىقتا ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرمىدى . ئاغىنىسىنى دادام ئۆيگە باشلىغان ئىدى . مەن : «تالا سالقىن ، سۇپىدا ئولتۇرسا بولماسمىدى ، سىرتتىكى جىمى ئىسسىق كىرىۋالغاندەك ئۆي ئىچى قىزىپ كەتكەن ھەم دىمىق تۇرسا» دەپ ئويلىدىم .

ئاۋۋال چاي راسلىۋېدىم ، دادام :
— ھازىر تامىقىڭىزنى ئەكېلىڭ ، چاينى تاماقتىن كېيىن ئىچەيلى ،— دېدى .

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن چاي دەملەپ ئەكىرىپ بەردىم . ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ ، ئەمما قەغىزى يىرتىلىپ كەتكەن كۆزنەكتىن گۇدۇڭشىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كەلدى . چۈشتىن ئاۋۋال كەلگەن ھېلىقى ئىككى ناتونۇش ئادەم بىلەن دادامنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئۇققۇم كەلدى . كۆڭلۈمگە شۇ نەرسە ئايان بولۇۋاتاتتىكى ، دادام ئۇلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئاغىنىسىگە دەيدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى . دېمەك ، دادام چىگىش بىر مەسىلىگە دۇچ كەپتۇ ، چىگىش مەسىلىنى يېشىش ئۈچۈن ئاغىنىسىدىن مەسلىھەت ئالماقچى . قورسىقىمغا جىن كىردى ، ھېچقاچان قىلمىغان قىلىقنى قىلىشقا نىيەت قىلدىم . ئورنۇمدىن قوزغىلىپ خانامغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ ، شەپىسىز مېڭىپ دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ خۇپىيانە گەپ ئاڭلاشقا بېرىلدىم .

— ھۆسەنبەگ تۆت خوتۇنلۇق ئەمەسمىدى ، شۇنداق تۇرۇق-

— ھە !— بۇ لۇق يەنە نىمانچە نەپسى يوغىناپ كەتكەندۇ ئۇنىڭ ھېكىم دادامنىڭ ھەم نەپرەتلىك ، ھەم پىغانلىق ئاۋازى ئىدى .

— ئاچ كۆز ، نەپسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە قاتتىق بېرىلگەن ئادەم نومۇسنى بىلمەيدۇ ، ئادىمىيلىكـ تىن چىقىپ كېتىدۇ ، — بۇ دادامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى .

ھېكىم دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— شۇنداق ، باشقىلارنىڭ رايى ، ئارزۇ ـ تىلىكى ، ئىختىيارىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئىشى !

— بىز بىلىمىز ، پۈتۈن يۇرت ئوبدان بىلىدۇ ، ھۇسەنبەگ ئىنتايىن كۆڭلى قارا ، زومىگەر ، بۇلاڭچى ئادەم . تۆت خوتۇنىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا تەگكەن ، قالغان ئۈچىنى زورلۇق بىلەن مال ـ مۈلكىگە يۆلەپ تۇرۇپ ئالغان .

ئويلىغىنىم توغرا چىقتى ـ دە ، خۇددى بېشىمغا چېقىلغان چۈشكەندەك دەھشەت ئىچىدە قالدىم . دېمەك ، ھېلىقى ئىككىسى ھۇسەنبەگنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەن . تامغا يۆلىنىپ قالدىم ـ دە ، كۆزۈم يۇمۇلدى . ئەمما ئالدىمدا ھۇسەنبەگنىڭ ئادەم كۆرسە قورققۇدەك قىياپىتى پەيدا بولدى : ئۇنىڭ بۇقىنىڭ بويىنىدەك قاتلىنىپ كەتكەن بويۇنلىرى ، قاتلانغان يەردىكى قاپقارا كىر ـ مەينەتچىلىك ، شۇملۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ، سەسكىنىشـ لىك تۇرقى مېنى يىرگەندۈرمەكتە ئىدى . كۆزۈمنى ئېچىۋىدىم ، يورۇق دۇنيا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى . دادام بىلەن ھېكىم دادامنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى . قەھر ـ غەزەپـ تىن پۈتۈن بەدەنلىرىم جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى . مېنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە بولۇۋاتقان گەپلەرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇم كېـ لىپ ، قۇلىقىمنى دېرىزىگە يېقىن ئەكەلدىم .

— ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە نېمە دېدىڭ ، ئاداش ؟

— نېمە دەيتتىم ، قاياقتىن گەپ قىلسام شۇ ياقتىن تورايدۇ .

— خوش !

— قىزىمنىڭ لايىقى بار ، ھازىرچە تۇرۇپ تۇرايلى دېۋىدۇق دېسەم ، «قىز بالا بار ئۆيگە قىرىق ئات باغلاقلىق» دېگەن گەپ بار ، ئۇياقتىن - بۇياقتىن ئەلچى كىرىپ تۇرىدۇ ، ئادىمنى تېپىپ بەرمىسە كۆڭۈل ئاغرىقى تۈگمەيدۇ . مانا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىز ئەلچى بولۇپ كىردۇق ، قىزىڭنىڭ پېشانىسى ئوڭكەن ، بېشىغا بەخت قۇشى قوندى . بۇنىڭدىن ئارتۇق لايىق بولماس . سەنمۇ ئوبدان ئويلان ، شۆھرەتلىك ھۆسەنبەگ ساڭا كۈيئوغۇل بولماقچى ، پەيتنى غەنىيمەت بىل ، بۇ ئامەتنى قولدىن چىقىرىپ قويما ، دەيدۇ . ھازىرچە تۇرۇپ تۇرايلى دېگىنىم ، مەن يالغۇز ، بويتاقمەن ، ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم ئاشۇ قىزىم ، مەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئويلىشايلى دېسەم ، سەن ھامان ئۆيلىنىسەن ، قىزىڭ بەرىبىر ياتلىق بولىدۇ ، يا ئۇنى ئۆيگە تۈۋرۈك قىلامسەن ، قىزىڭ ياتلىق بولۇپ كەتكەندە ساڭا خوتۇن كېرەك بولىدۇ . تەنھالىق ئۆيلىنىشىڭگە پىشاڭ سالىدۇ . شۇ چاغدىلا چاپسانراق ئۆيلىنىشكە مەجبۇر بولىسەن ئەمەسمۇ . بولمىسا كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار ئۆتۈۋېرىدۇ - دە ، كېيىن پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن ، دەيدۇ . ئۇلار تېخى ئادەمنى قورقىتىدىغان بەزى گەپلەرنىمۇ قىلىۋاتىدۇ . ئاخىر تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلاي دېدىم . ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىمىز ، دەپ چىقىپ كېتىشتى . قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى ، تېشىمۇ قاتتى . راسلا لايىقى بولسا ، قىزىمنى شۇنىڭ بىلەن قاچۇرۇۋېتەيمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم . ئەمما بىلىشىمچە لايىقى يوق . قىزىممۇ ئۇ ئېيىققا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ ، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا بەرگۈم يوق ، دادىسىدەك تۇرسا ھەم كۆڭلى قارا ، ھەم زومىگەر ، پۇقرالارنى قاڭغىر قاقشاتقان ئۇ ۋەھشىيگە قىزىمنى قانداقمۇ بېرەي ، بەرسەم تۇتۇپ بەرگەن بولمامدىم . قىزىمنىڭ نۆۋەر گۈلىنى خازان قىلغان بولمامدىم ، كىم

ئۆز پەرزەنتىنىڭ خازان بولۇشىنى خالايدۇ ؟ !... توۋا مۇنۇ دەردى- سەرنىڭ بېشىمغا كېلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان .

— توغرا ئېيتىسەن ، ئاداش ،— دېدى ھېكىم دادام ،— ئۇ بىر زومىگەر ، بەرمىسەڭ زورلۇق قىلىدۇ ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشىمۇ مۇمكىن . ئەرز قىلساڭ سەن ئۇچۇن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى نەدە ، مېنىڭ ئويۇمچە قىزىڭغا لايىق بىر يىگىتنى تاپايلى ، بىر ئاخشامدىلا خۇپىيانە نىكاھ قىلىپ ئىككىسىنى قاچۇ- رۇۋېتەيلى . سەن ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ ئۇلارنى كېچىكتۈرۈپ تۇر ، بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق چارە يوق . ھۇسەنبەگ ئېغىز ئاچتىمۇ ، دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ ، چاپارمەنلىرى ھەرقانداق شۇملۇقتىن يانمايدۇ . رەھىمسىزلىك قىلىش ، قورقۇتۇش نائەھ- لىيلەرنىڭ دائىملىق ئىشى . ئۇلاردا ئىزا - نومۇس ، ئىنساپ ، ھايا دورىلىققىمۇ تېپىلمايدۇ . «پاسىقتىن ھايا تىلىمە ، زالىمدىن ۋاپا» دېگەنلەر توغرا ئېيتقان . مۇۋاپىق لايىقنى مەن تاپاي ، ساڭىمۇ ئەپسىز . سەن بېشىڭنى قاتۇرما ، ئاداش ، قانداق دېدىم ، ئۆزۈڭنىڭ ياخشىراق چارە - تەدبىرىڭ بارمۇ - يا ، ئويلىغىنىڭ بولسا دەپباق ؟

— مەن تېخى ئويلىغىدەك بولمىدىم ، دېگىنىڭدەك قىلساققۇ ياخشى بولاتتى ، قېنى ھەرىكەت قىلىپ باقايلى ، خۇدا ئىشىمىزنى خەيرلىك قىلار .

ئاچچىق - غەزەپمۇ ئادەمنى يىغلىتىدىكەن ، دېرىزىنىڭ يې- نىدا تۇرۇپ تۆكۈلۈپ كەتتىم . دادامنىڭ مەن ئۇچۇن سەدپارە بولۇپ تېپىرلاۋاتقىنىغا يىغلىسام ، ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان تەتۈر قىسمەتكە ئېچىنىپ يىغلىماقتا ئىدىم . پۈتۈن دۇنيا قاراڭ- غۇلىشىپ كۆزۈمگە تىقىلماقتا ، يۈرىكىم پىچاق سانجىغاندەك ئې- چىشىپ ئاغرىماقتا ۋە بەختىمنىڭ قارىلىقىدىن نالە قىلماقتا ئى- دىم . بىراق بۇقۇلدىشىمدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خانامغا كىرىپ كەتتىم - دە ، ئۆزۈمنى كىگىز ئۈستىگە

تاشلىۋەتتىم ھەم تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم : «ئەي خۇدا ، — دەپ زارلانماقتا ئىدىم ، — يۈزلىرىمنى ھۆل قىلىۋەتكەن كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈۋاتامسەن ، ئەلەملىك نالەمنى ئاڭلاۋاتامسەن ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسا نېمە بولار ، دادامنىڭ ھالىغا يەتسەڭ نېمە بولار ، ئاشۇ ھۇسەنبەگ دېگەن قىزىل كۆزنىڭ نەزىرىدىن مېنى يىراق قىلساڭ نېمە بولار ، بەندىلىرىڭنى دۇنياغا دەرد - ئەلەم تارتقىلى ، لەختە - لەختە قان يۇتقىلى ياراتقانمىدىڭ ، ئاھۇ پىغانىمىزغا قۇلاق سالساڭچۇ ، بىزنىڭ بېشىمىزنى مېھرىبان قو-لۇڭ بىلەن سىلىساڭچۇ !… »

كۆز ئالدىمغا تەۋەككۈل كەلدى . ئەتە ئۇنىڭ ئوتتۇن ئەكىر-دىغان كۈنى ، ئۇنىڭغا دەيمەن ، يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشلارنى ئايانماي دەيمەن ، مېنى ئەكەتسۇن ، يىراقلارغا ، ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان جايلارغا ئەكەتسۇن ! كۆڭۈل سۆيگەن ، ئۆزۈڭ خالى-غان ئادەم بىلەن بىللە بولساڭ ھەرقانداق چۆل - جەزىرىلەرنىمۇ باغۇ بوستان قىلالايسەن !

## 6

مەن گاراڭ ئادەمدەك بولۇپ قالدىم . قويغان - ئەتكىنىمنى بىلمەيمەن ، نېمە قىلىشنى ، قايسى ئىشنى باشلاشنى ، كۈندىلىك ئىشلارنىڭ قايسىسىنى قىلدىم ، قايسىسىنى قىلمىدىم ، بۇلارنىمۇ بىلمەيلا قالدىم . بېشىمغا كېلىۋاتقان قىسمەتلەر مېنى بىر ياقتىن مەڭدىتىپ قويسا ، بىر ياقتىن جىمىغۇر قىلىپ جىمجىتلىق ئىسكەنجىسىگە سېلىپ قويغانىدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ بىر نۇق-تىغا تىكىلگەن ۋاقتىمدا ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمنىڭ خورلى-نىۋاتقانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلماقتا ئىدىم . مەنلا ئەمەس ، دادامنىڭمۇ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى خورلىنىۋاتىدۇ . ئەتىگەن-لىك چاينى ئىككىمىز ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك جىمجىتلىق

ئىچىدە ئىچتۇق . دادامنىڭ چىرايىدىن دەرد ـ ئەلەم ئۆرلەپ تۇراتتى . ئۇ بېشىنى سىلىپ ئاشپۇزۇلىغا چىقىپ كەتتى . بۇ هال مېنى چوڭقۇر ئويغا سىلىپ قەلبىمدە ئېچىنىش تۇيغۇسى قوزغىدى . بىراق ، ئىنسان ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنى چۈشەنمىسە بۇ تېخىمۇ ئېغىر ئىش بولمامدۇ !··· بىلمەن ، چوڭقۇر غەم ـ قايغۇ ئادەمنى جىمغۇر قىلىۋېتىدۇ . ئۇ ئېغىزىغا تىل بەرمەيدۇ ، چىرايىغا تەبەسسۇمنى يولاتمايدۇ ، چۈنكى ، ئۇ يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ . ئۇنى يوقىتىش ئۈنىڭدىنمۇ زورراق خۇشاللىققا باغلىق .

تەۋەككۇلنى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق ، ئۇنىڭغا هەممە گەپنى ئېيتىش ئويىغا كەلگەنىدىمغۇ ، هېلىمۇ شۇ ئويدىمەن . دادام ئاغىنىسى بىلەن ماڭا مۇۋاپىق لايىق ئىزدەشنى ، مېنى هۆسەنبەگنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلاشقانىدىغۇ ، بولدى ، مېنىڭ چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن ئادىمىم تۇرسا يەنە كىمنى ئىزدەيدۇ ، كىمنى تاپىدۇ ، ئۇلار ئاۋارە بولمىسۇن ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلاي··· ئەمدى هويلا ـ ئارامنى بېسىقتۇراي ، تەۋەككۇلنىڭ كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى . مۇشۇ ئوي ـ خىياللار بىلەن تىنىمسىز تېپىرلاۋاتقان يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەندەك بىرئاز خاتىرجەملىنىپ قالدىم ۋە مەندە ئۈمىدمۇ تۇغۇلدى . تىرىكلىكتە ئادەمگە كۈچ ـ غەيرەت هەم مەنپەئەت بېرىدىغان ، باشقا كۈن چۈشكەندە ئادەمنى جۇشقۇن قىلىۋېتىدىغان ، روهلاندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئۈمىد ئىكەن .

بىردىنلا ئۆزۈممۇ تۇيمىغان هالدا تېتىكلىشىپ قالدىم . ئالدى بىلەن هويلىنى سۈپۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ قولۇمغا شىۋاق سۈپۈرگىنى ئالدىم ، بىراق هويلا سۈپۈرۈلۈپ بوپتۇ . چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇۋېتەي دەپ قازان بېشىغا بارسام ، چىنە ـ قاچىلارنىمۇ يۇيۇپ تەكچىگە ئېلىپ قويۇپتىمەن ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى

ئويلاپ كۈلۈپ كەتتىم . ئاخىر نېمە قىلاي دەپ ئويلىدىم ـ دە ، ھويلىغا نوگايدا سۇ چاچتىم ، راست ، قۇشقاچلارغا دان چېچىپ بەرمەپتىمەن ، ئۇلار ئەتراپىمدا مەندىن نېرى كېتەلمەي ۋىچىرلاپ يۈرۈپتۇ . تامنىڭ تۈۋىگە تېرىق چېچىپ بەردىم . ئاندىن ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتىم .

چۈشكە يېقىن ھويلىغا مەن زارىقىپ كۈتكەن تەۋەككۈل ئەمەس ، ئۇنىڭ دادىسى كىرىپ كەلدى . بوۋاينى دادام باشلاپ كىرگەنىدى . ئەتتەڭ... تەۋەككۈل قانداق ئىش بىلەن كىرمەي قالغاندۇ ، مەن ئۇنى قازچىلىك تەشنا بولۇپ كۈتكەنىدىم ـ ھە !... ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئېتىبارى ، شۇنداقلا بىر ئۆمۈرگە تەڭ ئېتىبارى ، پەيتى بولىدۇ . بۇ تازا مۇھىم پەيتى ئىدىغۇ ، مۇشۇ مۇھىم پەيتنىڭ بىكاردىن ـ بىكار ئۆتۈپ كېتىشى — تەقدىرىڭنىڭ قارا بولۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . نېمە چارە ؟ «ئاۋۋال سالام» دېگەن گەپ بار ، بوۋايغا سالام بەردىم ۋە «نېمىشقا تەۋەككۈل كىرمىگەندۇ ؟» دەپ ئويلىدىم . بىراق ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايدۇ ـ دە !

— قېنى ، قىزىم ، چۈشكە تېزرەك تاماق ئەت ، — دېدى دادام . ئۇنىڭ چىرايى ئەتىگەنكىدەك ئەمەس ، ئېچىلىپ كېتىپتۇ .

— ھازىرلا تەييار قىلىمەن .

— ئاۋۋال چاي دەملە ، تاماق تەييار بولغۇچە ئاقساقال چاي ئىچىپ تۇرسۇن ، شامال چىقىپ توپا توزۇۋاتىدۇ ، داستىخاننى ئۆيگە سال ، مەن ئوتۇنلارنى چۈشۈرگۈزۈۋېتەي .

دادام چىقىپ كەتتى ، مەن داستىخاننى ئۆيگە سېلىپ بوۋاينى ئۆيگە باشلىدىم ۋە چاي دەملەپ ئەكىرىپ بەردىم .

گۆشنانغا تېز تۇتۇش قىلدىم ۋە خىياللىرىممۇ تېز ـ تېز داۋاملىشىشقا باشلىدى : شامالغۇ چىقىۋاتىدۇ ، لېكىن كۈچلۈك ئەمەس . بىلدىم ، دادامنىڭ شامالنى باھانە قىلىپ بوۋاي بىلەن ئايرىم ئولتۇرغىسى كېلىۋاتىدۇ ، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ ، دادام

ھېلىقى گەپلەرنى بوۋايغا ئېيتىدۇ ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ
ئىش باشلىماقچى . بوپتۇ ، بۇمۇ ياخشى بولدى ، مەن تەۋەككۇل
بىلەن گەپلەشكۇچە ، دادامنىڭ بوۋاي بىلەن سۆزلەشكىنى ياخشى
ئەمەسمۇ ! بىراق ، دادام — قىز ئاتىسى ، قىز ئاتىسى بولغان
ئادەم : «مەن قىزىمنى ئوغلۇڭغا بېرەي دەۋاتىمەن» دېگەن گەپنى
ئېغىزىدىن چىقىرالارمۇ ؟… چىقارغان تەقدىردىمۇ ، ئېلىپ قې-
چىشنى بوۋاي خوپ كۆرەرمۇ ؟… ئەڭ مۇھىم ئىش تەۋەككۇلدە .
شۇنداق ئىكەن ، تەۋەككۇل تېخى مېنى ئېلىپ قېچىشقا جۇرئەت
قىلالارمۇ ؟… بىلىمەن ، بوۋاي بىلەن دادامنىڭ مەن ئېسىمنى
بىلگەندىن تارتىپ مۇناسىۋىتى ياخشى ، بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتى-
نى قىلىدۇ ، گېپىنى يېرمايدۇ ، بولۇپمۇ مېنىڭ بىلىشىمچە
بوۋاينىڭ نەزىرىدە دادامنىڭ ھۆرمىتى چوڭ ، دادامنىڭ نەزىرىدى-
مۇ بوۋاينىڭ ھۆرمىتى چوڭ . بوۋاي دادامنىڭ كەمبەغەللەرنى
يۆلىشىنى ، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ، خەيرخاھلىق قىلىشىنى ئالاھىدە
پەزىلەت ، غەمخورچى ، دەپ بىلىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، ئۇ دادام-
نىڭ گېپىنى ھەرگىز يېرمايدۇ ، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئۇستى-
گە ئالالايدۇ . مېنىڭ بېشىمغا كېلىۋاتقان دەردۇبالانى ، دادامنىڭ
بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىرچىلىقلارنى بوۋاي چۈشىنەر ؟ ئەلۋەتتە
چۈشىنىدۇ ، تەۋەككۇل كىرسىغۇ ئۆزۈملا دەيتتىم . بىراق ، ئۇ
كىرمەپتۇ ، لېكىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا ئۇ چوقۇم خۇش بولىدۇ ،
چۈنكى ئۇ غەيرەتلىك ، جۇرئەتلىك يىگىت .

توۋا ، ئادەمنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان قىسمەت يوق ئىكەن ،
ئارزۇ - ئارمىنىڭغا زىت ئىشلار پۈتلىشىپ تۇرىدىكەن . نېمىشقا
شۇنداق بولىدۇ : ھۆكۈمەتمۇ ، قازىخانىلارمۇ كۆڭلۈڭگە ياقمىغان
ياكى ساڭا توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قوللاپ ئۇنى ئىشىنەرلىك
يولغا سېلىپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەن قارشى چىقالمايدى-
غان تەرتىپكە ئايلىنىدۇ . ئۇنداق ئىشقا قارشى چىقساڭ سەن
ئەيىبلىك بولۇپ بوينىڭغا سىرتماق سېلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن

تۇرمۇشتا مەيلىڭسىز داداڭدەك ئادەمگە تېگىش ، نەچچە خوتۇنلۇق ئادەمگە ياتلىق بولۇش يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەتۈر قىسمەت شەكىللەنگەن . شۇڭلاشقىمۇ كۆڭلۈڭ چۈشمىگەن تۇرمۇشقا كۆنۈپ كېتىش ياكى يىرگىنىپ تۇرۇپ ياشاش ، ئۆي تۇتۇش ، بالا تېپىش — بۇمۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئەھۋال بولۇپ قالغان . بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشلار كەلگۈسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان ئوخشايدۇ . لېكىن قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپكە ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپكە ئەلچى كىرگۈزۈشى ياكى ئۆزى ئەلچى بولۇشى كۆرۈلمىگەن ، ئادەت بولمىغان غەلىتە ئىشتۇر . مانا مۇشۇ غەلىتە ئىشنى بىز قىلماقچى بولۇۋاتىمىز ، بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان ؟ ! بېشىمىزغا كېلىۋاتقان ئېغىر ئىشلاردىن ، تەتۈر قىسمەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمىز . ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن ئىسسىق ئۆينى ، ئىللىق مەھەللىنى ، قەدىردان يۇرتنى تاشلاپ (ئادەم بار يەرلەردە قولغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ ) چۆل - جەزىرىلەرگە ، يىراق تاغلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز . بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئەھۋال - ھە... بوپتۇ ، كۆڭۈل خالىغان تۇرمۇش جىلۋە قىلسا ، ۋۇجۇدقا چىقسا ، قەيەردە ئۆتسىمۇ ئادەمگە خاتىرجەملىك ، ھۇزۇر ، لەززەت ئاتا قىلىدۇ - دە . كۆڭلۈڭ خالىغان تۇرمۇشقا ئېرىشەلىسەڭ چاشقان تۆشۈكىمۇ ساڭا ئۈچمە سارايلاردەك كۆرۈنىدۇ ؛ كۆڭلۈڭ خالىمىغان تۇرمۇشقا چۈشۈپ قالساڭ ئۈچمە سارايلارمۇ ساڭا چاشقان تۆشۈكىدەك بىلىنىدۇ ؛ بۇ مەنىدە قوزغالغان ھېس - تۇيغۇلار .

تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى بىلگەندەك دادام ئالدىراپ كىرىپ كەلدى :

— تاماقنىڭ پىشتىمۇ ، قىزىم ؟

— پىشتى ، دادا ، دەل ۋاقتىدا كىردىڭ .

— ئەمىسە ئەكىر ، — دادام سېرىق مىس ئاپتۇۋىدا قولىنى يۇيۇپ بوۋاينىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى .

سەل ئەيمىنىش ، خىجىللىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا گۆش- نانىنى ئەكىرىپ قويدۇم - دە ، چەينەكنى ئاچقىپ قايتىدىن چاي دەملىدىم .

مەن سۇپىدا تاماقتا ئولتۇردۇم ، لېكىن گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى ، پۈتۈن ئەس - يادىم ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشتا ئىدى . مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان هاياجانلىق خىياللىرىم ھەممىدىن ئۇستۈن كېلىپ دېرىزە تۈۋىگە ئۇندەپ تۇراتتى . يۈرىكىم سېلىپ قوللىرىم تىترەشكە باشلىدى . باشقىلارنىڭ گېپىنى يوشۇرۇنچە ئاڭلاش ياخشى ئىش ئەمەس . ئاددىيسى ، ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ ، بىراق ئۆز تەقدىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان گەپلەرنى يوشۇرۇنچە ئاڭلىسام ئانچە چوڭ ئەخلاقسىزلىقمۇ بولۇپ كەتمەس ، شۇڭا مەن ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم . ئۇلارنىڭ گەپلىرى سامان قەغىزى يىرتىلىپ كەتكەن كۆزنەكتىن ئۇچۇپ چىقماقتا ئىدى .

بوۋاي سۆزلەۋاتاتتى :

— بىزنىڭ تەۋەككۇل شەھەرگە ئىككى - ئۈچ قېتىم كىرىپ چىققاندىن كېيىن بىرقىسما بولۇپ قالدى . تۈزۈك گەپ قىلماي- دۇ ، يا قاپىقى ئېچىلمايدۇ . ھەممىمىزگە تورۇك - تورۇك تېگىپ تۇرىدۇ ، گەپ سورىساق جاۋاب بەرمەيدۇ . باللارنىڭ بۇرنى كۆپكەن ۋاقتى شۇنداق بولامدىكىن .

— نېمە بولغاندۇ ، ساقسىز بولۇپ قالدىمۇ - يا ؟

— ياق ، هازىر ئىككىنچى قېتىملىق قوناق چېپىقى ۋاقتى ، ئۇنىڭ بىر كۈندە چاپقان چېپىقىنى مەن ئۈچ كۈندىمۇ چېپىپ بولالمايمەن . قويۇپ بەرسەك كۈندە شەھەرگە كىرگۈسى بار ، ئەسلىدە ئۇ بۇگۈن ئوتتۇن ئەكىرىمەن دەپ يۈرگەن ، رايىغا باقماي ئۆزۈم ئەكىردىم ، نېمىشقا دېسىڭىز ، بىر ئىش بار ، ئۇ ئىش

بىزنى خېلى ئوبدانلا گاڭگىرىتىپ قويدى ، سىزنىڭ مەسلىھەتى-
ڭىزنى ئالاي دېدىم .

— خوش ؟

— تازا زەن سېلىپ قارىسام ، ئۇ ئىشقى سەۋداسىغا چۈشۈپ
قالغاندەك قىلىدۇ . پەرىزىمنى دەلىللەپ تۇنۇگۈن ئانىسى يانچۇ-
قىدىن بىر قولياغلىق تېپىۋاپتۇ . قانداق ياغلىق دېمەمسىز ؟ قى-
زىلگۈلنىڭ غۇنچىسى كەشتىلەنگەن ياغلىق . بۇنداق ياغلىقنى
پەقەت قىزلارلا بېرىدۇ ، يىگىتلەرگە مەيلى چۈشكەن قىزلار بەر-
مىسە كەم بېرىدۇ دەيسىز ، قىزلارنىڭ بىرىگە مەيلى چۈشۈپ
قالسا ، بېرىدىغان نەرسە تاپالماي قالىدۇ ، قىزىلگۈل كەشتىلەن-
گەن ياغلىق ، يۈرەكنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چۆچىلىق موخور-
كا خالتىسى بېرىش ئۇلارنىڭ ئادىتى ، كۆڭلىنى بىلدۈرگىنى ،
شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەرنى مەھكەم باغلىۋالىدۇ ئەمەسمۇ . بەلكىم
سىزمۇ بىلىسىز ، بۇ بۇرۇندىن تارتىپ بار ئىشلار ، يا خاتا گەپ
قىلدىممۇ ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ، بار ئىشلار .

بوۋاينىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمنى يورۇتۇۋەتتى . بۇ باشقىلار-
نىڭ ئېغىزىغا چىقسا ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئىش
بولسىمۇ ، بىراق ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغانلىقىم ئۈچۈن
يۈرىكىمنى لەرزىگە سالدى . خۇشاللىقىمدىن ئورنۇمدا تۇرالماي
قالدىم . «ئەجەب ياخشى بوپتۇ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇققانلىقى
ناھايىتى ياخشى بوپتۇ . مېنىڭ تەۋەككۈلگە ياغلىق بېرىۋاتقانلى-
قىمنى داداممۇ كۆرگەن ، شۇ تاپتا داداممۇ خۇش بولۇۋاتقاندۇ ،
ئەمدى دادام نېمە دەيدىكىن ؟» دەپ ئويلىدىم - دە ، ھاياجانلىق
ھېسلىرىمنى بېسىپ قۇلىقىمنى دېرىزىگە تېخىمۇ يېقىن
ئەكەلدىم .

بوۋاينىڭ ئۈنى يەنە ئاڭلاندى :

— بىراق ، ئابدۇكېرىمئاخۇن ، بىزنى ئوبدان بىلىسىز ،

قورسىقىمىزنى ئارانلا بېقىپ كېتىپ بارغان خەق بىز ، مۇبادا بۇ
ئىش چىڭىغا چىقىپ قالسا ، ياغلىق بەرگەن قىز كىمنىڭ قىزى ،
دىمىقى ئۇستۇن قىزمۇ ياكى بىزدەك نامرات خەقنىڭ قىزىمۇ ،
بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ . هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ
تويىنى قىلمىساق قاپىقى ئېچىلمايدىغاندەك ، كۆنى خۇش ئۆتمەي-
دىغاندەك قىلىدۇ . بىراق ، بىزنىڭ توي قىلغۇدەك مادارىمىز
بارمۇ ؟ راستىنى ئېيتقاندا يوق . بىزدەك نامرات خەقنىڭ قىزى
بولسىغۇ بىر ئىلاجىسىنى قىلارمىز ، بىزدىن ئۇستۇن خەقنىڭ
قىزى بولسا ، يېپىقلىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن دەيمەن .
بىزنىڭ بالا مىڭ تېپىرلىسىمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج ، ئۆزىنىڭمۇ
كۆزى كۆرەر ، سىز ئۇبدان نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز ، سىزنىڭ
گېپىڭىزنى ئاڭلامدىكىن دەيمەن . قولىمىزنى يېتىدىغان شاخقا
سۇنمىساق بولمايدۇ ـ دە ! قانداق دەيسىز ، ئۇكام ، بۇ ئىشنى
قانداق قىلساق بولار ؟ سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان ئىش مۇشۇ ،
ماڭا قىلىپ كەتكۇدەك ئىش ، مېڭىپ كەتكۇدەك بىر يول كۆر-
سەتسىڭىز ! بارسا كەلمەس يولغا چۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ قال-
دىم ، ئۇكام .

باياتىن بېرى بوۋاي سۆزلەپ ، دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى
دەپ بولغاندۇ ، ئەمدى دادام نېمە دەيدىكىن ، ماڭا ئايان ، ئۇنىڭ
نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىمەن . پەيت مۇنداقمۇ توغرا كەلمەس .
ئۇ ئېغىز ئاچىدىغان ، كۆڭلىدىكى گەپنى دەيدىغان ئادەم ئۆز
ئايىغى بىلەن مۇنداقمۇ ئالدىغا كېلىپ بەرمەس .

— ئاقساقال ،— دەپ گەپ باشلىدى دادام خېلى جىملىقتىن
كېيىن ،— تەۋەككۇلنىڭ ئىشقى سەۋداسىغا چۈشىدىغان مەزگىلى
بولۇپ قالدى ، بەلكى ئۆتۈپمۇ كەتتى . ئۇنى تورىۋالغىلى بولماي-
دۇ ، ئۇنى تورىۋالىمەن دېگەن كىشى ئۇلۇغ دەريانى تورايمەن دەپ
كەتمەن بىلەن توپا تاشلىغانغا ئوخشاش ئىش قىلغان بولىدۇ . بىر
قىزغا كۆزى چۈشكەن ، مەيلى قوزغالغان بولسا ، ئۇ بايمۇ ، كەم-

بەغەلمۇ ، ئۇنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ . سۆيگۈ شۇنچىلىك قۇدرەت-
لىك نەرسىكى ، ئۇ مەنمەن دېگەن ئادەمنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ .
تەۋەككۇل شۇ سەۋداغا چۈشكەن بولسا ، ھازىرقىدىنمۇ يامانراق
ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن ، ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەب-
بەت — قورقۇشتىن ، ئېھتىيات قىلىشتىن ، ئۆزىنىڭ كىملىكىد-
نى ئويلاشتىن خالىي بولىدۇ . ئۇنداق ئوتقا گىرىپتار بولغان
ئادەم ئۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ كەتمەيدۇ . ئويلاش ئىقتىدارىنىمۇ
يوقىتىدۇ . سۆيگۈ سەۋداسى شۇنداق سەۋداكى ، «ئۇ كىم ، مەن
كىم ، مەن ئۇنىڭ خىلىمۇ ئەمەسمۇ ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال-
لارنى قويۇشنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ . ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، ئۇنى
ئويلاپ قويمايمۇ بولمايدۇ ، ئۇنىڭ يولىنى قىلماي بۇ ئىشتىن
قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ . ئۇقۇشۇپ بېقىپ ، ھالى تۆۋەنرەك ئادەم-
نىڭ قىزى بولسا ياكى ھاللىقراق ئادەمنىڭ قىزى بولسىمۇ ،
تەلىپى تۆۋەنرەك بولسا توينى قىلىپ قويۇشىمىز كېرەك ؛ ھال-
لىقراق ئادەمنىڭ قىزى بولۇپ ، تەلىپى يۇقىرىراق بولسا تەلىپىد-
دە چىڭ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز ؟ ئۇ ۋاقىتتا قىز چىڭ ،
ئىرادىلىك بولۇپ ، «سەندىن ئايرىلمايمەن» دەپ تۇرۇۋالسا ئەپقې-
چىپ كەتسىمۇ بولىدۇ . ئەگەر پەيلى يامان ئادەمنىڭ قىزى بول-
سا ، يىراق جايلارغا كەتسىمۇ بولىدۇ . بۇمۇ بولىدىغان چارە ،
ھەق گەپنى دېسەك ، دەسلەپتە ئۇنداق ئىشنى ئاتا - ئانىسى ھار
ئالىدۇ ، «ئۇنداق قىزىمىز يوق» دەيدۇ . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى
ۋاقىت ئۇلارنى يۇمشىتىدۇ ، «كىم بولسىمۇ توينى قىلىۋەتسەك
بوپتىكەن ، كۆزىمىز ئوچۇق تۇرۇپ قىزىمىزدىن ئايرىلىپ قال-
مىزمۇ !؟» دەپ پەسكويغا چۈشىدۇ . مۇنداق قىلماي بالىنىڭ
كۆڭلى تىنچىمايدۇ . سىلى تەۋەككۇلدىن ياغلىقنىڭ ئىگىسى كىم-
نىڭ بالىۋاقىسى ئىكەنلىكىنى ئاسماقچىلاپ سوراپ ئۇقۇپ باقسى-
لا ، ئۇنى ئۇققاندىن كېيىن ، قالغان ئىشنى مەن قىلاي . بۇ
ئىشنى چوقۇم پات ئارىدا ھەل قىلىۋېتەلەيمىز ، سىلىچە قانداق
قىلساق...

ۋاي ئىسىت ، گەپىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالدى ، گەپ تىڭ-
شاۋاتقان يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . دەرۋازا قاتتىق
ئېچىلىپ ھويلىغا بەھرىنىسا ، مەرەمنىسالار چۇقۇلداپ كىرىپ
كېلىشتى . ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە كىرىپ كېلىشىد-
دىن ، مەن ئۇچۇن ھاياتىمدەك قىممەتلىك گەپلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ
قېلىشىدىن ئۇلارنى ئېغىزىمغا ئېلىپ چاينىۋەتكۇم كەلدى .

— نېمە بولدۇڭلار ، دوستەك ، تام تۈۋىدە غېرىبسىنىپ
تۇرۇپ قاپسىلەرغۇ ؟— دېدى بەھرىنىسا مەسخىرىلىك كۈلۈپ .

— ئاستا ، ئاستا گەپ قىل ، ئۆيدە مېھمان بار ، — دېدىم
غەزەپتە يېنىپ ۋە ئۇلارنى خانامغا باشلاپ كىرىپ كەتتىم .

ئىككىسى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چاقىلداپ
بىرتالاي گەپلەرنى قىلدى . لېكىن ، قۇلىقىم بايىقى دېرىزە تۈۋىدە
قالغاندەك بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قۇلىقىمغا كىرمىدى . ئۇلار
گەپ سېغىنىپ كەتكەندەك توختىماي سۆزلەۋەردى . ئىككىسىنىڭ
گەپلىرىنى تىڭشىمايۋاتقانلىقىمنى بەھرىنىسا تۇيۇپ قالدىمۇ ياكى
چىرايىم بىرقىسما بولۇپ كەتتىمۇ ، ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ ئاق پاختى-
سىنى چىقىرىپ قارىدى :

— نېمانداق گەپ قىلماي بۇتتەك ئولتۇرىسەن ، يا بۇ شەھەر-
نى ئۇنتۇرۇۋەتتىڭمۇ ؟— دېدى ئۇ تەنە ئارىلاش ئاچچىقلىنىپ ،
يۈزىنى ئۆرۈپ .

— راستلا ،— دېدى مەرەمنىسامۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى
ياقلاپ ،— چىرايىڭ ئۆمسەلىغۇ ، يا بىزنىڭ كىرگىنىمىزگە خاپا
بولۇۋاتامسەن ؟

— ئۇنداق بولامدۇ .

— ئەمىسە نېمە بولدۇڭ ؟

— نېمە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، بىر ياقتىن
تىترەپ ، بىر ياقتىن قىزىپ كېتىۋاتىمەنغۇتاڭ ...

— ئەكەلگىنە بېشىڭنى ، — بەھرىنىسا ئالىقىنىنى پېشانەم-
گە قويدى ، — قىزىۋاتقىنىڭ مۇشۇمۇ ، ئاپتاپتا كىچىككىنە ئىس-

ىسىپ قالغانغا دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ ، بىر چىنە قېتىق ئىچىدۈەت ، مىجەزىڭنى تەڭشەيدىغان نەرسە ئاشۇ .
مەن ئۆزۈمگە ئېلىپ قويغان گۆشنانىنى ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويدۇم ۋە بىر چەينەك چاي دەملەپ كىردىم .
ئارىدىن بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتمىكىن ، بوۋاي ئۇزاپ چىقتى .
— مەن يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كىرىمەن ، قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز ، — دېدى بوۋاي كەينىگە قايرىلىپ دادامغا .
— بولىدۇ ، ئەمىسە كىچىكمەي كىرسىلە .
بەھرىنىسا دېرىزىدىن بوينىنى سوزۇپ قاراپ :
— ئۆيدە مېھمان بار دېسەڭ ، قايسى بەگلەر باركىن دەپتىمەن ، ھېلىقى ئوتۇنچى بوۋايكەنغۇ ، — دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ .
ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلدى :
— ئوتۇنچىمۇ ئادەم ، ئاداش ، ئوتۇنچى بولسا كۆزگە ئىلماي ، باي بولسا ئېگىلىدىغان ئىشمىدى ، دادام مۇنداق ئوتۇنچىلارنى ، كەمبەغەل ئادەملەرنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ، قەدرىنى قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئاپئاق ساقاللىق ئادەم تۇرسا ، ھۆرمەت قىلمىساق بولماس .
— بولدى ، بولدى ، بۇ گەپلەرنى قويۇڭلار ، باشقا گەپلەرنى دېيىشىپ ئولتۇرايلى ، — دېدى مەرەمنىسا ئۇ گەپنى ئۈزۈپ .
مەن دادام بىلەن بوۋاينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالمىغىنىمغا خاپا ئىدىم ، پۈتۈن ئەس - يادىم شۇنىڭدا قالدى . بوۋاينى ئۇزىتىپ قويغۇم كەلدى - دە ، ئىككىسىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ كوچىغا چىقتىم . دادام ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، كۆرۈنمەيتتى . بوۋاي ھارۋىسىنى جۆندەۋېتىپتۇ .
— خوش ، بوۋا ! تەۋەككۇلگە سالام ئېيتىپ قويسىلا .
— بولىدۇ ، قىزىم ، سالىمىڭىزنى ئالاھىدە يەتكۈزىمەن .

# 7

ئەتىسى ئۆزۈمنىڭ مەيۈسلىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ۋە تۈنۈگۈن دادام بىلەن بوۋاي ئىككىسىنىڭ نېمىدەپ مەسلىھەت قىلىشقانلىقىنى ئۇقالماي تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدىم . ھۆسەنبەگنىڭ زورلۇقى بېشىمغا چۈشتى . يا ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ماقۇل بولۇش ، يا ئامال ـ چارە تېپىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىش . ماڭا مۇشۇ ئىككى يوللا قالدى . ئۇ ياۋۇز ئېيىققا ئۆلۈكۈم تەگسە تېگىدۇكى ، تىرىكىم ھەرگىز تەگمەيدۇ . خۇشاللىقىم شۇكى ، دادام مېنى چۈشىنىدىكەن ، ئاغىنىسى بىلەن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلىشتى . تەۋەككۈلنىڭ — كۆڭلۈمدىكى سۆيگەن ئادىمىمنىڭ دادىسى بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى ، كېلىشكەن قارارىنى ئۇقالمىدىم . رەھمەتلىك ئاپامنىڭ يوقلۇقى تازا بىلىندى . ئاپام بولسىغۇ ھەممە ئىشنى ئۇقار ئىدىم . مېنى تىت ـ تىتلىققا سېلىۋاتقان ئىش مۇشۇ . نېمىشقا ئادەمنى ئۆز خالىغىنى بويىچە ياشاشقا قويمايدىغاندۇ ؟ پۇللۇق ئادەملەر شۇنچە زور بولامدىغاندۇ ؟ بايلار ، بەگلەر نېمىشقا خالىغىنىنى قىلالايدۇ ؟ نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ ؟ ئۇلارنىڭ قىلغىنى كىشىلەرنى قاڭغىر قاقشىتىش ، قان ـ قان يىغلىتىش ، ئەمما ئېرىشىپ كېلىۋاتقىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ، راھەت ـ پاراغەت . كونىلار : «بۇ ئالەم تەڭشەلمىگەن ئالەم» دېگەننى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى ، ئۆز بېشىمغا كەلگەندە نېمىشقا شۇنداق دەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمەكتىمەن . راستكەن ، تەڭشەلمىگەن ئالەم شۇنداق بولىدىكەن ؛ بىرى كۈلۈپ ھۇزۇرلىنىدىكەن ؛ بىرى قاقشاپ يىغلايدىكەن . كۈلگەن ـ ھۇزۇرلانغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق راھەت ـ پاراغەتتە ؛ يىغلاپ قاقشىغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ئۆتۈپ كېتىدىكەن . شۇنداقمۇ تەڭسىزلىك ، ئادالەتسىزلىك بولامدۇ ، بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ

پاراغىتىمۇ ، ئازاب - ئوقۇبىتىمۇ تەڭ بۆلۈنسە بولامدۇ -
ھە !··· بۇ دۇنيا ئەسكى ، رەزىل ئادەملەرنىڭ كەيپ - ساپا-
سى ، ئەيش - ئىشرىتى ئۈچۈن يارالغانمۇ ؟··· بىزدەكلەرگە —
مىڭلاپ - مىڭلاپ ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا ئاھۇ پەرياد ، ئەلەم -
ھەسرەت ، زورلۇقتا ئۇچراش ۋە ئاچچىق - ئاچچىق كۆز يېشى
تۆكۈش بىساتىغا سىڭىپ كەتكەنمۇ - يا ؟··· ئارامخۇدا ياشاش ،
خۇشاللىق ، بەخت - سائادەت ، ئارزۇ - تىلەكلىرىگە يېتىش
نىمانچە يىراقتۇ ۋە ئاخىرقى ھېسابتا يوق ئىكەن - دە ! باشقا
چۈشكەن كۈلپەتلەرگە باش ئېگىش ھەم ئۇنى تەقدىرىم شۇنداق-
كەن ، دەپ پۈكۈلۈپ بېرىش ئۆزىنى - ئۆزى ھالاك قىلىش
ئەمەسمۇ . ياشاشنىڭ ئاخىرى ھەم مەنىسى شۇمۇ ؟··· ياق ، مەن
ئۇنداق قارىمايمەن ، ھەرگىز پۈكۈلمەيمەن . دادامۇ مېنى چۈشى-
نىدىكەنغۇ ، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلدىغۇ ، قارشىلىق قىلمەن-
كى ، بېشىمغا كەلگەن دەردۇبالالارغا خوپ دەپ تۇرمايمەن . ئۆ-
لۈمگە رازىمەنكى ، ئادەمنى باغلاپ بېرىدىغان تەقدىر ئاتلىق زەن-
جىرنى ئۈزۈپ تاشلايمەن ! مەقسىتىمگە يەتمىگۈچە باسقان ئىزىم-
دىن ، ئېيتقان سۆزۈمدىن يانمايمەن ! ئادەمنىڭ ئادەملىكى ياشى-
غاندا ياكى ھەرىكەت قىلغاندا بىلىنىدۇ ، جەسۇر ، ياخشى ئادەمل-
كى بوينىغا چۈشكەن سىرتماقنى ئۈزۈپ تاشلالىغان جاسارىتىدە ،
مۇبادا ئۈزۈپ تاشلاشقا قۇربىتى يەتمىسە قارشىلىق قىلىش ،
قەھر - غەزىپىدە بىلىنىدۇ ؛ بوشاڭ ، ناچار ئادەملىكى بوينىغا
چۈشكەن سىرتماقنى ئۈزەلمىگەنلىكىدە ، بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت-
لەرگە پۈكۈلۈپ - ئېگىلىپ بېرىشىدە بىلىنىدۇ . ئادەم كۆڭلىدى-
كى پاك ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۈچۈن ئۆلمەيدىغاندەك ياشىشى
كېرەك ، ئادەمنىڭ قىممىتى ، ئۇلۇغلۇقى مانا شۇنىڭدا . شۇنداق
نىيەتكە كەلدىمكى ، ماڭا تەلپۈنۈپ تۇرغان تەۋەككۇل بىلەن قې-
چىپ كېتىمەن ، يىراقلارغا ، ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان دەشتۇبايا-
ۋانلارغا ، قانچىلىك خەتەرلىك بولسىمۇ تاغۇداۋانلارغا كېتىمەن .

ئەركىن نەپەس ئېلىپ بىر كۈن ياشاش — مىلى كۈنگە باراۋەر .
«ئىككى ياخشى بىر بولۇپ ، سايىنى تېرىسا گۈل بولۇر » دېگەن
ناخشىلار بىكار چىقمىغاندۇ !

گۈلنىسا ھېلىلا مەيۈسلۈكىكە چۆككەن قەلبىدە بىردىنلا
كۈچ - غەيرەت ، ئۈمىد ، ئىشەنچىنىڭ ئۇچقۇنداۋاتقانلىقىنى ، بە-
دەن - بەدەنلىرىدىن ھاياجان ، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۇقچۇپ چىقىۋا-
ۋاتقانلىقىنى ، ئۆز - ئۆزىگە بەرگەن قەسىمى ، ئىرادىسى ۋە
يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدا كۆمۈلۈپ ياتقان كۈچ - غەيرىتىنىڭمۇ
ئۆرلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى . غەم - قايغۇ — كۈچلۈك
ئىرادە ھەم ئۈمىدكە ھامىلىدار . ئۇنىڭدا جۈرئەت ، شىجائەت
تۇغۇلدى . گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك
ئۇ ئۆزىنى يېنىك سەزدى . ئادەمنىڭ بىساتىدا پەيدا بولغان يېڭى-
لىق بارا - بارا كۈچكە ئايلىنىدۇ - دە !...

ئەتراپىمدا «دىك - دىك - دىك » قىلىپ سەكرىشىپ يۈرگەن
قۇشقاچلارنى كۆرۈپ ، «ئۇلارنىڭ تېرىقى تۈگەپتۇ ، ئەكىرىپ
بېرەي » دەپ ئويلىدىم - دە ، خالتىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتىم .
كوچىدىكى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان مۇنۇ ئۆزگىرىش مېنى ھەيران
قالدۇردى . «بۇ نېمىنىڭ بېشارىتىدۇ ؟ قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرى-
دىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدىغاندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ قالدىم . بۈگۈن
كوچىلار خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك
جىمىپ سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ قالغانىدى . ئادەملەر كوچىنىڭ
ئىككى قاسنىقىدا نېمىنىدۇ بىرنېمىنى كۈتۈۋاتقاندەك بويۇنلىرىنى
سوزۇشۇپ يولنىڭ بېشىغا تاقەتسىزلىنىپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى .
كۈندىكى شەھەر ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈۋاتقان ئاۋازلار ، ھەر
خىل كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ كۈچەپ ۋارقى-
راشلىرى ، بىرلىرىنىڭ يەنە بىرلىرىنى ئېغىزلىرىنى قويۇپ بې-
رىپ ، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ تىللاشلىرى ، كىملەرنىڭ-
دۇ ئوت ئېلىپ قىزىشىپ بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىششلىرى ،

ئات ، كالا ، ئېشەك ھارۋىكەشلىرىنىڭ يول تالىشىپ كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي بىر - بىرىگە ئاياغسىماي ياغدۇرۇۋاتقان تىل - ئاھانەتلىرى ، كوچىغا چىققان قىز - جۇۋانلارغا كىملەر- نىڭدۇ چاقچاق قىلىپ سۆز تاشلاشلىرى ، ھەممىدىن قىزىق يېرى شۇكى ، ئاتلارنىڭ كىشنەش ، كالىلارنىڭ مۆرەش ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى «چىپپىدە» توختاپ قېلىشقانىدى . ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا قورقۇش ، ئەندىشە ، تەخىرسىزلىك ئۇچقۇنلىرى ياغ- غان ، كۆزلىرىمۇ چوڭ - چوڭ ئېچىلغان ، تېخى بەزىلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەۋاتىدۇ . يايلار قوللىرىدىكى قىلىچلىد- رىنى ئوينىتىپ ، ئادەملەرنى تەرتىپ بۇزماسلىققا چاقىرىپ ، يول- غا چىقىپ قالماسلىققا ئۈندەپ ، قوپال بۇيرۇقلارنى بېرىپ تۇرۇ- شاتتى ، ئىتتىرىشىپ چىقىپ قالغانلارنىڭ باش - كۆزىگە تاياق ياغاتتى . قىسقىسى ، بازار ئىچىنى قانداقتۇر بىر سۈر بېسىپ كەتكەنىدى .

مەنمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆڭكى ئۆچكەن ، كۆزلىرى پارقىراپ قالغان ، ئۈنسىز تۇرۇشقان ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلۇپ ، كىشىلەر قارىغان تەرەپكە قاراپ تۇردۇم ۋە ئادەملەرنىڭ بوش شىۋىرلاپ : «سېپىل دەرۋازىلىرىدىن ئادەملەرنىڭ ، ھارۋىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايۋېتىپتۇ ، بىراق چىقىپ كەتسە مەيلىكەن» دې- گەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم . شۇنىڭ بىلەن ، «بۇ يەردىن ئامبال ياكى بىر كاتتا ئەمەلدار ئۆتىدىكەن - دە !» دەپ ئويلىد- دىم . خېلى قاراپ تۇرغان بولسامۇ ئۇ ئەمەلدارمۇ ئۆتمىدى . مەن تۇرغان يەرنىڭ يېنىدىلا تېرىق ساتىدىغان دۇكان بار ئىدى ، دۇكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر قاداق تېرىق ئالدىم - دە ، خالتىنى كۆتۈرۈپ يەنە بايىقى يەرگە بېرىپ تۇردۇم . بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، كىشىلەر : «كېلىۋاتىدۇ ، كېلىۋاتىدۇ ، ئەنە ، ئامبال كېلىۋاتىدۇ ... » دېيىشىپ ، ھەممە ئادەم قىمىرلىشىپ ھەم جىد- دىيلىشىپ كەتتى ۋە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشىپ ، كۆرەلمىگەن-

لەر ئالدىغا ئاز ـ ئازدىن مېڭىشىپ ، تەرتىپ بۇزۇلۇشقا باشلى-
دى . كىشلەرنىڭ باش ئۇستىدە قىلىچ ئويناپ ، تاياقلار تېگىشكە
ئۆتتى ، تاياقنىڭ تېگىشى ، قىلىچنىڭ ھەيۋىسى ئادەملەرنى تىنچ
قىلىشقا بېرىلگەن چاقىرىق ئىدى .

ئامبال چۈشكەن مەپە يېقىنلىششقا باشلىدى . مەپىنىڭ ئال-
دىدا كۆسەيدەك ئۇزۇن قارا مىلتىق ئاسقان ئالتە ئاتلىق يايى ،
ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز يايى ، كەينىدە بىرقانچە ئون يايى
(ئۇنى سانىيالمىدىم ) ئات ئۇستىدە قېتىپ ئولتۇرۇپ ھەيۋەت
بىلەن كەلمەكتە ئىدى . مەپىنىڭ ئالدىغا تارتىلغان مىلەڭزە ئېچى-
ۋېتىلگەن . مىلەڭزىنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكى ھاۋانىڭ ئىنتايىن
قىزىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى ئامبالنىڭ پۇقرالارنى كۆرۈپ ماڭ-
غۇسى كەلگەنلىكىدىنمۇ ۋە ياكى ئېچىپ مېڭىش ئادىتى بارمۇ ،
بۇ تەرەپلىرى ماڭا قاراڭغۇ ، نېمىلا بولمىسۇن ، ئېچىپ قويۇلۇپ-
تۇ . ئۇ غادىيىپ كۆزىنى ئىككى ياققا تاشلاپ ئولتۇرۇپتۇ . بىزگە
يېقىنلاپ كېلىشىگە ئاز قالغاندا ، تۇيۇقسىزلا بىر ئادەم يولنىڭ
ئوتتۇرىسىغا چىقىپ مەپىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە ،
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر تۇرتەك قەغەز تۇتقان قولىنى بېشىدىن
ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالدى . كىشلەر : «ئامبالغا ئەرز سۇندى ،
ئەرز سۇندى » دېيىشىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىپ
قاراپ كېتىشتى . مەپىمۇ توختىغانىدى ، كىشلەر گۇدۇڭلىشىپ
كەتتى :

— ئەرزىنى ئالارمۇ ؟

— ھەي ، ئالمايدۇ جۇمۇ .

— ئۇنداق پۇزۇر كىيىنىۋالغان ئادەمنىڭكىنى ئالمايدۇ .

— ئەسلىي شۇنداقلارنىڭكىنى ئالار…

— ئامبالنى ئەخمەق دەمسەن ، ئۇنداقلارنىڭكىنى ھەرگىز
ئالمايدۇ .

— قېنى كۆرەرمىز .

— ئەمىسە بەسلەشمەمدۇق ؟...
— بەسلىشەيلى ، نېمىدىن بەسلىشىمىز ؟
ئۇلار نېمىدىن بەسلىشىدىغانلىقىنى كېلىشىپ بولغۇچە ، ئامبال ئەرزگە قاراپمۇ قويماي «ماڭ» دېگەندەك قىلىپ قولىنى شىلتىدى . ئىككى يايى دەرھال كېلىپ ، ھېلىقى ئەرز سۇنغۇچى ئادەمنى قولتۇقىدىن تارتىپ كۆتۈرۈپ يولنىڭ سىرتىغا ئەپچىقىپ تاشلىدى . مەپە قوزغالدى .
— ھە ، قانداق راستىكەن ، — دېدى بايىقى بەسلەشمەكچى بولغانلارنىڭ بىرى .
ئامبالنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئويلارنىڭ بارلىقىنى ، قانداق ئادەمنىڭ ئەرزىنى ئالىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەس ئىدى . ئەمما بۇگۇن دوتەينىڭ قاپىقى ئېچىلىپ كەتكەندى .
مەپە بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىشكە ئازراقلا قالغاندا ، ئامبال يېنىدىكى ئادەمگە پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېۋىدى ، مەپە ئاستىلىدى . ئۇنىڭ كۆزى بىز تەرەپكە تىكىلگەنىدى . مەن ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزىنىڭ ماڭا تىكىلىپ قالغانلىقىنى بىلدىم . شۇ ئەسنادا جۇل - جۇل كىيىملىك بىر قېرى ئايال بايىقىدەك مەپىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەرز تۇتقان ئىككى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردى . پۈكلىنىپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ قولىلا ئەمەس ، پۈتۈن گەۋدىسى تىترەۋاتاتتى . ئامبال ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇردى - دە ، ئۆزىدىن سەل كەينىدىرەك ئولتۇرغان ئادەمگە بىرنېمىلەرنى دېدى . ئۇ مەپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئايالنىڭ ئەرزىنى ئالدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان ئادەملەر شىۋىرلىشىپ كەتتى . مەن يېنىپ ئامبالغا قارىدىم . ئۇنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلىپ قاپتۇ . «مۇنۇ ئاچ كۆز يەۋېتىدىغاندەك نېمانچە قارايدۇ ماڭا ؟ كۆزىگە نېمە بولۇپ كۆرۈنگەندىمەن» دەپ ئويلىدىم - دە ، خۇدۇكسىرەپ كەينىمگە ياندىم ھەم ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ دەرۋازىمىزنىڭ ئالدىغا كەلدىم . «قاراپ باقايچۇ ، ئۇ مېڭىپ كەتتىمىكىن» دەپ بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارى-

سام ، مەپە تېخىچە ماڭماي ، ئامبال ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ . يۈرىكىم
سېلىپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى . دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆ-
زۇمنى هويلىنىڭ ئىچىگە ئالدىم . شۇنچە ئىسسىقتا خۇددى سو-
غۇقتا قالغان ئادەمدەك ماڭا تىترەك ئولاشقىلى تۇردى ۋە پېشانەم-
دىن پۇژۇلداپ سوغۇق تەر چىقىپ كېتىپتۇ . دەرۋازىدىن كىر-
گەن يېرىمدە تۇرۇپلا قاپتىمەن . بىردىنلا مېنى قورقۇش ، ئەن-
سىزلىك ئىلكىگە ئېلىۋالدى . كۆزىنىڭ نۇرى قالمىغان ھىڭگاڭ
چىش قېرى ماڭــا تىكىــلىپ ئەجــەب قــاراپ كەتــتا... بۇنىڭ
بىر دەردۇ بالاسى بارمىدۇ ، ئەجــەب يۈرىكــىم ئېغــىپ كېتىپ
بارىدۇ... نېمىدەپ كوچىغا چىقتىم ـ ھە... توۋا ، كىم مەندەك
قۇشقاچلارغا تېرىق چېچىپ بېرىدىغاندۇ ؟ پەقەت مەنلا شۇنداق
قىلىمەن ، بىچارە جانىۋارلارنى ئاچ قالمىسۇن دەيمەن ، بۇ ئىشىم-
نى دادامدۇ خوپ كۆرىدۇ... تېرىقنى ئەتە ئەكىرسەممۇ بولاتتىغۇ ،
يا بۇرۇن ئەمەس ، يا كېيىن ئەمەس ، دەل ئۇ مۇناپىق ئۆتىدىغان
چاغدا چىققىنىمنى قارىمامدىغان ، چىقىشنىغۇ چىقىپتىمەن ، ئۇ
كەلگۈچە نېمىشقا قاراپ تۇرغاندىمەن ؟... بولدىلا ، يوق ئىشلارنى
ئۇنچىــلىك ئويلاپ كەتــمەي ، مۇنــداقلا قــاراپ قالــغاندۇ بــەل-
كى ... بىراق ئامبال كۆزى چۈشكەن ئادەمنى ئالماي قويمايدۇ ،
دەپ ئاڭلىۋېدىم . يائاللا خۇدايىم ، شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق
قىلارمەن . «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك دەردلى-
رىمگە يەنە دەردلەر قوشۇلامدۇ نېمە... ئەي خۇدا ، ئاشۇنداق
ھالىدىن كەتكەن قېرىلارغا ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان ھۇسەنبەگ-
دەك خوتۇنپەرەس قىزىل كۆزلەرگە بايلىق ، ئەمەل بەرگۈچە
ئازراق ھايا ، نومۇس ، ئىنساپ بەرسەڭ بولماسمىدى ؟ ! ئادەمنى
ھەقىقىي ئادەم قىلىدىغان ، جانىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە نومۇس
ئەمەسمۇ ، ئاشۇ ئىككى ئاياغلىق مەخلۇقلارغا مىسقالچىلىك نو-
مۇس بەرگەن بولساڭ ، بىزدەك ياخشى ، ساپ ، ئاق كۆڭۈل
قىزلارنىڭ بېشىغا داۋاسىز قايغۇ ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ، تەتۈر
قىسمەتلەر چۈشمەس ئىدى... بولدىلا ، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ،
ئادەمنى پاراكەندە قىلىدىغان ئويلار يېپىشىپلىۋالدىغۇ ، يۈرەكنى

زىدە قىلىدىغان ئىشلار چىقىۋەرمەس ، ئۆزۈممۇ يورەكسىئالدى بولۇپ قالدىممۇ نىمە…

※ ※

ئەتىگەنلىك چاي — بازاردىن ئەكىرگەن ئاق نان ، ھەر خىل مىۋە - چىۋىلەر بىلەن ئىچىلىپ بولغاندىن كىيىن دادام چىقىپ كەتتى . دادامغا قارىسامىلا ئىچىم سىيرىلىپ كىتەتتى . بىرنەچچە كۈندىن بىرى ، دادامنىڭ چىرايى ئانچە ئىچىلمايدىغان ، گەپ سورىساڭ قىلىدىغان ، بولمىسا قىلمايدىغان كەم سۆز بولۇپ قال-غانىدى . يۈز - كۆزلىرىدىن ھەسرەتلىك ، ئەندىشىلىك ئۇچقۇنلا-رنىڭ غىل - پال ئۇچقۇنداپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپ قالاتتىم . مىنىڭمۇ ئۈھ دىسەم ئۈھ دىگۈم كىلىپ ، ئىچ - ئىچىمدىن ھەسرەتلىرىم ئۆرلەپ تۇراتتى .

كۈندىكى ئادىتىم بويىچە ھويلىنى شىۋاق سۈپۈرگىدە سۈپۈ-رۈپ بولۇپ نوگايدا سۇ چىچىۋاتسام ، دادام ئۈچ ئادەمنى باشلاپ كىردى . ئىككىسى يوغان سەللىلىك ، سالاپەتلىك ، بىرى ياشان-غان ، يەنە بىرى ئوتتۇرا ياشلىق بولسىمۇ تەقۋادار ؛ ئۈچىنچىسى ياپىلارنىڭ باشلىقىمىكىن ، ھەربىي ئەمەلداردەك قىلاتتى . مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم . ئۇلار ھويلىغا ، كۆرۈمسىز ئۆيلىرىمىز-گە مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ قويۇپ ، دادامنىڭ باشلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى . مەن ئوچاققا ئوت يىقىپ چاي قايند-تىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدىم .

لىكىن ، ئۇلار چاي قاينىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزاپ چى-قىشتى . مەن يوغان قارىياغاچنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم . دادام پەرىشان ، ئۆتكەنكى چاغدىكىدىنمۇ بىشى چۈشۈپ كىتىپتۇ . ئۇ-لارنى ئۇزىتىۋىتىپ ئۆيگە كىرمەي ، بەلكى دۇكانغا كىرىپ كەت-كەندۇ ياكى باشقا ياققا كەتتىمىكىن ، بىلمىدىم .

بۇلار نىمە ئادەملەردۇ ؟ ناتونۇش ئادەملەر بىرىنىڭ كەينىدىن

بىرى ئۈزۈلمەي كىرگىلى تۇردىغۇ… نەۋاقتا كەلگەنلىرى ماڭا شۇنچە زور بالايىئاپەتلەرنى ئاتا قىلىپ، كۆڭلۈمدە قارا بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىپ بىئاراملىقتا، ھەسرەت ـ ئەلەمگە سېلىپ كەتكەندى. بۇ قېتىمقىسى ئۇلاردىنمۇ دەھشەتلىكمىكىن، تېخى ئارىسىغا ھەربىي ئەمەلدارنى قوشۇۋاپتۇ. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چايغىمۇ ئولتۇرماي قانداق تۇيۇقسىز كىرگەن بولسا شۇنداق تۇيۇقسىز چىقىپ كەتتى. دادامنىڭ ئۆڭىنىڭ ئۆچۈپ كەتكىنىچۇ، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟… بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىپ، پۇت ـ قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ، دېمىم سىقىلماقتا ئىدى. بۇرۇقـتۇرمىلىق يامان ئىكەن، كۆز ئالدىمۇ، ئىچى ـ قارنىممۇ تۇمانلىشىپ كەتتى. تېخىمۇ چوڭقۇر قايغۇدا، يۈرەكنى غاجاپ ـ يەپ تۇرىدىغان تەشۋىشتە قالدىم. قايغۇ ـ تەشۋىشلەر كۆڭۈل ئارامىمنى، خۇشاللىق تەبەسسۇملىرىمنى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنى نەلەرگىدۇ ئەكېتىدۇ ۋە سېنى ئېغىر ئەمگەك قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ھارغۇزۇۋېتىدۇ. ھەتتا ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەس يىڭنە بولۇپ، يۈرەك ـ باغرىڭنى زېدە قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرغان ئازابتىن قۇتۇلماق ئاسان، روھىي ئازابتىن قۇتۇلماق تەسكەن.

چۈشلۈكى دادام ئۆيگە كىرمىدى، بىراق چۈش ئۆتمەي تۇرۇپلا ئۇ ھېلىقى ھۆسەنبەگ دېگەن مۇناپىقنىڭ ئەلچىلىرىنى يەنە باشلاپ كىردى، ئەرۋاھىم ئۇچۇپ كەتتى… ياخشى يېرى، ئۇزۇن ئولتۇرمىدى. ئۇلارمۇ قانداق تېز كىرگەن بولسا، شۇنداقلا تېز چىقىپ كەتتى. ئۇلار ھەتتا بىرىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدىكىدەك ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئەمەس، غۇدۇراپ، بورانـدەك گۈركىـرەپ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي، شۇنداق ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش مېنى تېخىمۇ ھەيرانلىقتا سالدى. نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ـ ھە… بۇ كۆرۈۋاتقىنىم چۈشۈممۇ ـ ئوڭۇممۇ، ئىشلار جىددىيلىشىپ كېتىپ بارامدۇ، يا سۇسلىشىپ كېتىپ

بارامدۇ ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا قالدىمغۇ...
نېمە بولدىكىن ، دادام كۈندە ئۆيگە كىرىدىغان ۋاقتىدا كىر-
مىدى ، خېلى ساقلىدىم ، ئاخىر ئاشپۇزۇلغا چىقتىم . «دادىڭىز
خېلى بۇرۇنلا بىر يەرگە بېرىپ كېلەي دەپ كەتكەن ، ھېلى
كېلىپ قالار» دېيىشتى دۇكاندىكىلەر .
كۆز باغلانغان چاغدا دادام كەلدى .
— بۈگۈن نېمە بولدۇڭ ، دادا ، سېنى ساقلا - ساقلا شۇنداق
ئەنسىرەپ كەتتىم .
— بىر يەرگە بېرىپ كەلدىم .
— مېنى ئەنسىرەتكۈچە دەپ قويساڭ بوپتىكەن .
دادامنىڭ ئالدىغا تاماقنى ئەكېلىۋېدىم :
— بولدى ، قىزىم ، يېمەيمەن ، قورسىقىم توق ، — دېدى .
بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق يېتىپ قالدۇق . مەن ھېچقا-
چان بۈگۈنكىدەك غېرىبسىنمىغان... ئەتىسى ئەتىگەندە دادام چىد-
قىپ كېتىپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن-
دەك ھويلىغا ئاپامنىڭ ھەدىسى كىرىپ كەلدى . قولۇمدىكى سۇ-
پۇرگىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالال-
ماي ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتىم .
— بولدى ، قىزىم ، يىغلىما ، بېشىڭغا كەلگەن دەردلەرنى
ئابدۇكېرىمئاخۇندىن ئۇقتۇم ،— دېدى چوڭ ئاپام مېھرىبانلىق
بىلەن ياشلىرىمنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا ئېرتىپ ، باش - كۆزۈمنى
سىلاپ . چوڭ ئاپام ئەللىكلەرگە تاقاپ قالغان بولسىمۇ ، كۆرۈنۈ-
شىدىن ئاتمىش - ئاتمىش بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان كۆپنى
كۆرگەن مومايلاردەك كۆرۈنەتتى . گەپ - سۆزلىرى سىلىق ،
ئىدىتلىق ، مەنىلىك ، جەلپكار ئىدى . گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىد-
غان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا ئاسانلا قايىل بولۇپ قالاتتى . مەن
چوڭ ئاپامنىڭ كەلگىنىگە بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك ئىنتايىن
خۇشال بولۇپ كەتتىم ۋە ئالدىراپ يۇيۇپ چاي دەملىدىم .

— بولدى ، قىزىم ، ئۆيگە كىرمەيلى ، سالقىنراق مۇشۇ
سۇپىدىلا ئولتۇرايلى ، — دېدى چوڭ ئاپام مۇلايىملىق ھەم تەم-
كىنلىك بىلەن ، — بېشىڭغا كەلگەن دەرد - ئەلەملەرنى ئاڭلى-
دىم ، خۇدايىم بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن ، ھۇسەنبەگ دېگەن قى-
زىل كۆز ساڭا كىشى كىرگۈزۈپتۇ ، ئۇ مۇناپىق دېگىنىنى قىلىپ
كەلگەن زومىگەر - بۇلاڭچى . ئەلچىلىرى : «قىزىڭنىڭ بەختى
كەلدى ، گەپ يورغىلاتماي چىرايلىقچە بەر ، بولمىسا قىزىڭنى
ھۇسەنبەگ ھەرنېمە قىلىپ ئالالايدۇ» دەپتۇدەك ، ئۇ شۇنداق
قىلىپ كەلگەن ، شۇڭلاشقا ئەلچىلىرى ئاشۇنداق قوپال ، قاتتىق
گەپلەرنى قىلالايدۇ . بۇ سېنىڭلا بېشىڭغا كېلىۋاتقان ئىش ئە-
مەس ، نۇرغۇن قىزلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر . بەزى
قىزلار : «بوپتىلا ، غۇربەتچىلىك - كەمبەغەللىكنىڭ دەردىنى
تارتقۇچە ئۇ قېرىغا تەگسەم تېگەي» دەپ تەگكەن ، نۇرغۇنلىرى
خالىماي مەجبۇرلىنىپ تەگكەن . قىزلارنىڭ كۆڭلى نازۇك بولى-
دۇ ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىغا مۇۋاپىق ئارزۇ - ئىستەكلىرى بولى-
دۇ . پۇل ، مال - دۇنيانى ئويلىماي ، كۆڭلىنىڭ خۇش بولۇشى-
نى ، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى ئويلايدۇ . سەن مانا
شۇنداق قىزلاردىن . داداڭمۇ سېنى چۈشەنگەچكە ، بۇنىڭدىن سېنى
قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ . ئاغىنىسى بىلەن مەس-
لىھەت قىلىپ ، ساڭا مۇۋاپىق بىر يىگىتنى تېپىپ ، سېنىڭ
رازىلىقىڭنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن سېنى قاچۇرۇۋېتىش قارارىغا
كەپتۇ .

— دادام شۇنداق توغرا ئويلاپتۇ ، چوڭ ئاپا ،— دېدىم خۇش-
لۇقۇم تېشىپ ۋە باشقىدىنلا جانلىنىپ ،— دادام كۆڭلۇمدىكىنى
تېپىپتۇ .

— شۇنىڭ چارىسىنى قىلىۋاتقاندا ئاشپۇزۇلغا ئوتۇن ئەكى-
رىدىغان بوۋاي كىرىپ قاپتۇ - دە ، ئويلىمىغان يەردىن ھالىنى
ئېيتىپ داداڭدىن مەسلىھەت سوراپ شۇنداق دەپتۇ : «بالام شە-

ھەرگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىرىپلا بىرىگە ئاشىق بولغانمۇ ھېچ
بىلمىدىم ، قاپىقى ئېچىلماس ، گەپ قىلساق بۇرۇنقىغا ئوخشىماي-
دىغان ھالدا تورۇك ـ تورۇك تىگىدىغان بولۇۋالدى . بۇنىڭ
سەۋەبىنى ئۇقتۇق : ئانىسى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر ياغلىق تېپى-
ۋاپتۇ ، ئۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ياغلىق بولماي قىزلار سۆيگۈنىگە
بېرىدىغان ياغلىق ئىكەن . ھە ، ئۇقۇلدى ، ئۇنىڭ سۆيگۈنى بار
ئىكەن ـ دە . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمايدىكەن ،
دېگەن يەرگە كەلدۇق . بىراق ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز ، بىز
كونىمىزنى ئارانلا ئېلىۋاتقان نامرات دېھقان بىز ، ئۇنى ئۆيلىگۈ-
دەك ھالىمىزمۇ يوق . ئۇ ئاشىق بولۇپ قالغان قىز بىزدەك
نامراتنىڭ قىزى بولسا بىر ئىلاجىسىنى قىلارمىز ، ھاللىقراق
ئادەمنىڭ قىزى بولسا ، ئۇنى ئۆيلەشكە ھەرگىز قۇربىمىز يەتمەي-
دۇ » دەپتۇ بوۋاي . داداڭغا بۇ ئىش بىر ئاياز ئايان ئىكەن . ئۇلار
ئۆزۈن سۆزلىشىپ ، داداڭ گەپنىڭ راستتىنى ، ئويلىغانلىرىنى
ئېيتىپتۇ . بېشىڭغا كېلىۋاتقان دەردلەرنى ، قىز بىلەن تەۋەككۇل-
نىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ، تەۋەككۇل ئاشىق بولغان بۇ قىز
باشقا بىرى ئەمەس ، دەل ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ، ئەسلى
ياغلىقنى بەرگەن ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى ، بۇنى تۇيۇقسىز ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالغانلىقىنى بايان قىپتۇ . بوۋاي بۇ گەپلەر-
نى ئاڭلاپ ، ياغلىق بەرگەن قىزنىڭ ئابدۇكېرىمئاخۇننىڭ قىزى
ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ . بوۋاي
داداڭنىڭ دېگەنلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ ، ئىككىسى بىرلىشىپ ئىك-
كىڭلارنى قاچۇرۇۋېتىش قارارىغا كەپتۇ . قەيەردە ، قانچىلىك يى-
راق يەردە بولسىمۇ ، ئىككىسى جېنىدىنى جان ئېتىپ كېتەر .
تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ئۆتسىلا دەشتۇ باياۋان ، تاغۇتاشلارمۇ بىلىن-
مەيدۇ ، مۇنۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلسىلا بولدى ئەمەسمۇ ، كۆنلەر-
نىڭ بىرىدە كۆرۈشۈپمۇ قالارمىز ، دەپ ئويلىشىپ ، ھازىر شۇنىڭ
تەييارلىقىنى باشلاپتىكەن ، قىزىم . بىراق ھازىر ساڭا تېخىمۇ

يامان يەنە بىر دەرد ـ بالا كەپتۇ .
— نېمە دەيدىغانسەن ، چوڭ ئاپا ، بۇ نېمە دەرد ـ بالادۇ ؟
— ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەن دېگەندەك ، ئويلىمىغان يەر-دىن ئامبال ساڭا نومۇس قىلماي كىشى كىرگۈزۈپتۇ . تۈنۈگۈن ئەتىگەن كەلگەنلەر شۇنىڭ ئادەملىرى ئىكەن ؛ ئۇلار قىز سوراپ ئەمەس ، داداڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كەپتۇ…
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران بولدۇم ، ھەم چۆچۈپ كەت-تىم :
— ۋاي خۇدايىم… ئاشۇ ھىڭگاڭ چىش قېرىما ؟
— شۇنداق ، قىزىم ، ئۇ سېنى نەلەردە يۈرۈپ كۆرۈپ قېلى-ۋېدىكىن ، — چوڭ ئاپامنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە قايغۇلۇق ، ئەندى-شىلىك ئۇچقۇنلار ياندى .
— كوچىغا تېرىق ئالغىلى چىققان ، ئادەملەر كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ كېتىپتۇ . بۇ نېمە ئالامەتلەردۇ ، دەپ مەنمۇ توپقا قوشۇلۇپ تۇرغانىدىم . مەپىگە چۈشكەن ئامبال قوغدى-غۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى . شۇ چاغدا ئۇ مېنى كۆرگەن ۋە كۆز ئۇزمەي قاراپ كەتكەن . قانداق قىلار-مەن ، چوڭ ئاپا ، دادامنىڭمۇ دادىسىدىن قېرى ئۇ يۈزسىز شۇ ھالى بىلەن…
— شۇنداق ، قىزىم ،— دېدى چوڭ ئاپام دەرھاللا گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ،— ئۇنداق ئادەملەر ئۆز ماغدۇرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قارىمايدۇ ، ھەۋىسىگە ، پۇلىغا قارايدۇ .
— ماۋۇ پېشكەللىكنى قاراڭلار ئەمدى… تارتىۋاتقان دەرد-لىرىم يەتمەيۋاتقاندەك ئۇستىلەپ يەنە كېلىۋاتقىنىنى…
— ھەي ، قىزىم ، ئەمەل ، بايلىق دېگەن يامان نەرسە ، ئۇلارنى ھەر كويغا سالىدۇ ، ئۇلار ھەرگىز سېنى ئويلىمايدۇ ، ئۆزىنىلا ئويلايدۇ . ئۆز كۆڭلىنىلا ئويلايدۇ .
— ئەمدى قانداق قىلارمەن ، چوڭ ئاپا ، ئەگەر ئىش چىڭىغا

چىقسا ، راستتىنلا شۇنداق ئىش بولسا... ئۆزۈمنى... ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن ، ئاپامنىڭ يېنىغا كېتىپ خاتىرجەم ياتىمەن .

— يوق گەپنى قىلىپ ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ، قىزىم !

— دادام نېمە دەپتۇ ؟

— بەزىلەر مۇنداق ئىشلاردىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ خۇش بولغان بىلەن داداڭ خۇش بولمايدۇ ، داداڭ : «قىزىمىزغا ھۇسەنبەگ ئەلچى كىرگۈزۈۋاتاتتى» دەپتىكەن ، ئۇلار : «بولدى ، بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ، ھۇسەنبەگنى ئۆزىمىز توغرىلايمىز» دەپتۇ . تېخى ئۇلار : «بىز ئەلچى بولۇپ كەلدۇق ، قىزىڭغا ئامبال جانابلىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ ، خۇشاللىق بىلەن تەزىم قىلىپ ، قىزىڭنى ئامبال جانابلىرىغا تارتۇق قىل ، ئەتىلا توينى قىلايلى ، سەن چىقىمنى ئويلىما !» دەپتۇ .

— ۋۇي ئۆلگۈرلەر ! — دېدىم مەن غەزىپىم تۇتۇپ ، — تارتۇق قىلىدىغان مەن ئەمەلدارلارنىڭ كۆزى چۈشكەن مال - دۇنيا بولغىنىتتىم ، خۇشامەتچى يالاقچىلار ئۆز ئادەملىرىمىز ئىدىچىدىن چىقىدىكەن - دە ، قارا يۈزلەر ! مۇناپىقلار !

— داداڭ مىلىڭ تەسلىكتە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ : «بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان گەپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قويمىساق ئۇرۇق - تۇغقانلار بىزدىن كېچىپ كېتىدۇ ، بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەرغۇ ، ئامبال جانابلىرى بەك ئالدىراپ كەتسە ، بىزگە بىر ھەپتىلىككىلا رۇخسەت قىلسۇن ، بىز ئانچە - مۇنچە تاييارلىق قىلىپ ، توينى ئۇبدانىراق ئۆتكۈزەيلى» دەپ ئۇلارنى ئاران يولغا ساپتۇ .

— ئەمدى قاچمىساق تېخىمۇ بولمايدىكەن ،— دېدىم مەن بەدەنلىرىم ئوت ئېلىپ ، يۈرىكىم تېخىمۇ سىلىپ .

— ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ھۇسەنبەگنىڭ ئادەملىرى كەپتىكەنغۇ ؟

— ھەئە ، كەلگەن .
ئۇلار «ئەمدى تويىنىڭ ۋاقتىنى كېلىشىۋالايلى» دەپ گەپ باشلاپتىكەن ، داداڭ : «سىلەر كېتىپ ، قىزىمىزنى سوراپ ئام-بال جانابلىرىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى ، قانداق قىلساق بولار ؟ يا قىزىمىزنى ئىككىگە بۆلۈشكە بولمىسا ، بېشىمىزنىڭ ئىچمۇ ، تې-شىمۇ قاتتى ، قېنى سىلەر ئەقىللىق ئادەملەرغۇ ، ماڭا بىر ياخشى مەسلىھەت بېرىڭلار ، شۇ بويىچە ئىش تۇتاي» دەپتۇ .
ئامبالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەۋەسنەبەگ ئەلچىلىرىنىڭ ساقال-لىرى تىترەپ ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قاپتۇ . بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈن - تىنسىز بىردەم ئولتۇرۇپتۇ - دە ، «بىز بەگكە بۇ گەپلەرنى يەتكۈزەيلى» دەپ ئالدىراپ چىقىپ كېتىپتۇ . بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندە ، ئەلچىلىككە كەل-گەنلەرنىڭ بىرى ئاشپۇزۇلغا كېلىپ ئابدۇكېرىمئاخۇنغا : «بېگىم نىيىتىدىن ياندى ، مەن ھەرگىز ئامبال بىلەن قىز تالاشمايمەن ، ئامبالنىڭ ئۇ قىزنى ئېلىشىنى ئالقىشلايمەن ، مەن ئۆتۈنۈپ بەر-دىم ، ئامبالنىڭ قانداق خىزمىتى بولسا تەييارمەن» دەپ قويۇپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ غوۋغا بېسىلىپ قاپتۇ .
— ئۇھ ، خۇدايىم ، بىرىدىن بولسىمۇ قۇتۇلۇپتىمەن ،— چوڭقۇر تىنىدىم ، كۆزلىرىم نەلەرگىدۇ تىكىلىپ قالدى ۋە نەلەر-گىدۇ سەپسالدىم ، كۆڭ بارغانسېرى قىزدۇرماقتا ، چىنىلەرگە قۇيۇلغان چايلار شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ . مەنلا ئەمەس ، چوڭ ئاپام-نىڭ گېلىدىنمۇ بىر ئوتلام چاي ئۆتمەپتۇ . ئۈنى بېسىلىپ قالغان كاككۇكنىڭ ئاۋازى توساتتىنلا ئاڭلىنىپ قالدى ، ئاۋاز قاقشاپ چىقماقتا ئىدى . قوشنىمىزنىڭ بىزنىڭ ھويلىغا ئېگىلگەن قارىيا-غاچ شېخىغا ئۇۋا سالغان قارىغۇجا ئۇۋىسىنىڭ ئالدىدا تۇمشۇقى بىلەن قاناتلىرىنى تاراپ ئولتۇرۇپتۇ . باشقا قۇشلارنى دوراپ سايراشتىن ئۇ قالغان . ھازىر تۇخۇم بېسىش ، بالا چىقىرىش بىلەن بەند . ئارىلاپ - ئارىلاپ بازاردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراشلىرى سۇس ئاڭلىنىپ قالدۇ . مې-

ىنىڭ قۇشقاچلىرىمىزنى تىنچ، ئۇتتەك ئىسسىقتا ئۇگدەپ ئولتۇرسا كېرەك.

— «بىۋاپا ئىكەن ئالەم، كۆپ جاپانى كىم بىلدى» دېگەن ناخشىلارنى كۆپ ئاڭلىغان، تىگىگە يەتمەپتىكەنمەن، ئۆز بېشىمغا كەلگەندە يېتىۋاتىمەن. بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلغان ئوخشايمەن، چوڭ ئاپا، نېمىدېگەن بىتەلەي قىزمەن - ھە...

چوڭ ئاپام مېنى سۆيۈندۈرۈپ يەنە گەپ باشلىدى:

— داداڭ ئەسلىي ئويلىغانلىرىمىز ئۆزگەرمەيدۇ، گۈلنىسانى ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئوغلى بىلەن قاچۇرۇۋېتىشىمىز مۇقىم، ئەتە بوۋاي كىرسە قاچۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى ئويلىشىمىز، دەيدۇ. سەن كۆپ ئوقۇغان، جۇرئەتلىك، چىدامىلىق قىز، دادام قانداق قىلار دېگەنلەرنى ئويلىما، ئۇنى بىز ئويلايلى، داداڭ ھەممىنى ئويلىشىپ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمما سەن دوستلىرىڭ، قولۇم - قوشنىلىرىڭغا بۇ خۇسۇستا بىرنېمە دېگۈچى بولما، ھەرگىز ئېغىز ئاچما، ئۆزۈڭگە پۇختا بول، ھەممە ئىش خۇپىيانە بولىدۇ. داداڭ بۇ ئىشلارنى قايتا - قايتا تاپىلىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، چوڭ ئاپا.

## 8

ھويلىدا يالغۇزدىن - يالغۇز قالسام-مۇ غېرىبسىنماي ئەركىن - بەھۇزۇر يۈرەتتىم. ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇش، ھويلىلارنى سۈپۈرۈش - تازىلاش، سۇ چېچىش مەن ئۈچۈن كۈندىلىك زۆرۈر ئىش ھەم تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش. دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە كىرەتتىم، چىقاتتىم، ئۇلارمۇ كىرەتتى، چىقاتتى. ئۇلار بىلەن قىلىشمايدىغان پاراڭلىرىمىز قالمايتتى. كىشىلەر ئاڭلاپ قالسا ئادەم نومۇس قىلىدىغان، ئەمما شۇنداق شېرىن يۈرەكلىرىمىزدىن ئۇرغۇپ چىققان گەپلەرنىمۇ قىلاتتۇق. مۇنداق گەپلەر تۇرمۇشىدا-

مىزدا بولمىسا بولمايدىغاندەكلا قىلاتتى. بىرلىپ قىلىشقان،
ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان گەپلەر شۇنداق تۇيۇلىدىغان
ئوخشايدۇ. قىزلار رەسىدە بولغاندا، كەلگۈسى تۇرمۇشىنى ئويى-
لاپ، شۇ تۇرمۇشنىڭ قاينىمىغا چۆكۈپ قالىدىكەن. قانداق قى-
لىپ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى ئۆزى رازى بولغۇدەك ئۆتكۈزۈش،
ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمان، ئىستەكلىرىنى چۈشىنىدىغان جورا
تېپىش، جورىسىنىڭمۇ گۈزەل ئەخلاقلىق، ياخشىلىقىنى، ئۇلۇغ-
لۇقىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇش، سېنىڭ ئوي - خىياللىرىڭنىڭ
نېگىزى بولۇپ قالىدىكەن. ئويلاپ ئىش قىلساڭ، پۇشايماندا
قالمايسەن - دە! ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلاردا يىڭنە ئىشى بىلەن
ھەم ئاپامدىن قالغان كىتابلارنى ئوقۇش بىلەنمۇ مەشغۇل بولات-
تىم. ئوقۇغان كىتابلىرىم ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىنى،
ئاق كۆڭۈل، ساپ - سەمىمىي، مۇھەببەتتىگە سادىق، ۋاپادار،
پىداكار ئادەملەرنىمۇ، قارا كۆڭۈل، ۋاپاسىز، رەزىل كىشىلەر-
نىمۇ چۈشەندۈرەتتى ۋە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ھەقىقىي،
ئىنساپلىق ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتەتتى. ئوقۇغانلى-
رىمدىن دۇرۇس ئادەم بولۇشنىمۇ ئۆگىنەتتىم ھەم ساۋاق -
ئىبرەتمۇ ئالاتتىم. ئۆزۈمنىڭ قانداق ئىشقا قەدەم بېسىش، قان-
داق ئىشقا قەدەم باسماسلىقىمنى بەلگىلەيتتىم. يىڭنە ئىشى قىل-
غان چاغلىرىمدا، بۇ ئىشنى پۈتۈن مېھرىمنى بېرىپ قىلغاچقىمى-
كىن ۋە بۇ ئىشىم كەلگۈسى تۇرمۇشۇم ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقى
ئۈچۈنمىكىن، تولىمۇ كۆڭۈللۈك داۋاملىشاتتى. ئادەتتىكى ئىش-
لىرىم — چاي قاينىتىش، تاماق ئېتىش، ئۆي - ھويلىلار
تازىلىقى، دادامنى، ئۆزۈمنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان-
لىقى ئۈچۈن ماڭا مۇقەددەس بىلىنەتتى. دادام بىلەن غىزالانغان،
پاراڭلاشقان چاغلىرىمدا يۆلەنچۈكۈم، باشپاناھىم بىلەن بىللە
ئولتۇرغاندەك چەكسىز پەخىرلىنەتتىم، ئىپتىخارلىناتتىم. تۇر-
مۇش ھەلەكچىلىكى، تىرىكچىلىك ئۈچى كۆرۈنمەس ئۇزۇن يول

ئىكەن ، بۇرۇندىن تارتىپ هازىرغىچە بۇ يولغا چۈشكەن ئادەملەر قىسما ـ قىسمەتلەرگە دۇچار بولسىمۇ ، ئەمما مەن ئۆزۈمـ نى مۇشۇ يولنىڭ خاتىرجەم ، هارماس ، خۇشخۇي يولچىسىدەك سېزەتتىم . تۇرمۇشۇمدا قاچان ئىشقى هېس ـ مۇهەببەت دېگەن بىر تۇيغۇ پەيـدا بولدى ، شۇنىڭـدىن باشـلاپ داۋالغۇش ، هەسـ رەت ـ ئەلەم ۋە يەنە خۇشاللىق ، هۇزۇرلىنىش تۇيغۇلىرىنىمۇ سېزىشكە باشلاپ ، ئۆزۈمنى ئېيتقۇسىز گۈزەل ، بەختىيارلىق ئىچىدە هېس قىلدىم . شۇنداقلا تۇرمۇشۇممۇ شۇ دەقىقىلەردىن تارتىپ مەنىلىك ، ئەهمىيەتلىك مەزگىلگە قەدەم قويدى . مەن شۇنى هېس قىلدىمكى ، ئادەمنىڭ سۆيگەن جۈپتى بىلەن ياشىشى ئۆمۈرنىڭ ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ مەنىلىك ۋە دۇنياغا كەلگىنىگە چىن دىلىدىن رازى بولغان مەزگىلى بولىدىكەن . ئەگەر سەن شۇنداق مەزگىلگە ئىگە بولالىساڭ ، ئۆزۈڭنى بەختلىك بولدۇم دەپ بىل ، شۇ چاغدىلا سەن قىممىتىنى هېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولـ مايدىغان مەنىۋى بايلىققا ئېرىشكەن بولىسەن . ئەگەر ئىگە بولالـ مىساڭ شۇنداق مەزگىلگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىل . ئۈچرىغان توسالغۇ ، پۇتلىكاشاڭلارغا كۆكرەك كېرىپ چىق . هەتـ تا پىداكار بول . پۇل ، مال ـ دۇنياسىنى يوقاتسا ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ قاقشايدىغان ، مەنىۋى بايلىقنى يوقاتسا پەرۋامۇ قىلمايدىـ غان بىچارە ئەخمەقلەردىن بولۇپ قالما . ئۇنداقلارغا ئۆمۈر خاتا بېرىلىپ قالغان ! ئۆمۈرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ لۆمشىپ يۈرگەن قۇرتتىن نېمە پەرقى بار !… مېنى ئەندىشە ، قايغۇ ئوراپ تۇرسىمۇ ، ئۆمرۈمنى مەنىلىك ئۆتتۈۋاتىـ دۇ ، دەپ ئويلايمەن . چۈنكى مەن بىر سەۋدايىمەن ، خۇدا ساقلىـ سۇن سەۋداسىز ئادەم بولۇپ قېلىشتىن ! بىهۇدە ئۆتكەن بىر كۈن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بالايىئاپەتنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن . شۇڭا ئەمدى تەۋەككۇلنىڭ ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كىرىشىنى كۈتمەكـ تىمەن . ئەمدى خۇپىيانە تۇتقۇدەك نېمە قالدى ؟ هەممە ئىش ئايان

بولۇپ بولدى . ئاردىكى مەسۇم مۇھەببەتنى تاياق تەڭلەنسىمۇ ، قىلىچ قىنىدىن چىقسىمۇ ئاسراش ، قەدىرلەش كېرەك . مەن بىلەن تەۋەككۇلنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىككىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بەخ-تى ئۈچۈن قېچىشىمىز — دادام ئۈچۈنمۇ ، تەۋەككۇلنىڭ ئائىلى-سى ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەس ، بۇنى دادام بىلەن تەۋەككۇلنىڭ دادى-سى ئوبدان ئويلىشىپ مەسلىھەت قىلىشقان . ئەمدى چاپسانراق ۋاقتىنى بەلگىلەش كېرەك . قاچان قاچىمىز ، نەگە قاچىمىز ، قانداق قاچىمىز ؟ شۇ ئىشلا قالدى .

قانداقتۇ بىر كۈچ ، ئىستەك مېنى كۈندىكىدىن بۇرۇنراق ئويغىتىۋېتىپتۇ ، قالايمىقان چۈشلەرنى ھارغىنچە كۆرۈپتىمەن ، ئويغىنىپلا ھېس قىلدىم . بىراق بىرسىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ . ئورنۇمدىن خۇددى مۇھىم بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىراپ تۇردۇم ۋە كىيىم - كېچەكلىرىمنى كىيىپ ھويلىغا چىقتىم - دە ، ئاۋۋال ھويلىنى سۈپۈردۈم ، ئاندىن سۇ چاچتىم . دەسلەپ كۈننىڭ ئەركىلەپ جىلۋىلىك شولىلىرى چۈشتى ، كەينىدىن ئال-تۇن تاۋاقتەك كۈن كۆلۈپ چىقتى . كۈننىڭ قۇدرىتىگە نېمە تەڭ كەلسۇن ، ئادەملەرنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى ، ئىش - ھەرى-كەتلىرى ، كۆچتۈڭگۈرلۈكى ، زېمىننىڭ كۆپۈشۈپ تاۋلىنىشى ، كۆچلىنىشى ، جان - جانىۋارلارنىڭ قىيغىتىپ ئوينىشى ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ياشىرىپ بىخ يېرىپ چىقىشى ، تۇمەنمىڭ خىل گۈللەرنىڭ ياقا يىرتىپ چېچەك ئېتىشى ، تاغ سۇلىرىنىڭ تاشتىن تاشقا سەكرىشى··· كۈننىڭ خاسىيىتى ئەمەسمۇ !

چاي ئىچىپ بولۇپ دادام چىقىپ كەتتى . مېنىڭ كۆزۈم دەرۋازىدا ، بەزىدە ھېلىدىن - ھېلى قارايمەن ، بەزىدە كۆزلىرىم دەرۋازا قاناتلىرىدا قېتىپ قالىدۇ . تېخى ئەتىگەن ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ بولۇشىغىچە چۈش بولاي دەيدۇ ، شۇنى بىلىپ تۇرسامۇ دەرۋازىدىن كۆز ئۈزەلمەيمەن ، ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا شۇنداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن . ئادەم قىزىق

بولىدىكەن، كۆتۈشنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ قالساڭمۇ چىققۇڭ كەلمەيدىكەن.

چۆشكە تېخى خېلىلا بار، لېكىن تەۋەككۇلمۇ بۇ يەرگە كىرىشكە تاقەتسىزلەنگەن بولسا كېرەك. ئۇ ھويلىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كىرىپ كەلدى. ھويلا گويا نۇرلىنىپ كەتكەندەك بىلىندى، نەزىرىمدە كۆيۈمچان باشپاناھىم پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنى مۇنداق تېز كېرەر، دەپ ئويلىمىغان، ئىنتىزار يۈرەك ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ ئويناپ - تېپىچەكلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن، قىزلىق نومۇسۇم يەنىلا ئۈستۈن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىۋېتىشتىن ساقلاپ قالدى. بولمىسا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىغۇم، كۆكسىگە بېشىمنى قويغۇم، مەڭزىلىرىگە مەڭزىمنى ياققۇم بار ئىدى. شۇنداق، ئېغىر كۈنلەردە تەۋەككۇلنىڭ كىرىپ كېلىشى مېنى ئىنتايىن خۇش قىلىپ، پۈتۈن بەدەنلىرىم يايراپ كەتكەنىدى.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ئۆزىڭىز تىنچلىقمۇ؟

— چاپسانراق كىرسىكەن، دەپ سىزنى شۇنچىلىك زارىقىپ كۈتتۈم.

— قانىتىم بولسا ئۇچۇپلا كىرەتتىم.

— سىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپلا قاپتىمەن، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىڭ.

— بولدى، مۇشۇ چايخانىدىلا ئولتۇرايلى، — دېدى تەۋەككۇل ھېچقاچان قىلمىغان قىلىقىنى قىلىپ ئەنسىرىگەنىدەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ، — شۇنچىلىك ئىتتىك ماڭدىمىكى، ئۆكۈزمۇ تەرلەپ كەتتى، ئوتۇنلارنىمۇ چۈشۈرمەي ئۇدۇللا مەشەگە كىرىشىم.

— ئوتۇنلىرىڭىزنى دۇكاندىكى بالىلار چۈشۈرۈۋالىدۇ، ھېرىپ كەتكەنسىز، قېنى سۇپىغا كېلىڭ، ئارام ئېلىڭ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭ.

ئىككىمىز سۇپىغا كېلىپ يانمۇيان ئولتۇرۇشتۇق . قۇشقاچ-
لار بىزنى تەبرىكلەۋاتقاندەك توختىماي ۋىچىرلىشىپ كەتتى . قى-
زىق ئىش : قۇشقاچلارنىڭ ئۈنى ئانچە سېھىرلىك بولمىسىمۇ ،
شۇ تاپتا يېقىملىق ئاڭلىنىپ ھېسسىياتىمنى قوزغاپ قويدى ،
بەدىنىمنىڭ قەيەردۇر بىر يەرلىرىدە ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولدى .
ئىزا تارتمىسام ئۇنىڭ قولىنى تۇتقۇم ، ئوينىغۇم ، تېخى قۇچاقلى-
غۇم بار ئىدى ، ئۆزۈمنى تەسلىكتە بېسىۋالدىم... نەدىندۇر كاك-
كۇكنىڭ ئۈنى كەلدى ، يېقىنلا يەردە ئاتنىڭ كىشنىشى ، موزاي-
نىڭ مۆرىشى ئاڭلاندى .

مەن تەكچىدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئېلىپ تەۋەككۈلگە
بىر چىنە قۇيۇپ بەردىم . ئۇ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى ، يەنە قۇيدۇم .

— ھېرىپ كەتكەنسىز ؟

— ھارسىمۇ ئۆكۈز ھارغاندۇ ، ئۇرۇپلا كەلدىم .

ئىككى ئوتتۇرىدا خۇپىيانە تۇتىدىغان گەپمۇ ۋە گەپنى يوشۇ-
رۇن ، مەنىلىك قىلىپ ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئورۇن قالمى-
غان . يۈزلەر ئېچىلغان ، كۆزگە كۆرۈنمەس پەردىلەرمۇ يىرتىپ
تاشلانغان ، يۈرەك قېتىدىكى گەپلەر تىلنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قال-
غان ، شۇڭلاشقىمۇ گەپلىرىمىزنى ، مەقسىتىمىزنى ئوچۇقلا دېيى-
شىمىز كېرەك . مەن دادامنىڭ مېنىڭ تەقدىر - قىسمىتىم
توغرىسىدىكى گەپلەرنى چوڭ ئاپامدىن ئاڭلاپ بولغاندەك ، تەۋەك-
كۈلمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىر - قىسمىتىمىز توغرىسىدىكى
گەپلەرنى دادىسىدىن ئاڭلاپ بولغاندۇ .

— بېشىمغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈن چۈشتى ، تەۋەككۈل ،
خۇددى شۇم قۇش قونغاندەك ، سىزمۇ ئاڭلاپ بولغانسىز ،—
دېدىم قانداقتۇر بىر قايغۇغا ، مەيۈسلۈككە چۆكۈپ ،— لېكىن
مەيۈسلۈك ، قايغۇمۇ غەزەپكە ئايلىنىدىكەن ،— بىردىنلا مەندە
نەدىندۇر كۈچ ئۇرغۇپ جانلاندىم ،— مەن تەقدىرگە تەن بېرىدى-
غان قىز ئەمەس ، تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدىم ، بول-

ـمىسا شۇملۇق يېغىپ تۇرغان تەقدىرنىڭ قۇلى بولۇپ قالامدىم؟
— بېشىڭىزغا شۇم قۇش قونسا قونغاندۇ، ئەمما ئۇ ھېچنە-
رىڭىزنى چوقۇيالمايدۇ. مەن ئوغۇل بالا، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول
قويمايمەن! — دېدى تەۋەككۇلمۇ غەزەپتە يېنىپ، — يولى كەل-
ـسە، غەزەپ رەقىبىمىزنىڭ بېشىنى يانجىۋېتىدىغان تاش ياكى
كۆكسىگە سانجىلىدىغان ئۆتكۈر خەنجەر، ۋە ياكى ئۇنىڭ ئاياغلى-
ـرىنى چەمبەرچاس باغلىۋالىدىغان ئۈزۈلمەس ئارغامچا بولىدۇ.
سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن ئېغىر كۈن ئوخشاشلا مېنىڭمۇ بې-
شىمغا كەلگەن ئېغىر كۈن، ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇ مەلئۇننىڭ
كۆزىدىن يىتىمىز، يىراقلارغا كېتىپ جېنىمىزنى جان ئېتىمىز،
خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ياشايمىز. خاتىرجەملىككە نېمە تەڭ كې-
لىدۇ، — تەۋەككۇلنىڭ سۆزلىرى قەتئىي، ئۇنىڭدىن ئىشەنچ،
ئۈمىد، جاسارەت ۋە يەنە قارامىلىقمۇ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىك-
كىنچى پىيالە چاينىمۇ يىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.
— بىزنى نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ئازابى، ئاتا - ئانىدىن،
قېرىنداشلاردىن، سۆيۈملۈك يۇرتىمىزدىن ئايرىلىش جۇدالىقى
كۈتۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشمۇ ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ
ئۈچۈن كۆپ ئەرزىيەت چېكىمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە
جىددىي تۇستە قاراپ.
— شۇنداق، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، جاپا تارتماي ھالاۋەت
يوق، — تەۋەككۇلنىڭ سۆزلىرى ھەم جاراڭلىق، ھەم غەزەپلىك
ئىدى، — شۇنداق قارارغا كەلگەنىكەنمىز، تارتقان جاپا - مۇ-
شەققەتلىرىمىز راھەت بىلىنىدۇ. ئادەم ئۆزى خالاپ قىلغان ئىش-
تىن ھۇزۇر تاپىدۇ، يېگىنى ئوزۇق بولىدۇ، ئىچكىنى شەربەت
بولـۇپ بەدەنلىرى يايرايـدۇ، ئۇنىڭ خاسىيـىتىگە نېمىمۇ تەڭ
كەلسۇن.
— مېنى ئەپقېچىش سىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەل-

تۇرىدىغان بولدى ، مەن ئۆزۈمنىمۇ ، سىزنىمۇ ئويلاپ قې-
لىۋاتىمەن .
— ئاۋارىچىلىك بولىدۇ ، چىدام بولسىلا ئاۋارىچىلىكلەرنىمۇ يەڭگىلى بولىدۇ . سىز ئۇچۇن بېشىمغا ھەرقانداق ئېغىرچىلىقلار كەلسىمۇ ، ئۇنى يېڭىپ كېتەلەيمەن . سىز ئۇچۇنمۇ ، ئۆزۈم ئۇ-چۇنمۇ سىزنى ئەپقېچىش مۇشۇ ئېغىر پەيتتە بىزنىڭ پارلاق يول-مىز ، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ! ئەمما يەرلىرىمىزنىڭ ئېتىكى كەڭ ، بىزنى قوينىغا ئالىدىغان ھەم يۇشۇرۇپ قالىدىغان جايلار چىقىدۇ . بەختىمىزنى شۇ جايلاردىن جەزمەن تاپىمىز .
گەپلىرىمىز خېلى بىر يەرگىچە داۋاملاشتى ، گەپنىڭ خاسى-يىتى مەقسەتنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ . مەقسەتتىن ئىرادە ، جۇر-ئەت تۇغۇلىدۇ ۋە ئادەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قوزغىلىشقا ئۈندەيدۇ .
ئادەمنىڭ ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلەر ھەم ئەھمىيەتلىك ، ھەم مەنىلىك ، شۇن-داقلا جەلپ قىلارلىق بولىدۇ . مۇنداق گەپكە چۈشكەندە مېھمان-نىڭ ھۆرمىتى ، بولۇپمۇ چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادەمنىڭ ھۆرمى-تى ، ھەتتا قورساقنىڭ ئاچقانلىقى ، ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەن-لىكى بىلىنمەي قالىدۇ . مەن ئاسماندىكى پارلاپ تۇرغان كۈنگە قارىدىم - دە ، ۋاقىتنىڭ چۈشكە ئازلا قالغانلىقىنى بىلدىم ۋە ئالدىراپ تاماققا تۇتۇش قىلدىم . تەۋەككۇل تاماكا چېكىپ ئولتۇردى .
ئادەم جىددىي ھەم ئەھمىيەتلىك پاراڭلارنى قىلىپ يۈرەككە چېكىلىپ قالغان ئىشنى باشلاشنى قارارلاشتۇرغاندا ، پۇت - قولى تېتىكلىشىپ ، چاققان بولۇپ قالىدىكەن . بىر تەرەپتىن ، گەپنى ئۇزۇپ قويماي ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تاماقنى چاپسانراق تەييار قىلاي دەپ تېزلا شويلا ئەتتىم .
مەن ئۆمرۈمدە بۇگۈنكىدەك خۇشال بولمىغان ، سىياھدەك

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق جىلۋە قىلغاندەك ، باش - ئۇچى يوق ، مېڭىش ئىنتايىن قىيىن بولغان قويۇق جاڭگال - چاتقاللىق ئارىسىدىن پارلاق يول تاپقاندەك ، دەسسىسەڭ پېتىپ كېتىۋاتقان سازلىق ئىچىدىن داغدام يول كۆرۈنگەندەك چەكسىز شادلىققا چۆمۈلدۈم .

دادام بىلگەندەكلا تاماق تەييار بولغاندا كىرىپ كەلدى ، ھەممىمىز شىرەگە يىغىلدۇق . بىر تاۋاق شويلىنى داستىخان ئۈستىگە قويدۇم . ئۈچىمىز بىر ئۆينىڭ ئادىمىدەك ياغاچ قوشۇق بىلەن تاماق يېيىشكە باشلىدۇق . بىراق ، تەۋەككۈلنىڭ بىر ئاز ئەيمىنىپ قورۇنۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . دادام بۇ ھالىنى سەزدى - دە :

— قېنى ، تەۋەككۈل ، چوڭ - چوڭ ئال ، تارتىنما . شويلا دېگەن ئاسان مۇزلىمايدۇ ، قىزىق ۋاقتىدا قىيىنلىسىپ ، ئۇ ياق - بۇياقتىن ئالسەن ، مۇزلىغاندا ئەمدى يەيچۇ دېسەڭ تۈگەپ قالىدۇ . ئۇزۇن يولدىن كىردىڭ ، يەنە ئۇزۇن يول يۈرىسەن ، — دادام ماڭا قاراپ دېدى ،— قورساقتا تۇرغۇدەك تاماق ئەتسەڭ بوپتىكەن ، قىزىم .

— تەۋەككۈل ئىككىمىز گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، چۈش بولۇپ قاپتۇ ، شۇڭا چاپسانراق تەييار قىلاي دەپ شويلا ئەتكەن ، دادا .

ئاغزىمدىن ئويلانمايلا «تەۋەككۈل ئىككىمىز گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ» دېگەن گەپنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ قالدىم .

تاماق يېيىلىپ بولدى ، تەۋەككۈل ماڭماقچى بولدى . دادام ئۇنىڭغا تاپىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى :

— ئېيتىپ قوي ، داداڭ ئەتىدىن قالماي كىرسۇن ، ئۇنتۇپ قالما ، ئەتىگەنرەك كىرسۇن .

— ماقۇل ، جەزمەن ئېيتىمەن .

تەۋەككۈل ماڭدى . ئۇنى كوچىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشتىن دادامنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىپ هويلىدا قالدىم .

※ ※

— تېخىمۇ يامانراق ئادەمگە تۇتۇلدۇق ، ئاقساقال ، — دېدى دادام جىددىيلىشىپ ، — ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى يول - يول قورۇقلار تېخىمۇ بىلىندى ، — ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى قارىمامدىلا ، هۇسەنبەگدىنمۇ قۇتۇلدۇق···

— قانداق قىلىپ ؟ — دادامنىڭ ئاغزىدىن گەپنى ئىتتىكلا تارتىۋالغان بوۋاينىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ۋە چىرايىدا هەم هەيرانلىق ، هەم تەبەسسۇم جىلۋىلەندى .

— توختاڭ ، ئالدىرىماڭ ، ئاۋۋال گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاڭ ، ئەمدى قىزىمىزنى ئامبال ئالماقچى ···

— نېمە !

— ماڭا هەدىيە قىلسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ .

— شۇنداقمۇ تېخى··· ماۋۇ كاساپەتچىلىكنى ··· هە ···

— ئۇلار كېتىپ ، ئۇ كۈنى ئامبالنىڭ ئادەملىرى كەلدى ، بىر هېسابتا ياخشى بولدى ، يەنە بىر هېسابتا تېخىمۇ يامان بولدى ، ئاقساقال . ئۇلار كېتىپ شۇ كۈنىلا هۇسەنبەگنىڭ ئادەملىرى توينىڭ ۋاقتىنى پۈتۈشەيلى ، دەپ كەپتۇ . مەن ئامبالنىڭ ئادەملىرى كەلگىنىنى ئېيتىۋىدىم ، ئۇلار بەدەر قاچتى . هۇسەنبەگ : «بولدى ، مەن ئامبال بىلەن قىز تالاشمايمەن ، ئۇنىڭغا ئۆتۈندۈم ، ئامبالنىڭ تويىدا خىزمەت قىلىمەن» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئامبالغا تۇتۇلدۇق . ئامبالغا تۇتۇلدۇق دېگىنىم — تېخىمۇ يامانراق ياۋۇزغا تۇتۇلدۇق دېگىنىم . ئەمدى گۈلنىسا بىلەن تەۋەككۈلنى قاچۇرۇۋەتمىسەك زادىلا بولمايدىغان يەرگە كەلدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى ، تىڭ تىڭچىلىرى نۇرغۇن ، هەر يەر - هەر

يەردە بار . ئىشلىرىمىز ئەمدى تېخىمۇ قىيىنلاشتى .

بوۋاي ئاپئاق ساقىلىنى يېنىك سىلاپ ماتەمدار ئادەمدەك ئېغىر جىملىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى . كۆزلىرى ئۆچەي دەپ قالغان چىراغتەك پىلدىرلايتتى . چوڭقۇر تىنىپ كۆڭلىدە قاپلىشىپ تۇرغان ئەلەم ـ ھەسرەتلىرىنى تارقىتىۋاتقاندەك ، يۈزلىرىدىكى سانسىزلىغان قورۇقلار كۆپىيىۋاتقاندەك قىلاتتى . دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كېچىلەپ ماڭغان بولۇشى كېرەك ، ئەتىگەندىلا كىرگەنىدى . دادام ئىككىسى سۇپىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى . مەن خانامدا ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇلارنىڭ گېپىنى تولۇقى بىلەن ئاڭلاپ ، ھەرىكەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم .

— بولغۇلۇق ئىش بولدى ، ئۇكام . ھۆسەنبەگ بولسىمۇ ، ئامبال بولسىمۇ ، بالىلارنى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرماي بولمايدۇ ،— بوۋاي ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىدىكى تامغا قېقىلغان ياغاچ قوزۇققا قاراپ ھەم ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي سۆزلىمەكتە ئىدى ،— باشقا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنى تەڭ تارتىمىز ، ئۇكام ، بالىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر ئىش — بىزنىڭ ئىشىمىز . ئاۋۋال بالىلارنى قاچۇرۇۋېتەيلى ، قالغان ئىشلارنى ۋاقتىدا كۆرمەيمىزمۇ ، ئەمما بۇ ئىشقا ئالدىرايلى ، «گۈلنى ئۈزگۈچە توزۇپ كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولمىسۇن يەنە . تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان ياخشى ، ئۇكام . ياپسام پىشارمۇ ، كۆمسەم پىشارمۇ ، دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى ، قېنى ، يول كۆرسىتىڭ ، قانداق قىلىمىز ؟

— ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىلا ، ئاقساقال ، مەنمۇ شۇ غەمدە . ئىشنى ۋاقتىدا باشلىمىساق پۇشايماندا قالىمىز ،— دېدى دادام بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن كۈچ ئالغاندەك جانلىنىپ ،— ھازىر كەلكۈن مەزگىلى ، مەن ئىككى ئات تەييارلاي ، ياراقلىق ، چىڭ ئات بولسىلا بالىلارنى دەريادىن ئۇ قاتقا بىمالال ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ . گۈلنىسامۇ ئاتقا چىڭ ، ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتسىلا

قۇملۇق ، يۇلغۇنلۇق ، توغراقلىقلارنى قاتتىق بىر كۈن بېسىپ تاغقا ئۆلىشىۋالىدۇ ، تاغقا ئۆلىشىۋالغاندىن كېيىن جېنىنى جان ئېتىپ كېتەلەيدۇ . تاغدا سۇ بار ، دېمەك ھاياتلىق بار ، تۈرلۈك تۈمەن ئۇچار قۇشلار ، جەرەنگە ئوخشاش يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلار بار ، نەۋاقتا سىلى تەۋەككۈلنى ئوۋچىلىقتا ئېپى بار دېگەندەك قىلىۋىدىلە ؟

— شۇنداق ، ئوۋچىلىقتىن ئوبدانلا خەۋىرى بار ، چوماق ئېتىش ، قىلتاق قويۇشلارغا ناھايىتى ئۇستا . خوش ، شۇنداق قىلىپ ، بىرنەچچە زامان جان ساقلاپ تۇرسا ، جاھانمۇ مۇنداق تۇرۇۋەرمەس ، قېرىپ كەتكەن ئامبالمۇ ئۆلەر ، يا ئۇنى يۆتكەپمۇ كېتەر ، بالىلار ئۆزلىرى كېلىدىغان چاغلارمۇ كېلەر ياكى بولمىسا بىز بېرىپ كۆرۈپمۇ كېلەرمىز ، قانداق دېدىم ، ئۇكام ؟

— ئەمدى ئۇلارنى ساق - سالامەت ئۇزىتىپ قويۇشىمىز كېرەك . ئەسلى كىچىسى ماڭسىغۇ ياخشى بولاتتى ، بىراق سېپىل دەرۋازىلىرى كەچتە تاقىلىدۇ . دەرۋازىلارنى سەھەرلىكى — قاراڭغۇ - ماراڭغۇدا ئاچىدۇ . شۇ چاغدا ئىككىسى ئاتلىق چىقىپ كېتىپ دەريا بويىغا چاپسۇن . گۈلنىسا كىچىكىدە ئات مىنىپ ئۆگەنگەن ، بۇنىڭدىن ياخشى پۇرسەت يوق .

— بولىدۇ ، بۇ ئۇسۇل - چارىلىرىڭىز بولىدۇ ، ئۇكام ، — دېدى بوۋاي . بىراق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى ، — سەھەردە — قاراڭغۇ - ماراڭغۇدا بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز ماڭسا ، دەرۋازىدىكى جېسەكچىلەر گۇمانلىنىپ قالماسمۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەردە قىزلار ئات مىنمەيدۇ ئەمەسمۇ ؟

— ئۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلىمىز ، گۈلنىسا ئەرەنچە كىيىنىپ ئىككىسى ئوۋچى سىياقىدا چىقىپ كېتىدۇ ، ئەنسىرىمىسىلە ، ئوۋچىلارنىڭ شۇنداق سەھەر ماڭىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلىدۇ . سىلى ئانچە - مۇنچە تەييارلىق قىلىپ تەۋەككۈلنى ئېلىپ كەچتە كىرسىلە ، كەچتە بۇ يەردە يەنە ئازراق ئىش بار .

— بولىدۇ ، ئۇكام ، مەن ماڭاي ، ياراتقان ئىگىسى ئىشلىرى-مىزغا خەيرلىك ، ئىككى ياشقا ئاسانلىق بېرەر ، ئامىن ، ئاللاھۇ-ئەكبەر .

بوۋاينىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ غەيرەتلىنىپ كەتسە كېرەك ، قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ گۇرسۇلدەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

خۇدا دادامنى نېمىدېگەن ئەقىللىق ، پەملىك قىلىپ ياراتقان-دۇ - ھە ! ئاپامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەيۋاتىدۇ ، كۆڭلۈمدىكى ئىشلارنى تېپىپ قىلىۋاتىدۇ . بولمىسا مەن ھېچنېمە دېمىدىمغۇ ... خۇشاللىقىمدىن تېرەمگە پاتماي ، يۈرەكلىرىم تېپچەكلەپ ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كەتتىم . دادامنىڭ مېنى شۇنچىلىك چۈشەنگىنىگە ، مېنى شۇنچىلىك ئاسرىغىنىغا ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى قەدىرلىگىنىگە مىڭ مەرتىۋە رازىمەن . تەۋەككۇلنىڭ دادىسىمۇ ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ، دادام-نىڭمۇ گېپىنى يىرمايدىغان ئادەم ئىكەن . قانچىلىك خېيىمخەتەر كەلسىمۇ قورقماي ، ئۆزىنى ، كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلىماي بىز ياشلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەۋاتىدۇ . «ياق ، بۇ خەتەرلىك ، ئادەمگە بالا تېپىپ بېرىدىغان ئىشكەن ، قېرى جېنىمنى جان ئەتكىلى قويۇڭلار» دەپ تەتۈرلۈك قىلسا قانداق قىلاتتۇق... خۇدايا شۇ-كۇر ، ئىشلىرىمىز ھېلىتىنلا ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ .

## 9

دەريا ياقىسىدىكى بۈككىدە توقايلىقتا تەۋەككۇل ئىككىمىز كەلكۈننىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈپ يانچە ياتاتتۇق . ئاتلىرىمىز بىز-دىن بەش - ئالتە ماڭدام نېرىدىكى تېرەككە باغلاقلىق . دەريادىكى لاي سۇ كۆۋەجەپ دولقۇنلاپ خۇددى ئادەم يۇتىدىغان ئەجدىھادەك شىددەتلىك ئاقماقتا . سۇنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ئادەمدە قور-

قۇنچ ، ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى . ھازىر راسا كەلكۈن ۋاقتىكەن ، تەۋەككۇل : «كەلكۈن ۋاقتىدا سۇ ئاخشىمى ئۇلغىيىپ ، كۈندۈزى پەسىيىدۇ » دېگەن . بىز كەلگىلى خېلى بولدى ، لېكىن سۇ پەسىيىدىغاندەك ئەمەس . ئۇنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈپ كۆزلىرىمىز تېشىلەي دېدى . كۈن نۇرى سۇ يۈزىگە قىيپاش چۈشكەن بولۇپ ، دەريا قان رەڭگىگە كىرگەندى . يېتىپ قارىغان ئادەمگە گويا داۋالغۇپ قان ئېقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . شىددەت بىلەن نەرە تار-تىپ ئېقىۋاتقان دەريا كىشىدە ۋەھىمە قوزغاپ چاۋار - چاتقاللار-نى ، يىلتىزلىرى بىلەن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن زور دەرەخلەرنى ئېقىتىپ كېلەتتى . دەرياغا قاراش ئادەمنى ئەيمەندۈرۈپ ئاللىقاذ-داق خىياللارغا سالاتتى .

دەريادىن كۆزۈمنى ئېلىپ ، ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلاپ قال-دىم :

تۈنۈگۈن دادام مەن ئۈچۈن مەن ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ . كەچتە تەۋەككۇل ، دادىسى ئۆيىمىزگە كىردى . ئۇلار توقاچلارنى خورجۇنىنىڭ ئىككى كۆزىگە قاچىلاپ كەپتۇ . دادامىمۇ ماي قۇيۇپ توقاچلارنى ياقتۇرۇپ قويغانىكەن ۋە يوغان بوغما قاپاقلارغا سۇ تولدۇرۇپ تەخلەپمۇ قويغانىكەن . قا-راڭغۇ چۈشكەندە دادام ياشانغان ، سالاپەتلىك بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ ، نىكاھ ئوقۇتۇپ بىزنى چاتقان بولدى . شۇنىڭ بىلەن تەۋەككۇل ماڭا تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئەتىسى تاڭ سەھەردە سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىش بىلەن تەۋەككۇل ئىك-كىمىز (مەن ئەرەنچە ياسانغانىدىم ) سېپىل دەرۋازىسىدىن تاراس-لاپ چىقىپ كەتتۇق . بىز ماڭغان چاغدا ئۇلارنىڭ : «خەير ، ئامان بولۇڭلار ، ئاقىۋل بولسۇن ، خۇدايىمغا ئامانەت… » دەپ سەپىرىمىزگە خەيرلىك تىلەشلىرى بىزگە زور مەدەت بولدى . بىز خېلىلا ئىلدام ماڭدۇق ، شۇ ماڭغانچە دەريا بويىغا — مۇشۇ جايغا يېتىپ كەلدۇق . بىراق دەريادىن ئۆتەلمىدۇق ، زور كەلكۈننىڭ

كۆچلۈك ۋەھىمىسى بىزنى ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى .
بىز ئەمدى ھەقلىق رەۋىشتە ئەر ـ خوتۇن بولدۇق ، ئارمانـ
لىرىمىز ئاخىر يۈز ئاچتى ، ئەنە تەۋەككۇل قولۇمنى سوزسام يەتكۇدەك يەردە يېتىپتۇ . ئۇنى قۇچاقلىغۇم ، كۆكسىگە بېشىمنى قويغۇم كېلىدۇ ، ئەر ھىدىنىڭ سېھرىي كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن... كۆز ئالدىمغا ئېيتقۇسىز يېقىملىق غايىبانە كۆرۈـ
نۈشلەر كېلىپ ، كۆزلىرىم ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلۇۋاتىدۇ... بەلكىم تەۋەككۇلمۇ شۇنداق لەززەتلىك تۇيغۇلاردا يېنىۋاتقاندۇ... ياق ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمىغان ، بىز ھېلى دەرياغا ئات سالىمىز ، دەرياغا پاك پېتى چۈشەيلى ، سالامەت ئۆتكۈزۈۋالساق قانچىلىك شوخلۇقلارنى قىلساقمۇ مەيلى ئەمەسمۇ ، خۇدادىن ئاۋۋال ئامانلىق تىلەيلى ، ئىشىمىزنى ئوڭ قىلسۇن .
تەۋەككۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى . دەريا سۈيى پەسلەيدىغاندەك ئەمەس . ئۇنىڭ تىت ـ تىت بولۇۋاتـ
قانلىقى جىددىيلەشكەن ، تال ـ تال ئۈچقۇنلار يېيىلغان چىرايىـ
دىن بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ دەھشەتلىك ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ :
— توۋا ، مۇنۇ دەريانىڭ بىزگە كەلگەندە پەسلىمەيۋاتقىنىنى قارىمامدىغان ، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتكەندە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەن شۇ ـ دە !— دېدى قاپىقىنى سېلىپ ،— ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن .
مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم :
— راست ، مەنمۇ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن ، نېكەم بىز كەلـ
گىلى ، سۇ پەسلىمىسە قانداقمۇ قىلارمىز ؟ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ جېسەكچىلىرى بىزگە بىرقىسمىلا قاراپ كەتكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىـ
گە بۇگۈن ئامبالنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىدى . قانداقمۇ قىلارمىز ، ئەستاغپۇرۇللا...
— قاراڭ ، سۇ بەك ئۇلۇغ ، يەنە بىرئاز ساقلايلى .

توقايلىقتا بىز كەلگەندىن تارتىپ سايراۋاتقان قۇشلار توختى-
غىنى يوق ، تەرەپ - تەرەپتىن ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق
ئاۋازلىرى كەلمەكتە . بىراق كۆڭۈل خاتىرجەم ئەمەس ، مۇشۇن-
داق دەككە - دۈككىدە تۇرغاندا بۇ يېقىملىق ئاۋازلارمۇ كىشىگە
تېتىمايدىكەن . ئۇنى ئاڭلاشقا زوق كېرەككەن ، شۇ تۇرقىدا قېنى
ئۇ زوقلار ؟... ئىشەنچلىك بولسىغۇ مۇشۇ ئازادە ، خىلۋەت يەرنىلا
ماكان تۇتساق بوپتىكەن . ياق ، بۇ يەر شەھەرگە يېقىن ، بولماي-
دۇ . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئۆتۈپ كېتىمىز . ئاشىق - مەشۇقلۇقنى
خۇدا دىلىمىزغا سالغاندۇ . ئىشىمىزغا چېچەك چىققاچقا ، باشقىچە
قەدەم بېسىشىمىزغا توغرا كەلدى . خۇدا بىزنى يۆلەيدۇ ، بۇ
مەردانە قەددىمىزنى ئالقىشلايدۇ . يىراققا كېتىمىز ، ئادەمسىز
باياۋانلاردا ماكان تۇتۇپ خاتىرجەم ، بەختلىك ياشايمىز ، مۇشۇ
سەپىرىمىز بەختىمىز ئۈچۈن . ئۆز بەختىگە ئىنتىلمەيدىغان كىم
بار ، بەختىگە ئىنتىلىش ئادەملەرنىڭ ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرى-
غا ، قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن . ئۆز بەختىنى ئويلىمايدىغان ،
ئۇنىڭغا ئىنتىلمەيدىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ؟ ھەرگىز
بولمايدۇ ، ئۇنداق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقىمۇ بولمايدۇ . ھەرقان-
داق ئادەمنىڭ بەختكە ئېرىشىش ، ئۇنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش
ھەققى ، ھوقۇقى بار . ئادەملەرنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرى ، چېكى-
ۋاتقان رىيازەتلىرى بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ ! خۇدا
بىزنى ياراتقان چېغىدا بىرىمىزنى بەختلىك ، بىرىمىزنى بەختسىز
قىلىپ ياراتمىغاندۇ ؟ ئۇنداق ياراتمىغان ، بۇ باشقىلارنىڭ تەقدىرى-
نى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلار پەيدا قىلغان پەرق . ھەممە ئادەم
ئوخشاشلا بەختلىك بولۇشى كېرەك . ئامبالدەك ، ھۆسەنبەگدەك
ئادەملەر بەختلىك بولۇپ ، قايسى گۈلنى ئۈزگۈسى كەلسە ئۈ-
زۈپ ، خازان قىلغۇسى كەلسە خازان قىلىپ ، بىزدەك ئاجىزلار ،
ئىشلەمچى نامراتلار نېمىشقا بەختسىز بولۇپ قالىدۇ ؟ ! بۇ بەزى
ھوقۇق تۇتقان ، پۇللۇق ئادەملەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ، ئۆز نەپسى ،

ئۆز راھەت - پاراغەتىنى چىقىش قىلغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. ئامبالدەك، ھۇسەنبەگدەك ئادەملەر كۈلۈپ - يايرىيالايدۇ، بىزدەك ئادەملەر نېمىشقا كۈلۈپ - يايرىيالمايمىز؟ «قاقشىغانلار قاقشاۋەرسۇن، يايرىغانلار يايراۋەرسۇن» دېگەنلەر بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ!

— كېلىپ قالدى، ئەنە قاراڭ! — تۇيۇقسىز چىققان ئاۋاز مېنى چۆچۈتىۋەتتى.

— نېمە كېلىپ قالدى؟

— ئەنە ئامبالنىڭ يايلىرى كېلىۋاتىدۇ! ئاتقا مىنىڭ، ئەمدى سۇغا چۈشمەكتىن باشقا چارە يوق، تېز بولۇڭ!

ئىككىمىز ئاتلىرىمىزغا مىندۇق - دە، ئالدىراپ - تېنەپ دەرياغا چۈشتۇق. بۇ ئىش ئويلىغاندىنمۇ تېز، شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بەردى.

— ئاتنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بېرىڭ، يايلىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىڭ! — تەۋەككۇل شۇنداق دەپ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئاتلار سۇغا چۆكۈپ ئۈزمەكتە، پەقەت بېشىلا كۆرۈنۈپ قالغان. ئات ناھايىتى سىلىق ئۈزىدىكەن. بىراق غۇلاچتەك - غۇلاچتەك كۆتۈرۈلگەن دولقۇن بىزگە ئۇرۇلماقتا، بىز سۇغا غەرق بولغاندەك ھالغا كېلىپ، يەنە ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ باش كۆتۈرەتتۇق، يەنە غەرق بولۇپ، يەنە باش كۆتۈرەتتۇق. كىيىم - كېچەكلىرىمىز چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى، كۆزىمىزنىمۇ ئاران ئاچاتتۇق. غانجۇغىلاپ ئالغان نانلىرىمىز، بوغما قاپاقلاردىكى سۇلىرىمىزنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز، جان قايغۇسىدىلا قالغاندۇق. ئات دېگەن ئاجايىپ قەيسەر، زېرەك جانىۋاركەن، كىتابلاردا ئۇ جەڭگە يارالغان دېگىنى راستكەن. ئاتلىرىمىز قەيسەرلىك بىلەن ئۈزمەكتە. كۈچلۈك دولقۇنلارنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن مۇدۇرۇپ كەتسىمۇ يەنە ئۆزىنى تېزلىكتە ئوڭشاپ ئۈزمەكتە، دەھشەتلىك دولقۇنلار بىلەن ئېلىشماقتا...

بىز دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلەي دېگەندە، بىزنى قوغلاپ كەلگەن يايلارنىڭ قىرغاقتا تۇرۇپ ئېتىۋاتقان ئوقيالىرى، قارا مىلتىقتىن ئۈزگەن ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. تەۋەككۇلنىڭ ئاۋازى شاۋقۇنلارنى يېرىپ كەلمەكتە:

— ئاتنىڭ يايلىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىڭ!... بېشىڭىزنى كۆتۈرمەڭ! ئاتنى مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ!... قىرغاققا ئۆزى ئېلىپ چىقىدۇ.

ئوقيالار ئۇچۇپ كەلمەكتە، دولقۇنلار شىددەت بىلەن ئۇرۇلماقتا، ئات مۇدۇرىمەكتە... قىرغاقتىكىلەرنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلانماقتا:

— قىزنى ئاتماڭلار!

— ئوغۇلنى چەنلەڭلار!

— تەگكۈزمەي قويماڭلار... بولۇڭلار... تېز - تېز ئېتىڭلار!

نېمە دەي، بىر چاغدا ئاتنىڭ مۇدۇرۇپ يىقىلىشى بىلەن ئاتتىن ئاجراپ كەتتىم.

— ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىڭ! — دېدى تەۋەككۇل ۋارقىراپ، — مەھكەم تۇتۇۋېلىڭ! ھېچنېمە بولمايسىز.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا يانداپ كەلدى - دە، مېنى ھىمايە قىلىپ ماڭماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئوقيا ئوقى تەگدى، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، ئۇ بىردەم ئاتنىڭ ئۈستىدە تىك تۇردى - دە، ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى، ئېتىمۇ بىر يۇمىلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— تەۋەككۇل! تەۋەككۇل!... مەن قانداق قىلىمەن، تەۋەككۇل...، — شۇ چاغدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان تەۋەككۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتمەڭ، قىرغاققا ئاز قالدىڭىز، غەيرەت قىلىڭ، چىد... داڭ...

تەۋەككۇلمۇ ، ئېتىمۇ بىردەمدىلا كۆزۈمدىن يىتتى . ئۇنى شىددەتلىك دولقۇن يۇتۇپ كەتتىمۇ ؟ ياكى يايىلارنىڭ ئاتقان ئوقى تەگدىمۇ ؟ بۇنى بىلەلمىدىم ، ھەر ئىككىسى غايىب بولدى . ھايات دېگەن شۇنداق نەرسىكەن ، ھېلى تىك يۈرگەن ئادەم بىردەمدىلا كۆزۈڭدىن يىتىدىكەن .

تەۋەككۇل غايىب بولدى ، شىددەتلىك ئېقىن ئۇنى يوق قىلدى ، ئۇ دۇنيادىن يىتتى ، دۇنيا قاراڭغۇلاشتى ... مەنچۇ ؟ ... مەن ئۇنىڭسىز تىرىك يۈرەمدىمەن ؟ ۋاپادارىمسىز ، مەن ئۇچۇن جېنىنى ئايىمىغان پىداكارىمسىز ئۆرە يۈرەمدىمەن ؟... ياق ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يۈرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ، مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىمەن ، چوقۇم بىللە كېتىشىم كېرەك ... مەن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى ئىختىيارلىقىم بىلەن قويۇۋەتتىم .

شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن . ئاربىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ، قىرغاقتا يېرىم - يارتا سۇغا چىلىشىپ سۇنايلىنىپ يېتىپتىمەن . ھە ، دەريا دولقۇنلىرى مېنى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ - دە ، ھايات قاپتىمەن . نېمىشقا تەۋەككۇل بىلەن بىللە ئېقىپ كەتمىدىم ؟ نېمىشقا ھايات قالدىم ؟ بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ ، تەۋەككۇل بىلەن تەڭ كېتىشىم ، تەقدىر - قىسمىتىمىز ئوخشاش بولۇشى ، بۇ قىستاڭغۇ ، ئازابلىق دۇنيادىن بىللە يىتىشىمىز كېرەك ئىدىغۇ ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاش مەن ئۇچۇن مەنىسىز ئەمەسمۇ !...

كۆزۈمنى قىيا ئاچسام ئاتمۇ يېنىمدا دىرىلدەپ تىترىگىنىچە شۈمشىيىپ تۇرۇپتۇ ، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ بىلەلمىدىم ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىغانىدى . بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە قارىدىم . ھېلىقى شۇمپەنلەر ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىپ ، يا دەرياغا ئات سالالماي ، يا قايتىپ كېتەلمەي پايپې-

تەك بولۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى ئىلغا قىلدىم . ئەتراپىمغا ، دەريا-
نىڭ كۆزۈم يەتكۈچە بولغان جايلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم .
تەۋەككۇلدىن ئەسەر يوق ، ھەتتا ئىزىمۇ يوق ، مەن ئۆزۈمنى
جىمىلەشكە باشلىدىم : ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى قالدى ؟
ئىككىمىز تەڭلا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بولساق ئۇدۇللا جەننەتكە
كىرەتتۇق ، پاك پېتى كەتكەن بولاتتۇق ئەمەسمۇ ! ئىسىت ، ئى-
سىت !... دۇنياغا كېلىپ كۆرگۈنۈم ، ئىسىل ئارزۇ - ئارمانلار
بىلەن ياشىغىنىم مۇشۇ بولدىمۇ ؟... ئاچچىق - ئاچچىق كۆز
ياشلىرىمنى قانداقمۇ سىڭىرىپ بولارمەن ، دەرد - ھەسرەتتە
تامغان ياشلىرىم زېمىننى ئۆرتىۋەتمەسمۇ... مانا ئەمدى ئىرغىتىپ
تاشلىنىۋەتكەن يېگانە قۇمدەك پايانسىز چۆللۈكتە يالغۇزدىن - يال-
غۇز قاپتىمەن . ئاھ ، تەۋەككۇل ، مېنى دەپ نۇرغۇن جاپا -
مۇشەققەتلەرنى تارتقان ، مەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان تەۋەك-
كۇل ! بەختىمىزنى تاپىمىز دەپ ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالغان
تەۋەككۇل ! ياشىماق نېمانچە قىيىن ، ئۆلمەك ئەجەبمۇ ئاسانكەن ،
بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مېنى تۈگىمەس نادامەت ، ساقايماس داغدا
قالدۇرۇپ كۆزۈمدىن يىتتىڭىز... ئەمدى مەن نەگە بارىمەن ،
نەلەردە يۈرىمەن ، بەلكى مۇشۇ چۆللۈكلەردە يىقىلىپ - قوپۇپ
بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشارمەن ، ياكى يىرتقۇچلارغا يەم بولارمەن
... ئاھ ، خۇدا ، ئاجىز بەندەڭگە يەنە قانداق قىسمەتلەرنى نېسىپ
قىلارسەن... قانداق قىلاي ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەي ئىلاجىم
يوق . ئەي ، خۇدا ! مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغىنىڭدا پېشانەمگە
مۇشۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى يازغانمىدىڭ ؟ شۇ تۇرقىدا دادام ،
تەۋەككۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ ؟ بىزنى يى-
راقلارغا قېچىپ بېرىپ مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى ، دېيىشىۋاتقان-
دۇ... قېنى ئۇ مۇراد - مەقسەت ؟ قېنى ئۇ ئىسىل ئارزۇ -
ئارمانلار ؟... ھە ، ئەمدى بىلدىم : بەختىمىز قارا ئىكەن ، قارا .
لېكىن ھايات قالغانىكەنمەن ، ھەرقانداق ئادەمگە يېلىنمايمەن ،

تىك تۇرۇپ ئۆلۈشكە رازىمەنكى ، ھەرگىز پۈكۈلمەيمەن !
ئىتائەتمەنلىك بىلەن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان ئاتقا تەسلىكتە مىندىم - دە ، «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ ئالدىمدىكى چەكسىز كەتكەن چۆللۈك قوينىغا كىرىپ كەتتىم .

## 10

ئىنسان — ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ ھۇزۇرى - رىغبىتىدە ياشايدۇ . ئارزۇ - ئارمان ۋە بەختكە ئىنتىلىشنىڭ لەززىتى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇكى ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى ھاياجانغا سېلىپ ، سېنى ۋىسال بۆشۈكىگە بۆلەيدۇ . لېكىن ئۇنىڭغا يەتمەك ناھايىتى قىيىن . بۇ يولدا بەزىلەر جېنىدىن جۇدا بولىدۇ ، بەزىلەر ئۆز ئايىغى بىلەن دەشت - چۆللەردە سەرسان بولىدۇ . ئەنە پايانسىز چۆللۈكتە بەختسىزلىك بورىنىدا قالغان بىچارە قىز دۇم ياتىدۇ . ئۇ ھوشىدىن كېتىپ ياتامدۇ ياكى رەھىمسىز ئەجەل ئۆز سايىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ بولدىمۇ ؟ بۇ بەلگىسىز . ئانچە كۈچلۈك بولمىغان شامال توپا - چاڭ ، قۇملارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇۋاتىدۇ . ئۇ ئەسلىي مەقسەت - نىشانسىز ماڭغان ئەمەسمىدى ، ئېتى قېنى ؟ ئۆزى نېمىشقا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى ؟
… چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ پۈتى قۇمغا چوڭقۇر پېتىپ كېتىپ يىقىلدىمۇ ياكى ئېتى بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كېتىپ ئۇنى ئۇچۇرۇپ تاشلىۋەتتىمۇ ؟ ئېتى قېچىپ كەتتىمۇ ياكى مۇشۇ ئەتراپتا يۈرەمدۇ ؟
كۆزۈمنى ئاچسام قۇملۇقتا دۈم يېتىپتىمەن ، نېمە بولدۇم ، نېمىشقا بۇ يەردە يېتىپ قالدىم ، ئات قېنى… ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ، كاللامدا ئەسلىگۈدەك ھېچنېمە قالماپتۇ ، ئادەم ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىيەلمىسە — ھوشىنى يوقاتقان ھاڭۋاقتىدەك بولۇپ قالىدىكەن . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردۇم - دە ، بولغان ئىشلار-

نى يادىمغا ئېلىشقا تىرىشتىم : دەريادىكى جان تالىشىشلار غۇۋا ئېسىمگە كېلىشكە باشلىدى… مەن بۇياقتا ئاتلىق ماڭغان… ئالدىمىزدىكى يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن تۇيۇقسىزلا توشقان چىقىپ قېلىپ ئات ئۈركۈپ كەتكەن… شۇ ئىشلار تازا ئېنىق بولمىسىمۇ ، كۆز ئالدىمغا يېرىم ـ يارتا كەلدى ، ئات مېنى تاشلىۋەتكەن … ئاھ ، خۇدا ! تەۋەككۇلسىز ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟ دادام نېمە كۇنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ ؟ بۇ يەردە يېتىۋەرگىلى بولمايدۇ ـ دە ! يەنە ماڭاي ، ماڭمىسام بولماس . ماڭا كېلىدىغان پېشكەل-لىكلەر تېخى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ . ئەنە ئالدىمدا قارا ـ قۇرا بىرنېمىلەر كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، ئۇ نېمىدۇ ، بەلكى دەل ـ دەرەخلەر-دۇ ، شۇ ياققا باراي . مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىدىم . قەيەردۇر بىر يەرلىرىم ئاغرىۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئەمما قەيىرىم ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدىم . مېڭىۋاتىمەن ـ مېڭىۋاتىمەن ، ئەتراپىمغا ئەنسىز قاراپ ـ قاراپ مېڭىۋاتىمەن ، بەدەنلىرىمنى ۋەھىمىلىك ئۇچقۇنلار قاپلاپ كەتتى… قانچىلىك ئارىلىقنى باستىم بىلمەيمەن . قارا ـ قۇرا بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسىلەر بارغانسىرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ . مەيلى نېمە بولسىمۇ ، ماڭا پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىلىپ قالار ، دەپ ئويلايتتىم .

ئالدىمدا ، بايىقىدىن يېقىنراق يەردە يەنە قارا ـ قۇرا بىرنې-مىلەر كۆرۈندى ۋە بارا ـ بارا يېقىنلاپ كەلدى ، تازا زەن سېلىپ قارىسام ئۈچ ئاتلىق ئادەم ئىكەن . ئەرۋاھىم ئۇچتى ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى ، قورقـۇپ ئۆلـەي دېـدىم ، «قانداقمۇ قىلارمەن ؟… ياي‍ـلارغا ئۇچراپتـىمەن ـ دە !» دەپ ئوي‍ـلاپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى ، بەدەنلىرىم تىكەنلەشتى ، كۆزلى-رىم ياندى… لېكىن ئۇلار يېقىن كەلگەندە قارىسام يايلار ئەمەس-كەن ، يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى . «بەلكى رەھىمدىل ئادەملەرگە ئۇچرىغاندىمەن ، ھالىمغا يېتەر ، مۇشۇ ئەتراپتا ئادەملەر بار ئوخ-

شايدۇ ، بەلكىم بىرەر مەھەللىمۇ باردۇ ؟ يۇلغۇنلۇق مەھەللىسىمۇ قۇملۇقنىڭ ئىچىدىغۇ» دەپ ئۇمىدلەندىم .

— سەن نېمە ئادەم ، بۇ دەشت - باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟ — ئالدىدا تۇرغان بىرى ۋارقىراپ سورىدى .

— مەن ... مەن ... بىر بىچارە قىز .

— نەدىن كەلدىڭ ؟

— شەھەردىن .

— يالغان سۆزلىمە ، شۇ ھالىڭدا دەريادىن قانداق ئۆتتۇڭ ؟

— راست ، شەھەردىن كەلدىم ، دەريادىن ئۆتكەنىدىم ، ئېتىم ئۈركۈپ كېتىپ مېنى تاشلىۋەتتى ، ئاتنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن ، راست شۇنداق بولدى .

— ئۇنداق بولسا ، شەھەردىن قاچقانمۇ - يا سەن ؟

— ھەئە ، قاچقان .

— سەن قىز بالا تۇرۇپ يالغۇز قاچقانما ؟

— ياق ، ئېرىم بىلەن بىللە قاچقان .

— ئەمىسە ئېرىڭ قېنى ؟

— ئېرىم... دەريادىن ئۆتكۈچە بىزنى قوغلاپ كەلگەن يايـ-لارنىڭ ئوقىدا قازا قىلدى .

— ئېرىڭ بىللە تۇرۇپ يەنە نېمىشقا قاچتىڭ ؟ يايلار نېـ-مىشقا ئېرىڭنى ئاتىدۇ ، زادى ئىككىڭ قاچقۇدەك نېمە ئىش قىلغان ؟

ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتىم ، ھەرقانچە قىـ-لىپمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم . پۈتۈن دەردلىرىم ، ئازاب - ئەلەملىرىم ئاچچىق - ئاچچىق كۆز يېشى بولۇپ چاناقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى . سىلەر نېمە ئادەملەر دەيدا ، بىز پاك ئادەملەر ، زورلۇق - زومبۇلۇققا قارشى چىقىپ مەردانىلىك بىـ-لەن ئېلىشقان ئادەملەر ، پەلەك تەتۈر كېلىپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان نۆۋەر غۇنچىمىز دەسسەلگەن - چەيلەنگەن ئادەملەر ! بىز

ناھەقچىلىك ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە بۇ يولدا بىرىمىز قۇربان بولغان، بىرىمىز بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان بولساقمۇ قەددىمىز پۈكۈلمىگەن، چېلىشچان مەردانە ئادەملەر!

— بۇنى سۆزلەپ كەلسەم ئۇزۇن ۋەقە، ھازىر ئۇنى سۆزلىگۈدەك مېنىڭدە كۈچ - مادار يوق. قېچىپ يۈرۈش ھالىمنى قويمىدى، ماڭا ھازىر پاناھلانغۇدەك يەر كېرەك، ماڭا رەھمى قىلىپ مېنى ئىشەنچلىك بىرەر يەرگە يوشۇرۇپ قويساڭلار بوپتىكەن، ئاكىلار؟

يېقىنلا يەردىن — يان تەرىپىمىزدىكى دۆڭنىڭ كەينىدىن ئاتلىق بىر ئادەم يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ چىقىپ كەلدى. مەن ئاتنى تونۇپ قالدىم:

— بۇ ئات مېنىڭ! مەن مىنىپ قاچقان ئات مۇشۇ، — مەن ئېتىمنى كۆرۈپ خۇددى قېرىندىشىمنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىدىم. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمگە ئېرەنمۇ قىلماي، ئات ئۈستىدە قامچىسى بىلەن ئېگەرگە تايىنىپ تۇرغان بۇرۇتلۇق ئادەم ئېتىمنى يېتىلەپ كەلگەن ئادەمدىن سورىدى:

— نېمە كۆردۈڭ، ئادەم ئۇچرىدىمۇ؟

— ئۇچرىدى، يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدا بىرنەچچە يايى تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. تېخى مەندىن: «ئاتلىق بىر قىزنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «نېمە قىز ئۇ، نېمە گۇناھى بار ئىدى» دېسەم، ئۇلار: «ئامبالغا خىيانەت قىلىپ قېچىپ كەتكەن قىز، ئامبال ئۇنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەمگە بىر قاداق ئالتۇن بېرىمەن» دېگەن. ئۇ يالغۇز ھېچنەگە بارالمايدۇ، ئۇنى جەزمەن تۇتۇپ ئالتۇننى ئالماي قويمايمىز، دەيدۇ. مەنمۇ ئىزدىشىپ بېرەي دەپ ئارقامغا ياندىم. يالغۇز توغراققا كەلسەم، بۇ ئات بوينىنى سوزۇپ توغراق يوپۇرماقلىرىنى يەپ تۇرۇپتۇ، ئېگىرى قارىنغا چۈشۈپ قاپتۇ. ياۋاش ئاتكەن، ئۇنى ئاسانلا تۇتۇۋېلىپ

ئېگىرىنى جۆندەپ ، ئۇلاغلىرىنى باشقىدىن چىڭىتىپ قويدۇم .
ئاشۇ قېچىپ يۈرگەن قىز مۇشۇمۇ نېمە ؟ تاس قاپتۇ - دە ،
يايىلارغا تۇتۇلۇپ قالغىلى ، — دېدى ئۇ كۆرگەنلىرىنى بايان
قىلىپ .

— يۈرۈڭلار ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى ، ماكانىمىزغا
يېتىۋالايلى ، — دېدى بۇرۇتلۇق ، بەستلىك ئادەم شۇئان . ئەھۋال-
دىن قارىغاندا ، ئۇ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ باشلىقى ئوخشايدۇ . مەن
ئۆز ئېتىمغا مىنەي دەپ تۇرۇۋشۇمغا ھېلىقى بۇرۇتلۇق ئادەم :
— ئوسمان توغراق ، سەن ئاتنى يېتىلەپ ماڭغۇر ، —
دېدى - دە ، ئۆزى ئالدىمغا كېلىپ خۇددى قۇرغۇي بۆدۇنىنى
ئالغاندەك مېنى بىر قولى بىلەن گەجگەمدىن كۆتۈرۈپ ئالدىغا
ئېلىۋالدى ، مەن چىرقىراپلا قالدىم . ئۇلار مېنىڭ مەيلىمنىڭ
بار - يوقلۇقى ، ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايدىغان - خالى-
مايدىغانلىقىمنى سوراپمۇ قويمىدى ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىلچە ئې-
تىبارىممۇ بولمىدى . مېنى خۇددى ئالىقىنىدىكى خالىسا تاشلىۋې-
تىدىغان ، خالىسا كۆتۈرۈۋالىدىغان قورچاقتەك كۆرۈنۈۋاتسا كې-
رەك . مۇنۇ بۇرۇتلۇقى پەرۋاسىزدەك ، مېنىڭ بىلەن ، تىلەك -
ئىلتىجالىرىم بىلەن كارىمۇ يوقتەك قىلاتتى . بەدەنلىرىمگە
تىترەك - قورقۇنچ ياماشقىلى تۇردى .

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ دېگۈدەك ئىتتىك ماڭدى . يىراق-
تىن تاغلار سۇس كۆرۈنۈشكە باشلىدى ، كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ
ئولتۇراتتىم ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ، باشلىقىمۇ ماڭا بىرنېمە
دېمىدى ، مەندىن گەپمۇ سورىمىدى . مەن تاغلاردىن كۆزۈمنى
ئۈزمەي چىگىش خىياللار بىلەن ئولتۇرماقتىمەن . بۇلار مېنى
نەگە ئاپىرىدۇ ، بۇلارنىڭ ئېلىپ مېڭىشىدا بىرەر ياخشىلىق ،
مېھرىبانلىق بارمىدۇ ياكى ئۇنىڭغا كۆڭلى قارىلىق ، يامانلىق ،
ۋەھشىيلىك يوشۇرۇنغانمىدۇ ؟ بۇلار زادى نېمە ئادەملەردۇ ؟ قى-
لىقلىرىدىن قارىغاندا يوقىرالارنى قاقشىتىپ ، ئوغرىلىق - قاراق-

چىلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەملەرمىكىن ياكى ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ ، تۇتۇق بەرمەي چۆللۈكلەردە ، تاغۇ تاش ، ئۆڭكۈر- لەردە مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئادەملەرمىكىن؟ ۋە ياكى پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ، ئۇلارغا ياخشىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەن سەر- گەردان قاچقۇنلارمىكىن؟… بۇلارنى ھېچ بىلەلمىدىم . بايا مەن «رەھىم قىلىپ مېنى ئىشەنچلىك يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭلار» دېگەن ئىدىم ، شۇ دېگىنىم بويىچە مېنى پاناھلانغۇدەك يەرگە ئەكىتىپ بارامدۇ تېخى . مەندىن سوراپمۇ قويماي ، گېپىمگە جاۋابمۇ بەرمەي ، ياۋايىلارچە گەجگەمدىن تۇتۇپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالغىنىغا قارىغاندا ، پەيلى يامان ، كۆڭلى قارا ئادەملەردەك قىلى- دۇ . قانداق ئادەملەرگە ئۇچرىغاندىمەن؟… كۆڭلى قارا ئادەملەر بىچارىلەرگىمۇ شەپقەتسىزلىك قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر ئۈستىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلىدۇ… مېنى قورقۇش ، ۋەھىمە تامامەن ئىلكىگە ئېلىۋالدى . ئۆز ئىختىيارلى- قىمغا زورلۇق قىلىۋاتقان ئادەملەردىن قانداقمۇ ياخشىلىق كۈتەي … كۆز ئالدىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان بوشلۇق… ئاستا - ئاستا كۈنمۇ پاتتى . كۈن پاتقان جاينىڭ ئۈستىدىلا لەيلەپ يۈرگەن بىر پارچە بۇلۇتنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئۇنىڭ قىزغۇچ - ھال رەڭ نۇر- لىرى قالدى . بۇمۇ بىر تەبىئەتنىڭ تىلسىملىق ھۈنىرى ئىكەن . قۇياش ئولتۇرغان جايدىن تارتىپ ، تەرەپ - تەرەپكە تارتىلىپ كەتكەن گۈزەل نۇرلار بەئەينى نۇر ئېقىمىدەك جىلۋىلىنىپ ھەي- رانلىقتا قالغان كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ۋە ئادەمنى مەھلىيا قى- لىپ سىرلىق ئالەم قوينىغا تارتىدۇ…

بۇ نۇرلار بارغانسىرى سۇسلىشىپ ئۆچۈشكە باشلىدى . يى- راقتىن كۆرۈنگەن تاغلارغا يېقىنلاپ كەلمەكتىمىز ، ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى تېخىمۇ ئىتتىكلىدى . مانا ئەتراپىمىزغا تۈننىڭ قارا پەردىسى ئاستا - ئاستا بېسىلدى . ئەمما چۆلنىڭ قىزىق تەپتى يۈزلەرگە تېخىچە ئۇرۇلاتتى . ئارقىمىزدىن يۇلغۇنلارنىڭ ، ئاز-

ىنىڭ تۆياقلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇم توزانلىرىنىڭ پۇرىقى كەلمەكتە ئىدى .

— مامۇت جودا ،— دېدى مېنى ئالدىغا ئېلىۋالغان قارا بۇرۇتلۇق ، — بول ، چاپ ، تۈردىخان يالغۇز قالغان ، قورقىدۇ جۇما ئۇ .

ماموت جودا دېگىنى ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ بىزدىن ئۇ-زاپ كەتتى . «تۈردىخان دېگىنى مۇشۇ قارا بۇرۇتلۇقنىڭ خوتۇنى ئوخشايدۇ - دە ! ئۇ يەردە بىرەر مەھەللە ياكى بىرنەچچە ئۆيلۈك ئادەم بارمىدۇ ؟ » دەپ ئويلىدىم ۋە سەل ئۈمىدلىنىپ قالدىم . قاراڭغۇدا كېتىپ بارىمىز (قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىلىمۇ نې-كەم ) ، بىز تېخىچە يولدا . بارىدىغان يەرگە قاچانمۇ بارارمىز ، مېنى نەگە ئاپىرار... بەللىرىم تېلىپ ئاغرىۋاتىدۇ ، يا بۇ گەپنى دېگىلى بولمىغان . خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇ يولغا چىقىپ بىرىنچى قېتىم ماڭا ئېغىز ئاچتى :

— مۈزلىدىڭمۇ ؟

— قىزىپ كېتىۋاتىمەن .

— ئاز قالدۇق ، بەللىرىڭمۇ ئاغرىغاندۇ ؟

— نەگە ئاز قالدۇق ؟

— ئۆيىمىزگە .

— بىز بارىدىغان يەردە مەھەللە بار ئىكەن - دە ؟

— نەدىكى مەھەللە ئۇ .

— ئەمىسە ئۆي ياكى كەپىلەرغۇ باردۇ ؟

— ئەخمەق ، ئۆي بولمىسا قانداق بولىدۇ ، تاغ دېگەننىڭ بوران - چاپقۇنى ، يامغۇر - يېشىنى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ - دە .

بىلمىدىم ، كېچە قايسى ۋاقىتلار بولدىكىن ، تاغلار ئارىسى-دىكى بىرنەچچە ئېغىز ئۆيى بار بىر يەرگە كېلىپ ئاتتىن چۈش-تۇق . مېنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئۆي تەرەپكە قارىمايلا ۋارقىرىدى :

— تۇردىخان !
جاۋاب سادا چىقمىدى .
— هاي تۇردىخان ! گاس بولۇپ قالدىڭمۇ ، بۇياققا چىق ، ساڭا بىر ھەمراھ ئەكەلدىم .
— خۇدايا شۈكۈر ، ماڭا بىر ھەمراھ كەپتۇ ،— دېگىنىچە ئۆيدىن بىرى چىقىپ كەلدى . ئۆينىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن سىرتقا سۇس يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى .
ھەممىمىز ئۆيگە كىردۇق . بۇنى ئۆي دەپ كەتكىلىمۇ بول-مايتتى ، تاملىرى يوغان - يوغان تاشلار بىلەن قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ قوپۇرۇلغان ، ئىشىك شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئېچىلغان يەرگە بىرنەچچە تال تاختاي يۆلەپ قويۇلغان . دېرىزە ئورنىدا قالدۇرۇل-غان ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈككە ئىككى بالداق ئورنىتىلغان ئىدى . ئەمما ئۆيگە كىگىز - كېچەك سېلىنغان بولۇپ ، بىر بۇلۇڭغا يوتقان - كۆرپىلەر قاتلىنىپ تىزىپ قويۇلغانىدى . تۇردىخان دېگىنى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى چىراي شەكلىمۇ خېلى تۈزۈك ئايال ئىكەن . تەكچىدە جىنچىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇرۇپتۇ ، قازاندا شورپا قايناۋېتىپتۇ . مەن ئۆيگە كىرگەن چېغىمدىلا شور-پىنىڭ پۇرىقىنى ئالغان ۋە شۇئان قورسىقىمنىڭ ئېچىپ كەتكەن-لىكىنى سەزگەنىدىم .
تۇردىخان ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئىللىق تۇستە كۈلۈم-سىرەپ قارىشىپ قويدۇق . ئۇلار (تۆت ئەر ) ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى . مەن شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە زەن سالدىم :
ئىككىسى بىر باينىڭ قوتاندا بېقىلىۋاتقان بەش تۇياق قويىنى ئوغرىلىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بىرىنى باشقا يېزىدىكى ئىگە - چاقىسى يوق بىر قېرى مومايغا بەرگەنلىكى ، قالغان تۆتىنى ھازىر كەل-گۈن ۋاقتى بولغاچقا ، دەريادىن ئۆتكۈزەلمەي يۇلغۇنلۇقتىكى تاش-لىنىپ كەتكەن يالغۇز ساتمىغا سولاپ قويغانلىقىنى سۆزلىسە ؛

يەنە بىرى بولسا يىراق يېزىدىن ئىككى ئاتنى ئوتلاۋاتقان يېرىدىن ھەيدەپ ئەكېلىپ ئات بازىرىدا ساتقانلىقىنى، ئۇنىڭ پۇلىغا يېمەكلىك ۋە يوتقان - كۆرپە ئالغانلىقىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. قارا بۇرۇتلۇق بولسا پۇقرالارغا قاتتىق زۇلۇم سالغان بىر يايىنى ئەپلىك پۇرسەت تېپىپ بازاردىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىلىچىنى ھەم بازاردىكى ئوقەتچىلەردىن يىغقان پۇللىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم كۈلكىلىك قىلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ تاغ ئىچىدە ماكان تۇتۇپ ياشاۋاتقانلىقىدىن بىرئاز خۇشال بولساممۇ، لېكىن قىلىقلىرىدىن يىرگىنىپ پەيلىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىدىن قورقۇپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە مەجبۇرىي كېلىپ قالغانلىقىمدىن ئەنسىرەپ ئولتۇراتتىم. لېكىن شۇ ھالىمدا كەلمەيمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك، قورقۇش، ئەنسىزلىك چىرماپ، بۇلارغا ئۇچراپ قالغىنىمغا پۇشايمان يېمەكتە ئىدىم.

شورپىنى ئىچىپ بولۇپ ياتماقچى بولدۇق. مەن قاتتىق ئەنسىزلىككە چۈشتۈم. «بۇگۈن كېچە قانداق ئۆتەر، نېمە ئىشلارنى كۆرەرمەن؟ ھازىرقى جىمجىتلىق، تۈزۈك مۇئامىلىلەرگە قانداق شۇملۇق، كۆڭلى قارىلىق، زورلۇقلار يوشۇرۇنغاندۇ؟ تۇردىخان ئىسىملىك مۇنۇ خوتۇن زورلۇقلارغا ئۇچراپ قالسام ماڭا خەيرخاھلىق قىلارمۇ ياكى چاۋاك چالارمۇ؟ ئۇ ئۆزىمۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ كۆرۈۋاتقان كۈنىدىن رازىمىدۇ؟ قارا بۇرۇتلۇقنىڭ گېپىنى ھەممىسى ئاڭلايدىكەن، ئۇ مېنى بۇ يەرگە ئىچى ئاغرىپ ئەكەلگەنمىدۇ ياكى نىيىتىنى بۇزۇپ خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئەكەلگەنمىدۇ؟ ۋە ياكى تەلەتىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان مۇنۇ ئۈچىنىڭ بىرىگە تاشلاپ بېرەمدىغاندۇ؟...» خىيال-

لىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى ۋە ئۆز خىياللىرىمدىن ئۆزۈم قور-قۇپ كەتتىم .

بىردەملىك پاراڭدىن كېيىن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى . مەن تۇردىخان بىلەن مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ قالدىم ، خۇدايا شۈكۈر ، ھازىرچە ئىشلار مەن ئويلىغاندىن ياخشى كېتىۋاتىدۇ . بۇ سىرلىق تاغ ئىچى ئاندا - ساندا تىۋىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا جىمجىتلىققا چۆكتى ، ئەمما مەن سەگەك ياتماقتا ئىدىم . ئاياغ تىۋىشلىرى بېسىلىپ خېلى ئۆتكەندىن كېيىن مەندىن سورىدى :

— پاراڭلاشقاچ ياتايلى ، ئىسمىڭ نېمە ؟

— گۈلنىسا .

— ئۆزۈڭدەك ئىسمىڭمۇ چىرايلىقكەن ، خوش ، گۈلنىسا . بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ، ھەيران قېلىۋاتىمەن ، يا سېنىمۇ ئاۋۋت شەيتان بۇلاپ كەلدىمۇ ؟

— ئاۋۋت شەيتان قايسىسى ؟

— تېخى بىلمىدىڭما ، ئاشۇ قارا بۇرۇتلۇق قاملاشقان يىگىت شۇ .

— ھە ، مۇنداق دەڭ .

— ئۇنى نېمىشقا «ئاۋۋت شەيتان» دەيدۇ بىلەمسەن ؟

— مەن نەدىن بىلەي ، تېخى بايىلا كۆردۈم .

— بىلمىسەڭ بىلىپ قوي ، ئۇچۇ قارا ، بارغانلا يەردە بىر بالا تېرىيدۇ ، يايلار تۇتقىلى كەلسە ، ھېلى بار ئادەم شۇئانلا يوقاپ كېتىدۇ . شۇڭا ئۇنى «ئاۋۋت شەيتان» دەيدۇ . ئەمما ئاڭلىساڭ خۇش بولىسەن ، يايى - ئەمەلدارلارنىڭ ، باي - بەگ-لەرنىڭ بەك ئەدىپىنى بېرىدۇ ئۇ ، تۇتاي دېسىلا يوقاپ كېتىدۇ . شۇڭا خەقلەر : «ئۇنىڭ سۇلايمان قالپىقى بار ئىكەن ، يايى - چاپارمەنلەر ئۇنى تۇتقىلى كەلسە ، شۇئانلا سۇلايمان قالپىقىنى كىيىدىكەن - دە ، كۆزدىن يىتىدىكەن» دەيدۇ . خوش ، بۇ گەپ-لەرنى قويۇپ تۇرايلى ، ئۆزۈڭ كىمسەن ، كىمنىڭ بالىۋاقىسى

سەن ، قانداق شامالىلار سىنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى ، مىسـ-
كىن كۆرۈنسەن ، قېنى سۆزلىگىنە ؟

— سىز ئۆزىڭىز كىم بولسىز ، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ
قالدىڭىز ، ئاۋۋال شۇنى ئۇقاي ، ئاندىن مەنمۇ سۆزلەپ بېرىمەن .

— بولىدۇ ، سۆزلەپ بېرەي ، سىنىڭدەك ئايال زاتىدىن
بولغان مۇڭداشنىڭ كېلىپ قالغانلىقىغا مەن بەك خۇش .

تۇردىخاننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، ئۇ ئەسلىدە سەھرادا بىر
نامرات دېھقاننىڭ قىزى ئىكەن . ئۇ ئون بەش ياشقا كىر-
گەندە هال - ئوقىتى ياخشى يىگىرمە ياشلىق بىر يىگىتكە تېگىپ-
تۇ . بەش يىل ئۆي تۇتۇپ تۇغماپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرى
قاتتىق كۆنلەمچى ئىكەن . ئۇ تۇغمىغانسېرى ئېرىنىڭ كۆنچىلىكى
كۈچىيىشكە باشلاپتۇ . ئۇ ئۆزىمۇ شوخ ، ئەر ھىدىنى ئالسىلا
ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئەرلەرگە تەلپۈنۈپ - ئىنتىلىپ تۇرىدى-
غان قىز ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ئېرىگە خىيانەت قىلماپتۇ .
ئەمما كۆنلەيدىغانلار باھانە - سەۋەب ئىزدەپ يۈرمەيدىكەن . ئۇن-
داق ئادەمنىڭ گۇمانىنى راست قىلىپ كۆرسىتىدىغان ، پەقەت
ئۆزىلا بىلىدىغان سىرلىق بىر ئەينىكى بولىدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن
يوق ئىش ، گۇمان راستقا ئايلىنىدىكەن ، بۇ بىر كېسەلكەن .
«مۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئادەم ھېچنېمىدىن ھېچنېمە
يوق سەۋەبسىزلا كۆنلەپ ئادەمنىڭ ئارامىنى قويمايدۇ ،— دېدى
ئۇ ،— ئۇنداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن دائىملا خۇدۇكلىنىش ئۆر-
لەپ تۇرىدۇ . » تۇردىخان ئورۇنسىز كۆنلەشنىڭ تىل - ئاھانىتى-
نى كۆپ ئىشتىپ ، تايىقىنى كۆپ يەپتۇ . ئاخىر بولالماي ئۇنىڭ-
دىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ . كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ سەھرادىكى
ئاتمىش بەش ياشلىق سۇلايمان بەگ دېگەن ئادەمگە تۆتىنچى خوتۇن-
لۇققا تېگىپتۇ . «بوپتىلا ، كەمبەغەللىكنىڭ ، تىل - ئاھانەتنىڭ
دەردىنى تارتقۇچە قېرى بولسىمۇ راھىتىنى كۆرەرمەن» دەپ
ئويلاپتۇ . لېكىن قېرى ئادەمنىڭ ھەۋىسى بولغان بىلەن كۈچ -

مادارى بولمايدىكەن . كۈنلەمچى ، تاياقچى بولسىمۇ بۇرۇنقى ئېرى ياخشىكەن ، كۆڭلىنى خۇش قىلاتتىكەن ، ئۇنى سېغىنىپ يۈرۈپتۇ . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئاۋۇت شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە ، سۇلايمانبەگ شەھەرگە كەتكەن بىر كېچىسى ئۇ ھويلىدا ئۇخلاۋاتقان چېغىدا ئاۋۇت شەيتان تۇيدۇرماي ھويلىغا چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى تېڭىپ ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ مۇشۇ يەرگە — تاقىر تاغ ئىچىگە ئەكەپتۇ . دەسلەپ ئۇ يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپتۇ . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ ياۋايىلارچە تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قاپتۇ . ئۇ ھازىر مۇشۇ تۆت ئەرگە تەڭ خوتۇن بولۇپ ، قايسىسى ئۇدۇل كەلسە شۇنىڭ بىلەن يېتىۋېرىدىكەن .

— شۇنداق قىلسىڭىز ئاۋۇت شەيتان مەيلى دېدىمۇ ، ئۇلارغا خاپا بولمىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ ، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ .

— دەسلەپتە ئۆزى خوتۇن قىلىپ يۈردى ھەم مېنى قالتىس ئەتىۋارلىدى ، كېيىنرەك باشقىلىرى چاقچاق قىلسا ، سۆركەلسە ، بېرىپ - بېرىپ چېقىلسا گەپ قىلمايدىغان ، كۆرگەنلىرىنى كۆرمەسكە سالىدىغان بولدى ھەم ئۆزىمۇ يېقىن كەلمەيدىغان بولۇۋالدى . مەنمۇ مەيلى دېدىم ، قانداق قىلىمەن ، بۇ تاغ ئىچىدە كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان يەنە نېمەم بار ؟ !

ئۇ سۆزىنى تۈگەتتى ، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەنىدى ، تاڭ ئاتقاندا سۆزلەپ بېرەي دېسەم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى . مەنمۇ ۋەدەم بويىچە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ چىقتىم ۋە ئاخىرىدا بېشىمغا كەلگەن قىسمەتلەردىن قاقشاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپمۇ كەتتىم .

— ئاۋۇت شەيتان ھەم رەھىمدىل ، ھەم كۆڭلى قارا نەرسە ، ئۇ ھازىر مېنىڭدىن زېرىكتى ، مانا بۈگۈن سېنى ئەكەپتۇ ، ئەمدى سېنى خوتۇن قىلىدۇ .

— نېمە دەيدىغانسىز ،— كۆڭلۈمگە چۈشكەن ۋەھىمىدىن قورقۇپ كەتتىم ،— ئۇنى ماڭا پاناھلانغۇدەك جاي تېپىپ بېرىدۇ ، دەپ ئويلاپتىمەن .

— مۇشۇ يەرگە ئەكەلگىنى — پاناھلانغۇدەك جايغا ئەكەلگىنى ، بېشىڭغا كەلگەن بۇ قىسمەتتىن ئەمدى قۇتۇلالمايسەن ، ئاۋۇت شەيتانغا ئۇچراپ قالغىنىڭ ھەم ياخشى بوپتۇ ، ھەم يامان بوپتۇ . ياخشى بوپتۇ دېگىنىم ، قوغلاپ چىققان يايىلار سېنى تۇتماي قويمايتتى ، تۇتۇۋالغاندىكىن ، ئاغزىدا چىشى قالمىغان ئامبالغا خوتۇن بولاتتىڭ ، ئۆمرۈڭ خازان بولاتتى . ئاۋۇتقا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپسەن . يامان بوپتۇ دېگىنىم ، سۆيگەن ئادىمىڭدىن ئايرىلىپسەن ، ئاۋۇت ئەمدى سېنى ئۇنىمىغىنىڭغا قويماي خوتۇن قىلىدۇ . مەيلىڭنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىمايدۇ . ئۆزىمۇ بۇدا قىزدىن بىرنى ئەكەلمىسەم ، دەپ يۈرەتتى . ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ ھەم قىلالايدۇ . نادانكەنسەن ، قايسى قىز كۆڭلىدىكى يىگىتىگە ئېرىشكەن ؟ بۇ دۇنيا شۇنداق بىۋاپا دۇنيا . ئاستا - ئاستا ئاۋۇتقىمۇ كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالىدۇ ، بۇ يەرگىمۇ ئۆگىنىپ قالىسەن ، مەنمۇ يىغلاپ - قاقشاپ ئاخىرى ئۆگىنىپ قالدىمغۇ . ئەمدى كۆرىسەن ، ئاۋۇت سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ . بۇ باش - ئۇچى كۆرۈنمەيدىغان چۆللۈكتە نەگىمۇ بارالايسەن ، كۆزۈڭمۇ كۆرگەندۇ ، قاچساڭ بىردەمدىلا تۇتۇلىسەن ، تۇتۇلدۇڭ دېگەن سۆز — تاياقتا ئۆلدۇڭ دېگەن سۆز . ئۇخلا ئەمدى ، پايدىسى يوق خىياللارنى قىلىۋەرسەڭ ئاغرىپ قالىسەن ، بۇ دەشت - باياۋاندا ئاغرىپ يېتىپ قالساڭ ، ئاۋۇت ئەپچىقىپ تاشلىۋېتىشتىن يانمايدۇ ، قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولىسەن ، ئاۋۇت سەندەك چىرايلىقتىن يەنە بىرنى ئەكېلىدۇ . «ئوغرىغا مال كەممۇ ؟» دېگەنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ ، ئۇخلا ئەمدى .

تۇردىخان ئۇخلاپ كەتتى ، ئۇيقۇسى قاتتىقكەن ، تالاغا چىقىپ كىرگىنىنىمۇ تۇيمىدى . ماڭا تىترەك ۋە يىغا ياماشقىلى

تۇردى . ئىچىنىشلىق تەقدىرىم ئۈچۈن ، بىچارە يالغۇز قالغان دادام ئۈچۈن ، جۇرئەتلىك ، ئاق كۆڭۈل تەۋەككۈل ئۈچۈن يىغ-لىدىم . كۆز يېشىم-دىن سام-ان ياستۇقمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى . ئارزۇ - ئارمان دېگەن پەقەت خىيالدىكىلا نەرسىكەن ، مۇنۇ خوتۇن توغرا ئېيتىدۇ : قايسى قىز كۆڭلىدىكى سۆيگەن ئادىمىگە ئېرىشكەن ؟ !

قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن ، ئەتىسى كۆ-زۈمنى ئاچسام ئۆي يورۇپ قاپتۇ . يېنىمدا ياتقان تۇردىخانمۇ يوق . ئاستا تالاغا چىقتىم . ئاخشام كېچىدە كەلگەچكىمۇ ھېچنې-مىنى كۆرمەپتىكەنمەن ، بۇ يەر ئاندا - ساندا چۆپ ئۆسكەن تاقىر تاغ ئىكەن . ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرسى تاشلىق ساي بولۇپ ، ئىككى - ئۈچ بۇلاقنىڭ سۈيىچىلىك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئېقىن ۋە ئۇنىڭ بويىدا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۈچ - تۆت ئېغىز پاكار ئۆي بار ئىكەن . سۇ بويىغا بېرىپ يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ بىردەم ئولتۇردۇم . ئاۋۇت شەيتان بىلەن تۇردىخاندىن باشقا ھېچ-كىم كۆرۈنمەيتتى . قالغانلار مەن تۇرماستىن بۇرۇن بىر ياققا كېتىپ قالغان بولسا كېرەك . تۇردىخان بىز ياتقان ئۆيدىن چى-قىپ مېنى چاقىردى . كىرسەم چاي تەييار ئىكەن . ئاۋۇت شەيتان ماڭا قاراپ قويدى - دە ، ئاخشام ئېلىپ قويغان بىر پارچە مايلىق گۆشنى بەكىسى بىلەن توغراشقا باشلىدى . چاي ئىچىلىپ بولغۇچە ھېچقايسىمىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدۇق . چايدىن كېيىن تۇر-دىخان تالاغا چىقىپ كەتتى .

— خوش ، ئەمدى گەپ قىل ، بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلە ،— دېدى ئاۋۇت شەيتان مايلاشقان قولىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا سۈركەپ ، — تۇنۇگۈن نېمە ئادەمسەن دېسەم ، بۇ ئۇزۇن ۋەقە ، ھازىر سۆزلىگۈدەك مادارىم يوق ، دېۋىدىڭ ، قېنى ئەمدى سۆزلە ، ئاڭلاپ باقاي .

ئۇنىڭ سورىغىنىمۇ ياخشى بولدى . «ئاخشام تۇردىخانغا

سۆزلىگەنلىرىمنى تولۇقلاپ ، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق قىلىپ سۆز-لەپ بېرەي ، ماڭا ئىچى ئاغرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، ئاخشام تۇردىخان ھەدەم بۇنى رەھىمدىل ئادەم دېگەن ئىدىغۇ » دەپ ئويلى-دىم ـ دە ، سۆزگە كىرىشتىم . ئۆزۈمنىڭ سۆزلىگەنلىرىمدىن ئۆزۈم تەسىرلىنىپ ، يەنە يىغلاپمۇ كەتتىم . ئۇنىڭدىن ماڭا خۇدا يولىدا ياخشىلىق قىلىشنى ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە تەۋەككۇل-نىڭ روھىغا سادىق بولىدىغانلىقىمنى ، بىچارە دادامنىڭ ياخشى قىزى بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدىم ۋە ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قالار ، دېگەن ئۈمىدتە بولدۇم .

ئۇ بىرھازاغىچە «جىممىدە» ئولتۇرۇپ كەتتى . تۇردىخانغا دەپ قويغانمۇ قانداق ، ئۇ ئۆيگە يېنىپ كىرمىدى .

— مەن سېنى ئامىبالىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدۇرۇپ قالدىم ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ تاماكا يۆگەپ ،— ئەمدى ئامبال-نىڭ قولى بۇ يەرگە يەتمەيدۇ ، سەن پاناھلانغۇدەك جاي مۇشۇ ، خاتىرجەم ياشايسەن . ئېرىڭ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . خۇدا ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن ، سۇدا ئۆلگەن ئادەم شېھىت كېتىدۇ ، ئۆتكەن ئۆتتى ، پۈتتى ۋەسساللام . ئەمدى ماڭا خوتۇن بول ، ساڭا بۇنىڭ-دىن باشقا يول يوق .

تۇردىخان ھەدەمنىڭ دېگىنى راست چىقتى . «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى . بۇنىڭ رەھىمدىل ئادەملىكى مۇشۇمۇ ـ ھە !

— ئۇچرىغانلا ئادەمگە خوتۇن بولسام ، مەن قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن ، مېنىڭ ئادەملىكىم نەدە قالىدۇ ؟

— سېنىڭ ئادەملىكىڭ مۇشۇ تاغ ئىچىدە قالىدۇ ، قېنى ئېيتقىنە ، سەن بۇ يەردىن كېتىپ نەگە بارالايسەن ، ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭغۇ ، يايلار سېنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ ، بىر قاداق ئالتۇن كىمنىڭ كۆزىنى قىزارتمايدۇ ؟ يا ئامبالغا خوتۇن بولغۇڭ بارمۇ ؟

— ئامبالغا ؟ ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنى ۋىجدانىم كۆتۈرمەي مۇشۇ ئاقمۇەتلەرگە قېلىۋاتقان قىزمەن !

— سەن خوتۇن، خوتۇنلۇقىڭنى ئۇنتۇپ قالما، بىلىپ قوي، خوتۇنلار ئەرلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن يارالغان.

گۈلنىسا مىيىقىدا كۈلدى:

— بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى، ئاۋۇت ئاكا، خوتۇنلارنىڭ كۆڭلى، خالىشى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى يوقمۇ؟

— خوتۇنلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بار، بۇ قانداق قىلسام ئېرىمنىڭ كۆڭلىنى ئالارمەن، دېگەن ئارزۇ - ئىستەكلەر.

— مەن سىزگە خوتۇن بولۇشنى خالىمىسام قانداق قىلىسىز؟

— خالىساڭ چىرايلىقچە ئالىمەن، خالىمىساڭ مەجبۇرىي ئالىمەن.

— مەن تۇردىخان ھەدەمدىن ياخشى گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزنى ئاق - قارىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن، دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەپسۇس سىز ئۇنداق ئادەم ئەمەسكەنسىز… ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم باشقىلارنى كەمسىتىشتىن خالىي بولالمايدۇ، دېگەن دانالارنىڭ گېپى قالتىس توغرىكەن.

— ماڭا تولا گەپ ساتما، خېلى ئوقۇغان نېمىدەك قىلىسەن، سەن شۇنى بىلىپ قوي، سېنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويمايمەن.

بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم ئىمىر - چىمىر قىلىپ، يەر ئاسمانغا، ئاسمان يەرگە چۈشۈۋاتقاندەك بولۇپ، بوغۇزۇمغا قاتتىق بىر نەرسە تۇرۇلۇپ قالغاندەك قاتتىق قىينالدىم. «ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈش بۇنىڭ بىساتىدىن تېپىلمايدىكەن - دە! ئىست - ئىست، كۆرگۈلۈكنى ئەمدى كۆرىدىكەنمەن… بىچارىلەرگە، مەندەك ئاجىزلارغا ھامان ياردەم قىلىدىغانلار چىقىپ قالار» دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمما خاتا ئويلاپتىمەن. «توختا، ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىپ باقاي، گېپىم قاتتىق كېتىپ، مېنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ كەتسىمۇ مەيلى» دېگەن نىيەتكە كەلدىم:

— ئادەمدىن مەجبۇرىي سۆيگۈ تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، كۆڭلى يوق ئادەمدىن قانچىلىك لەززەت ئالالايسىز؟ ئىككى ئادەمنىڭ بىرلىشىشى ئىختىيارلىقتىن، ئىككى ئادەمدە يانغان پاك، چىن سۆيگۈدىن تۇغۇلىدۇ. بۇنى چۈشەنمىگەن ئادەم هايۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئامالسىز قالغانلارغا ئىچ ئاغرىتىش، شەپقەت قىلىش يوقمۇ؟ مېنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتەمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلسىڭىز سىزنى قانداق ئادەم دېگىلى بولىدۇ؟

تاغۇتاشلارغا ئۇرۇلغان قۇرغاق شامالنىڭ شىۋىرلىشىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇق كېلىپ تۇراتتى. ئەمما ئاۋۇت شەيتان تۇردىخان ھەدەمگە: «مەجبۇرىي بويسۇنۇشتىن، ئىختىيارىي بويسۇنۇشنىڭ لەززىتى چەكسىز بولىدۇ» دېگەنىكەن. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ قالدىمۇ، ماڭا يەر ئاستىدىن يېلىنغاندەك قاراپ قويدى. لېكىن ئاۋازىنىڭ گۈرۈلدەپ چىقىشىدىن ئۇنىداق ھالەت سېزىلمىدى.

— مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ئويلىماي، ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەملىكىڭنى ئويلا، — دېدى ئۇ ماڭا قارىماي گەپ باشلاپ، — ھېچكىم ماڭا قارشى چىقمىغان يەردە، سەن قانداقلارچە قارشى چىقىۋاتىسەن - ھە؟ ھەممىسى ماڭا بويسۇنغان، سەنمۇ بەرىبىر بويسۇنىسەن، بويسۇنمايمۇ ئىلاجىڭ يوق!

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سۇس كۈلۈپ قويدۇم.

— ھامىنى بىر ئۆلۈم، قېرىغىمۇ، ياشقىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈم بار. مەن ئۆلۈم، زوراۋانلىق ئالدىدا قورقۇپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس. ھېلى ئېيتقان سۆزىمىزگە كېلەيلى، بويسۇنۇش ئىككى تۈرلۈك سەۋەبتىن بولىدۇ: بىرى، سىزنىڭ زوراۋانلىقىڭىزدىن قورقۇپ بويسۇنىدۇ؛ يەنە بىرى، ئالدىنىپ بويسۇنىدۇ، مۇنۇلار سىزنىڭ زوراۋانلىقىڭىزدىن قورقۇپ ئەگىشىپ يۈرگەنلەر.

— جۆيلۇمە ، بۇلار مېنىڭ باتۇرلۇقۇمغا قايىل بولۇپ ئەگەشىپ يۈرگەنلەر ، گېپىم بار ، دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەشتىن ھەزەر قىل .

— سىز باتۇرمۇ ؟… شۇنداقمۇ دەيلى ، ئۇنداق بولسا باتۇرلۇقىڭىز بىلەن يۇقىرىلارغا قانچىلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭىز… مانا پەرھات باتۇر — چىدامىلىقى ، ئەمگىكى بىلەن تاغلارنى يۆتكەپ ، يۇقىرىلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ تەشنالىقىنى قاندۇردى . ئەگەر باتۇر بولسىڭىز ، باتۇرلۇقىڭىزنى ھالسىز بىچارىلەرگە ئىشلەتمەي ، زالىم ئەمەلدار ، بەگلەرنى يوقىتىپ بېقىڭا قېنى ؟ شۇنداق قىلالىسىڭىز خەلق سىزنى باتۇر دەيدۇ . سىزنىڭ زالىم ئەمەلدار ، بەگلەردىن قانداق پەرقىڭىز بار ؟ ! يەنە تېخى خوتۇنلارنىمۇ بۇلاپ كېلىۋاتىسىز…

— نېمە دەۋاتىسەن ، بۇلاپ كەلسەم ئۇلار كەتمەي بۇ يەردە تۇراتتىمۇ ، مېنى ياخشى كۆرگەچكە تۇرۇۋاتىدۇ .

— ياخشى كۆرۈش ؟… — مەن مەسخىرىلىك كۈلدۈم ، — چۇجىنىڭ سارنى ياخشى كۆرگىنى نەدە بار ، تۇردىخان ھەدەم سىزنى ياخشى كۆرگەن بولسا نېمىشقا چىرايى سېرىق ، مىسكىن ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك ياندى ، بۇرۇتلىرى تىكەنلەشتى ، گۆرەنلىرى كۆپتى ۋە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ شۇنداق دېدى :

— ۋۇي ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نائەھلى ! مەن بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن . بولمىسا ، بۇ چۆللۈكتە قانداق ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ قويدۇڭمۇ ؟ ماڭا خوتۇن بولۇش سېنىڭ بەختىڭ ! ياخشىلىقچە ئېيتىپ قوياي ، ماڭا بەرىبىر خوتۇن بولىسەن ، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا خىيالچانلىق ئەكس ئەتتى ، — ئوبدانىراق ئويلاپ باق !

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ئۆيدىن گۆرسۇلدەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ شۇ مېڭىشىدا ئاچچىق - غەزەپ ، ئەمما ئۆزىنى

تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ ئويلىنىپ قالغانلىقىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى .
پۇت - قوللىرىم لاسسىدە بوشاپ ئىككى پۇكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . تۇردىخان ھەدەم كىردى . ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىمۇ ياكى ئاچچىقلىنىشىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بىر ھالەتتە قاراپ قويدى ، لېكىن گەپ قىلمىدى . شۇمشىيىپ قانچىلىك ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن . خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تالاغا چىقتىم . قارىسام ، ئاۋۇتنىڭ ئىتى يوق تۇرىدۇ . «ئۇنى بىر ياققا كەتكەن ئوخشايدۇ !» دەپ ئويلاپ ئالدىمدىكى تاغقا قاراپ ماڭدىم ۋە تاغقا يامىشىپ ئۆرلەشكە باشلىدىم . تاقىر تاغقا چىقىش خەتەرلىك بولسىمۇ ، يامىشىپ ئۆرلەۋەردىم . تاغنىڭ قاپ بېلىگىچە چىقىپ قاپتىمەن . تۇردىخان ھەدەمنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى :

— چۈشۈپ كەت ، خەتەرلىك ، بىر ئات ئاشۇ يەردىن غۇلاپ كېتىپ ئۆلگەن... ، — ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ توختىماي ۋارقىرايتتى ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ يامىشىۋەردىم . ئۆلسەم ئۆلەي ، ئامبالدىن قۇتۇلۇپ ، بۇ ياۋۇز شەيتانغا تۇتۇلدۇم ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرگەندىن ئۆلگىنىم ياخشى .

— چۈش دەيمەن ، غۇلاپ كەتسەڭ ئاۋۇت شەيتان مېنى ياخشى قارىماپسەن ، دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . قارا ، بېشىڭدىكى قارا بۇلۇتلارغا يامغۇر يېغىپ كەتسە ئۆلگىنىڭ شۇ ، ئۇنداق قىلما جېنىم ئۇكام ، مېنىمۇ ئويلاپ قوي...

ئۇنىڭ گېپى مېنى ئۆرلەشتىن توختىتىپ قويدى . تاغدىن چۈشمەك چىقىشتىنمۇ تەس ئىكەن . ئۆيگە كىرمەي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم . چايغىمۇ كىرمىدىم ، ئاشۇ خەتەرلىك تاغدىن غۇلاپ چۈشمىگىنىمگە ئۆكۈنەتتىم . ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپقى سىپلىنغان بۇلۇتلار باش ئۈستۈمدە قوتراپ يۈرەتتى . مېنىڭ كۆڭلۈممۇ مۇشۇ بۇلۇتلاردەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى . بىر چاغدا ھاۋا تۇيۇقسىزلا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ كەتتى ھەم گۈلدۈرلەش خېلىغىچە توختىمىدى . «خۇدايىم نالە - پىغانلىرىمنى گۈلدۈرلە-

تىپ ئاسمان قەرىگە تارقىتىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇ چېقىلغان بولۇپ بېشىمغىلا چۈشسە بولاتتى» دەپ تىلىدىم. لېكىن قانچە تىلىسەمۇ بېشىمغا چاقماق چۈشمىدى، چۈشمىۋېدى، كۆزۈمدىن ئاچچىق-ئاچچىق ياشلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. كۆز ياشلىرىم يامغۇر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلدى-دە، زېمىنغا سىڭىپ كەتتى.

كەچ كىرىپ ئۇلار كېلىشكە باشلىدى. ئاۋۋۇت شەيتان ماڭا قاراپمۇ قويماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تۇردىخان ھەدەم ئۆيدىن چىقىپ مېنى چاقىردى:

— يامغۇر شۇنچە قاتتىق يېغىۋاتسا ئۆيگە كىرمەي نېمە تۇرىسەن؟ كەل، تاماق يە،— ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئىشىك يېنىغا كېلىشىمگە ئاۋۋۇت شەيتاننىڭ تۇردىخان ھەدەمگە دېگەن مۇنۇ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا ئوبدان نەسىھەت قىلىپ قوي، تەتۈرلۈك قىلمىسۇن، كۆڭلىنى چىرايلىقچە ماڭا بەرسۇن، بەردىبىر كېتەلمەيدۇ، كەتسە، ئامبالنىڭ يايلىرىغا تۇتۇلىدۇ، ئامبالنىڭ چاڭگىلىغا چۈشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭمۇ بەزى گەپلىرى توغرا، كۆڭلى يوق ئادەمدىن ھۇزۇرلانغىلى، لەززەت ئالغىلى بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ. مەنمۇ ئادەم-دە، كۆڭلىنى بەرمىسە بولمايدۇ-دە…

ئۆيگە ئاستا كىردىم. جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا غىزالاندۇق. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرىمۇ، يېتىپ قالغاندىن كېيىنكى تۇردىخان ھەدەمنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. «پەيتنى تېپىپ قاچاي، قۇتۇلۇپ كەتسەم — بەختىم. تۇتۇلۇپ قالسام بىر ئامالىنى قىلىپ ئۆلۈۋالارمەن، تەۋەككۇلنىڭ يېنىغا كېتەرمەن» دېگەن خىيالدىن بىردەممۇ نېرى بولالمىدىم.

تۈن نىسپىدىن ئاشتى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسام

ئەمدى ئۆلگۈرەلمەيمەن . بەلكىم بۇ ئاخىرقى كېچە بولۇشى مۇم-
كىن . تۈيۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، بۈگۈندىن قالسام ئۇ مېنى بۆلغايدۇ
... ھازىر ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇدا . مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ
تالاغا چىقتىم . ھەممە ياق جىمجىت ، بەئەينى ئۆلۈم جىمجىتلىقى
ھۆكۈم سۈرمەكتە . ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، ئېتىمنىڭ چۇلۋۇ-
رىنى يەشتىم . يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ ، پۈتۈن بەدىنىمنى
ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى . ئاتقا مىندىم - دە ، ئاۋۋال ئاستا ،
بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ياۋىداق ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قاچ-
تىم . چۆلنىڭ سالقىن ، ئارامبەخش شاماللىرى بەدەنلىرىمگە
ھۇزۇر بېغىشلىدى . ئات ئۆزى يول تېپىپ ماڭماقتا ، ۋۇجۇدۇم-
دىن ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلار قوزغالماقتا . ئات ئۈستىدە
ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ، گويا قۇشلار شۇڭغۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا
كېلىپ قالدىم . قەيەرگە بارىمەن ؟ بىلمەيمەن . ئات ھارغان يەردە
توختارمەن .

سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ، تاڭ ئاتقاندا كەينىمدىن قوغلاپ كېلى-
ۋاتقانلار كۆرۈندى . ئاتنى دېۋىتتىم ، قېچىۋاتىمەن - قېچىۋاتى-
مەن ، ئۇلارمۇ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ - كېلىۋاتىدۇ . ئالدىمدا قو-
يۇق توغراقلىق كۆرۈندى . شۇ ياققا قاراپ چاپتىم . ئويلىمىغان
يەردىن قىيپاش ئالدىمدىن يەنە بىرنەچچە ئاتلىق كۆرۈندى . ئۇلار-
مۇ ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ ، ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەر يېقىنلاپ
قالغانىدى . پېشكەللىك ، بەختسىزلىك ماڭىلا كېلەمدۇ ، ئەمدى
بۇلاردىن قانداق قۇتۇلارمەن ؟... ئاھ ، خۇدا ، مەن تېخى ئېچىلمى-
غان غۇنچە ئىدىمغۇ ، مۇنۇ مەلئۇنلارنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدا دەس-
سىلىپ - چەيلىنىپ توزۇپ كېتىدىغان بولدۇم . مېنىڭ بەختىم-
نىڭ قارىلىقىغا يىغلىغانلارنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولىدىغان
بولدى . ئەي ، خۇدا ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ، ماڭا قانات بەرسەڭ
ئاسمانغا چىقىپ كەتسەم ، مۇشۇ ياۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇل-
سام نېمە بولار ! مېنى يىلپىزغا ئايلاندۇرۇپ قويساڭ تىرىك

جانىنىڭ ھەرقاندىقى ، قوغلاپ كېلىۋاتقان ئۇچقۇر ئاتلىقلارمۇ يې-
تىشەلمەي قالاتتى ئەمەسمۇ ! ھەسرەتلىرىم ، ئاھۇپىغانلىرىم مۇ-
شۇ بىۋاپا دۇنيا زېمىنىدا قالسا ، بەگلەر كۆڭلى قارا مەلئۇنلار
زامانىدا قالسىدى ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مەلئۇنلارنىڭ
بېشىغا چاقماق بولۇپ چۈشسىدى... ئەي ، خۇدا ، مۇشۇ پايانسىز
توغراقلىقلارغا ئوت قويۇۋەتسەڭ مەنمۇ مۇشۇ ئادەم سىياقىدىكى
ۋەھشىيلەر بىلەن بىللە كۆيۈپ كېتەي . ھەممە ئازابلاردىن بىراقلا
قۇتۇلاي !

ئاتنى دېۋىتىپ قېچىۋاتىمەن ، دەل - دەرەخلەر ئوت -
چۆپلەر جۇرئىتىمگە خەيرلىك تىلەپ چاۋاك چېلىۋاتىدۇ ، قېچىد-
شىمنى ئالقىشلاپ توختىماي چاۋاك چېلىۋاتىدۇ ؛

باش ئۈستۈمدە بىر توپ قۇشلار چۇرۇقلىشىپ مەن بىلەن
تەڭ ئۇچۇۋاتىدۇ ، ماڭا مەدەت - كۈچ بېرىۋاتىدۇ ؛

ئىككى يېنىمدا ئۇچقۇر كېيىكلەر پەيدا بولۇپ ، مەن بىلەن
بىللە چېپىشىۋاتىدۇ ، ماڭا يول باشلاۋاتقاندەك جاسارەت بېرىپ ،
مەندىن ئۇزاپ چېپىۋاتىدۇ ، ئېتىممۇ كېيىكلەرنىڭ ئىزىدىن قال-
ماي چېپىۋاتىدۇ .

ئۆزۈمنى بىلىپ - بىلمەي چۇقان سالدىم :

— قوينۇڭغا ئال مېنى ، توغراقلىق ! ئېتىلىۋەتمەي باغرىڭ-
غا سىڭدۈرۈۋال ، ياش خېنىم خازان بولۇپ كەتمىسۇن ، رەھمى
كېلىپ خۇدانىڭمۇ ماڭا ئىچى ئاغرىۋاتقاندۇ ، ئاھ ، ئىگەم ! قۇدرى-
تىڭدىن ئايلىناي...

مېنى قوغلىغانلار يېقىنلاپ قالدى ، ئاز قالدى ، ئاھ ، قانداق
قىلارمەن ، ئەي ، كاج پەلەك ! دەھشەتلىك قىسمەتلىرىڭ سايىسى-
نى بېشىمغا چۈشۈرۈپ بولدۇڭ . ئۇ رەھىمسىزلەرچە مېنى ئىل-
كىگە ئالدى ، ھە ، ئەمدى بىلدىم ، تەۋەككۇل ئىككىمىزنى بىز
ياشاۋاتقان بۇ زامان ئەسلىدىنلا قوينىغا سىغدۇرمىغانىكەن ، بىزنى
يالماپ يۇتۇۋەتمەكچى ئىكەن ، شۇڭا بىزنىڭ ئارمانلىرىمىز قانات

چىقىرالماي ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا خۇددى ئوۋچى ئوۋلىغان قۇشتەك پۇلاڭلاپ چۇشۇپتۇق .

ئاھۇزارىمغا ، ئىچىمنىشلىق نالەمگە خۇدانىڭ ئىچى ئاغرىدى-مۇ ، ئەتراپىمنى بىردىنلا ئاپئاق تۇمان قاپلاپ كەتتى - دە ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا توغراقلار ئارىسىدىكى بىر تۈپ توغراققا — توغراق قىزغا ئايلىنىپ قېتىپ قالدىم .

ھەر ئىككى تەرەپتىن قوغلاپ كەلگەنلەر (ئاۋۇت شەيتانلار-مۇ ، يايىلارمۇ ) داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى .

ئاپئاق تۇماننىڭ چەت - چۆرىلىرى قان رەڭگىگە كىرىپ ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ سېھىرلىك شولىلار جىلۋىلىنىپ ، ھېلىلا قىيقاس - چۇقان ۋەھىمىلىرى بىلەن قاپلانغان توغراقلىق بىر-دىنلا ئىغىر جىمجىتلىققا چۆكۈپ كەتتى .

— نەگە كەتتى - ھە··· ھېلىلا مەشەدە ئىدىغۇ ؟

— توۋا ، قانداق قىلىپ يوقاپ كەتتى ؟ ھېلىقى ئاق تۇمان يۇتۇۋەتتىمۇ - يا ؟

— ياق ، خۇدا ئاسمانغا ئەپچىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، قاراڭ-لار ، مانا ئىتى تۇرىدىغۇ···

چەكچىيىپ قېتىپ قالغانلار يېشىلمەس تۈگۈن ئىلكىدە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدى .

— ئەسلىي ئۇ خاسىيەتلىك قىز ئىكەن - دە ، خىزىرغا ئۇچراپتىكەن - دە !

— توۋا ، مۇنۇ كارامەتنى قاراڭلار ، ئالەم بىنا بولۇپ بىز مۇنداق كارامەتنى كۆرمىگەن .

— ئاڭلاپمۇ باقمىغان···

ئۇلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئەت-راپىغا ، بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى .

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

مەتسىدىقنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سۇ ئېلېكتر تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە مانا ھەش - پەش دېگۈچە بىر يېرىم ئايدىن ئاشتى. ئەمما تېخىچە خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىدى. ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كادىرلار ئىدارىسىغا زور ئىشەنچ - ئۈمىد بىلەن بارىدۇ، بىراق ئۈمىدسىزلىنىپ - سولىشىپ يانىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كەتمىگەن. «بىر ھەپتە دەم ئېلىپ كېلىڭ، ئاڭغىچە بىز ئورۇن تېپىپ قويايلى» دېگەن. ئۇ خۇشال بولۇپ: «بىر ھەپتە ئەمەس، ئىككى ھەپتە بولسىمۇ مەيلىغۇ، ئورۇنلىشىۋالساملا بولمىدىمۇ» دەپ ئويلىغان. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بارغاندا: «بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرۇڭ، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر يولۇقۇپ تۇرارسىز، ھە، راست، ئۆزىڭىزمۇ قەيەرلەرگە ئادەم لازىم، ئىزدىگەچ تۇرۇڭ» دېگەندە، «مەن يېڭى كەلدىم، ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۇقمايمەن، ئاتا - ئانام دېھقان، ئۇلار تېخىمۇ ئۇقمايدۇ» دېدى. مانا ھازىر كادىرلار ئىدارىسىدىكى سىلىق گەپ قىلىدىغان، قاتاڭغۇر ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ يولۇقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن قۇلاققا خۇشياقىدىغان بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاڭلىمىدى. كىمدۇر بىرىنىڭ «قۇلاققا خۇشياقىدىغان گەپ يالغان بولىدۇ» دېگىنى توغرىمۇ نېمە!… بەزىلەر خىزمەتكە ئەجەب تېز ئورۇنلىشىپ كېتىدۇ، مەن نىمانداق كاج تەلەي،

ئوقۇشنى تۈگىتىپ كېلىپمۇ ئاتا ـ ئانامغا يەنە يۈك بولۇپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ كۆندە ئۆيگە سۆلتىيىپ خىجالەتچىلىك ئىلكىدە كىرىپ كېلىمەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئاتا ـ ئانام: «قانداق بولدى؟» دەپ سورايدىغان، ھازىر سورىماس بولدى، ھەي بىچارە جاپاكەشلەر مېنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئويلايدىغاندۇ... ئۇ تالاغا چىقىپ كوچا ئايلىنىپ، ئۆيگە كىرىپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ، غەمگە پېتىپ ئىچى تىتىلداپ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى. «مەنلا شۇنداقمۇ، قارىغىنە، تىرىكچىلىك كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىغا سەپسېلىپ قارىغىنا، ئۇلار نېمىدېگەن ھەسرەتلىك ـ مۇڭلۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە دەردلىك ئۇچقۇنلار پىلدىرلايدۇ، تاتىرىپ، شور ئۆرلەپ كەتكەن لەۋلىرى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ پىدچىرلايدۇ، پەرىشان يۈزلىرىدىن قايغۇ ـ ئەلەمى روشەن ھالدا بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تۇغۇلۇشتىنلا موھتاجلىق ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالمىز، دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى. شۇنداق، مەنمۇ ئويلىمىغان. ئۇلۇغ نىيەتلەرنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ شۇنچىلىك تىرىشىپ ئوقۇساممۇ ئۇنىڭ شاراپىتىنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىنىمۇ كۆرمىدىم. ئائىلەمنىڭ غېمىنى قىلىپ كىچىككىنە ئارزۇدا قالدىم. مانا شۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمەي، سانسىزلىغان ئادەملەردەك تەمتىرەپ، بەزىدە غەزەپتە يېنىپ، بەزىدە بوشىشىپ يۈرمەكتىمەن. يەنە نېمە قىسمەتلەرگە قالىمەن، قانداق تەقدىرگە گىرىپتار بولىمەن، بۇنىڭغا ھازىر بىرنېمە دېيىش تەس. مەكتەپتىكى چاغلاردا ئەلنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى قىلسام، ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭىلىقلارنى ياراتسام... مائاش ئېلىپ ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتەرمەن، بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلارمەن» دەپ ئويلىغان. ئۇنىڭ ئويلىرى ھازىر شامالدا توزۇغان مامكاپ گۈلىدەك توزۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئويلىغان

ئويلىرى قېنى؟... ئويلىغان ئارزۇلىرىنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ تۇرۇپمۇ، داۋانلارنى مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئېشىپ بولۇپمۇ مەنزىلگە يېتەلمىسە ئۇۋال ئەمەسمۇ... ئۇ ئوقۇشقا ئاز جاپا بىلەن كىردىمۇ، ئوقۇشنى ئاز جاپا بىلەن تۇگەتتىمۇ؟ «جاپا تارتماي، ھالاۋەت يوق» دەيدىغان، شۇنچە جاپالارنى تارتتى، ھالاۋەت قېنى؟ ھالاۋەتقۇ كۆرمىسۇن، كۇندىنى، ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى قەدىر - ئەھۋال ئۆتكۈزسىلا بولاتتىغۇ، ھازىر شۇنىڭغىمۇ قول يەتكۈزەلمەيۋاتىدۇ.

ئۇ ئوقۇشقا ئاز جاپا بىلەن كىرگىنى يوق، تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ ناھىيە ئىنتايىن نامرات ناھىيە ئىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئائىلە ئەھۋالى ئۇنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئون ئالتە ياشتىن ئېشىپلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇگەتتى - دە، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بەردى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىمتىھان سوئاللىرى ئاددىي چىقىرىلغان ئىكەن، ھېچقانچە قىينالمايلا ھەممە سوئاللارغا شارىلداپ تولۇق جاۋاب بېرىپتۇ.

مەتسىدىقنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى تەبەسسۇم ئورىدى. قىزلارنىڭكىدەك نېپىز لەۋلىرىگىمۇ، شالاڭ بولسىمۇ، قاپقارا كىرپىكلىرىگىمۇ، قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەندەك قىسقا قېشىغىمۇ، مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرىگىمۇ كۈلكە يۇگۈردى. مەھەللىسىمۇ، ئۆي - ھويلىلارمۇ ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىپ ئالقىش ياغدۇرىۋاتقاندەك يېقىملىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بولا ئەمەس، ئادەملەردىن باشقا نەرسىلەر — لىغزىدەك چوڭلۇقتىكى تەكشى ئۆسكەن سۇۋادان دەرەخلەرنىڭ، قۇچاق يەتمەيدىغان قارىياغاچلارنىڭ، مېۋىسى پىشماي تۇرۇپ ئۇششاق بالىلار ئۇزۇپ يەپ بولىدىغان جىگدىلەرنىڭ توپا - چاڭ باسقان يوپۇرماقلىرى قانداقتۇر يالتىراپ كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەتتا سايدە يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان

قېرى ئالا ئىتمۇ ئۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ ، قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ئەركىلىدى . ئېرىقتا شىرىقلاپ ئېقىۋاتقان سۇ شارقىراپ ئېقىۋاتقاندەك يالتىراق ئۇنچىلەرنى چاچرىتىپ خۇشاللىقىنى ئىپادە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىدى . ئۇ شۇنداق خۇشاللىقلارغا بۆلۈنۈپ قايىسىدۇ بىر كەسپىي مەكتەپنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى كۈتمەكتە ئىدى . شۇنداق تەقەززالىق ئىلكىدە تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇغان ، بىللە ئىمتىھان بەرگەن بىر قىزنىڭ قەشقەر تېببىي تېخنىكومىغا چاقىرتىلغانلىق قەغىزى كەلدى . ئۇ كادىرنىڭ قىزى ئىدى . مەتسىدىقنىڭ خۇشاللىقى تېخىمۇ ئاشتى . ئۇ قىز ئۆزىدىن تۆۋەنرەك دەرىجىدە ئوقۇيتتى . ئۇنىڭغا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق قەغىزى كەلگەن يەردە ئۆزىگە چوقۇم كېلىدىكەن . ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە بىر ئوغۇل بالىغا كەلدى . ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلىق سانائەت مەكتىپىدىن كەلگەنىدى . ئۇمۇ كادىرنىڭ بالىسى ئىدى . ئۇلار : «بىزگە كەلگەن يەردە ساڭا چوقۇم كېلىدۇ » دېيىشتى . بىراق ، شۇنىڭدىن كېيىن چاقىرتىش قەغەزى كېلىش ئېھتىمالى جىمىپ كەتتى . «ۋاھ ، بۇ قانداق گەپ ؟ ياخشى ئوقۇغان ، ياخشى ئىمتىھان بەرگەنلەرگە قارالمامدىكىنە ، — ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى ئۇ ، — ئىمتىھاندىن كېيىن ھېلىقى ئىككىسىنىڭ دادىلىرى ئۇرۇمچىگە كەتكەن ، باللىرىنى شۇلار ئۆتكۈزۈپ كەلدىمۇ - يا ؟… بوپتۇ ، بىزنىڭ قولىمىز نەگە يېتەتتى ، كادىرنىڭ بالىسى كادىر بولىدىغان ، دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدىغان گەپكەن - دە … »

مەتسىدىقنىڭ روھى چۈشۈپ ، جىمغۇر بولۇپ كەتتى . ئاتا - ئانىسى ، ھەدىسىنىڭ ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى ، تەسەللىگىمۇ سۆز تاپالماي قالدى . لېكىن تاپماي بولمايتتى . ئادەمنىڭ روھى چۈشكەن چاغلاردا ئۇ ئۆزى تەسەللىگە موھتاج بولمايدۇ ھەم ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ . تەسەل-

لى بېرىمەن دېگەن كىشى پەيتنى تېپىش كېرەك . ئەگەر مۇۋا-پىق ، دەل پەيتىنى تاپالىسا تەسەللى ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ . شۇنداق بولغان ، ئەرزىمىگەن ئىشلاردىن تەسەللى - نەسىھەتسىز قېلىپ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرغان .

— بالام ، — دېدى دادىسى بىر كۈنى ئوغلىغا پىلدىرلاپ قاراپ ، — «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن گەپ بار ، سەۋر قىل ، تېخى چاقىرىدىغان ئىشلار تۈگەپ كەتمىگەندۇ ، قەددىڭنى پۈكمە ، سەن بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئۈمىدى ، ئوبىدان ئويلان ، ئۆينىڭ چىرىغىنى پەقەت سەنلا ياندۇرۇپ قالىسەن ، ئۇقتۇڭمۇ ، بالام .

— شۇنداق ، دادا ، چاقىرتىش قەغىزى كەلسە كېلەر ، كەل-مىسە سەن بىلەن دېھقانچىلىق قىلىمەن ، — دېدى مەتسىدىق سۈس كۈلۈمسىرەپ ، — سەن داداڭ كۆرگەن كۈننى كۆرۈۋاتىد-سەن ، بەلكى داداڭمۇ دادىسى كۆرگەن كۈننى كۆرگەن بولغىيت-تى ، سەن كۆرگەن كۈننى كۆرسەم نېمە بوپتۇ ، تەلەيسىزلىك ، جاپا تارتىش بىزگە ئۇدۇم ، دادا .

بىراق ، ئاخىرقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاقىرتىش قەغىزى كەلدى . سۇ ئېلېكتر تېخنىكومىدىن كەلدى . ئەمما زارىقىپ كۈتكەن خۇشاللىق كۈن كەلگەن بولسىمۇ ، ئائىلىنىڭ بېشىغا كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر كۈن چۈشتى : تاماق پۇلىنى ئۆزى تۆلە-گەندىن باشقا ئوقۇش ھەققى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ سوم تاپشۇرۇش ، ئەگەر ئوقۇش ھەققىنى تاپشۇرالمىسا مەكتەپكىمۇ كەلمەسلىك كېرەك ئىكەن .

قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئەلۋەتتە ئوقۇشقا بارماي بولمايدۇ ، ئۇنداقتا ئۈچ مىڭ سوم پۇلنى نەدىن تاپىدۇ ؟

ئائىلىدىكىلەرنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . «يېتىم-نىڭ ئاغزى ئاشقا يەتسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەكلا ئىشقۇ بۇ ،

ئۇنداق قىلغۇچە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ئىمتىھانغا قاتناشماڭلار، بۇ مەكتەپلەرگە يېنىدا بەش - ئون مىڭ سوم پۇلى بارلار ھەم ئۆز - ئۆزىنى بەخۇدۇك بېقىپ كېتەلەيدىغانلار كىرەلەيدۇ، ھەقسىز ئوقۇتىدىغان، كىيىم - كېچەك، تاماق بېرىدىغان بەلگىلىمە - تۈزۈملەر ئاللىقاچان تۈگىگەن دېسە بولامدۇ! ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئىناۋىتى مانا مۇشۇنداق چاغدا بىلىنىدۇ. زۆرۈر بولغاندا يېنىڭدىن يۈز سوم چىقىرالىساڭ قەدىر - قىممىتىڭ، ئىناۋىتىڭ ئاشىدۇ، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ، يەرگە قاراپ قالمايسەن؛ ئەگەر چىقىرالمىساڭ قەدىر - قىممىتىڭ، ئىناۋىتىڭ يەرگە ئۇرۇلىدۇ، قەددىڭ پۈكۈلۈپ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىسەن. نەزىرىڭدە ئۆزۈڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالىسەن. تۇرمۇشتا بۇنىڭدىن ئېغىر ئىش بولماس.

مەتسىدىق ھويلىنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە بېغىغا كىرىپ، قېرى قوتۇر ئامۇت دەرىخىگە يۆلىنىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇ چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللىرىنىڭ باش - ئۇچىغا چىقالماي قىينالماقتا ئىدى. قولىدىكى يۇلۇۋالغان بىر تۇتام كوكات ئۆزى تۇيمىغان ھالدا مىجىلىپ - ئۇۋۇلۇپ يەرگە چۈشمەكتە ئىدى. چىرايى بىردە قىزىرىپ، بىردە تاتىرىپ ۋە بىردە كۆك بۇيىدەك كۆكىرمەكتە ئىدى: «دۇنيادا يوقسۇل ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىدىنمۇ ئارتۇق بىچارىلەر بولمىسا كېرەك، — بىردە غەزەپلىنىپ، بىردە مەيۈسلىنىپ پىچىرلاپ سۆزلىمەكتە ئىدى ئۇ، — ئاتا - ئانام ئۆمۈر بويى قارا يەرگە تەر تۆكۈپ كەلدى، شۇنداقتىمۇ، نامراتلىق - بىچارىلىقتىن قۇتۇلالمىدى. ھەممە نەرسىنى، ھەرقانداق قىيىن ئىشنى پەقەت پۇللا ھەل قىلىدىكەن، پۇلى بارلار ھېچنېمىدىن غەم تارتماي ئوقۇيدىكەن، پۇلى يوقلار تېخىمۇ بىچارە بولۇپ قالىدىكەن.

تېخى بايىلا ئۇ بۇ گەپنى دادىسىغا ئېيتقان ، دادىسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن :

— شۇنداق ، بالام ، بۇرۇنلاردا سىلەردەك ئوقۇشقا تەشنا باللارنى ھۆكۈمەت ئوقۇتاتتىكەن ، ئۇ چاغلاردا كادىر قىسكەن ، ھازىر جىقلاپ كەتتى . بۇ ھۆكۈمەتكە بېسىم بولدى . ھۆكۈمەتمۇ قانداق قىلىدۇ ، بۇنى چۈشەنمىسەك بولمايدۇ ، بالام . مەنغۇ ئوقۇ-مىغان ، مېنىڭ بىر ئاغىنەم شۇ چاغلاردا ئوقۇپ كېلىپ سۆزلەپ بەرمىگەن بولسا بىلمەيتتىم . بىزمۇ بۇنىڭ ئامالىنى قىلىپ قوي-دۇق . سىيىر بىلەن ئېشەك ھارۋىنى ساتساق سەنمۇ ئوقۇشقا بارالايدىكەنسەن .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، دادا ؟

— شۇنداق قىلماي ئامال يوق ، بالام .

— ياق ، بولدى ، ئوقۇشقا بارمايمەن .

— ئۇنداق دېمە ، بالام ، مۇنداق پۇرسەت ئاسان قولغا كەل-مەيدۇ . ئوقۇۋال ، بۇ جاپا - مۇشەققەت بىز بىلەنلا كەتسۇن ، سەن بولساڭمۇ ئاسانراق جان باقىدىغان ئىشنىڭ پېشىنى تۇت ، ئاز - ئازدىن بولسىمۇ ، بىر ئىلاج قىلىپ تاماق پۇلىنى ئەۋەتىپ تۇرارمىز .

بۇ ئائىلىدە ھازىر تۆت جان بار — ئاتا - ئانا ، مەتسىدىق ، ئۇنىڭ ئىنىسى مەتسېلىم . ئەسلى بەش جان ئىدى ، مەتسىدىق-نىڭ ھەدىسى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا توي قىلىپ چىقىپ كەتكەن . ئائىلىدە پۇلغا يارىغۇدەك دادىسى ئېيتقاندەك ئىككىلا نەرسە بار بولۇپ ، بىرى ، موزايلىق سىيىر ؛ يەنە بىرى ، ئېشەك ھارۋا . ئۇلار ھەر يىلى يەتتە - سەككىز ئاي سىيىرنىڭ سۈتىنى سېتىپ ، ئوقۇۋاتقان ئىككى بالىنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى قامداپ كېلىۋاتاتتى .

دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا ئېشەك ھارۋىدا جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ ئائىلىنىڭ قالايدىغان ئوتۇننى ھەل قىلسا ، يەنە

بىر تەرەپتىن ، مەھەللىدىن يىراق - يىراق يەرلەردىن ، ئېرىق ياقىلىرىدىن پاكار - پاكار ئۆسىدىغان يۇمران قومۇش ، چۆپ ئورۇپ كېلىپ ، بىر قىسمىدا ئىككى مالنىڭ غېمىنى قىلسا ، يەنە بىر قىسمىنى قۇرۇتۇپ قىشلىق ئوزۇقىنى تەييارلايتتى . مەتسىدىقنىڭ ئوقۇشقا بارمايمەن دېگىنىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى . ئائىلە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىۋاتقان بۇ ئىككى نەرسىدىن ئايرىلسا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ . تۇرمۇشنى قامداش ئاۋارىچىلىكى تېخىمۇ ئېشىپ كەتمەمدۇ ؟ «ئوقۇيمەن دەپ ئائىلىنى ئېغىرچىلىقلارغا سالسام بولامدۇ ؟ » دەپ ئويلىغانىدى ئۇ .

نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ، ھەدىسىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن مەتسىدىق ئاخىر ئوقۇشقا بارىدىغان بولدى . «گۈلنىڭ ئىشىنى خۇدا قىلار » دېگەندەك يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۆز تەۋەسىدىن ئوقۇشقا ماڭغان ئوقۇغۇچىلارغا بەش يۈز سوم مۇكاپات پۇلى تارقاتتى . ھەدىسىمۇ قاراپ تۇرمىدى ، ئۇ بەش يۈز سوم بەردى . شۇنىڭ بىلەن سىيىرلار (موزىيىنى ئېلىپ قېلىپ ) سېتىلدى . قولۇم - قوشنىلار بەش سومدىن - ئون سومدىن يوللۇق تۇتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۈچ مىڭ سوم جەملەنگەندىن باشقا ، ماشىنا كىراسى بىلەن پەقەت بىر-ەر ئايغا يەتكۈدەك تاماق پۇلىنى ئېلىپ مەتسىدىق يولغا چىقتى .

— خوش ، بالام ، — دېدى دادىسى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ، — تەلىيىمىز باركەن ، ئېشەك ھارۋىمۇ سېتىلمىدى . خۇدا بۇيرۇسا ، قىشچە ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كىراكەشلىك قىلىمەن . بىزدىن ئەنسىرىمەي ياخشى ئوقۇ ، ياخشى ئوقۇساڭلا بىز سەندىن رازى .

ئاغرىقچان ئانىسى ، ھەدىسى كۆز يېشى قىلىپ مەتسىدىقنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە ياخشى - يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالماسلىقنى تاپىلىدى .

مەتسىدىق ئېشەك ھارۋىدا ئوقۇشقا ماڭغان يەنە بىر ساۋاقدا-

شى بىلەن يېزىدىن ئارانـلا تۆت ـ بەش چاقىرىم كېلىدىغان ناھىيە بازىرىغا ماڭدى . ئۇ يەردىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتمەكچى .

ئۇ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلگەن ، پۈتۈن گەۋدىسى ھايا-جاندىن سىلكىنمەكتە ، يۈرىكى ئويناپ تېز ـ تېز ئۇرماقتا ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش تەقەززاسى ئۇنىڭ بەدەن ـ بەدەنلىرىنى لەرزىگە سالماقتا . «ھاياتتا ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟ ئەلۋەتتە ئوقۇش ، — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ ، — ھەممە شاد ـ خۇراملىقى-مىز ، بەختىمىز پەقەت ئوقۇش ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ تېگىگە يېتىش بىلەنلا قولغا كېلىدۇ . ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولىمەن . بەختلىك بولۇشقا ئىنتىلمەيدىغان كىم بار ؟ !»

## 2

مەتسىدىقنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى . ئىككى ھەپتىگىچە نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ دەرسكە قاتنىشىپ تۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرت نېمە ئىشلارنى قىلى-دىغانلىقىنى ، قايسى خىل تاماقلارنىڭ ئەرزان ، قايسى خىل تا-ماقلارنىڭ قىممەت ئىكەنلىكىنى ، مەكتەپ ھاياتىدا تۇرۇپ قانداق ئىشلارنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى ، قىسقىسى ، مەكتەپ ۋە ئۈرۈم-چىنىڭ شارائىتى ھەم مۇھىتىنى ئۆگەندى . ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۆگىنىشى مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرۇپمۇ تاماق پۇلى تېپىشنىڭ يولىنى ئىزدەش ئىدى . ئەكەلگەن تاماق پۇلى ئاز قېلىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ يولىنى قىلىش كېرەك ، ئائىلىسىنىڭ ھالى ئۆزىگە ئايان ، ئوقۇش ھەققىنى غەملەشمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن . ئائىلىسى كۇندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان سېيىردىن ئايرىلىپ كەتتى . دادىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئىشەك ھار-ۋىدا كىراكەشلىك قىلىپ تاماق پۇلى ئەۋەتىشى ناتايىن ، ناھىيە

بازىرىدا كىراكەشلىك قىلىدىغانلار ساماندەك تۇرسا . شۇنداق ئىدىكەن ، ئايمۇ ئاي تاماق پۇلىنى ئۇلار نەدىن تاپىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدىگە بۇ يىلنىڭ ئوقۇش ھەققىنى تۆلىگىنى بىلەن كېلەر يىلى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللار ئۈچۈنمۇ يەنە ئوقۇش ھەققى تۆلەش كېرەك . بۇ ئىشلارنى ئويلىماي ، يولىنى قىلماي بولمايدۇ ، پىشقان ئۈزۈم ئۆزلۈكىدىن ئېغىزغا چۈشۈپ قالمايدۇ ـ دە !

تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز يولىنى تاپالماي تەمتىرەپ قالىدۇ . ئەگەر ئۇلار ئىرادىسىز بولسا تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ بىچارە بولۇپ قالىدۇ ؛ ئىرادىلىك بولسا خۇددى خەتەرلىك قايناملىدىن قەيسەرانە روھ بىلەن ئۈزۈپ چىققان ئادەمدەك ئۆزىگە نىشان ۋە توغرا يول تاپالايدۇ . شۇنى بىلىش كېرەككى ، بەدەل تۆلىمەي ، مۇشەققەت تارتماي كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس ؛ مەقسەتكە يېتىش — نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىشتىن تۇغۇلىدۇ .

مەتسىدىق تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى ، ھېسابلاپ كۆرۈشچە ، ئاياپ ئىشلەتسە يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تاماق پۇلى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگەيدىكەن . كىم ئۇنىڭغا بىر پارچە نان ، بىر چىنە تاماق بېرىدۇ ، بەردى دېگەن تەقدىردىمۇ ، داۋاملىق بېرەلەمدۇ ؟… بېرەلمەيدۇ . باشقا چۈشكەن تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىزدىنىش ، ھەرىكەت قىلىش كېرەك . ئادەمدە جاسارەت ، چىدام ، غەيرەت بولمىسا دۇچ كەلگەن قىيىن ئىشلارنى يەڭگىلى ۋە بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ . جاسارەت ، چىدام ، غەيرەتكە ئىگە بولغان ئادەم جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي ، ئورۇنسىز ئىزا ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆز ئېھتىياجىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تاپالايدۇ ، تىرىشماي ، ئىزدەنمەي ، ھەرىكەت قىلماي ، قېنى كىم كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتكە يەتكەن !

مەتسىدىق دەرەخلەر بۈككىدە سايە تاشلىغان يەرگە بېرىپ

يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ـ دە ، قولىدىكى كىتابنى ئاچتى ۋە ئوقۇشقا كىرىشتى . ئەتراپىدا ئۆزىگە ئوخشاش كىتاب ئوقۇۋاتقان ، بىر ـ بىرى بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشكەن ۋە قانداقتۇ بىر گەپلەرنى قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئىدى . «ئاشۇ ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ غېمى يوقمىدۇ ؟— دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ . ئۇنىڭ كۆزى كىتابتىن ئېلىندى . بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا غەمكىن ئۇچقۇنلار پىلدىرلاپ ياندى ،— ئەنە ئاۋۇ چەتتە ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك ، قاملاشقان بالا ماڭا ئوخشاش نامرات دېھقاننىڭ بالىسىكەن ،ئاتا ـ ئانىسى قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا پۇل تېپىپ ئەۋەتىپ تۇرىدىغاندۇ ؟ ئۇنى يوغان ـ يوغان گەپلەرنى قىلىشقا ، باشقىلارنى توختىماي كۈلدۈرۈشكە نېمە مەدەت بېرىۋات-قاندۇ ؟... مەن بىلىمەن ، دېھقاننىڭ پۇل تاپمىقى ئاسان ئەمەس ، قولى ئايلاپ ـ ئايلاپ پۇل كۆرمەيدۇ ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بولسىمۇ ، پېشانىسىنى تەرلىتىپ بىر ۋاخ تاماق يېيەلمەيدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇنىڭ يەنە يايراپ كۈلۈۋاتقىنىنى... بولدىلا ، ئۇلارنى ئويلىغىچە ئۆزۈمنى ئويلاي ، تاماق پۇلى تېپىشنىڭ يول-نى قىلاي . شۇنچە چوڭ شەھەردە پۇل تېپىشنىڭ يولى چىقماي قالارمۇ ؟... چىقىدۇ ، ‹ئۇزۇم پىش — ئاغزىمغا چۈش › دەپ ئولتۇرماي . »

ئۇ «لىككىدە» ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، كۇتۇپخانىدىن ئارد-يەت ئالغان كىتابنى ياتاقتا ئەكىرىپ قويۇپ ، بازارغا قاراپ يول ئالدى . كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى . ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن بازار ئارىلاپ كۆرۈپ قويغان رېس-تورانلىرىمۇ كۆپ ئىدى . ئۇ بىرىنچى قېتىم تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ھەشەمەتلىك بىر رېستوراننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە رېستوراننىڭ ئىچىگە كىرىپ ، جۈرئەت قىلىپ رېستوران خوجا-يىنىنىڭ ئالدىغا باردى . موھتاجلىق ۋە زۆرۈرىيەت تۇپەيلى قوز-غالغان ھېس ـ تۇيغۇ ئادەمنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا جۈرئەتلىك

قىلىۋېتىدۇ . بىر ئادەمگە تىك قاراپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش-تىن ئەيمىنىدىغان مەتىسىدىق خوجايىنغا قاراپ مۇنداق دېدى :

— مەن مەشەدە ، ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتىمەن . ئاتا - ئانام بەكمۇ نامرات دېھقان بولغاچقا ، ماڭا تاماق پۇلى ئەۋەتەلمەيۋاتىدۇ ، شۇڭا مەشەدە ئىشلەپ تاماق پۇلىنى ئۆزۈم تاپاي ، دەپ ئالدىڭىزغا كەلدىم ، ماڭا تۇشلۇق ئىش چىقىپ قالار ، مېنى ئىشقا ئالسىڭىز ؟

رېستوران خوجايىنى ئۇنىڭ ھالىغا يېتىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە بىر قاراپ قويۇپ :

— بۇ يەردە ئىشلىسەڭ ئوقۇشۇڭنى قانداق قىلىسەن ، ھاردى-مى ؟— دېدى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ .

— كېچىسى ئىشلىسەم دەيمەن .

— كېچىسى ؟

— ھەئە ، كېچىسى ، كۈندۈزى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ - تۆتتىن تارتىپ كېچىچە ئىشلىسەممۇ بولىدۇ .

خوجايىن كۈلۈپ كەتتى :

— كېچىسى ئىشلەيدىغانغا قىز ئالىمەن قىز ، قىز بولۇپ كېلەمسەن - يا ؟

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ ، مەن ئوغۇل تۇرسام ...

— ئەمىسە قىزلارغا ئېيتىپ قوي ، كېچىسى ئىشلەيمەن دېسە ، كەلسۇن . ئەمما چىرايلىقلىرى كەلسۇن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

«نېمە دېگىنى بۇنىڭ ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ - يا ئەخمەق قىلىۋاتامدۇ ؟— دەپ ئويلىدى مەتىسىدىق رېستوراندىن ھەم سۇلتىيىپ ، ھەم ئاچچىقلىنىپ چىقىپ كېلىۋېتىپ ، — خۇددى بىزنىڭ دۇيجاڭدەك گېپى سېسىق ئادەمكەنا بۇنىڭ... بوپتۇ ، نېمە ئىلاج ، يەنە ئىزدەي ، رېستوران دېگەن جىققەنغۇ ، بىرى ئۇنىمىسا ئۇنايدىغانلىرى چىقىپ قالار... »

ئۇ يەنە بىر رېستورانغا بوينى باغلانغاندەك ئەندىشىلىك خى-

يالالار ئىلكىدە سۆرىلىپ كىردى . بىرىنچى رېستوران خوجايىنىغا دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ رېستوران خوجايىنىغىمۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق قىلىپ سۆزلەپ چىقتى .

— ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ ، — خوجايىن ئورنىدىن قوزغىلىپ ۋە كېتىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى ، — سەن ئوقۇشقا كەلدىڭمۇ ، ئىشلەشكىمۇ ؟ ئوقۇشقا كەلگەن بولساڭ قانداق ئىشلىيەلەيسەن ؟— ئۇ پەلەمپەيدىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى .

ئۇ تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى . «گەپلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، كاللا دېسە پاقالچەك دەۋاتقىنىنى بۇنىڭ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ ، — ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ ھاجەتمەنىنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن ، بوپتۇ ، ئۇنىڭ بارى شۇنچىلىكتۇر . » ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى رېستوراننى تۇزەشتۈرۈۋاتقان قىزلار ئاڭلاپ ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى . ئۇ ئۆلمىدى ، ئۇنىڭ بېرىسى بولدى . نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەي دېدى . تەبىئەت ئادەملەرگە نومۇس قىلىش ۋە ئويلىش تۇيغۇسىنىمۇ بەرگەن . بولۇپمۇ قىزلار ئالدىدا شۇنداق تۇيغۇدا يېنىش — ياخشى خۇلقلۇق ئادەمنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ . مەيلى كىمنىڭ ئالدىدا بولمىسۇن ، ئىزا تارتىش ، قىزىرىش ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەمگە ياندىغان تۇيغۇ . مەتسىدىق بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە رېستوراندىن خىجالەتچىلىك ئىلكىدە چىقىپ كەتتى ۋە تالاغا چىقىپ ئۆزىنىڭ قاتتىق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى . گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . ياتاققا كەلگەندىمۇ خۇددى بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك ساۋاقداشلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماي قالدى . «توۋا !— دەپ ئويلىدى ئۇ ،— ئادەمنى ئىزا تارتقۇزىدىغان ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن ـ دە ! »

كۈنلەر تەشۋىشلەرنى دەم ـ مۇدەم ئاۋۇتۇپ ئۆتمەكتە ئىدى .

بار ـ يوقى ئىككى ـ ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك تاماق بىلىتى قالدى . ئوقۇشنى تاشلاپ كېتىش كېرەكمۇ ؟... ئۆز ئائىلىسىدىن تاماق پۇلى سوراش گويا ئۆلۈكتىن جان سورىغاندەكلا بىر ئىش ، ئەمما ئۇ : «ئوقۇشنى تاشلاپ كېتىمەن» دېگىنى بىلەن كېتەلمەيدىغان هالغا كېلىپ قالدى . كېتىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىش كېرەك ـ دە ! كىرا ھەققىنى نەدىن تاپىدۇ ؟ بۇمۇ ئەمەلگە ئاشماي-دىغان خىيال . يەنە بىر ھەرىكەت قىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى ئۇ . «دۇنيادا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ قانات قاقىدىغان ئادەملەر تۇگەپ كەتمىگەندۇ ؟ مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان ئادەملەرمۇ چىد-قىپ قالار ، مەن : ‹ماڭا بىكارغىلا ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار › دېمىدىمغۇ ، ئىشلەپ بېرىمەن دەۋاتىمەنغۇ... يەنە بىر ئورۇنۇپ باقاي ، ئادەم ئۆز ئېھتىياجىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلمىسا ، يول تاپمىسا ، ئۇ ھايات يۈرسىمۇ بەربىر تىرىك ئۆلۈكتۇر . مەن شۇنداق تىرىك ئۆلۈكمۇ ؟ »

ئۇ ئېيتقۇسىز ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق ، ۋەھىمە ئىچىدە قې-لىپمۇ جۈرئەت قىلىپ يەنە كوچىغا چىقتى ۋە رېستورانلارغا يولۇقۇشقا باشلىدى . ئەمما ھېچقايسىسىدىن كۆڭۈل تىنغۇدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەي ئىچ ـ قارنى تۇمانلىششقا باشلىدى . «ئەگەر مەشەددىنىمۇ ياخشى جاۋاب ئاڭلىمىسام ، ئىككىنچى رېستوران دېگەن-نىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىمايمەن» دېدى ئۇ پىچىرلاپ . بىر رېس-تورانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋە ئەتراپقا قاراپ قويۇپ «بىسمىللا» دەپ كۆركەم بىنانىڭ ئىچىگە قەدەم ئالدى . ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ «دىرېكتور ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان بۆلۈم-نىڭ ئالدىغا كەلدى ، كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭغا يەنە ئەندىشە ، قور-قۇنچ يېپىشقىلى تۇردى . ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى تىترىگەن قولى بىلەن ئاستا ئاچتى . بۆلۈمدە ئوتتۇز بەش ـ قىرىق ياشلار چامى-سىدىكى چىرايلىق بىر ئايال ئالدىدىكى قەغەزلەرگە كۆز يۈگۈر-تۈپ ئولتۇرغانىكەن . ئۇ ئايال مەتسىدىقنىڭ نومۇس ـ ئوڭايسىز-

لىنىش ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ :
— كەل ، ئۇكام ، تارتىنما ، ئولتۇر ، — دېدى ئۇ ئورۇن كۆرسىتىپ ھەم ئىللىق تۇستە ئۇنى سەمىمىي قارشى ئالدى .
مەتسىدىقنىڭ قايغۇ ، ئەندىشە ، تۇمان باسقان دىلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى . ئۇ نەچچە كۈن جەريانىدا يولۇققان رېستوران خوجايىنلىرىدىن قوپاللىق ، دوق ، مەنسىتمەسلىك ، مەسخىرە ئاڭلاپ كەلگەچكىمۇ ، مۇنۇ ئايالنىڭ يېقىملىق ، سەمىمىي مۇئامە-لىسىنى كۆرۈپ كۆڭلىمۇ بۇزۇلدى . «سەمىمىي مۇئامىلە ، ئاد-دىي ـ ساددىلىق ، كەمتەرلىك ئادەمدە ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغاي-دۇ » دەپ ئويلىدى ئۇ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى-نىڭ : «ئادەم ئۆزىنى قالتىس ، ئالاھىدە ھېسابلىماسلىقى ، چوڭ-چىلىق پەشتىقىغا چىقماسلىقى ، ھەممە ئادەملەرنى باراۋەر ، ئادەم قاتارىدا كۆرۈش تەڭداشسىز ئېسىل پەزىلەت » دېگىنىنى ئەسلى-دى . ئەگەر بۇ ئايال ئۆزىنى ئىشقا ئالمىسىمۇ ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ-دىن رازى بولۇپ ، ئالاھىدە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىدى . پەزىلەتلىك ، دۇرۇس مۇئامىلىلىك ئادەم باشقىلاردا ھەرقاچان ھۆرمەت قوزغايدۇ .
— خوش ، ئۇكام ، بىزنىڭ رېستورانغا كېلىپ قاپسەن ، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى ، ھە ، سېنى ئۇكام دەپ كېتىپتىمەنغۇ ، بالام دېسەممۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ، نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟
— ئون يەتتىگە .
— شۇنداقمۇ ، ئويلىغىنىمدەك چىقتىڭ ، مېنىڭمۇ ئون ئالتە ياشلىق ئوغلۇم بار ، سېنى بالام دەي ، قېنى ، بالام ، سۆزلە .
— شۇنداق ، ئاچا ، بىر ئىش بىلەن كەلدىم ، — دەردمەن ، ھاجەتمەن ئادەم ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچرىسا ئۆپكىسى ئۆرۈلىدۇ . مەتسىدىق ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ سۆزلەشكە كىرىشتى . ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يىراق ناھىيىدىكى بىر نامرات دېھقاننىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ، «ئائىلىسىگە قارىشىمەن » دەپ تولۇقسىز

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا تېخنىكومغا ئىمتىھان بەرگەنلىكى-
نى ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە كەلگەنلىكىنى ، ئوقۇش
ھەققىنى قانداق قىلىپ تۆلىگەنلىكىنى ، ئەمدى تاماق پۇلىنى
ئۆزىنىڭ قانداق يوللار بىلەن تاپماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر
ئوقۇشنى تاشلاپ كېتەي دېسە ، ماشىنا كىراسىغىمۇ پۇلىنىڭ
يوقلۇقىنى ، ئۆزىنىڭ بىرەر رېستوراندا ئىشلەپ تاماق پۇلى تاپ-
ماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە رېستورانلارغا
يولۇقۇپ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ
چىقتى . سۆز ئارىلىقلىرىدا نەچچە رەت ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، ئۆزى-
نى ئاران – ئاران بېسىپ ئولتۇردى . دىرېكتور ئايالمۇ ئۇنىڭ
سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى .

— بۇ يەردە قايسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن ، بالام ؟ —
دىرېكتور ئايالنىڭ بالىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىسمەتلەرگە كۆ-
ڭۈل بولۇۋاتقانلىقى ئۇزايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . «ئاھ ، خۇدا ،
بىر ياخشى ئايالغا ئۇچرىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ .

— سۇ ئېلېكتر تېخنىكومىدا ، — ئۇ يېنىدىن ئوقۇغۇچىلىق
كىنىشكىسىنى ئېلىپ دىرېكتور ئايالغا سۇندى .

— بولدى ، بولدى ، كۆرسەتمىسەڭمۇ سەمىمىي بالا ئىكەنلى-
كىڭ چىرايىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

«ئاياللارنىڭ باغرى يۇمشاق بولىدىكەن ، خۇددى ئانامدەك
كۆيۈمچان ئايال ئىكەن» دەپ ئويلىدى مەتسىدىق ئىچ – ئىچىدىن
خۇشال بولۇپ .

— ئوقۇغۇچى ئىكەنسەن ، — دېدى دىرېكتور ئايال ئۇنىڭغا
مېھرىبانلىق بىلەن كۆز تىكىپ ، — قايسى ۋاقىتلاردا ئىشلىيە-
لەيسەن ؟

— مەكتەپتىن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ –
تۆتلەردە بوشايمەن ، شۇنىڭدىن تارتىپ كېچە ئون ئىككى – بىر-
لەرگىچە قانداق ئىشقا بۇيرۇسىڭىز قىلىپ كېتەلەيمەن . قورسى-

قىمغا يەتكۈدەك تاماق پۇلى بەرسىڭىزلا بولدى ، دەم ئېلىش كۈنلىرى پۈتۈن كۈن ئىشلەپ بېرىمەن . ئاچا ، سىزدىن ئۆتۈنەي ، مېنى ئىشقا ئېلىپ قالسىڭىز ؟

— مەيلى ئالسام ئېلىپ قالاي ، مەكتىپىڭ نىمە دەيدۇ ، ئۇلار قوشۇلامدۇ ؟ بىراق ، بالام ، ئوقۇۋاتقان قىزلاردىن خېرىدار- لارغا ھەمراھ بولايلى دەپ كېلىۋاتقان قىزلار بار ، ئوقۇغۇچىدەك ئەمەس ، پۇزۇر كىيىنگەن ، پۇل تېپىپ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك قىلىدۇ . ئۇلارنى ئالمىدىم ، نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتىم ، بىزنىڭ رېستوراندا ئۇنداق ئىشلارغا يول قويمايمىز ، لېكىن شۇنداق رېستورانلارمۇ بار .

مەتسىدىق مۇنداق ئىشلارنىمۇ ئاڭلىغان ، بىراق ئۇ توغرۇ- لۇق ئېغىز ئاچمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلدى .

— بۇ توغرۇلۇق مۇئەللىمىم بىلەن سۆزلەشكەن ، مۇئەللى- مىم ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قالدىمۇ : «بولىدۇ ، ئوقۇشقا ئاران كەلگەندە مەكتەپتىن قايتىپ كەتسەڭمۇ بولماس ، قىيىنچىلىق تارتسامۇ ئوقۇۋالاي دېسەڭ ، مەيلى ئىش تېپىپ ئىشلىسەڭمۇ بولىدۇ ، مەنمۇ قاراشتۇراي ، بىراق دەرسلەرگە ئۇلگۇرۇشۇڭ كېرەك » دېدى . دەرسلەرگە ئۇلگۇرۇشكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلى- مەن دېدىم .

— ئۇنداق بولسا بولىدۇ ، بالام ، راستىنى ئېيتسام ماڭىمۇ ئادەم لازىم ئەمەستى ، لېكىن قىيىنچىلىقىڭنى كۆزدە تۇتمىساق قانداق بولىدۇ ، مەنمۇ نامرات دېھقاننىڭ قىزى ئىدىم ، ئاخىر مۇشۇ سودا يولىغا كىرىپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپتىم ، پۇل تاپقاندا كەمبەغەللەرنى ئۇنتۇپ قالساق خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ . چىنە - قاچىلارنى يۇيۇشقا ياردەم قىلساڭمۇ بولىدۇ ، كۆكتاتلارنى يۇيۇپ ئاقلاپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ . ساڭا تۇشلۇق ئىش تېپىپ بېرەلەي- مەن ، ئايلىقىڭغا ئىككى يۈز سوم بېرەي ، ئىشلە .

مەتسىدىق ھەيران قالدى :

— ياق ، ئاچا ، يۈز سوم بەرسەڭىزمۇ بولىدۇ ، يەتكۈزە-لەيمەن .

دىرېكتور ئايال كۈلدى :

— كېيىنكى يىللىقلار ئۈچۈن ئوقۇش ھەققىنى قانداق قىلىسەن ؟

يەنە بىر يىلدىن كېيىن كېلىدىغان ئىشلار مەتسىدىقنىڭ ئالدىغا چىققىلى بولمايدىغان داۋاندەك گەۋدىلىنىپ كەلدى ۋە ئۇنى ۋەھىمە باسقىلى تۇردى . كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر قىلىپ ، تىللىرى كېكەچلەپ قالدى :

— ئەمدى… ئەمدى… ئۇنى شۇ ۋاقتىدا… شۇ ۋاقىت كەلگەندە كۆرمەمدۇق…

دىرېكتور ئايال ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى :

— ئائىلەڭ سىيىردىنغۇ ئايرىلىپ بوپتۇ ، شۇ ۋاقىت كەل-گەندە ئېشەك ھارۋىدىنمۇ ئايرىۋېتىدىكەنسەن - دە . ئۇلار نېمە بولسا بولار ، دەپ ئويلاۋاتامسەن - يا ؟

— ئۇنداق ئويلىمايمەن ، مېنى نەچچە كۈندىن بېرى ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرتۈپ سەدپارە قىلىۋاتقانمۇ ئائىلىنىڭ ئىشى . بۇ يەردىكىلەر تولۇق بىر كۈن ، يەنە كېچىسىمۇ ئىشلەيدىكەن ، ئۈچ يۈز سوم ئالىدىكەن ، مەن بىرنەچچە سائەتلا ئىشلىسەم ئىككى يۈز سوم بەرسىڭىز ئوشۇق بولۇپ كەتمەمدۇ ، دەپ ئويلاۋاتىمەن . مەن ئۆزۈمنىلا ئويلىماي سىزنىمۇ ئويلىشىم كېرەك - دە ! ئىنسا-ساپ قىلمىسام بولماس .

— سەن مېنى ئويلىماي ئۆزۈڭنى ئويلا ، مۇنداق بولسۇن ، سەن ئوشۇق پۇلۇڭنى يىغىۋەر ياكى مەن يىغىپ بېرەي . كەچتە بىر ۋاخ تاماقىڭنى مەشەدە يېگىن ، ئەتىگەندە ، چۈشتە چاي ئىچ ، كېيىنكى يىللاردا نېمە ئىشلار بولىدۇ ، ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، ھە ، راست ، چوكا تەگمىگەن تاماقلار ، مەسىلەن ، سامبۇسا ، پولۇ ، يۇتازىلار ئېشىپ چىقىدۇ ، شۇنىڭدىن ئەكې-

تىپ، ئەتىگەن، چۈشتە شۇنى يېسەڭمۇ بولىدۇ. ساۋاقداشلىرىڭدىن، بولۇپمۇ قىزلاردىن ئىزا تارتامسەن - يا؟... توغرا ئىشتىن ئىزا تارتمىغۇلۇق، بۇلار سېنىڭ ھەققىڭ، مۇنۇ قىزلاردىن ئاشقان تاماقلارنى ئەكېتىدىغانلارمۇ بار.

مەتسىدىق يەرگە قارىدى، ئەمما ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى.

مەتسىدىق ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى ئاشۇ ئائىلىنىڭ ياردىمىدە ئوڭۇشلۇق تۈگىتىۋالدى. تۈگەتكەندىمۇ ياخشى تۈگەتتى. شۇنداق كىشىلەر باركى، قىلغان ئەجرىدىن قولى ئازراق پۇل كۆرسە باشقىلارغا — ئاجىز - مىسكىنلەرگە، ئىلاجسىزلىقتىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلارغا، كۆڭلىدىكى ياخشى نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇلغا ئېھتىياجى چۈشكەنلەرگە ياردەم قولىنى سوزۇشقا ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇلارنى خۇش قىلىدۇ. ئۇنداقلار ھەرگىز نام - شۆھرەت قوغلاشمايدۇ، ياخشىلىققا ياخشىلىق تەلەپ قىلمايدۇ، قىلغان ئىشىنى مىننەت قىلمايدۇ. قاچانكى ئاجىز - مىسكىنلەرگە شەپقەت ياغدۇرمىغۇچە كۆڭلى ئەمىن تاپمايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئەل ئارىسىدا نامى يادلىنىپ قايتىدىن تىرىلىدۇ.

مەتسىدىق ئوقۇشنى تىرىشىپ ياخشى تۈگەتكەندىن باشقا، ئالدىراش ئۆتكەن مەزگىللەردىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدى. ئەدەبىيات، تارىخقا ئائىت كىتابلارنى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا، سەھەردە، يېتىش ئالدىدا قولدىن چۈشۈرمىدى. ئۇ ياخشى ئوقۇغانلىقى، ئەتراپلىق يېتىشكەنلىكى ئۈچۈن مەكتىپى ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بولغاندا ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ: «ئاتا - ئانامغا قارىمىسام، يېنىدا تۇرمىسام بولمايدۇ» دەپ مەكتىپىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، بايىقى ساخاۋەتلىك، كۆيۈمچان دىرېكتور ئائىلىگە تۈگىمەس تەشەككۈرلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى

ئىزھار قىلىپ ، ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى . شۇ ئارزۇ ، ياخشى نىيەتلەر بىلەن قايتىپ كەلگەن مەتسىدىق ماڭا بىر يېرىم ئايدىن ئېشىپ قالدى ، تېخىچە خىزمەت تاپالماي يۈرۈۋاتىدۇ .

## 3

كادىرلار ئىدارىسىغا قاتناش يەنە باشلاندى . ھېلىقى كادىردىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇ ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يولۇقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئىدارىغا كىرگەن چاغدا چىرايىدا يانغان تەبەسسۇم قايتقاندا ئۆچەتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئويناپ تۇرسىمۇ ، يەنە نېمىشقىدۇ ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئېلىشىپ تۇراتتى . خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈمىدى بىلەن گويا كۈندۈزدەك يورۇغان دىلى بىر گەپ بىلەنلا زۇلمەت باسقاندەك قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى . بەزىلەر ئوقۇغان كەسپى بويىچە قانداقتۇ يوللارنى تېپىپ ئاسانلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كېتىدۇ ، بەزىلەر ماڭا ئوخشاش قاڭقىپ يۈرىدۇ . دۇنيانىڭ ئىشى شۇنداقكەن ، كىم ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ، تېگىگە يېتىپ ئۈمىدىنى ھەقىقەتكە يەتكۈزگەنلەر بارمىدۇ ؟... لېكىن شۇنداقتىمۇ ، ئۇ كۈنلىرىنى ئۈمىد ، چىدام ، سەۋر بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . ئۇ ئوقۇغان كىتابلىرى ، كىتابلار ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ، چىدام ، غەيرەتنىڭ ئۆزگە بەرگەن تەسىرلىرىنى ئويلاپ قالدى : «سەۋرلىك بولمىسام بولمايدۇ ،— دەپ ئويلىدى ئۇ كۈنلىرى ئۆتكەنسېرى ،— ماڭا ئۈمىدسىزلىك يېپىشقانىكەن ، ئۇنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن يېڭىشىم ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، دەپ قارىشىم كېرەك . دۇنيادا ھەق بىلەن ناھەق ، خاتالىق بىلەن توغرىلىق ، ئاسان ئىشلار بىلەن قىيىن ئىشلار خۇددى قېرىنداشتەك ئارىلىشىپ كېلىدۇ . دۇنيانىڭ ئىشى قاچان بۇنىڭسىز بول-

غان ، شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك . ئەتۇر ئىش-
لار ، كىشىلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىشلار ئازمۇ ؟
جاپانىڭ تېگى راھەت . «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۇتەر »
دېگەن سۆزلەرنىڭ دانالىقى نەگە كەتتى ؟ بۇ دانا سۆزلە رېئاللىقا
ئۇيغۇن كەلمەي قالدىغۇ ، جاپا تارتقانلار ئۇستى - ئۇستى-
لەپ جاپا تارتىپلا ؛ قىلغان ئەجرىنىڭ تايىنى يوق راھەت كۆرگەن-
لەر ئۇستى - ئۇستىلەپ راھەت كۆرۈپلا ئۆتۈۋاتامدۇ ! ئوڭ
ئىشلار ئاقماي ، ئەتۇر ئىشلار ئاقىدىغان بولۇپ قاپتۇ - دە !
قانداق قىلاي ؟... يەنىلا چىداي ، سەۋرسىزلىك ، چىدامسىزلىق
نادان كىشىنىڭ ئىشى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق كۆرۈن-
گەندەك ماڭىمۇ ئىش چىقىپ قالار . جاپا - مۇشەققەت ، قاتمۇقات
قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەچكە ئوقۇيالىدىم ، بولمىسا نادانلىق ئىس-
كەنجىسىدە قالغان بولاتتىم . چىداي ، سەۋرلىك بولاي... » ئۇ-
مىدۋار بولۇپ تىرىشىپ ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ئورنىنى تاپالماس-
لىقى ۋاقىتلىق ھادىسە . ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش
كېرەككى ، قىلىدىغان ئىشىڭنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن مەقسىتىڭ
باشقۇرۇپ تۇرۇش كېرەك ، قاچانكى سەۋر - تاقەتلىك بولساڭ
مەقسىتىڭگە چوقۇم يېتەلەيسەن .

ئويلىغىنىدەك بولدى . ئىككى ئايغىچە كادىرلار ئىدارىسىغا
زېرىكمەي قاتىرىغاندىن كېيىن ، ئۇنى ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىشلە-
رى ئىدارىسىغا تەقسىم قىلدى . بۇنى ئاڭلاپ ئۇ شۇنداق خۇش
بولدىكى ، شادلىقتىن تۇغۇلغان ھاياجاندىن بەدەن - بەدەنلىرى
سىلكىنىپ ، گەپلىرى قولاشماي قالدى : «شادلىقىم شۇكى ، جاپا
تارتىپ ئوقۇغان كەسپىم ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ، ئوقۇغانلىرىم-
نى ، يەنى ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم »
دەپ ئويلىدى ئۇ گويا ئاغزى - قۇلىقىغا يېتىپ ، ئۆز - ئۆزىدىن
خۇشال بولۇپ .

— ئوبدان ئىشلەڭ ، — دېدى ھېلىقى كادىر كۈلۈم-

سىرەپ ، — بۇ ئورۇننى ناھايىتى تەسلىكتە تاپتۇق ، تەلىيىڭىز
بار ئىكەن ، ئوقۇغان كەسپىڭىزنى بىلگەندەك بۇ ئورۇن چىقىپ
قالدى . ناھىيە بويىچە داڭقى چىققان كادىر بولۇشىڭىزنى ئۈمىد
قىلىمەن .
— ئەلۋەتتە ياخشى ئىشلەيمەن ، — دېدى خۇشاللىقتىن
قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان مەتسىدىق ، — كەسپ ئەھلى بولىـ
مەن ، دەپ ياخشى ئوقۇغان ، ئۈمىدىڭىزنى چوقۇم ئاقلايـ
مەن ،— مەتسىدىق ئۇ سۇنغان ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىشلىرى
ئىدارىسىغا تونۇشتۇرۇلغان قەغەزنى ھاياجاندىن تىترەپ كەتكەن
قولىغا ئالدى .
— ھازىر بارسىڭىزمۇ بولىدۇ ياكى ئەتە ئەتىگەندە خىزمەتـ
چىلەر ئىشقا چۈشكەندە بارسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئۇ .
مەتسىدىق كادىرغا رەھمەت ئېيتىپ ، يېنىك قەدەملەر بىلەن
بۆلۈمدىن چىقتى . ئۇ ئاسمانغا — قۇياشقا قارىدى ، كۆنمۇ خېلى
بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . «ئەتە ئەتىگەندىلا باراي ،— دەپ
ئويلىدى ئۇ يۈرىكى تېپچەكلەپ ،— بۇگۈن خۇش خەۋەرنى ئۆيدىـ
كىلەرگە ئېيىتاي» . ئۇ شۇ خىيال بىلەن ناھىيە بازىرىغا
تۆت ـ بەش چاقىرىم كېلىدىغان يېزىسىغا قاراپ ماڭدى ۋە ناھىيە
بازىرىدىن ئۆزاپ چىقىپ ، يېزا يولىغا چۈشتى . كۈن ئىسسىق
ئىدى . «بۇ خۇش خەۋەر بىلەن ئۆيدىكىلەرنى بىر خۇش قىلىۋېتىـ
دىغان بولدۇم» دەپ ئىتتىك ماڭغان مەتسىدىق تەرلەپ كەتتى .
يېزا يولىدا بىر كىچىك ئورمانلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ چىقىپ ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتەتـ
تى . ئۇ ئېرىق بويىغا كەلدى ، سۇ سۈزۈك ئىدى ، ئويناقلاپ
ئىتتىك ئاقاتتى . ئورمانلىقتا ھەر خىل قۇشلار خۇددى بەس ـ
بەسكە چۈشكەندەك چۇرۇقلاپ سايرىماقتا ۋە ئېرىق ياقىسىدىكى
گۈللەر شىۋىرلاپ يېتىپ كەلگەن ئىللىق شامالدا نازغىپ ئوينىـ
ماقتا ئىدى . ئۇ ئېرىق بويىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ سۈزۈك

سۇدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيدى . ھۇزۇرلىنىپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى . قىزىرىپ كەتكەن بەدەنلىرى سەگىپ قالدى . «خىزمەتكە چۇشسەم كونىراق بولسىمۇ ۋېلىسىپىت ئېلىپ ، بۇ يوللارنى شۇنىڭ بىلەن باسىمەن ،— خىيالغا كەتتى ئۇ ،— بىرىنچى ئايلىقىمغا ئاپامغا كۆڭلەك ئېلىپ بەرمىسەم بولمىغۇدەك ، كۆڭلىكىنىڭ ياماق چۈشمىگەن يېرى قالماپتۇ ، ياماقلىرى بىر خىل لاتا بولسىچۇ كاشكى... دادامنىڭ تامبىلىمۇ شۇنداقكەن ، ئۇنىڭمۇ ياماق چۈشمىگەن يېرى يوق... نامراتلىق ، قاشاقلىق كەمبەغەللەرنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىكەن ، كەمبەغەللىك بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقان ئۇدۇمكەن ـ دە ... بوۋام ، موماملارمۇ شۇنداق نامرات ئىدى . كىچىك بولسامۇ ئۇ چاغلاردا مەن كۆرگەن ، كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل ، تۆكۈلۈپ تۇراتتى . دادامنىڭ دېيىشىچە ، بوۋىسىمۇ ‹ئاندا ـ ساندا ئۇن تىلەپ ، ئەلگەكنى تاپسام تەڭنە يوق › دېگەندەك تۇرمۇشىدىن زارلاپ ئۆتۈپتىكەن . نامراتلىق نەچچە ئەۋلاد ئۆتكەن بىزنىڭ ئائىلىگە نېمانچە ئامراقتۇ ـ ھە !...»

مەتسىدىق بىردىنلا ئۇرۇمچىدىكى رېستورانلاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ئويلاپ قالدى : بىرەيلەن ئاغىنەم كېلىپ قاپتۇ ، چىلاشقۇدەك بىر مېھمان قىلىۋالاي ، دەپ بىر ئۇستەلنى ئۈچ يۈز سومدىن ـ مىڭ سومغىچە بولاپ ئالىدىكەن ، ئۇستەلگە كۆپ بولسا ئون ، ئاز بولسا ئالتە ـ يەتتە ئادەم ئولىشىدىكەن ، كۈتكۈچى قىزلار ئايىغى بېسىلماي خىزمەت قىلىدىكەن . تەييارلىنىپ چىقىۋاتقان تاماق ، ھەر خىل ئېسىل قورۇمىلار ، سوغۇق قورۇمىلار ، خىلمۇخىل كاۋاپلارنىڭ جىقلىقىدىن تەخسىلەر پاتماي ئۇستى ـ ئۇستىگە قويۇلىدىكەن . ساھىبخانىنىڭ مەرد ـ سېخىيلىقىدىن ھەتتا چىنە قويغۇدەك يەر چىقماي قالىدىكەن . كەلگەنلەر قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېلەمدىكىن ياكى قورسىقى ئاچ بولسىمۇ نەزىرىنى ئۇستۇن تۇتۇپ ئولتۇرامدىكىن ، نۇرغۇن قو-

رۇما ـ تاماقلارغا چوكىمۇ تەگمەيدىكەن ، يەتتە ـ سەككىز ئادەم ئەمەس ، ئوتتۇز ئادەم يېسىمۇ تويغۇدەك تەخسە ـ تەخسە تائاملار ئانچە ـ مۇنچە چوغچىلانغان پېتى يېنىپ چىقىدىكەن . ئەمما هاراقنى ئۆلگۇدەك ئىچىدىكەن . مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈش جەريانىدا نەچچە قېتىم دېھقانلارنى ئويلاپ قالدىم . بىچارىلەرنىڭ ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر ۋاخلىق تاماق ئىتىپ يېيىشكىمۇ چامى كەلمەيدۇ . قارا يەرگە تەر تۆكۈپ مىليونلىغان كىشىلەرنى ئاش-لىق بىلەن قامداۋاتقانلار مۇشۇنداق تەڭسىزلىكنىڭ ئازابىنى تارت-سا بولامدۇ !... رېستورانلارغا ئەرلەرگە قارىغاندا ، ئاياللارنىڭ كۆپرەك كېلىشى ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ . ئاياللار — «دوستلار چېيى» ، «ساۋاقداشلار چېيى» ، «تۇغۇلغان كۈن چې-يى» ، «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش چېيى» ، «بۆشۈك توي چېيى» ، «ئۈزىتىش چېيى» قاتارلىق باھانىلەر بىلەن ئولتۇرۇشلارنى ئۆت-كۈزۈپ تۇرىدىكەن . مۇنداق چايلاردا ئاياللار گۈپۈلدەپ پىۋا ، قىزىل هاراقلارنى ئىچىپ تۇرىدىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، كۆر-گەن ـ كۆرمىگەن ، تونۇغان ـ تونۇمىغان ئەرلەر بىلەن تانسا ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن . بۇ سورۇنلارغا ھەيران قېلىپ ، ئۆ-زۈمگە مۇنداق سوئاللارنى قويدۇم : بۇ ئاياللارنىڭ ئەرلىرى يوق-مىدۇ ؟ بار بولسىمۇ بوپتۇ دەمدىغاندۇ ؟ ياكى مەن ئويناپ تۇرۇ-ۋاتقاندىكىن ، سەنمۇ ئويناپ تۇر دەمدىغاندۇ ؟... ئاڭلىسام شۇنداق مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆيلىرىدە بالىلىرىغا ياكى نەۋرى-لىرىگە قاراپ قالىدىكەن . ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمدا يەنە مۇنداق غەلىتە ئەھۋاللارنىمۇ كۆردۈم : «هاجىم ئاياللار ئولتۇرۇشى» دەيدىغان ئولتۇرۇشلارمۇ بولىدىكەن . بۇنىڭغا كەلگەنلەر ئوشۇقى بىلەن تەڭ كۆڭلەكلەرنى كىيگەن ، بېشىغا بەدىنىنىڭ يېرىمىنى ياپقۇدەك ئاپئاق ياغلىقلارنى ئارتقان ، يۈزىنىڭ پەقەت كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان (ياكى كۆز ، بۇرۇن ، ئېغىزىنىلا ئوچۇق قويغان ) ئاياللار ئىكەن . سالاپەتلىك ،كىشى قاراشقىمۇ ئەيمىنىدىغان «ها-

جىم ئاياللار ئولتۇرۇشى» پات - پات بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇلار شۇ سالاپەتى بىلەن ئولتۇرسا مەيلىغۇ، كىرىپلا بېشىدىكى ياغلىقلارنى، يۈزىگە تارتىۋالغان چۈمپەردىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئويناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن تۆت ئەتراپىغا كىشىنى يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا قارىشىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بايىقى سالاپەتى، كىشى ئەيمەنگۈدەك قىياپەتى بىردىنلا يوقاپ، كىشىدە غەلىتە بولمىغۇر ئوي - خىياللارنى قوزغايدىكەن. ئۇلار بۇيرۇتقان تاماقلىرىنى ئانچە - مۇنچە يەپ قويۇپ، ساز - مۇزىكا ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىنغاندا ئۇسسۇل ئويناشقا چۈشىدىكەن. كۈندۈزلىرى كوچىلاردا «نامەھرەم بولىدۇ» دەپ كۆزىدىن باشقا يېرىنى يېپىپ يۈرىدىغان بۇ ئاياللار ناتونۇش ئەرلەر بىلەن بېقىنىشىپ، قىلىق چىقىرىپ ئويناپ كېتىدىكەن. مەن چاي قۇيۇش ئۈچۈن بىر ئۈستەلگە كەلسەم ئولتۇرغان ئەرلەردىن بىرى:

— پاھ، ھاجىم ئاياللارنىڭ كارامىتىنى رېستوراندا كۆرسە بولغۇدەك، قاراڭلار ئېچىلىپ كەتكىنىنى، كەھ دېسە قولغا قونغۇدەك قۇرغۇيغا ئوخشاپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئۇنىڭ نازۇ - كەرەشمىلىك ئويناشلىرىغا قاراپ زوقلانغان يەنە بىرى:

— كۆردۈڭمۇ، كوچىلاردا كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرىنى يېپىۋالىدىغان ئاياللارنىڭ ئاپئاق مەيدىلىرىنى ئېچىۋەتكىنىنى، — دېدى ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي.

— ئەسلىدە بۇلار تازا ئوينايدىغان نېمىلەركەندە...

— نامى بۇۋىم، ئويناشقا چۈشكەندە ھەممە يېرى ئەۋرىشىم، گېپىمگە ئىشەنمىسەڭلار، ئۇنى ھازىر تالاغا ئاچىقسام بولىدۇ ئوينىشىم.

— شائىر بولۇپ كەتتىڭمۇ نېمە، پو ئاتما، ئۇنداق قىلالمايسەن جۇمۇ.

— نېمە، ئاچىقمىغىنىمنى كۆرۈپ تۇر، مۇزىكا تانسىغا چېلىنسۇنچۇ...

مەن نېرىراق بېرىپ قاراپ تۇردۇم. ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. بىر چاغدا تانسا مۇزىكىسى چېلىندى.

بايىقى يوغان سۆزلىگۈچى خۇلق چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينىـ غان ھاجىم ئايالىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، بېشىنى سەل ئېگىشتۇـ رۇپ ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ كۇلۇمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى، شۇ ئوينىغانچە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئوينىدى. ئوينىغاندىمۇ گەپلىشىپ ـ كۇلۇـ شۇپ ئوينىدى. لېكىن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمىسەمـ مۇ، ئۇزايىدىن قارىغاندا ئۇ ئۆزى دېگەندەك ئۇنى ئىندەككە كەلـ تۈرۈپ بولغاندەك قىلاتتى.

تانسىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت رېستوران زالىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا بېرىپ قاراپ تۇردى. بايىقى ئايال بوينىغا ياغلىقىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئىككىسى كۇلۇشۇپ، بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— راستكەن، ھېمىت راست دەپتىكەن.

— ئۇ بىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ دەندەپ قالغان نەرسىدە ئۇ، — دېيىشتى ئۇستەلدە ئولتۇرغانلار كۇلۇشۇپ.

مەتسىدىقنىڭ ئەسلىمىلىرى خۇددى تۇيۇقسىزلا شوينا ئۇـ زۇلگەندەك ئۇزۇلۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئالدىدىكى كاتاڭغا ئاياغ بېسىپ تاس قالدى يىقىلىپ چۈشكىلى. ئۇ ئۆيگىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. يانچۇقىدىكى خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش قەغىزى ئۇنىڭ چىرايىغا ھاياجان، خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى ياققاندى.

ئۇ ھويلىغا كىردى ـ دە، ھاياجان ئىلكىدە يانچۇقىدىكى تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى قولىغا ئالدى ۋە بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئۇنىـ ڭى قويۇپ بەردى:

— دادا، خۇش خەۋەر، مېنى ناھىيىلىك تۈك ئىشلىرى

ئىدارىسىغا تەقسىم قىپتۇ، مانا تونۇشتۇرۇش!

ئۆي ئىچىدە بۇ ئۆي بىنا بولغاندىن بېرى كۆرۈلمىگەن بىر خۇشاللىق تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. دادىسىنىڭ خۇشاللىقتىن كەكە ساقىلى تىترەپ، چىبەرقۇتنىڭ يوللىرىدەك قويۇق قورۇق كىرىپ كەتكەن يۈزلىرى پۈرۈشتى. ئانىسىنىڭ يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى ۋە ئىتتىك كېلىپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيدى. دادىسى، ئانىسى ئوغلىنى مۇبارەكلىشىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشتى. ئۆمۈر بويى غەم - ئازابقا، ھەسرەت - ئەلەمگە چىداپ كەلگەن ئاتا - ئانا مانا ئەمدى ئېغىزدا ئېيتىلغان، قەغەزگىمۇ پۈتۈلگەن، ئەمما تېخى ھەقىقىي رەۋىشتە نېسىپ بولمىغان خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى. خۇشاللىقنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا ئىپادىسىنى تېپىش - تاپالماسلىقىنى ئۇلار ئويلاپمۇ قويمىغانىدى.

— خۇدايىمغا ئاھۇزارىمىز يەتكەن ئوخشايدۇ، بالام، — دېدى ئۇ ئوغلىغا ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ، — ھەدەڭگە خەۋەر قىلمۇۋېتەيلى، ئۇ تۇنۇگۈنلا كەپتىكەن، قايغۇرۇپ كېتىۋىدى، ئەمدى خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يېتىدىغان بولدى. قارا، ئالا ئىتمۇ ئەركىلەپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىۋاتىدۇ، ئۇمۇ سېنى مۇبارەكلەۋاتىدۇ، توۋا، خۇشاللىق كەلسە، ھەممە نەرسە خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن - ھە ...

— ئەتە ئەتىگەن توك ئىشلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ تىزىملىتىمەن، دەممۇ ئالماي خىزمەتكە چۈشەي دەۋاتىمەن.

— ئاران خىزمەت تاپقاندا، بوپتۇ، شۇنداق قىل.

— خۇدايىم بۇيرۇسا دېگىن، بالام، — دېدى دادىسى.

— بۇيرۇمايدىغان نېمىسى بار، دادا، تونۇشتۇرۇشنى قولۇمغا ئالدىم، ئىش تۈگىدى. ئوقۇغىنىممۇ توك ئىشلىرى، خىزمەت ئورنۇممۇ توك ئىشلىرى ئىدارىسى، مەن باشقا كەسىپنىڭ ئادىمى بولمىسام ...

ئانا قوناق يارمىسىدا ئۇماچ ئەتتى . ئەتىگىنى مەتسىدىق
چۈشتە يەيمەن دەپ بىر پارچە زاغرىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغان ،
ئۇنىمۇ يېمەي كەپتۇ . ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن كاۋا
بارىڭى ئاستىدىكى بۇگلۇكتە شىرەنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئاش
چامغۇرى سېلىنغان مەززىلىك ئۇماچ ئىچىشتى . تاماق كۈندىك-
دەك گۆشسىز ئىچىلگەن بولسىمۇ ، ھەممىدىن مەتسىدىقنىڭ ئې-
غىزىغا تېتىپ كەتتى . تاماقتىن كېيىن دادىسى ئوغلىنىڭ خىز-
مىتىنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن ، ئالدىلىرىغا ئاددىي بولسىمۇ
بىر چىنە تاماقنىڭ كەلگىنىگە شۈكۈر قىلىپ ئۇزاق دۇئا قىلدى .
مەتسىدىق باراڭ ئاستىدا يېتىپ قالدى . تۈنىنىڭ قارا پەردى-
سى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ بولغىنىغىمۇ خېلى بولدى . لېكىن
ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى . بۈگۈن ئىچ - ئىچىنى ھاياجانغا سېلى-
ۋاتقان سېزىم ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيۋاتسا كېرەك ، يۈرىكى توختاۋ-
سىز ئۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ باراڭنىڭ ئاستىدىن چىقىپ ئېرىق
قىرىدىكى يوغان كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى . ھاۋا تۈتۈق بو-
لۇپ ، باش ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى . خېلى ئولتۇر-
غاندىن كېيىن ئاسمانغا قارىغىنىدا قارا بۇلۇتلار نەلەرگىدۇ غايىب
بولۇپ چاراقلاپ يېنىپ كەتكەن يۇلتۇزلارنى كۆردى . شۇ ۋاقىتتا
ئاسماننىڭ سول بۇرجىكىدىن بىر يۇلتۇز ئاقتى ۋە تۇز سىزىقتەك
ئېقىپ چۈشۈپ بارغانسېرى ئاجىزلاپ - سۇسلاپ يوقاپ كەتتى ،
ئەمما سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمچىق-
لىتىپ ئۇنىڭغا كۆز قىسىۋاتقاندەك بىلىندى . بىردەمدىن كې-
يىن ، سەل كىچىكلىگەن ئاي يىراقتىكى تاقىر تاغلار كەينىدىن
بىرنەرسىدىن تارتىنىۋاتقان قىزلاردەك ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋ-
دى ، ئەتراپ يورۇپ كەتتى . تەبىئەت ئالىمىدىكى بۇ ھېكمەتلەر
مەتسىدىقتا نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
بىپايان ، سېھىرلىك ئاسمان يەنىلا ئاجايىپ سىرلارنى يوشۇرۇۋات-
قاندەك بىلىندى . ئاي شولىسى چۈشكەن يېزا بۆشۈككە بۆلىنىپ

جىمىپ ياتقاندەك ئۇيقۇدا . شىۋىرلاپ يېتىپ كېلىدىغان شامالمۇ يوق ، قۇشلارغا نېمە بولغاندۇ ، ئۇلارمۇ جىمجىت . ئۇ ئاستا تاماكا يۆگىدى ، سەرەڭگىنى تەسلىكتە تېپىپ ئۇنى تۇتاشتۇردى - دە ، قاتتىق - قاتتىق شوراپ چەكتى ، ئېغىز - بۇرنىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ ئىسلار كۆتۈرۈلۈشنى خالىمايۋاتقاندەك ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ئورىۋالدى ۋە ئاستا تــەۋرىنىپ بــاش ئۇستىــدە تول- غىنىپ - تۈرۈلۈپ تۇردى . خۇمارلىق چېكىمگە يەتكەنلىكتىن ، ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي چەكمەكتە ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بەدەنلىرىدىن قوزغالغان هاياجانلىق هېس - تۇيغۇلار ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى .

مەتسىدىق ئورنىغا كېلىپ ياتتى ، ئۆزىنىڭ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سەهەر تۇ- رۇپ كەتتى - دە ، تەقسىم قىلىنغان ئورۇن — ناهىيىلىك توك ئىشلىرى ئىدارىسىغا بېرىشقا ئالدىرىدى . چاينىمۇ ئالدىراپ ئى- چىپ ، شەهەرگە يول ئالدى . توك ئىشلىرى ئىدارىسىغا خىزمەت- چىلەر ئەمدى ئىشقا كېلىۋاتقان چاغدا ئۇ يېتىپ باردى .

— مەن ئۈرۈمچىدىكى سۇ ئېلېكتر تېخنىكومىنى تۈگەت- كەن ، كادىرلار ئىدارىسى مېنى مەشەگە تەقسىم قىلدى ، — دېدى مەتسىدىق قولىدىكى خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى ئۇستەل- لەرنى سۈرتۈۋاتقان تەلەتى سۆرۈن كادىرغا سۇنۇپ . ئۇ تونۇشتۇ- رۇشنى قولىغا ئالدى - دە ، بىر قېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قەغەزگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە مەتسىدىققا قاراپ :

— بىزنىڭ ئادىــمىمىز تولــۇق ، سىزــنى خاتــا ئەۋەتىپ قويۇپتۇ ،— دېدى ئۇ تونۇشتۇرۇشنى مەتسىدىققا قايتۇرۇپ .

— نېمە !… خاتا ئەۋەتىپ قويۇپتۇ ؟

— شۇنداق ، مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ .

— سىلەر ئادەم سوراپ دوكلات يازمىغانمۇ ؟

كادىرنىڭ تەرى تۈرۈلدى :

— سەن بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمە ، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ ، بۇ ئىدارىنىڭ ئىچكى ئىشى .

— سۈرۈشتۈرمىدىم ، ئاڭلىغىنىمنى دېدىم ، كادىرلار ئىدارىسى ماڭا توك ئىشلىرى ئىدارىسى بىر ئەمەس ، ئىككى ئادەم سوراپ دوكلات يېزىپتۇ ، بىرىگە سەن بار دېگەن ئىدىغۇ ؟

— يازساقمۇ يازغاندىمىز ، لېكىن ئېيتتىمغۇ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ دەپ . ئىدارىمىز ئىچىدىن كەم ئورۇنلارغا ئادەم سەپلىدۇق .

مەتسىدىق : «مېنى خەنزۇچە بىلمەيدۇ ، دەپ ئويلاۋاتامدىكىن» دەپ قالدىمۇ :

— مەن خەنزۇچە بىلمەمدىكەنمەن ؟ — دېدى .

— بىلىمەن ، سەن مەن بىلەنمۇ خەنزۇچە سۆزلىشىۋاتىسەن ، بىراق ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي ، بىزگە ھازىر ئادەم كېرەك ئەمەس . دوكلاتنى بۇرۇن يازغان . ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى .

— مەن مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان ئەنە دېپلومىم تۇرۇپتۇ . كۆرۈپ بېقىڭ ، شۇ ئىشلارغا دائىر ئاتالغۇلارنى پۈتۈنلەي يادلاپ چىقتىم . راست ، ماڭا كۆيۈنۈۋاتقان بولسىڭىز ، كەسپىمنى ئىشلەشكە قويۇڭ .

— ئەجەب گەپدان بالىكەنسىنا ،— قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەن كادىر تېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ،— مېنىڭ دېگەنلىرىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايسەن ـ ھە !...

— دېگەنلىرىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن ، ئوبدان چۈشەندىم... مېنى گەپدان دەۋاتىسىز ، شۇنداق بولسا گەپدان قىلىۋاتقانمۇ سىزنىڭ يولسىز گەپلىرىڭىز ، سىزگە بىر ئىشنى دەپ بېرەي ، مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم ئۇرۇمچىدە سىفەننى تۈگەتكەن ، ئۇ خەنزۇ سىفەنگە تەقسىم قىلىنىپ قىينالماي ئىشلەۋاتىدىغۇ ،— مەتسىدىق قايناپ قالدى ،— ئۇ قانداق سىياسەت ، سىزنىڭ سىياسىتىڭىز نەدىن كەلگەن سىياسەت ؟... مەن مۇنداق خاتا گەپنى پەقەت

سىزنىڭلا ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن ، — ئۇ دەلىلىكى كۆچلۈك ، ئۆتكۈر گەپلەرنى قىلىۋەتمەكچىدى ، ئۆزىگە هاي بېرىپ ، ئىبغە-زىمنى يىغاي ، دەپ توختاپ قالدى . ئۇ تۇرۇلۇپ كەلگەن غەزى-پىنى بېسىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن لەۋلىرىدە بىلىنەر - بى-لىنمەس سوغۇق كۈلكە پەيدا بولدى .

كادىرنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ كەتتى ، ئاچچىقىنى باسالماي ئالدىدا ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرغان مەتسىدىقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئۆرىدىغان ئەلپازدا گۆلەيدى :

— سەن مېنى سوراقىا تارتماقچىمۇ ، ساڭا مۇنداق هوقۇقنى كىم بەرگەن - هە !... سېنىڭ مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلىشىدىغان ھەققىڭ يوق !... مەن سېنى ئالمايمەن دېدىممۇ ئالمايمەن ، ساڭا ئىپتىدىياجىمىزمۇ يوق ، — ئۇ ئاچچىقى بىلەن قولىنى شىلى-تىدى ، — نەگە بارساڭ بار ، ئۇقتۇڭمۇ... يەنە بېزىرىپ تۇرۇ-سەنغۇ ، ھەممە گەپنى دەپ بولدۇم ، يوقال كۆزۈمدىن !

ئورنىدىن ئەمدىلا تۇرغان مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى قاتتىق بىر كاچات يېگەن ئادەمدەك ئوت يېنىپ كەتتى . بېشى پىرقىراپ ، بۆلۈم ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ ، ئالدى-دا تۇرغان كادىر بىردەم يوغىناپ ، بىردەم كىچىكلەپ ، غەلىتە كۆرۈنۈشلەر غىل - پال كۆرۈنۈشكە باشلىدى . خورلۇق ئازابى بەدەنلىرىنى چىرمىۋالغاچقا ئىبغىزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى . ئور-نىدا قايتا ئولتۇرۇپ ، تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تاماكا يۆگەپ ئىككى شورىغاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى - دە ، هېچقاند-داق ئىش يوز بەرمىگەندەك قىياپەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— مەن يېڭىلا ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگەن بالا ، ئەمما ئامال-سىزمەنكى ، تەقدىر مېنى ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ ، بىراق مەن ئالدىڭىزغا ماڭا خىزمەت تېپىپ بېرىڭ ، دەپ يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ كەلمىدىم ، هۆكۈمەتنىڭ تەقسىماتى بويىچە كەلدىم .

«ھەممە گەپنى دەپ بولدۇم ، يوقال كۆزۈمدىن» دەۋاتىسىز ، مەن يوقالسامۇ ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايسىز ، سىز مېنى كۆزگە ئىلماي يەرگە ئۇرماقچى بولۇۋاتىسىز ، بىلىپ قويۇڭكى ، باشقىلارنى يەرگە ئۇرماقچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىنى سەزمەي قالىدۇ ، ئالدىڭىزغا ماڭا ئوخشاش ئادەملەر كېلىپ تۇرىدۇ ، سىزنىڭ نىيەت - پوزىتسىيىڭىز مۇشۇنداقلا بولسا بۇنىڭدىن ئۆتكۇر ، يۇرىكىڭىزنى جاراھەت قىلغۇدەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىسىز . ماقۇل ، يوقىلاي ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭمۇ سورىقى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويۇڭ .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى . قاتتىق يېپىلغان ئىشىك ئۆز سالمىقى بىلەن كەينىگە يېنىپ بۆلۈم ئېچىلىپ قالدى .

— خام خىيال قىلماي ، كۆزۈمدىن تېزرەك يوقال ، چۇپۇرەندە ،— ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ قالدى مىيىقىدا كۈلگەن كادىر .

## 4

ئارزۇ - ئارمىنىڭغا ، كۈتكەن كۈنلىرىڭگە يېتەلمەسلىكىڭ بەختسىزلىك . مەتسىدىقتا ھېلىتىنلا بەختسىزلىكنىڭ ھىدى پۇراشقا باشلىدى . ئۇ ھېلىقى تەلەتى سۆرۈن كادىرغا جايىدا ئېيتىلغان ئىككى ئېغىز گەپ قىلىنىۋالغان بولسىمۇ ، ئۆزىدە خورلۇق ھېس قىلدى . بەختسىزلىك ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى سېنى خورلۇقتا قالدۇرۇش ، خورلۇقنى ھېس قىلدۇرۇش ئىكەن . مەتسىدىقنىڭ تەلىپىمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى . خورلۇق كۆرمىسە ، قورسىقى ئاچ قالمىسا ، ئۇستىۋېشى ئوچۇق قالمىسىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايتتى . كەمبەغەللىك پاتقىقىدىن چىقالمايۋاتقان ئائىلىسىگە تېخىچە قاراش ، ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ، ئوقۇغانلى-

رىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ پۈقرالارغا ئاز - تولا خىزمەت قى-
لىشتىن مەھرۇم قالسا ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلامدۇ؟ ياشاۋات-
قان جەمئىيەتنىڭ مۇددىئاسى ھەممە ئادەمنى باياشات قىلىش،
بەختلىك قىلىش ئەمەسمىدى... ئاز - تولا ئىش قىلاي، جان
كۆيدۈرەي دەپ ئوقۇساڭ، ئۇ يولدا ئۇچرىغان جاپا - مۇشەققەت-
لەرنى مىڭ تەسلىكتە يېڭىپ كەلسەڭ، ساڭا ئىش بەرمىسە،
يولۇڭغا توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ تۇرسا، بۇنى كىمدىن كۆرد-
سەن؟... تەقدىر ئاتلىق بوينۇڭغا سېلىنغان سىرتماقتىنمۇ ياكى
تەلەتى سۆرۈن ھېلىقى كادىردىنمۇ؟... بەختسىزلىك بىزگىلا
كېلەمدۇ، ئاتا - بوۋىلىرىمۇ بەختسىز ئۆتسە، مەنمۇ شۇ يولدىن
چىقالمىسام ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى قالدى، قېنى قىممىتى؟...
توختا، ئۈمىدىمنى ئۈزۈۋەتمەي، «ئۈزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش»
دەپ قاراپ تۇرماي، ھەرىكەت قىلاي، بارىدىغان يەرلەرگە باراي،
قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئەجرى قىلساڭ يورۇقلۇق كۆرۈنگەندەك
ماڭىمۇ يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ قالار...

مەتسىدىق كوچىغا چىقىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرۇپ
قالدى. كۆزلىرىدە بىردە ئۈمىدسىزلىك، بىردە ئاچچىق - غەزەپ
ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇندايتتى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان غەزەپ
بۇغداي ئۆڭ يۈزىنى تاتارتىۋەتكەنىدى. ئۇ نەگە بارىدۇ، كىمدىن
مەدەت كۈتىدۇ، كىمگە يالۋۇرىدۇ؟... ياق، بىرىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ يالۋۇرمايدۇ، يالۋۇرۇش ئۇنىڭغا يات. قائىدە بويىچە خىز-
مىتىنى يوللۇق ھەل قىلىش كېرەك. «مېنى خىزمەتكە تەقسىم
قىلغان ئورۇن كادىرلار ئىدارىسى، شۇ يەرگە بېرىپ، بولغان
ئەھۋاللارنى ئېيتىپ باقاي، يا ئۇنىڭغا گېپىنى ئۆتكۈزەر، يا
مۇۋاپىق يول كۆرسىتەر.» ئۇ يەنە تاماكا يۆگىدى - دە، ئۇنى
تۇتاشتۇرۇپ، شۇ ياققا قاراپ يول ئالدى. كوچىدا پىيادىلەر،
ۋېلسىپىتلىقلار، ئارىلاپ موتسىكلىت مىنگەن ئاياللار كۆپ ئى-
دى. غۇيۇلدىشىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان كىچىك ماشىنى-

لارمۇ كۆپ ئىدى . ئەنە ، كوچا چېتىدە ئۈچ ـ تۆتتىن بولۇشۇپ پۈزۈر كىيىنگەن ، پاراڭغا چۈشكەنلەر نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ غەمسىز ھالدا قىن ـ قىنىغا پاتماي كۈلۈشەتتى . ئەنە ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى جۇل ـ جۇل كىيىملىك بىر ئادەم چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارىدۇ ، ئۇنىڭ كەينىدە خۇددى مەتسىدىقنىڭ ئانىسىدەك نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن ، كىرلەشكەن كۆڭلەكلىك ، پۇتىغا ئاقىرىپ تىتىلىپ كەتكەن ئاياغ ساپىقان بىر موماي قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ يۈرمەكتە . ئالدىدىكى بالا كۆتۈرۈۋالغان ئادەم كەينىگە قايرىلىپ : «ئاپا ، تېزرەك ماڭساڭچۇ !» دېمەكتە . مەتسىدىقنىڭ ئىچى ئېچىشتى : «بۇ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بېشىغا نېمە قىسمەتلەر چۈشكەندۇ ، شۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭغاندۇ ، ئۇنىڭ قولىدىكى بالىنىڭ ئانىسى نەدىدۇ ؟…» مەتسىدىقنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىسمەتلەرنى ئۇققۇسى كېلىپ ئالدىراپ ماڭدى ـ دە ، مومايغا يېتىشىۋالدى :

— موما ، ئانا ـ بالا ئىككىڭلار نەگە ماڭدىڭلار ،— دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

موماي مەتسىدىققا قايرىلىپمۇ قويماي ، قەدىمىنى تېز ـ تېز ئېلىشتىن توختىماي تومتاقلا جاۋاپ بەردى :

— پىلە قۇرتى باققانىڭ سازايى ، بالام .

— پىلە قۇرتى باققانىڭ ؟

— پىلە قۇرتى باقمايمىز دېسەك ئۇنىمىدى ، ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنچىۋالا زورلاپ كەتمەيتتى . ھازىر مەجبۇرلاپ تاڭدىغان بولۇۋالدى ، چىڭ تۇرۇۋالساق جەرىمانە قويىدۇ ، قورساقتا يوق ، جەرىمانىگە نەدە پۇل…

— دېھقان دېگەن دېھقانچىلىق قىلامدۇ ، پىلە قۇرتى باقامدۇ ؟ بۇ قانداق گەپ ، ھەركىم خالىغىنىنى قىلمامدۇ ، — دېدى مەتسىدىق ھەم ھەيران قېلىپ ، ھەم غەزەپلىنىپ .

— سەن دېھقاننىڭ بالىسى ئەمەسكەنسەن - دە ! بولمىسا بۇ ئىشلارنى بىلەتتىڭ .

— مەنمۇ دېھقاننىڭ بالىسى ، بۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغىنىم بار ، بىراق مۇنچىلىك ئەمەستۇ ، دەپ ئويلاپتىمەن ، — دېدى مەتسىدىق ھەم گەپنى مومايىنىڭ ئۆزىگە يۆتكىدى :

— ئاۋۇ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدىكى بالىنىڭ ئانىسى يوقما ؟

— يوق ، ئۆلۈپ كەتتى .

— ئۆلۈپ كەتتى ؟

— شۇنداق ، ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى .

— ئاغرىقمىدى ؟

— نەدىكى ئاغرىق ، ساپساقلا ئىدى ، ئەمدى ئون سەككىز ياشقا كىرگەن . سوراپ قالدىڭ ، دەپ بېرەي : «بۇلتۇرمۇ پىلە قۇرتى باقمايمىز» دېسەك ، ئۇنىمىدى ، «بوپتۇ» دەپ باقتۇق . ئۇنىڭدىن ئاران دېگەندە ، بەش كىلوگىرام غوزەك چىقىپتىكەن ، فابرىكىغا ئاپارساق : «كىلوسىنى يەتتە كويدىن ئالىمىز» دەپتۇ . شەخسلەر : «يىگىرمە كويدىن ئالىمىز» دەپتۇ . ئۇنى يۈز كويغا سېتىپ ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىكى قالمىغان ، ئۇنىڭغا بەش - ئون مېتىر رەخت ئېلىپ ئۆيگە كەلدى . بۇنى ئاڭلاپ دادۇينىڭ سېكرېتارى دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي يۈگۈرۈپ كېلىپ : «سەن نېمىشقا بەلگىلەنگەن فابرىكىغا ساتماي ، شەخسكە ساتتىڭ» دەپ ئون مېتىر رەختىنىمۇ ، ئېشىپ قالغان قىرىق سەككىز كوي پۇلنى تارتىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە ئىككى يۈز كوي جەرىمانە قويۇپ ماڭدى . كېلىنىم : «ئەكە كۆڭلەكلىك رەختىمنى ، سەن پىلە قۇرتى بېقىشىپ بەرگەنمىدىڭ ، پۇلنى ئالغىنىڭ يەتمەمدۇ» دەپ سېكرېتارىغا ئېسىلغان ، ئۇ بىر ئىتتىرىۋىدى ، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ بېشى تاشقا قاتتىق تېگىپ كېتىپ يېتىپ قالدى . ئۆيدە قانسىراپ تۆت - بەش كۈن يېتىپ ئاخىر تۈگەپ قالدى . يا ئۇنىڭغا ئىگە چىقمىدى ، چوڭراق ئورۇنلارغا

ئەرز قىلىپ بارساق، قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدىكەن، نېمىشقا سېكرىتارغا ئېسىلىدۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىۋاتسا، ئېھتىياتسىزلىق بوپتۇ، تەقدىر - تەقدىر شۇنداق، دەپ تۈگەتتى. بىزدەك يېتىم ئوغۇل، تول خوتۇننىڭ قولى نەگە يېتىدۇ، تەقدىرگە تەن بەردۇق.

— دوختۇرغا ئاپارمىدىڭلارمۇ؟

موماي ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— قىزىق بالىكەنسەن، نەدە چوڭ بولغان بالىسەن، پۇلى يوق ئادەمگە دوختۇر قاراپ قويامدۇ، كۆردۈڭمۇ، بالام، ئاشۇ كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان بالىنى، ئانىسىز قالغان بالا ئاشۇ.

— مۇنداق دېسىلە، — مەتسىدىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سورىدى، — ئەمدى نەگە ماڭدىڭلار؟

— نەگە ماڭاتتۇق، ئىنىمنىڭ يېنىغا، ئەنە ئاۋۇ نېرىقى كوچىدا ئىنىمنىڭ قورۇ - جايى، مىلچمال ساتىدىغان دۇكىنى بار، ئىنىم ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ: «بولدى، يەرنىمۇ، ھويلا، ئەسكى ئۆيۈڭلارنىمۇ دادۇيگە بېرىۋېتىپ، بىزنىڭ قورۇغا كۆچۈپ كېلىڭلار، ھويلىدا بىر ئېغىز ئۆي بىكار تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنىڭدا ئولتۇرۇڭلار، پىلە زۇلۇمى سىلەرنى تۈگەشتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دېھقانچىلىقنى تاشلاڭلار، بىزنىڭ دۇكاننىڭ يېنىدا ماشىنىغا يۈك باسىدىغان، يۈك چۈشۈرىدىغان پونكىت بار، مەن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، سەمەتجان ھامماللىق قىلسۇن» دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ دېھقانچىلىقنىمۇ، يەر تېرىشنىمۇ، بىزگە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان پىلە قۇرتى بېقىشنىمۇ تاشلاپ، شۇ ياققا ماڭدۇق. ئەتە بېرىپ ئۆيىنى ئېچىپ ياغاچ - تاشلارنى، قازان - قومۇچنى ھەم ئەسكى - تۇسكى نەرسىلىرىمىز بار، شۇلارنى ئەكىلىۋالساق ئىش تۈگەيدۇ.

— ئاپا، ئەزمەڭنى ئەزمەي، چاپسانراق ماڭساڭچۇ، — دېدى ئۇنىڭ ئوغلى كەينىگە قايرىلىپ.

موماي ئىتتىكلەپ يۈرۈپ كەتتى. مەتسىدىق ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. يۈرىكى كۆزگە كۆرۈنمەس يىڭنە سانجىلىۋاتقاندەك ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ ئىشى ئۇنتۇلدى. ئۇ يولدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماي، نېمە قىلىشىنى بىلمەي يا يولىنى داۋام قىلماي، بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قالغاندى. «ھايات نېمانچە جاراھەتلىكتۇ؟— دەپ خىيالغا كەتكەنىدى ئۇ، — بايىلا مەن توك ئىشلىرى ئىدارىسىدىن چىققان چېغىمدا ئىككى ئادەم سۆزلىشىپ: ‹خۇدايىم نېمانچە كۆپ بالا بەرگەندۇ بىزگە، رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ دەيدىكەن، قېنى، بەرگىنى، كەچكىچە يېرىم ئاچ - يېرىم توق ھالدا بالىلىرىمىز كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قارىيالماي يەرگە قارىۋالىمەن› دەپ ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇ بازارغا كىرىپ كېتىپ يۈرۈپ يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان مۇنداق گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم. مۇنۇ مومايىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارچۇ تېخى... توۋا دەيمەن، كەمبەغەللەر ھەممە ئىشتا ئەيىبلىك، ‹تۇزۇكرەك، ئادەمدەك ياشايلى› دېگىنىمۇ تۇرمۇشتا بىرەر نەرسىگە ھاجىتى چۈشكەن موھتاجلىقمۇ؟ ھەق - ئادىل سۆزلەرنى قىلىپ قويغىنىمۇ ئەيىبلىك سانىلىدىكەن. بولمىسا باشقىلارغا ھۆركۈرەۋاتقانلارنىمۇ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلارنىمۇ، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، زوراۋانلىق قىلىپ ياخشى كۈن كۆرۈۋاتقانلارنىمۇ تويغۇزۇۋاتقانلار ئاشۇلار. ‹سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا چاققانلار ئەزىز› دېگەن شۇ ئىكەن - دە!»

شۇ تۇرقىدا مەتسىدىق سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلمەي، كۈننىڭ قەيەرگە كەلگەنلىكىنى ئۇقماي، يولدا كېتىۋاتقان بىر كىشىدىن سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى سورىدى. سائەت ئون يېرىم بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆز ئىشى يادىغا كەلدى - دە، ئالدىراپ مېڭىپ كادىرلار ئىدارىسىغا كىرىپ كەلدى. ھېلىقى

كولۇپ تۇرىدىغان قاتاڭغۇر كىشى مەتسىدىقنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى :

— نېمە بولدى ، ئۇكام ، قايتىپ كەپسەنغۇ ؟

ئۇنىڭسىزمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تۇرغان مەتسىدىق ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋالدى .

— سىنى قايتۇرۇۋەتتىمۇ - يا ، چىرايلىرىڭ بىرقىسىملا تۇرىدىغۇ ؟— دېدى ئۇ مەتسىدىققا سەپسېلىپ قاراپ .

— شۇنداق ، قايتۇرۇۋەتتى .

— نېمە دەيدۇ ئۇلار ؟

مەتسىدىق توك ئىشلىرى ئىدارىسىغا بارغاندىن كېيىن سۆز- رۇن تەلەت كادىر بىلەن بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ ئوساللىقىنى تەلتۆكۈس سۆزلەپ كېلىپ :

— «بىز سىنى ئالمايمىز ، بىزنىڭ ئالىدىغىنىمىز باشقا » دېگەننى ئېنىق دېدى . بۇ گەپكە چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ ، ئاچچىد- قىم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىپ قىلىۋېدىم ، ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ ، «يوقال كۆزۈمىدىن !» دەپ بۆلۇمىدىن قوغلاپ چىد- قاردى ،— دېدى ھەم مەيۇسلەنگەن ، ھەم غەزەپلەنگەن ھالدا .

كولۇپ تۇرىدىغان كادىرنىڭ بىردىنلا قاپىقى سىلىندى - دە ، كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە ئاخىرىدا مەتسىدىققا قاراپ مۇنداق دېدى :

— گەپ تەرگەشمەي ، يېنىپ كەلسەڭمۇ بوپتىكەن .

— ئۇنىڭ يولسىز گەپلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم .

— مەن قايتا سۆزلىشىپ باقسامىمۇ بولاتتى ، بىراق گەپنى ئۇزۇۋېتىپتۇ - دە ، ئۇ . ئەمدى گېپىدىن يانمايدۇ .

«ئىككى ئوتتۇرىدا ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ » دېگەن سوئال تۇغۇلدى ، ھەر ئىككىسى سوئالنىڭ سالمىقىدا تەۋرىنىپ قالغاندى . كولۇپ تۇرىدىغان كادىرنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ چوڭقۇر خىيالغا كەتكەندى . «توك ئىشلد-

ـرى ئىدارىسىدىكى كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىمنىڭ
مۇنداق گەپنى قىلىشى بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەس، بۇرۇنمۇ
قىلغان . ئۇ بەزى ئەۋەتكەنلەرگە شۇنداق سۆزنى قىلغاندا ئۇنىڭ
بىلەن قايتا سۆزلىشىپ ھەل قىلغان، گېپىدىن يانمىغان چاغلاردا
ئۇلارنى باشقا يەرلەرگە تەقسىم قىلغان،— دەپ ئويلىدى ئۇ،—
ھازىر يامان يېرى، گەپ قىلىشقا ئورۇنمۇ قالماپتۇ، گەپنى ئۇ
ياندۇرۇۋالمىغۇدەك دەرىجىدە بىراقلا ئۈزۈۋېتىپتۇ، ئەمدى قانداق
قىلغۇلۇق ؟… »
مەتسىدىق : «سىلەر كادىرلار ئىدارىسى بولغاندىكىن، سىـ
لەرنىڭ گېپىڭلار ھېسابمۇ ؟ ياكى ئۇنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ دەيمەـ
كىن ياكى يۇقىرى ئورۇنلارغا ئەرز قىلىپ بېرىپ باقايمىكىن،
شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايايمىكىن » دەپ ئويلىـ
ماقتا ئىدى .
— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن ؟ — دېدى كادىر ئىلاجـ
سىزلىقتىن غەمكىن تۇسكە كىرگەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ .
— سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز، مېنىڭ ئىشىم ئۇنىڭ دېگىنىـ
دەك بولۇپ كېتەرمۇ، ئاكا ؟
ئارىنى جىمجىتلىق باستى . بۇ جىمجىتلىق مەتسىدىقتا ئېغىر بۇـ
رۇقتۇرمىلىق پەيدا قىلدى . كادىر غەمكىنلىككە چۆككەن، ئۇنىڭ
كۆزلىرىنىڭ، شالاڭ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنىڭ ھالسىز پىلدىرـ
لىشى ئۇنىڭ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .
— مەن ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ يولسىز
گەپلىرىنى ئاشكارىلايمىكىن دەۋاتىمەن ؟
— ھاكىم ؟… ھاكىم گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ گېـ
پىنى ئىلىككىمۇ ئالمايدۇ، ھاكىم «گېپىمنى ئۆتكۈزەلمىدىم »
دېمەي، سېنى ئەپلەپ يولغا سالىدۇ، بارىدىغان بولساڭ، ياخشىـ
سى، پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىغىلا بار، ئەمما ئۆزۈم كەلدىم
دېگىن، مېنىڭ گېپىمنى چىقارما، نۆۋىتىدە مېنىڭمۇ قىيىنچىـ

لىقىمنى ئويلاپ قوي ، گېپىمنى چۈشەنگەنسەن ؟

— چۈشەندىم ، بولىدۇ ، شۇ يەرگە باراي ، — مەتسىدىق ماڭدى . كادىر مۈنۈنى قوشۇپ قويدى :

— ئىتتىكرەك ماڭ ، ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ كەتمىسۇن .

شۇجى دېگەن نامىنىڭمۇ سۇر ـ ھەيۋىسى بولىدىكەن ، ئۇ شۇجىنىڭ ئىشىكىنى چېكەلمەي تۇرۇپ قالدى . بىراق ، «شۇجى ئۇنداق يولسىزلىقلارغا چەك قويىدۇ ، ماڭا مەدەت بېرىدۇ ، مېنى قوللايدۇ » دېگەن ئىشەنچ ئۇنىڭغا جۈرئەت ئاتا قىلدى ـ دە ، ئۇ ئىشىكنى چەكتى . «كىرىڭ » دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىن ، بۆلۈمگە ئىشەنچلىك كىرىپ باردى ـ دە ، ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى قىسقارتىپ دەپ چىقتى . سۆز ئارىلىرىدا ئۇنىڭ ھالقىلىق سۆزلىرىنى قايتىلاپ تەكىتلىدى .

— خوش ، مېنى نېمە قىل دەيسەن ؟— ئۇ گېزىتتىن كۆزدىنى ئېلىپ مەتسىدىققا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ قويدى ،— ھەرقايسى ئىدارىلار ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزى بىلىدۇ ، ئادەمنى ئېھتىياج بويىچە ئالامدۇ ـ ھە !… ماڭ ، كادىرلار ئىدارىسىغا بېرىپ ئېيت ، سېنى قايتا ئويلىشىپ ، ئېھتىياجلىق يەرگە تەقسىم قىلسۇن ، كەسپىم ، كەسپىم ، دەپ ئاۋارە بولما ، قانداقلا ئىش بولسۇن ، چىققانغا شۈكۈر قىلىپ ئىشلە .

مەتسىدىق تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى . شۇجى شۇ گەپتىن كېيىن خۇددى ئالدىدا ھال ئېيتىپ كەلگەن بىرى يوقتەك ، ھېچقانداق ئىش ، ھېچقانداق گەپ سۆز بولۇنمىغاندەك گېزىتتىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇۋەردى . ئۇ ماڭا يۆلەنچۈك بولىدۇ دېگەن ئادىمىدىن — شۇجىدىن ياخشى گەپ ئاڭلايمەن ، ئۇ ماڭا مەدەت بولىدۇ ، مېنى قوللايدۇ ، توغرا مەيداندا تۇرۇپ ، ھېلىقى خاتا گەپلەرنى قىلغان كادىرنى تەنقىد قىلىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى ، ياق ، ئۇنداق بولمىدى ، ئۇ ئۇنىڭدىن ئېغىرراق خاتا گەپلەرنى قىلدى . تېخى ماڭا ھەيۋە قىلدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ

ئوشۇقچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . كىشىلەرنىڭ : «سۇ — بېشىدىن لاي» دېگىنى توغرا ئىكەن ـ دە ! بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى ، گەپ قىلىشىنىڭمۇ ئورنى قالمىدى . تۇرۇۋەرسە تېخىمۇ قاتتىق گەپ ئاڭلىشى مۇمكىن . «بېرىپ تۇرۇۋېرىسەڭغۇ ، يەنە نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسەن» دېسە ، قانداق قىلغۇلۇق ؟ ! يۈرىكىمدىكى زېدە ئىككى بولمىسۇن يەنە ، دەررۇ كۆزدىن يىتىش كېرەك .

مەتىسىدىق بۆلۈمىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى . كوچىغا چىققاندا يامغۇر تامچىلاپ يېغىۋاتقانىكەن . «بايىلا ھاۋا ئوچۇقتەك قىلىۋاتاتتى ، قايسى ئارىلىقلاردا تۇتۇلۇپ يامغۇر ياققاندۇ ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىدى ئۇ پەرىشان ھالدا . ئەمدى ئۇ نەگە بارىدۇ ، كادىرلار ئىدارىسىغا بارسۇنمۇ ؟ ياق ، ئەڭ چوڭ باشلىقنىڭ دېگىنى ئاۋۇ ، باشلىقلىرى نېمىمۇ دېيەلىسۇن ، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىش كېرەك . ئارزۇ ـ ئارمان ، ئۈمىدلىرى بىتچىت بولغان ، پەلەكنىڭ تەتۈر قولى ياقىسىنى دەم ئالدۇرماي سىقىۋاتقانلىقىدىن قىينىلىۋاتقان مەتىسىدىق يېزا يولىغا چۈشتى . يول ئۈستىدىكى ھېلىقى ئورمانلىققا كەلدى . يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقتىن ئاتلىدى . ئېرىقتىكى سۇ لايلىشىپ شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى . تۈنۈگۈن ئۆتكەندە ، چاڭقىلداپ سايرىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئۈنى ئۆچۈپ كېتىپتۇ . ئۇلار نەگە كەتكەندۇ ؟ بەلكى باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ يامغۇردىن دالدا بولىدىغان يەرلەرگە يوشۇرۇنغاندۇ ، گۈللەرمۇ باشلىرىنى ئېگىپ ، سۇنۇپ ، سولىشىپ كۆرۈمسىز تۇسكە كىرىپ قاپتۇ . بۇلا ئەمەس ، ئۈنىڭغا ھەممە نەرسە كۆرۈمسىز كۆرۈنمەكتە . ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ ئۆز كۆڭلىدەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ، يوللارمۇ پاتقاق بولۇپ ، مېڭىشمۇ قىيىنلىشىپ پۈتۈن ئەتراپ جۇلمەرەپ كېتىپتۇ . قاياققا قارىساڭ كۆڭۈلسىزلىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ .

ئۇ ئۆيگە سۇغا چىلىشىپ جۇلمەرەپ كەتكەن پېتى كىرىپ

كەلدى . ئۆيدە دادىسى يوق ئىكەن ، ئانىسى يېڭىنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغانىكەن .

— نېمە بولدى ، بالام ، بىرقىسما بولۇپ سۇلتىيىپلا قاپسەن-غۇ ؟— دېدى ئانىسى يېڭىنە ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ .

مەتسىدىق ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، ئەمما ئۈنچىقمىدى .

— قانداق بولدى ، باردىڭمۇ ؟ ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولدۇڭ-مۇ ؟... گەپ قىلمايسەنغۇ نېمە بولدى زادى ! — ئۇ ئوغلى بىرنېمە دەپ ئېغىز ئاچقۇچە تاقەتسىزلىنىپ يۈرىكى سېلىپ كەتتى .

— ئىشقا ئورۇنلىشالمىدىم .

— نېمىشقا ؟— ئانىسىنىڭ چىرايىغا ھەم ھەيرانلىق ، ھەم قايغۇرۇش ئالامەتلىرى يېيىلدى .

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، چۈشكىچە كېلەلمەي قالسام يەيمەن ، دەپ ئېلىۋالغان ناننىمۇ يېمىدىم ، سوراۋەرمەي ، ئاۋۋال چاي بەرگىنە ئانا ، ئاندىن سۆزلەپ بېرەي .

ئانىسى چايغا ئوت ياققان بولسىمۇ ، كاللىسىغا چۈشىنىپ بولمايدىغان ھەم باش - ئۇچىغا چىقالمايدىغان خىياللار كىرىۋال-دى . ھەتتا كۆڭلىگە چۈشكەن ئەنسىزلىكتىن قولىنى كۆيدۈرۈ-ۋالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى . تۇيۇقسىز كەلگەن ۋەھىمە خۇددى سانسىزلىغان يىپلاردەك ئۇندىڭ بەدەنلىرىنى تامامەن ئوراپ بولغانىدى .

## 5

سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان دادىسىنىڭمۇ ، ئاپىسىنىڭ-مۇ ، بالىسىنىڭمۇ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ، ھازىدار كىشىلەردەك بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن ، ئۆيدە خۇددى گۆردىكىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . بىر - بىرىگە باقمىغان چىرايلاردا غەمكىنلىك ، پەرىشانلىق ئەكس ئېتىپ ، ئۇلار تېگى كۆرۈنمەس

چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئۈنسىز ئولتۇراتتى. بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمەس ئىدى. ئىسسىق ئۇچۇق، يامغۇر توختىغان، ئەمما ئاسماندا ھېلى يامغۇر يېغىپ كېتىدىغاندەك قارامتۇل بۇلۇتلار لەيلەپ - سۈرۈلۈپ يۈرەتتى. كۆڭۈلسىزلىك، ئازاب بۇ ئۇچەيلەندىلا ئەمەس، ئاسماندىمۇ، كوچا - كويدىمۇ، ھويلا - ئارامدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇچار قۇشى، ئارامبەخش شامىلى، ئىللىق ئاپتىپى بولمىسا ئاسمانمۇ ئادەمگە يىرگىنچلىك ۋە سەت كۆرۈنىدىكەن.

ئۇلارنى نېمىشقا مۇڭلۇق، ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلار ئوراپ ئالدى؟ مەتسىدىق توك ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى قاپىقى يامان كادىر تەرىپىدىن ناھەقچىلىككە، يولسىزلىققا ئۇچرىدى، بۇنى ئاز دېگەندەك مەدەت تىلەپ بارغان ھېلىقى سۈرلۈك ۋە ئەڭ چوڭ باشلىق تەرىپىدىن تېخىمۇ ئېغىر خورلۇققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن مەتسىدىقلا ئەمەس، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان پۈتۈن ئائىلىمۇ يولسىزلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئادەتتىكى ئادەمدىن ئۇچرىسىغۇ مەيلىدى، ئۆزلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان، ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ئادەمدىن ئۇچراۋاتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلاردا قېلىشى تەبىئىي ھال - دە! بىر ئادەمگە قىلىنغان يولسىزلىق ئوخشاشلا نۇرغۇن ئادەمگە قىلىنغان يولسىزلىق. بۇ ھال ئاشۇ ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان كاچات ئەمەسمۇ! بۇ ئەلۋەتتە سېنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىڭنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەمدۇ! شۇنى بىلىش كېرەككى، قەيەردە يولسىزلىق، كەمسىتىلىش بولىدىكەن، شۇ يەردە خاتالىق ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئېغىر جىنايەت سادىر بولغان بولىدۇ. كىمنىڭ ئالدىغا بارسەن، كىمگە يىغلايسەن، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ باشلىقى شۇ تۇرسا. كىم ئۇنى سۈرۈشتۈرىدۇ، سوراققا تارتىدۇ؟!... پۈتۈن بىر ئائىلە يولسىزلىققا يولۇقسا، ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشمەي بېشى ساڭگىلىماي قالامدۇ ۋە ئۇلارنىڭ

ئازابلىق ھېس تۇيغۇلىرىدا يانماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ !
مەتسىدىقنىڭ دادىسى ، ئانىسى بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە تازا چوڭقۇر يېتىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن ، لېكىن مەتسىدىق ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىدۇ ، چۈشىنىدۇ . ئەمما ئاتا ـ ئانىسىغا ئەمەلىيەت بەرگەن بۇ چۈشەنچىنى دېمەسلىكى ، ئۇلارنىمۇ چوڭقۇر ئازابقا سالماسلىقى كېرەك ـ دە ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇرۇلۇپ كەلگەن ئاچچىقىنى ، ئىچ ـ ئىچىدىن يېنىپ چىقىۋاتقان غەزەپلىرىنى بېسىپ ئولتۇردۇ . ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزى يولۇققان ناھەقچىلىك ، يولسىزلىقلارنىلا دەپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا مۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ، ئېغىزىدىن خاتا گەپلەرنى بەخۇدۇك چىقىرىۋاتقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلمىدى ۋە مۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلىمىدى .
ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ ، ئۆي ئىچىگىمۇ قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۆي ئىچىدىكىلەر قېتىپ قالغان خىيالىي گەۋدىلەرگە ئايلىنىپ قالدى . بىرھازادىن كېيىن ئۇلار ئېسىگە كەلگەندەك بولدى . ئانىسى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ چىراغنى تاپتى ـ دە ، تەسلىكتە ياندۇردى . ئۆي ئىچى غۇۋا بولسىمۇ يورىدى .
— مەتسىدىق ، — جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ بۇزغان بۇ ئاۋاز گۆردىن چىققاندەك تۇيۇقسىز ھەم ئەندىشىلىك ئاڭلاندى .
مەتسىدىق ئازابلىق خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى .
— قانداق قىلارسەن ئەمدى ؟
— قانداق قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، دادا .
— شۇنچە يىل جاپا تارتىپ ئوقۇپ كېلىپ ، ئەمدى مېنىڭ كۇنۇمگە قالارسەنمۇ ، بالام ؟
— زامان بىزگە كۈلۈپ باقمىغاندىن كېيىن ، سېنىڭ يولۇڭدا ماڭسام نېمە بوپتۇ ، دېھقانچىلىق قىلىش يامان ئىشمىدى...
— دېھقانچىلىق قىلىش بىزنىڭ قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ

كەتكەن ، بالام ، ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ، ئۇنىڭ دەردىنى مەنلا تارتىپ كېتەيمىكىن دەيمىنا .

— ئاشۇ شۇجى دىگەننىڭ ئالدىغا بىرىپ دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئىچى ـ قارنىمنى بوشىتىپ بىراقلا دىھقان بولۇپ كېتەيمىكىن ، دادا ؟

دادىسى چۆچۈپ كەتتى :

— سەۋر قىل ، بالام ، «سەۋرىنىڭ تېگى نەق ئالتۇن» دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان ، سەۋر قىلىش ، تاقەتلىك بولۇش نامازدىنمۇ ئۇلۇغ ، قايسى كۈنى ئاۋۇت تۇلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ، «كەسىپ ، كەسىپ دەپ تۇرۇۋالماي ، مائارىپقا كەلگەن بولسا ، ‹قوينۇڭدىن تۆكۈلسە — قونچىڭغا › دىگەندەك بۇ چاغـ-قۇچە بىرەر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياتتىم» دەيدۇ . شۇنداق قىلامسەن ـ يا ؟

— ئۇ مىنىڭ ئىشىمنى نەدىن ئاڭلاپتۇ ؟

— كادىرلار ئىدارىسىدىن ئاڭلاپتۇ ، تۇغقان بولغاندىكىن ، بىزگىمۇ ياخشىلىق قىلىپ قوياي دەۋاتامدىكىنتاڭ .

— بىر نەۋرە ئىنىلىرى بولغاندىكىن ، — گەپكە ئارىلاشتى ئانىسى ، — بىزگە ئىچى ئاغرىسىمۇ ئاغرىغاندۇ ، شۇنداق قىل ، بالام .

— بىر نەۋرە ئىنىم بولغان بىلەن بىزنى ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم يوقلاپ قويمايدۇ ، ئادەم دىگەن باي بولغاندا كەمبەغەل تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان گەپكەن... «تۇلكە» دىگەن لەقەم ئۇنىڭغا بىكار قويۇلمىغان ، بىزدىنمۇ نەپ ئالىمەن دەپ چىرايلىق گەپ قىلىۋاتامدىكىن ، «لەقەمنى خىزىر قويىدۇ» دىگەندەك كىشىلەر ئۇنى بەك پارىخور ، پۇۋلىمەي سوقىدۇ ، دەيدىكەن ، كىشىلەر ھازىر ئۇنىڭغا «ئاۋۇت ئون مىڭ» دىگەن يېڭى لەقەم قويۇپتۇدەك .

— بىزدىن بىرنېمە يۇلۇمەن دەپ ئويلىماس ،— دېدى

ئانىسى دەرھاللا ، — بىزدىن ھېچنېمە چىقمايدىغانلىقىنى بىلمەي قالامدۇ ؟

دادىسى ئويلىنىپ قالدى : «ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر - بىرىگە كۆيۈمچان ، ئەزىز قىلىدىغان نەرسە پۇل ئىكەن ، پۇلى بولمىسۇنچۇ ، ئۇنداق مېھرىبانلىق ، كۆيۈمچانلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ ، ياتلىشىپ كېتىدۇ . ناسىر باي سىڭلىسى گۈ-ھەرخاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدىغۇ ، بولمىسا ئۇنىڭ تازا كەم-بەغەل ، نامراتلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ . بالىلىرى ‹ۋاي ، چوڭ دادا ! › دەپ بارسا تونۇماپتۇدەك ، ئەگەر سىڭلىسى قول ئىلكىدە بار ئادەم بولغان بولسا ‹ۋاي ، سىڭلىم ! › دەپ ئاغزىدىن چۈشۈر-مەس ئىدى . دۇنيانىڭ ئىشى شۇنداقكەن ، باي ئاغرىپ قالسا ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بېشىدا پەرۋانە ئىكەن ؛ كەمبەغەل ئاغرىپ قالسا ، ئۇنىڭ تۇغقان - يېقىنلىرى يىراق قاچىدىكەن . تېخى ئۇلار تېخىمۇ نامرات بولسا ، ئۇنى تونۇماس بولۇۋالىدىكەن . ئا-ۋۇت تولكە بۇرۇن غورىگۇل تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان چاغدا بىزنى پات - پات يوقلاپ تۇراتتى . ‹ۋاي ، تۇغقىنىم ! › دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتەتتى . پەلەك ئۇڭغا تارتىپ مائارىپتا كادىرلار ئىشىنى ئىشلەيدىغان بولۇپ پىتلىنىپ قېلىۋىدى ، بىزدىن يىراق-لاپ كەتتى... باشقا نىيىتى بولمىسىلا بەلكى بىزنى ئويلاپمۇ قالغاندۇ... »

— ئۇنچىلىك دەپ كەتمىسىلە ، ھەممە ئادەم ئوخشاش بولماي-دۇ ، مەتسىدىقنىڭ ھەدىسى قانچىلىك قىلىپ كەتكەن ، بۇنى ئو-قۇشقا ماڭغۇزغۇچە تېپىرلاپ ھالىدىن كېتەي دېدى ، ئاۋۇت ئېغى-زىدىن ئۆزى چىقارغاندىكىن ، دېگىنىگە ئەمەل قىلار...

يەنە خېلىغىچە جىمجىتلىق باشلاندى . كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالغان مەتسىدىق ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللىدى .

— بوپتۇ ، دادا ، ئوقۇغان كەسپىمنى تاشلاپ ، قانداق ئىش چىقسا قىلاي ، — دېدى مەتسىدىق غەمكىن ئۇچقۇنلار ئۇچقۇنداۋاتا-

قان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، — خەقكە يالۋۇرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى ، دۇنيادا خەقكە سارغىيىشتىن ئېغىر ئىش يوق ، ئۆزى ئېغىز ئېچىپتىغۇ ، بېرىپ باقاي .

— ئايلىق ئالىدىغانلا ئىش بولسا ، قانداق ئىش بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ ، بالام .

— جان بېقىش پەرز ، دادا ، ھازىر قانداقلا ئىش بولسا قىلىش ئەۋزەلدەك قىلىدۇ . كادىرلار ئىدارىسىدىكى كادىر تۈزۈك ئادەمكەن ، بىزدەكلەرگە ئىچ ئاغرىتىدىكەن . باشقا يەنە قانداق يەرلەردە ئورۇن بار ، ئۇقۇشۇپ تۇراي ، «سەنمۇ ئەھۋال ئىگىلەپ باق» دېگەن . ئاۋۇتكامىمۇ گېپىدىن يېنىۋالماس .

— سېنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشالماي يۈرگىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپ دېگەن بولغاندىكىن يېنىۋالماس ، دەپ ئويلاۋاتىمەن .

— ئەتە كادىرلار ئىدارىسىغىمۇ ، ئاۋۇتكامىنىڭ ئالدىغىمۇ بېرىپ باقاي ، ئاۋۇتكام بىزگە راست كۆيۈنۈۋاتامدۇ ، كۆرۈپ باقامدۇق .

بىر ئۈمىدسىزلىكتىن كېيىن ، يەنە بىر ئۈمىد تۇغۇلدى ، شۇنداقتىمۇ ئائىلىدە ئېچىنىشلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . بۇ جىمجىتلىق چاي ئىچىلىۋاتقان چاغدىن تارتىپ ئېغىر ياتقۇ مەزگىلىگىچە داۋام قىلدى ، ئۇلار ئۇيقۇغىمۇ شۇ جىمجىتلىق ئىچىدە كەتتى . تالادا ئۇشقىرتىپ چىققان شامال ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئۇرۇلماقتا ۋە يوچۇقلاردىن ئۆي ئىچىگىمۇ كىرمەكتە ئىدى . ھويلىدا ھازىر ئۇيقۇغا كەتمىگەن بىرلا جانلىق — قوزىلىق قوي . ئالا ئىتمۇ ئالدىغا سوزۇلغان ئالدى پۇتىغا بېشىنى قويۇپ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتىدۇ . دەرەخ شاخلىرىنى قونداق قىلىشقان توخۇلارمۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۇخلاۋاتىدۇ . يالغۇز قوزىلىق قويلا تىنماي ئوت چىشلىمەكتە . بۇ قارا قوينىڭ بېقىلىۋاتقىنىغا بەش يىل بولدى . ھەر يىلى باش ئەتىيازدا قوزىلايدۇ . قوزىسى قەھرىتان قىشتا سويۇلىدۇ . ئۇلارنىڭ گۆشلۈك تاماق

يەيدىغان مەزگىلىمۇ بىر ئايدىن ـ بىر يېرىم ئايغىچە بولىدۇ . «قوي دېگەن ناممۇ بەرىكىسىنى قوي ، دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ،— دەيتتى دادىسى نۆۋىتى كەلگەن چاغلاردا ، — قوينىڭ ھەممە نېمىسى يېيىلىپ ـ ئىشلىنىپ كېتىدۇ ، مايقىمۇ ياخشى ئوغۇت بولىدۇ » .

※ ※

— ئادەم مەنسىتمەسلىكتە ، كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغاندا ، ئېغىر خورلۇقتا ، ئازابتا قالىدۇ . مۇنداق چاغدا باشقىلارنىڭ خاتالىقى ، يولسىزلىقى ئۇچۇنمۇ سەگەك بولۇپ ، ئۆزۈڭگە نەسىھەت قىلىشىڭ ۋە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ كېرەك . ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىش ئەقىللىق ھەم يىراقنى كۆرەر ئادەمنىڭ ئىشى ،— دېدى كادىرلار ئىدارىسىغا كىرىپ بارغاندا ھېلىقى كادىر كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەتىسىدىققا ،— قانداق قىلىمىز ، ئۇكا ، ھازىر جاھان شۇنداق بولۇپ كەتتى . سېنىڭ قانداق كۈنگە قېلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەن كىمنىڭ ئىشى ، ھەقىقەتنى ، ھەقنى سۆزلەيدىغان كىشىلەرنى تېپىش ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس . سەن يىغلىساڭ ، كۈلىدىغان ئادەملەر بار ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دېسەڭ ، «پولۇ يېسەڭ بولمامدۇ» دەيدىغانلار كۆپ . بۇنىڭغا يىغلامسەن ، كۈلەمسەن ؟… ئالدىرىماي ، ساقلاپ تۇر ، مەن سېنىڭ غېمىڭدە ، ئورۇن چىقسىلا بىرىنچى بولۇپ سېنى تونۇشتۇرۇپ بېرىمەن .

— مەنمۇ كەسپىمگە ئېسىلىۋالماي ، ئورۇن چىقسىلا قانداق يەر بولسىمۇ ئىشلەي ، دېگەن يەرگە كەلدىم ،— دېدى مەتىسىدىق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، — بىر يەردىن ئورۇن چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ .

ئۇ جانلاندى :

— قەيەردىن ؟
— مائارىپتىن .
— ياخشىغۇ ، كىمدىن ئۇقتۇڭ ؟
— دادامغا ئاۋۇتكام شۇنداق دەپتۇ ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەن بولسا ، بۇ چاغقۇچە بىرەر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولاتتىم ، دەپتىكەن .
— ئاۋۇتنى داداڭ تونۇيدىكەن - دە ؟
— تۇغقان بولىدۇ .
— ھە ، مۇنداق - دە !— ئۇ بىگىز بارمىقىنى ئۇستەلگە يېنىك ئۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى ، — ساڭا راست گەپنى قىلاي ، بۇنى ئۆزۈڭ بىل ، ئۇنىڭدىن ئۇمىد كۈت ھەم ئۇمىد كۈتمە .
مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كادىرغا تىكىلدى .
— ئۇمىد كۈت دېگىنىم ، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ ، — تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ . ئۇمىد كۈتمە دېگىنىم : يانچۇقۇڭ توم بولۇش كېرەك ، ئەھۋالىڭ ماڭا ئايان ، يانچۇقۇڭ قۇرۇق . «تۇل- كە » دېگەن لەقەمدىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى قىياس قىلالىشىڭ مۇمكىن . ئۇنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇ ، بېرىپ باق ، ھەر ھالدا تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلار .
مەتسىدىق ئۇنىڭ بۆلۈمىدىن ئۈن - تىن چىقارماي بېشى ساڭگىلاپ چىقتى . يول بويى تېخى تونۇگۈنلا دادىسىنىڭ دېگەن گەپلىرى مۇنۇ كادىرنىڭ دېگەن گەپلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىۋات- قانلىقىنى ئويلاپ ، يەنە ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالدى . بەدەنلى- رىدە قايغۇلۇق ھېسلار يېنىپ ئاۋۋالقى تۈگۈنلەر ھازىرقى يېڭى تۈگۈنلەر بىلەن قوشۇلۇپ ، قەدەملىرى بارغانسېرى ئاستىلىدى . ئۇ شۇنداق مەيۈس ھالدا ئاۋۇت ئاتلىق تۇغقىنىنىڭ بۆلۈمى ئالدىغا كېلىپ ، چىرايىغا مەجبۇرىي تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ ئىشىكنى ئاچ- تى . ئاۋۇت مەتسىدىقنى كۆرۈپ خۇددى ئالدىغا بىرەر باشلىق

تۇيۇقسىز كىرىپ قالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى .

— ۋۇي ، قاسىمكامنىڭ ئوغلىغۇ سەن ،— ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كۇلۇپ مەتسىدىقنىڭ ئالدىغا كەلدى ،— قانداق ئەھۋالىڭ ، ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلدى ، دەپ ئاڭلايمەن ، ئىسىم قۇرۇسۇن ، ئىتىڭنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارد-امدىغان...

— مەتسىدىق .

— توغرا ، توغرا ، مەتسىدىق ، ئۇ چاغلاردا سەن كىچىك ئىدىڭ ، ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى . مانا ھازىر چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ ، قاسىمكام ئوبدان تۇرۇۋاتقاند-دۇ ؟

— ئوبدان .

— ئاناڭمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ ؟

— ياخشى .

— ھە ، ئەمدى ئىسىمگە كەلدى ، سەن ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان چېغىڭدا ئاچاڭنىڭ توينى قىلىۋەتتۇق ، ئوبدان بالىغا چۈشتى . قېنى ، بۇياققا كەل ، ئولتۇر ، — ئۇ چۈڭچۈلداپ سۆز-لەپلا كەتتى . سۆزلىگەندە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قاش - كۆزلىد-رىنى ئۇچۇرۇپ - ئوينىتىپ سۆزلەيتتى ، ئىككى جاۋغىيىغا تۇكۇرۇك كۆپۈكلىرى يىغىلىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايتتى ، گېپىد-نى ئاڭلاۋاتقان ئادەممۇ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەيتتى .

— كادىرلار ئىدارىسىغا بېرىپ - كېلىپ بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپسەن ، قايسى كۈنى قاسىمكام ئۇچراپ قېلىپ ، مەن : «مەت-سىدىق ئارغىماقتەك ئۇياق - بۇياققا چاپماي ، كەسپىمنى ئىشلەي-مەن دەپ ئاۋارە بولماي مەشەگە كەلسۇن ، كەسپىمنى ئىشلەيت-تىم ، دېگەن ئىشلار ئاللىقاچان تۈگىدى ، مائاش بېرىدىغان يەرلا بولسا بولۇۋېرىدۇ ، ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن» دەپ ئېيتقان . ئۇ-رۇمچىدىن كېلىپلا مەشەگە كەلگەن بولساڭ بۇ چاغقىچە ئورۇنلد-

شىپ بولاتتىڭ ، ھېلىمۇ ئامالىنى قىلىمىز .
— ئامالىنى قىلارمىكىن دەپ كەلدىم ، ئاۋۇتكا .
— چوقۇم قىلىمەن ، خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ .
بۆلۈمدىكى تام سائىتىنىڭ چىكىلدىشى ئاڭلاندى .
تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ، يېشى يىگىرمە بەشلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان ، قارا كۆك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ، بوينىغا سۇس يېشىل گالىستوك تاقىغان ، يالاڭئاش چىرايلىق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرگەن ئاۋۇت قەددىنى پۈكۈپ ، قولىنى سوزۇپ بىرقىسما ھىجايغانچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئا مىشۇ ، قەدەملىرى بۇياققا يېتىپ قاپتۇ ، مۇبارەك بولسۇن ، قېنى ، ئورۇندۇققا كەلسىلە ،— ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ دېدى ،— قوپە ، سەن بۇياقتا ئولتۇر ، قېنى ئا مىشۇ ئولتۇرسىلا ، بىزنىڭ ئورۇندۇقلار قاتتىق ، لېكىن كۆڭلىمىز يۇمشاق ، ئۇسساپ قالغاندىلا ،— ئۇ كۆزنىكىگە قەغەز تارتىلغان ئىشكاپنى ئاچتى .
— مەن ئالدىرايمەن ،— يىگىت بۆلۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە ،— سايىمئاخۇن خوجايىنىنىڭ بالىسىنىڭ ئىشى قانداق بولدى ،— دېدى ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي .
— پۈتۈپ قالاي دېدى .
— بۇ ئىشنىڭ سۆرىلىپ كەتكىنىگە ھاكىمنىڭ بەك ئاچچىقى كېلىپ مېنى ئەۋەتتى ، «پۈتسە پۈتىدۇ ؛ پۈتمىسە ، پۈتمەيدۇ دېسۇن» دەيدۇ .
— مەن پۈتكۈزۈپ بېرىمەن دەپ ھاكىمغا ئېيتقانغۇ ، جەزمەن پۈتىدۇ ،— ئاۋۇت بىرقىسما قىلىقلارنى قىلىپ ئىشكاپتىن بىر بوتولكا ئانار شەربىتىنى ئالدى ،— دۈشەنبە كۈنى ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە تونۇشتۇرۇش يېزىۋەتسەملا پۈتتى دېگەن سۆز . مۇدىر بىلەنمۇ سۆزلىشىپ قويغان .

— بىر ھەپتىدىن بېرى ئورۇنلىشالماي يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى يىگىت تېخىچە كۆرسىتىلگەن ئورۇندا ئولتۇرماي ئۆرە تۇرغىنىچە ۋە ئۈستەل ئۈستىدىكى سوغۇق ئىچىملىككە قاراپمۇ قويماي.

— مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، ئىككى كۈن يىغىندا بولدۇم، يېزىدا بىر بۇرادىرىمىز بولىدىغان، ئۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپ، بىر كۈن شۇ يەردە بولدۇق. كۈن دېگەننى تۇتۇۋالغىلى بولمايدىكەن، تۆت - بەش كۈننىڭ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمىز ئەمەسمۇ! بولمىسا ئەس - يادىم شۇ بالىدا. مەن دۈشەنبە ئىشنى تۈگىتىپ، ھاكىمغا تېلېفوندا ئۆزۈم دوكلات قىلىمەن، ھاكىم تاپشۇرغان ئىشنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلىمىز دېسىلە، ئا مىشۇ.

ياش يىگىت چىرايىنىمۇ ئاچماي، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى. ئاۋۇت ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ كەينىدىن شاپاشلاپ چىقىپ كەتتى.

مەتسىدىق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ ھەيرانمۇ بولدى ۋە شۇ ھەيرانلىق ئىچىدە خىيالغا كەتتى: «ئاۋۇتكامنى ھىيلىگەر ئادەم دېيىشىدىكەن، بەزى ئادەملەرگە لەقەم — چىراي - شەكلىگە قاراپ قويۇلىدۇ، ئاۋۇتكامنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە قاراپ قويۇلۇپتىكەن، ھىيلىگەر ئادەم ئىزا - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، خۇشامەتنى راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىكەن. خۇشامەتچىلىك ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولغان ئۆسمىگە ئوخشايدۇ، بەزىسى يېنىك بولۇپ تېز ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇنداقلار ئاز بولىدۇ؛ بەزىسى ئېغىر بولۇپ ئاسان ساقايمايدۇ. بۇنداقلا جىق بولىدۇ؛ ئۇنداق ئادەمنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟ خۇشامەتچى ئۆزى خۇشامەت قىلغان ئادەمدىن ئەمەل ياكى بايلىق، ۋە ياكى ئۆزىگە ھەل بېرىدىغان چىرايلىق گەپ كۈتىدۇ. بۇنىڭ تۈپ يىلتىزى شەرمەندە شەخسىيەتچىلىك!»

ئاۋۇت بۆلۈمگە ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى . ئۇستەل ئۇستىدىكى ھېلىقى كاتىپ ئىچمىگەن ئىچىملىكنى ئېلىپ ئىشكاپ ئىچىگە سېلىپ قويدى ـ دە ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— سېنى مەن ئورۇنلاشتۇرىمەن ، كادىرلار ئىدارىسىدىكى رەسمىيەتلىرىڭنى يۆتكەپ كەل . ئەمما كېچىكىپ كەلدىڭ ، بولمىسا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇراتتىم . ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ ، ئۇ يەرگە سايىمئاخۇن لوبەنىنىڭ بالىسى بارىدىغان بولدى . سېنى داداڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ ناھىيە ئىچىگە ، ھېچبولمىسا ناھىيە ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىمەن . ئوبدان تەييارلىق قىل ، قانداق ، دېگەنلىرىم كۆڭلۈڭگە ياقتىما ؟

— بولىدۇ ، ئاۋۇتكا ، ھامىنى مەكتەپتە ئىشلەيدىغان بولغاندىكىن ، تېزرەك ھەل قىلىپ بەرسىڭىز ، ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلىسىزغۇ...

— بىلىمەن ، بەش قولدەك بىلىمەن ، مەنمۇ سېنى تېزرەك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن . رەسمىيەتلىرىڭنى يۆتكەپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالما ، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن بۆلۈمدە بولىمەن ، گەپ تۈگىدى ، مېنىڭ ھازىر يىغىنىم بار .

مەتسىدىق كوچىغا چىقىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە ، تاماكا يۆگىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ، تۇمانلىق ئىدى . «ئاۋۇتكامنىڭ دېگىنىدەك بولسا ، ئىشلىرىم بىر ـ ئىككى كۈندىلا پۈتۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ . راستتىنلا ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولارمۇ ؟... ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ، قايغۇ بىلەن شادلىق ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئىشمىدۇ ياكى مۇشۇ ئاخىرقى قارارمىدۇ ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا مەقسەتسىزلا مېڭىپ يۈرۈپ .

ئۇ مېڭىشقا تەمشىلىپ قەدىمىنى يۆتكەي دەپ تۇرۇشىغا ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قىزنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغانلىد-

قىنى بايقاپ قالدى . مەتسىدىق ئۇ قىزنى قاچاندۇ بىر چاغدا بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى . قىزمۇ ئۆزىگە ئۇنىڭ تىكىلىپ قارا- ۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى ۋە نېرىقى كوچىغا كىرىپ كەتتى . كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان يېرى ، قىز كوچىغا ئەگىگەن چاغدا نېمىشقىدۇ كەينىگە بىر قايرىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى . قايرىلىپ بىر قاراش ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىملىق بىر ئوي سېلىپ قويدى .

## 6

مەتسىدىق يېزىغا قايتىپ چىقتى . ئاۋۇتىنىڭ ئېيتقىنى بويىـ چە ، ئۇ خىزمەت ئورنى تېپىلغۇچە ھەپتە - ئون كۈن ساقلىماقـ چى . ناھىيە بازىرىغا كىرىپ - چىقىپ لاغايلاپ يۈرگۈچە يېزىدا تۇرۇپ تۇرغان ھەم دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقانمۇ ياخشى . بىراق ، ھازىر دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى ئەمەس ، ئۇـ نىڭ ئۇستىگە قولى ئىشقا بارماي ، ئىش قىلىشمۇ ، كىتاب ئوقۇشـ مۇ خۇشياقماي كۈنلىرىنى بىكارچىلىق ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشمۇ تەس . بىكارچىلىق ئادەمنى لايغەزەل قىلىۋېتىدۇ ، قىزىق يېرى — ئۇ ئادەمنى كەتمەن چاپقاندىنمۇ بەكرەك ھارغۇزـ ۋېتىدۇ ، شۇنداقلا ئادەمنى ھۇرۇنلۇق پاتقىقىغا پاتۇرۇۋېتىدىكەن . زېرىكىش ، ئالغا ئىنتىلمەسلىك ، ئۈمىدسىزلىنىش بىكارچىلىقـ تىن كېلىپ چىقىدۇ . مۇشۇنداق تۇيغۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ قەلبى بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ شىددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى .

مەتسىدىق ئاپتاپتىن قېچىپ كاۋا بارىڭى ئاستىغا تەگسىز خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ھېلىراقتا قۇرۇپ قالغان يىرىك - يىرىك شاخلارنى كەسلىگەن ، دادىسى كەسلەنگەن ئوتۇنـ لارنى قوتاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا رەتلەپ بېسىۋاتاتتى . ئانىسى ئۆڭسۈـ لى ئۆچكەن ھالدا تالادىن پايپاسلاپ كىرىپ كەلدى :

— جەرىمانە يىغىدىغانلار كېلىۋاتىدۇ !

— نېمە دەيسەن ؟ بالايىئاپەتنىڭ قەدىمى ھېلىتىنلا بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگىنى نېمىسى ؟

— راست كەلدى… ئەمەت چوڭنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى .

قاسىمئاخۇن بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتۈرگەن پېتى تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك بوزۇلۇپ - تاتىرىپ ، ئىچ - قارنى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . مەتسىدىق دادىسىنىڭمۇ ، ئاپىسىنىڭمۇ قان دىدارى قالمىغان چىرايىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى . مەتسىدىق دەھشەتلىك ئاڭلانغان ، ئۇلارنى بىچارە ھالغا سېلىپ قويغان بۇ خەۋەر توغرىسىدا ئاڭلىغان . ئۇ ئۇرۇمچىدىن يېڭى كەلگەن چاغلاردا كەنت كادىرلىرى ئۇلارغىمۇ مەجبۇرىي پىلە قۇرتى باققۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقى ، بۇنىڭدىن نەپ - پايدا ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ھەر يىلى زىيان تارتىپ ، جەرىمانە تۆلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، جەرىماننى تۆلىمەي ئۇنىڭدىن ھەرگىز قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكى ، پىلە قۇرتى بېقىش دېھقانلارغا زۇلۇم بولۇۋاتقانلىقى ، جەرىمانە ئېلىشنىڭ ھەر يىلى ھەر خىل سەۋەبلىرى چىقىپ تۇرىدىغانلىقى ، بۇ يىل ئۇجمە يوپۇرمىقى يېتىشمەي نۇرغۇن پىلە قۇرتلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىگە كەلگەن تۆت يۈز يۈەن نەق پۇل تۆلەيدىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەرنىڭ مۇقەددەس قانۇن ئىكەنلىكى ، ئەگەر بىر ئايغىچە جەرىماننى تۆلىيەلمىسە ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقى ، بۇ سۆزلەرنى شۇنداق قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلىگەنلىكى توغرىسىدا قاسىمئاخۇن ئوغلىغا سۆزلەپ بەرگەنىدى .

«ھە ، شۇ دەھشەتلىك كۈن بۈگۈن يېتىپ كەپتۇ - دە ، ئاخىر !» دەپ ئويلىدى مەتسىدىق ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە ئاڭلانماس دەرىجىدە پىچىرلاپ .

— بورداۋاتقان پىتلىرىمىز بار ، شۇلارنى ئالار ،— دېدى دادىسى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قوتاندىن چىقىۋېتىپ . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىشتىن ئۆتۈپ قىزىرىپ تىترىمەكتە ئىدى .

— ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپمۇ قويمايدىكەن ، كۆرۈپ كەلدىم. غۇ ، قولىغا چىققاننى ئېلىۋاتىدۇ ، — ئاپىسى ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ كۆرگەنلىرىنى سۆزلىمەكتە ئىدى ، — قوي بولام. دۇ ، ئۆچكە بولامدۇ ، كىگىز - كېچەك بولامدۇ ، نېمە بولسا شۇنى ئېلىۋاتىدۇ ، تېخى ئىزا تارتماي يالاقچىلىرى توخۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ هارۋىغا باستى ، بەئەينى بۇلاڭچىكەن ئۇلار .

— بۇلتۇرقىدەك ئىشلار... يەنە... بولىدىكەن - دە ، — دادىسىنىڭ تىترەپ ، ئۇنى پەسلەپ ، گەپلىرى ئۇزۇك - ئۇزۇك چىقماقتا ئىدى .

— شۇنداق كۆڭلى قارا ، ياۋۇزكەن ئۇلار ، كىشىلەرنىڭ ئاهۇزارىغا قىلچە قۇلاق سالمايدىكەن . پاتەمخان : «داق يەردە قانداق ياتىمىز ، بەش يىل يۇڭ يىغىپ ئاران باستۇرغان كىگىزلەر بۇ !» دەپ ئېسىلغان ، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ، كىگىزلەرنى هارۋىغا باستى ، تېخى ئىزا تارتماي گۈلىيىۋاتىدۇ...

— كۆردۈڭمۇ ، بالام ،— دېدى هەم مەيۈسلەنگەن ، هەم غەزەپلەنگەن دادىسى مەتىسىدىققا قاراپ ،— پىلە قۇرتى باقىسەن دېدى ، باقمايمىز دېسەك ، مەجبۇرلىدى ، باقتۇق . ئاشلىقنىڭمۇ ئوخشايدىغان يىلى ، ئوخشىمايدىغان يىلى بولىدۇ ، پىلە قۇرتىنىڭ. مۇ شۇنداق ، ئوزۇق يېتىشمەسلىك ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەس. لىك ، ئالايتەن قۇرتخانا سالالماسلىق بىلەن قۇرتلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ساڭا مەجبۇرلاپ ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تاڭغان ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماسلىق كېلىپ چىقىدۇ - دە ، پۈتۈن ئائىلىنى قاقشىتىدىغان ، قۇرۇق قاقشال قىلىۋېتىدىغان جەرىمانە دېگەن بىر بالا - قازا كېلىدۇ . دېهقان قورساقىنىڭ غېمىنى قىلامدۇ ، جەرىمانىنىڭ غېمىنى قىلامدۇ ؟...

جەرىمانىگە نەدە پۇل ، ئاخىر ئۇلار ئۆيىنى بۇلايدۇ . يا ئۆزۈڭ ئىشلەپچىقارغان نەرسەڭنى خالىغان ئادەمگە ساتالمايسەن ، بۇ مۇ- ناپىقلارنىڭ نىمە قىلغىنى بۇ ، شۇمۇ ئىش بولدىمۇ ···

— نىمىشقا ؟— ھەيران بولۇپ سورىدى ئۇ .

— بەلگىلەپ بەرگەن فابرىكا بار ، شۇ يەرگىلا ساتالايسەن .

— بۇ قانداق گەپ ؟··· غوزەكنى ئىشلەپچىقارغانلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ئىگە بولالامدۇ ؟

— بەلگىلەپ بەرگەن فابرىكا بىر كىلو غوزەكنى ئالتە يۈەن- دىن سەككىز يۈەنگىچە ئالىدۇ . بولمىسا سەندىن يىگىرمە يۈەندىن يىگىرمە ئىككى يۈەنگىچە ئالىدىغان تىجارەتچىلەر بار ، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ .

— بۇ دىگەن رىقابەت دەۋرى ، ئۆزۈڭ ئىشلەپچىقارغان مەھ- سۇلاتىڭنى ئەرزان باھادا ئالىدىغان يەرگە ساتماي ، ئۆرە باھادا ئالىدىغان يەرگە سېتىش تامامەن سېنىڭ ھوقۇقۇڭ ئەمەسمۇ ؟ ! مۇنداقمۇ يولسىزلىق بولامدۇ !

— يۇقىرى باھادا ئالىدىغان ئادەم تالون كېسىپ بېرەلمەي- دۇ ، بەلگىلەپ بەرگەن فابرىكا مۇنچە كىلوگىرام ئۆتكۈزدى ، دەپ تالون كېسىپ بېرىدۇ ، بىز ئۇنى ئەكېلىپ كەنت شۇجىسى ياكى كەنت باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز . ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق سوراققا قالىمىز . بىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە قانچە كىلوگىرام بولسا شۇنىڭغا قاراپ جەرىمانە تۆلەيمىز . سەن شۇنچىلىك غوزەك ئالالى- دىڭمۇ ، ئالالمىدىڭمۇ ؟ ئۇنىڭغا قارىمايدۇ .

— توۋا ، مۇنداقمۇ يولسىزلىقلار بار ئىكەنا ، جەرىمانە تۆلەپ پىلە قۇرتى باققاندىن كۆرە ، باقمايلا قويسا بولمامدۇ ، ئۇنىڭ ئۆلگۈدەك جاپاسىنى تارتقۇچە .

مەتسىدىق بۇ گەپنى دادىسىغا قارىتىپ ئەمەس ، ئۆز - ئۆزىد- گە سۆزلىگەن تەرزدە سۆزلىگەن بولسىمۇ ، دادىسى ئۇنى ئاڭلاپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ، ئۇنىڭ ئاچچىق كۈلۈمسىرىشىدە قەھر -

غەزەپمۇ، مەسخىرە - تەنىمۇ، ئىلاجسىزلىق - مەجبۇرلىنىشمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، ھەرگىز يول قويمايدۇ. ھەربىر دېھقاننىڭ يېرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە مەجبۇرىي پىلە قۇرتى بېقىش ۋەزىپىسى چۈشىدۇ. يېرى كۆپلەر ياكى نوپۇسى كۆپلەر كۆپ بېقىش، يېرى ئاز ياكى نوپۇسى ئازلار ئاز بېقىش يولىغا قويۇلغان. بۇنىڭغا ئەمگەك كۈچى يېتەمدۇ، يەتمەمدۇ؟ پىلە قۇرتىنىڭ ئوزۇقى بولغان ئۈجمە يوپۇرمىقى بارمۇ، يوق؟ قۇرتخانىسى بارمۇ، يوق؟ بۇنىڭغا قارىمايدۇ. خۇددى ھويلىغا توساتتىن بىر كىمنىڭ ئېتىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالسا، ئېتىڭنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ دېگەندەك.

— مۇنداق دە، دادا... كەنت شۇجىسى، كەنت باشلىقى، ئۇنىڭ كادىرلىرى سىلەرنىڭ ھالىڭلارنى، ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك نېمىشقا سىلەرگە يەڭگىللى بولمايدىغان بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ؟ تىرىكچىلىكىڭلار شۇلار بىلەن ئۆتىدىغۇ، كۆزى كۆرۈپ تۇرىدىغۇ، دادا؟

— ھەي، بالام، نېمىسىنى دەيسەن، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، بۇرۇنلاردا ئاشۇلار بىلەن بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ، مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ چىرايلىق ئۆتەتتۇق. ھازىرچۇ؟... ھازىر ئوتتۇرىمىزدا ئېگىز - پەسلىك، چوڭ - كىچىكلىك پەيدا بولدى. مىسالى: ئۇلار بۇرۇن گۈل بولغان بولسا، ھازىر تىكەنگە ئايلاندى، ئادەمگە قەدەمدە بىر سانجىلىپ تۇرىدۇ. ۋەھشىي ھايۋاندەك رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. رەھىمسىز ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ غېمى، ھال - مۇڭى بىلەن نېمە چاتىقى، بېشىڭغا دەرد - ئەلەم كەلسە ئۇلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقا دەمسىنا، ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن پۇل - مەنپەئەت. پۇل دېگەن ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن. تېخى ئۇلار بېشىڭغا قىيىنچىلىق كەلسە: «خوپ بوپتۇ»

دېيدىكەن، خۇددى بۇرۇن بىز ئۇلارنىڭ خۇشلۇقىنى تارتىۋالغاندەك. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىزنىڭ ئاساسىي تېرىقچىلىقىمىز پاختا. بىراق ھازىر قوشۇمچە پىلە قۇرتى باقىدىغان بولۇپ قالدۇق. دېھقانچىلىقنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىيىنى مۇشۇلار… بوپتۇ، بالام. جاھان تېخى ئۇزۇن، كىمدە كىم رەھىمسىزلىك قىلسا، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئۇسال كۈنگە، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىزغۇ باشقىلارغا يامانلىق تىلىمەيمىز، يامانلىقنى ئۆزلىرى تىلەپ تاپىدۇ. ياخشىلىقتىن گۈل ئۈنىدۇ، يامانلىقتىن تىكەن ئەمەسمۇ! كونىلار ئەجەب توغرا گەپلەرنى دەپتىكەن.

مەتسىدىق دادىسىدىن شۇنچىلىك گەپلەرنىڭ چىققانلىقىغا ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ خىيالغا كەتتى: خەلقنى قاقشىتىش، ھالىغا يەتمەسلىك ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئىشى. ئۇنداق ئادەملەر كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە قالىدۇ - دە، كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئېغىر پۇشايمان - ئۆكۈنۈشتە تولغىنىدۇ؛ خەلقنىڭ ھالىغا يەتكەن، دەردىگە دەرداش، مۇڭىغا مۇڭداش بولغان كىشى كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئالقىش - باركاللا ئالىدۇ. ئەمما ئالدىنقىسى بۇ ھەقىقەت - مۇقەررەرلىكنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشىنىدۇ، چۈشەنگەندە بولسا ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. مۇنداق ئىشلار كۆپ ئۆتكەن.

— دادا، كەنت كادىرلىرىنىڭ مۇنچىلىك شاپاشلاپ كېتىشىدە باشقا سەۋەبلەرمۇ باردۇر - ھە؟ ئۇلارنىڭ بىرەر مەنپەئەتى بولمىسا مۇنچىلىك شاپاشلاپ كەتمەس ئىدى؟

— كەنت كادىرلىرىنى مۇنچىلىك شاپاشلاپ، تۆت پۇتلۇق يۈگۈرتۈۋاتقان يېزا باشلىقى، ناھىيە ھاكىمى، شۇجىلارنىڭ پەرمانى.

مەتسىدىق بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:

— سۇ بېشىدىن لاي دېگىنە؟!

— بابا دېدىمغۇ، بۇلارنى ھەر كويغا سېلىۋاتقان، رەھىمسىز

قىلىۋەتكەن پۇل ـ مەنپەئەت دەپ . دېھقانلارنىڭ ئەمگىكىدىن ، قان ـ تەرىدىن يىغىلغان پۇلدىن بۇ خىزمىتى ئۇچۇن يۇقىرىسى ھاكىم ـ شۇجىلار ئوتتۇز ـ ئوتتۇز بەش مىڭ يۈەندىن ، يېزا باشلىقى ، يېزا شۇجىسى ئون ـ ئون بەش مىڭ يۈەندىن ، تۆۋىنى كەنت باشلىقى ، شۇجىسى ئۈچ ـ بەش مىڭ يۈەندىن پۇل ئالىدۇ ، شۇڭا ئۇلار شاپاشلايدۇ .

— ئېغىر ئەمگەكنى دېھقان قىلسا ، ئۇلارنىڭ دېھقانىنىڭ ھەققىگە چاڭ سالىدىغان نېمە ھەققى؟ ئۇلار نېمە قىلغىنىغا ئالىدۇ؟ ئوتتۇرىدا شاپاشلاپ بەرگىنىگە پۇل ئالىدىكەن ـ دە؟ توۋا ، خۇدايىم ، مۇنداقمۇ ئىشلار بار دېگىنە ، دادا...

— ئۇلارغا بۇ پۇلنى پىلاننىڭ ئورۇندىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان ، ھەيدەكچىلىك قىلغان ، جەرىمانىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تولۇق يىغىۋالغان ، دەپ مۇكاپات ھېسابىدا بېرىدۇ . شۇڭا ئۇلار دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي يۈگۈرەيدۇ .

مەتسىدىق ئورنىدا تۇرالماي قالدى ، تېرىكتى ، ئىچى ئېچىشتى ۋە شۇئان غەزەپ ـ نەپرىتى چىرايىغا ئوقچۇپ چىقتى . قان دىدارى قالمىغان يۈزى ، لەۋلىرى تىترىدى ، گۆرەنلىرى كۆپتى ، ئىككى چېكىسى تىنىمسىز لىپىلدىدى ، كۆزلىرى يېنىپ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى . «ھېلىقى موماينىڭ دېگەنلىرى مۇشۇ ئىشلار ئىكەن ـ دە !» دەپ ئويلىدى مەتسىدىق .

— مۇشۇ ئىشلار توغرۇلۇق زادى ھۆججەت بارمۇ ، دادا ، ياكى ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان ئاغزاكى گەپلەرمۇ؟

— يۇقىرى ئورۇنلار مۇنداق ھۆججەتلەرنى چىقىرامىدۇ ، بالام ، ناھىيىلىك ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاغزاكى بۇيرۇقلىرى بار ، بىزنى قاقشىتىپ ۋەيران قىلىۋاتقان ، قۇرۇق قاقشال قىلىپ قويغان ئاشۇ بۇيرۇقلار ! بولمىسا مەركەزنىڭ ، ئاپتونوم رايوننىڭ ، ۋىلايەتنىڭ چىقارغان ھۆججەتلىرى باشقىچە . مەركەزدىن تارتىپ ۋىلايەتكىچە قالايمىقان ھەق ئالماسلىق ، خالىغانچە جەرىما-

نه قويماسلىق ، دېھقانلارنى قاقشاتماسلىق توغرىسىدا تاپىلاپ تۇ-
رۇۋاتىدۇ . بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرۈش ، جا-
زالاش خۇسۇسىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلىۋاتىدۇ . لېكىن
بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي خالىغىنىنى قىلىۋاتامدۇ··· ھەممىدىن
يامىنى يەرلىك سىياسەت ئىكەن ، بالام ، ئەنە ئاڭلاۋاتامسەن ،
ئەمەت چوڭنىڭ ھويلىسىدىن كېلىۋاتقان ناله - زارلارنى ! مۇشۇ
بىچارە دېھقانلار نېمە گۇناھى ئۈچۈن شۇنچە دەرد - ھەسرەتلەرگە
قالىدۇ ؟ بۇ يولسىزلىق ، ناھەقچىلىكلەرنىڭ زادى سورىقى بول-
ماسمۇ ؟ بالام - ھە··· ياكى سوئال - سورىقى بولماي ئۆتۈپ
كېتەرمۇ ؟

قاسىمئاخۇننىڭ يۈرىكىدىن ھەققانىي رەۋىشتە ئېتىلىپ چى-
قىۋاتقان سوئاللىرى ھويلا ئاسمىنىدا چاراقلاپ يېنىپ ئەتراپنى
لەرزىگە سالماقتا ئىدى . شۇ تۇرقىدا غەزەپلىنىپ سۆزلەۋاتقان
قاسىمئاخۇنمۇ ، «كەنت كادىرلىرى ھېلى بىزنىڭ ھويلىغىمۇ كى-
رىپ قالىدۇ» دەپ قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىغان ئانىمۇ ، بۇ
مەلۇماتلاردىن قەھرى يېنىپ ، ئۆزىنى ناھايىتى تەسلىكتە تۇتۇۋال-
غان مەتسىدىقمۇ مۇشۇ سوئاللار سالمىقىدا ، تەسىر كۈچىدە ئور-
نىدا تۇرالماي ، ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا ئۇياق - بۇياققا ماڭماقتا
ئىدى . دادىسى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغىنى يوق . ئۇ يەنە
دېھقانلاردىن بىر كىلوگرام غوزەكنى ئالتە - سەككىز يۈەندىن
سېتىۋېلىپ پىلە قۇرتلىرىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي-
دىغان ، قۇرتخانىنىڭ نەدىلىكى چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ، قۇرت-
لارنىڭ نېمە يەيدىغانلىقى ، ئۇنىڭ قانداق بېقىلىپ ، قانداق يېتى-
لىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان فابرىكا دىرېكتورى ئېچكىرى ئۆلكى-
لەرگە يىگىرمە بەش - ئوتتۇز يۈەندىن سېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ،
شۇنداق بولغاندا دىرېكتور قاتارلىقلارنىڭ دېھقانلاردىن قانچىلىك
پايدىنى شىلىپ يەيدىغانلىقىنى ، بۇ يەردىكى فابرىكا ئىشچىلىرى
خام ئەشيا يوق ، دەپ ئۆيدە تۇرمۇش پۇلى ئېلىپ بىكار ئولتۇرۇ-

ۋاتقانلىقىنى ، دىرېكتورلار ئىشچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قىلچە ئويلىماي تېزرەك ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشنىڭ كويىدا چېپىپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلىمەكتە ئىدى . بۇ دەردلەرگە كىم چىدايدۇ ، كىم نالە ـ پەرياد قىلماي تۇرالايدۇ .

— ئەنە ، ئەنە كېلىشىۋاتىدۇ ، بىزنىڭ هويلىغا كېلىۋاتىدۇ ! — دېدى تالاغا چىقىپ قاراپ باققان ، ئالاقزادە بولغان ئانا كىرىپ .

راستتىنلا هايال بولماي كەنت شۇجىسى ۋە ئىككى كەنت كادىرى هويلىغا كىرىپ كەلدى . كەنت شۇجىسى بەستلىك ، سۇرلۇك ئادەم ئىدى . ئۇلارنى كۆرۈپ هويلىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلارمۇ قاچتى .

— خوش ، قاسىمئاخۇن ، جەرىمانىسىنى تەخلەپ قويغانسەن ،— دېدى كەنت شۇجىسى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ، قولىدىكى دەپتەرگە قاراپ ، — نېمە بۇ توخۇلىرىڭ ئۈركۈپ يۈرۈيدىغۇ ؟

— سىلىنى كۆرسە هازىر ئادەملەردىن ئۆتۈپ توخۇلارمۇ تېخى دۆلەرمۇ قاچىدىغان بولۇپ قالدى ، شۇجى .

— سېسىق گېپىڭنى قوي ، ئۈچ يۈز كويكەن ، قېنى چىقار !

— چارىسىنى قىلالمىدۇق ، شۇجى ، يەنە بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرساڭلار ، يولىنى چوقۇم قىلىمىز .

— نەۋاخ بىز تەخىر قىلىپ تۇرغىلى ، تەخىر قىلىشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ ، ئوغلۇڭ ئوقۇش تۈگىتىپ كەلدى ، مونەك ـ مونەك پۇل ئېلىۋاتقاندۇ ؟

— تېخى ئىشقا ئورۇنلىشالمىدى ، ئورۇنلاشقان بولسا سىلىدىنمۇ يول ماڭدۇرماي ئاللىقاچان بېرىۋەتكەن بولاتتۇق .

— ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق ، بىز دەپتەرگە چۈشكەننى بىلىمىز ، ئۇقتۇڭمۇ لامزەللە !

ئۇ خوجايىنلارچە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، قولىنى شىلتىپ سۆز-

لىۋىدى، مەتسىدىق ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:

— بۇ پىلە قۇرتى باققاننىڭ سازايىمۇ، ئاشلىق تەرگەن دېھقان ھوسۇل ئالالمىسا ئۇنىڭ زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ، پىلە قۇرتى بېقىپ ھوسۇل ئالالمىسا ئۇنىڭغا جەرىمانە تۆلەمدۇ؟ بۇ قەيەردىن كەلگەن سىياسەتتۇ؟

— كۆڭۈل قويۇپ باقمىغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ.

— دادام پىلە قۇرتلىرىغا ئۆلۈۋېلىڭلار، جەرىمانە تۆلەشتىن قۇرۇق قالسام بولمايدۇ، دەپ ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ـ دە.

— ماياققا ئۆتە سويما، داداڭنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، — ئۇ خۇددى مەتسىدىقنى ئۇرىدىغاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا گۆلىيىپ كەلدى، — كۆڭۈل قويۇپ باققانلار پايدا ئالىدۇ، كۆڭۈل قويۇپ باقمىغانلار زىيان تارتىدۇ، بۇ شۇنداق ئىش، پىلە قۇرتى دېگەننى بالىنى باققاندەك باقمىغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ.

— زىيان بولسا ئۆزىگە بولامدۇ، زىيىنىنىڭ ئاز بولۇپ قاپتۇ دېگەندەك تۈرلۈك ئەمەلىي سەۋەبلەر بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا، ئىشلىگەن ئادەمنىڭغۇ ئەمگەك كۈچىنى ھېسابقا ئالماڭلار، زىياننىڭ ئۈستىگە يەنە نېمىشقا جەرىمانە تۆلەيدۇ؟ ...قاتتىق ئەمگەك قىلىپ تۇرۇپمۇ يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەن نەدە بار... ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەرمۇ دېھقان ئىدىڭلارغۇ، بىرلا ئايلىنىپ ئەمەلدار بولۇپ قېلىپ يۈرەك ـ باغرىڭلار مۇزغا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ سىلەردە مېھىر ـ شەپقەت يوقمۇ؟... ئىگىسى سىلەرگە ئادەملەرگە كۆيۈنۈش، ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى ئاتا قىلمىغانمۇ؟ سىلەر مۇشۇ دېھقانلارنىڭ بەزىلىرىگە يېقىن، بەزىلىرىگە يىراقراق تۇغقانغۇ، ھېچبولمىسا يۇرتداش، مەھەللىداش، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن ئەمەسمۇ! شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىڭلارمۇ؟

— نېمانداق كاسكى نېمە سەن، شۇنداق كېلىۋاتقان ئىش بۇ، سەن بىلمەيسەن، باشقا ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— بۇ ئىشلارنى سىزنىڭ ئۇنى قانداق چۈشىنىشىڭىزگە باغلىق، دېھقانلارغا كەلتۈرۈۋاتقان بالايىئاپىتىڭلارغا شۈكۈر دەيدىغانلارمۇ، ئۇنى بىزگە ئاتايىن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سېلىۋاتقان زۇلۇم دەيدىغانلارمۇ بار...

— سەن... سەن نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، بىز دېھقانلارغا قانداق بالايىئاپەت كەلتۈرۈپتۇق، — ئۇنىڭ تەرى تۇرۇلۇپ، قىزغۇچ كۆزلىرى دەھشەتلىك ياندى، — بىز خەلققە مەنپەئەت، بەخت يارىتىپ بېرىمىز، دەپ شاپاشلاپ يۈرۈۋاتساق، دەۋاتقان گېپىنى...

مەتسىدىقنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي، غەزىپىنى باسالماي قالدى - دە، دەيدىغان گەپلىرىنى خۇددى پىلىموت ئوقىدەك تاراسلىتىپ دېيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ھويلىغا كىرگەن دېھقانلار بىر كەنت شۇجىسىغا، بىر مەتسىدىققا قاراپلا قالدى. بۇنداق گەپلەرنى مەتسىدىقتىن باشقا ھېچكىم دېيىشكە پېتىنالمايتتى، جۈرئەت قىلىش ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ياندۇرماقتا ئىدى.

— دېھقانلارغا،— دېدى ئۇ چاقىلداپ سۆزلەپ،— ۋەزىپە دەپ قىلماق ئىنتايىن تەس بولغان ئىشلارنى قىلدۇرۇپ قىيناۋاتقىنىڭلارنى خەلققە بەخت يارىتىپ بېرىۋاتىمىز دەمسىلەر؟ دېھقاننىڭ ئاستىغا سالىدىغان كىگىزلىرىنى، يېپىنىپ ياتىدىغان يوتقان - كۆرپىسىنى تارتىۋالساڭلار بۇمۇ بەخت يارىتىپ بەرگىنىڭلارمۇ؟ شۇ خىزمىتىڭلار ئۈچۈن بەش - ئون مىڭ كوي مۇكاپات ئالساڭلار بۇ دېھقانلارنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن رىزقىنى بۇلاپ ئالغىنىڭلار ئەمەسمۇ!...

كەنت شۇجىسىنىڭ قارامتۇل چىرايى، يوغان گەۋدىسى سىلكىنىپ، كۆزلىرى ۋەھشىيلەرچە يېنىپ ئورنىدا تۇرالماي سەكرەپ - تېپىرلاپ كەتتى. ئاچچىقىغا پايلىماي مەتسىدىقنى ئۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرگەندى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى ئاران تۇتۇۋال-

ـدى . ئۇنىڭ چىرايى ئادەم قىلىپىدىن چىقىپ ۋەھشىي مەلئۇننىڭ
تۇسىگە كىرىپ قالغانىدى . ۋەھشىي ئادەم — قارا كۆڭۈل ،
شەپقەتسىز ئادەم . ئۇ ھەرگىزمۇ بىچارىلەرنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ ،
ئىشى قانداق قارا بولسا ، ئىچىمۇ شۇنداق قارا بولىدۇ ، ئۇنىڭ
بىساتىدىن رەھىمسىزلىك ، شەپقەتسىزلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ .
ئۇنداقتا ۋەھشىيلىكنىڭ مەنبەسى نېمە ؟ ياۋۇزلۇق ـ جاھىللىق .
ئۇنىڭ ھېسسىياتى — ھايۋانە ھېسسىيات . ئەمما قىزىق يېرى
شۇكى ، ئۆزىدىن چوڭراق ئەمەلدارنى كۆرسە خوجايىنلىق كىبىـ
ـرى نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كېتىپ قەددى پۈكۈلىدۇ ، تال چىۋىقتەك
ئېگىلىدۇ .

كەنت شۇجىسى كىشىلەرگە يا ئىچ ئاغرىتىشنى ، يا غەزەپلىـ
ـنىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ئىككى كادىرغا قولىنى شىلتىپ
تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن نوغۇچ يۇتۇۋالغان ئادەمدەك ،
ئاچىق قوتاندىكى ئاۋۇ قوينى !

قاسىمئاخۇن ھېچنېمە دېيەلمەي ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ قاـ
راپ قالدى ، ئەمما ئايالى يېتىلەپ چىقىۋاتقان قويغا ئېسىلدى :

— رەھىم قىلسىلا ، شۇجى . مۇشۇ يالغۇز قويدىن باشقا
ھېچنىمىمىز يوق ، بىزگە يىلدا بىرنى ، ئىككىنى قوزىلاپ بېرىۋاـ
تىدۇ . بىزنىڭ پۈتۈن بايلىقىمىز مۇشۇ ، ئۇنداق قىلمىسىلا شۇـ
جى ، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىدىلىغۇ...

— ئەنە ساڭا قوزىسى قالدى ،— ئۇ كادىرلارغا قاتتىق ئاۋازـ
دا بۇيرۇق قىلدى ،— پۇتىنى باغلاپ ھارۋىغا بېسىڭلار ،— ئۇ
تېخىمۇ سورلۇك تۇستە ۋارقىراپ ،— قالغىنىنى قاچان تۆلەيـ
ـسەن ؟ !— دېدى .

بولۇۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ تۇرغان دېھقانلارنىڭ چىدـ
ـرايلىرىغا سەپسېلىش ناھايىتى ئازابلىق . جەرىمانە يىغقىلى كىرـ
گەنلەر نەچچىسىنىڭ قوي ـ ئۆچكىلىرىنى ، كىگىز ـ كېچەكلىـ

ـرىنى ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى تارتىپ ـ بۇلاپ چىققاندۇ ؟ !
قاسىمئاخۇن ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇلارنىڭمۇ بېشىـ
غا كەلگەندۇ ؟ ! شۇنداق ، ئىلاجسىزلىقتىن ، تىت ـ تىتلىقتىن
ياكى قەھر ـ غەزەپتىن بەدەنلىرى خۇددى كەچ كۈز شامىلىدا
قالغان ياپراقتەك تىترەۋاتقان ، قانسىز چىرايلار بەرگىدىن ئۈزۈلـ
گەن گۈلدەك سولىشىپ كەتكەن ، كۆزلەر ھالسىز پىلدىرلاۋاتقان
ھالەتلەر كىشىنى ئېچىندۇرماي ، ئازابلىق ئوي ـ خىياللارغا
سالماي مۇمكىنمۇ ؟ !
— بولدى ، ئاپا ، قاقشىما ، خەقنى قاقشاتمىسا كۆڭلى ئەمىن
تاپمايدىغانلار كىمنىڭ ھالىغا يېتەتتى ! ئۇلارنىڭ بىساتىدىن
ھالاللىق ، ئادىللىق دورىلىققىمۇ تېپىلمايدىغان تۇرسا !
— ئەجەب نوخلاڭ ئۆسۈپ كەتكەن نېمىكەنسىنا سەن ، مەن
ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن .
مەتسىدىق ئۇنى «سەن» لەشكە ئۆتتى :
— بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانى ئەمەس ، بەش ـ ئالتىڭـ
نىڭ پىچىرلىشىپ چىقىرىۋالغان ئەمر ـ پەرمانىڭ ، بۇنى كۆپچىـ
لىك بىلمەمدا ، سەنلەر خەلقنى گالۋاڭ ، دۆت ، دەپ ئويلاشما .
— سەن ھارىمى ھالىڭغا باقماي ، خەلقنى قۇترىتىپ ، ئالدـ
توپىلاڭ كۆتۈرمەكچىمۇ ، تەپ تارتماي ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلەۋاتامـ
سەن ؟
— ھۆكۈمەتنىڭ بولسا ، قېنى مەركەزنىڭ ھۆججىتى ، قېنى
ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆججىتى ، قېنى ۋىلايەتنىڭ ھۆججىتى ، چىـ
قارمامسەن ؟
— مەركەز مۇشۇ كىچىككىنە يېزا ئۈچۈن ئالايىتەن ھۆججەت
چىقىرىپ بېرەمدا ـ ھە !··· ياكى سېنىڭ ئائىلەڭ ئۈچۈن ھۆجـ
جەت چىقىرىپ بەرسۇنمۇ ؟
— پۈتۈن دېھقانلارغا چىقارغان ھۆججەت بارغۇ ، پۈتۈن دېھـ
قانلار ئىچىدە ئەلۋەتتە بىزنىڭ يېزىنىڭ دېھقانلىرىمۇ بار ـ دە .
بىزنىڭ يېزىدىكىلەر دېھقان بولماي شەيتانمۇ ـ يا !

شۇجى مەتسىدىقنى قولى بىلەن جۆنۈپ تۇرۇپ :
— سەن ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مۇقىملىقنى بۇزۇۋاتقىنىڭ-نى ئويلاپ قوي ، كۆرىمىز تېخى ، — دېدى ئۇنىڭدىن نەپرەتلى-نىپ .

ئۇلار ماڭدى .

قاسىمئاخۇننىڭ ، شۇجىنىڭ «ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مۇ-قىملىقنى بۇزۇۋاتقىنىڭنى ئويلاپ قوي» دېگىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچ-تى - دە ، ئۇنىڭ كەينىدىن كوچىغا چىقتى ، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، شۇجىنىڭ يېڭىنى تارتتى :

— بولدى ، شۇجى ، قويىنى ئالغىنىڭلارغا نارازىلىقىم يوق ، قالغىنىنى تۆلەپ تۈگىتىمەن ، بالامنىڭ گەپلىرىنى ئەپۇ قىلسىلا ، ياش باللار ئەھۋالنى ئۇقماي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىكەن ، ئەپۇ قىلسىلا ، شۇجى…

كەنت شۇجىسى گويا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك كېتىۋەردى ، قاسىمئاخۇنمۇ يېلىنغان پېتى ھېلى ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرارلاپ خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ ماڭدى .

ئىككى ھارۋىغا بېسىلغان قوي - ئۆچكە ، توخۇ ، كىگىز - كېچەك ، يوتقان - كۆرپە ئېلىپ كېتىلدى . جىمجىتلىققا چۆك-كەن يېزا كوچىسىنى سۈر بېسىپ كەتتى . ئۆي - ئۆيدىن ، ئىشىك - ئىشىكتىن چىققان دېھقانلار مۆڭلىنىپ قاراپ قېلىشتى .

— بىر تال بولسىمۇ قويىمىز بار دەپ كۆڭلىمىز توق يۈرەتتۇق ، ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلدۇق ، — دېدى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئانىسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

ئانىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى .

## 7

سوغۇق چۇشۇپ قالدى . كىشىلەر : «كۆيدۈرسىمۇ ياز ئاپ-تىپى ياخشىكەن» دەپ تالا - تۈزگە ئانچە چىقمايدىغان بولدى .

كەچ كۈز توپىسى ئېغىر، مەھەللىنى چاڭ كەلتۈرۈپ قىي-
قاس - چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشىدىغان بالىلارمۇ يوق . يوپۇرماق-
لار تۆكۈلۈپ، مەھەللە ئاستا - ئاستا چۆلدەرەپ، كۆرۈمسىز
تۈسكە كىرىپ قالغان . كەچ كۈزنىڭ سوغۇق قولى يازنىڭ ھەممە
گۈزەللىكلىرىنى ئېلىپ كەتتى . يازىچە توپا - چاڭنى باسقۇدەك
سۇمۇ يوق ئېرىقلاردا هازىر تىنىق سۇلار شىلدىرلاپ مۆڭلىنىپ
ئاقماقتا . غۇيۇلداپ ئۆتكەن ۋاقىت تەبىئەتتە نۇرغۇن ئۆزگىرىش-
لەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەتسىدىقنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقان-
داق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق . ئۇ تېخىچە ئىشقا ئورۇنلىشالمى-
دى . هازىرغىچە، ئۇ ئاۋۇتنىڭ ئالدىغا بەش - ئالتە قېتىم
باردى . ئاۋۇت ئۇنى ھەر قېتىم چىرايلىق گەپ بىلەن ياندۇراتتى .
«ساڭا ئىش چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۆزۈڭ ئورۇن تېپىۋال»
دېمەيتتى . «تەخىر قىلىپ تۇر، سەۋرلىك بول، سەۋرلىك ئادەم
ئاخىر ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ، ناھىيە دېگەننىڭ ئېتىكى كەڭ،
مەكتەپلەر جىق، بىر يەردىن بولمىسا، بىر يەردىن چىقىپ قال-
دۇ، كېچىكىپ كەلمىگەن بولساڭغۇ بۇ چاغقىچە ئورۇن چىقىپ
قالاتتى، ھېلىھەم بولسىمۇ ساقلاپ تۇر، چوقۇم چىقىدۇ» دەپ
ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا قىلىپ، يۈرىكىنى ياندۇرۇپ تۇرات-
تى . ھەر قېتىم ئۇ ئۆيدىن ناھىيىگە قاراپ ماڭغاندا، ئانىسى :
«خۇدايىم يولۇڭنى ئوچۇق قىلار» دەپ ئۇنى ئىسرىقداپ ماڭدۇ-
راتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر يولى ئوچۇق بولمايۋاتاتتى، پېشكەل-
لىك كېلىپ تۇراتتى . يامىنى پېشكەللىك يالغۇز كەلمەيتتى،
قوشلاپ كەلمەكتە ئىدى .

ئۇ كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۆيگە كىرىپ - چىقىشتىنمۇ قورۇ-
نىدىغان بولۇپ قالدى . ئەر يەتكەن بىر يىگىتنىڭ بىكار يۈرۈشى،
شۇنچە يىل جاپا بىلەن ئوقۇپ كېلىپمۇ ئۆيگە ئون تىيىن ياردەم
قىلالماي كۈنلىرىنى تەييارنى يەپ ئۆتكۈزۈشى — بىلگەن ئادەم
ئۈچۈن ئېيتقۇسىز ئېغىر خورلۇق ھەم نومۇس ئىدى . ئۇ خىجا-

لەتچىلىكتە بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالغان . ئىزا ـ ئۆيىلىش ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى بارغانسېرى ياندۇرماقتا ئىدى . تەبىئەت كى-شىلەرگە ئىزا تارتىشنى ، ئۆز ئىشىنىڭ يۈرۈشمەي بىكار بولۇپ قېلىشىدىن ئۆيىلىش تۇيغۇسىنى بەرگەن . لاغايلاپ يۈرۈش باشقى-لار ئالدىدا — ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەلە ـ مەھەللە ، تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغان كىشىلەر ئالدىدا نومۇس قىلىش ئې-سىل پەزىلەت . بىراق ، يەتتە ئەزايىڭ ساق تۇرۇپ تەييارنى يەپ يۈرۈۋەرسەڭ ھەرقانداق ئېسىل پەزىلەتمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقىتى-شى مۇمكىن .

ئەتىگەنلىك چاي ئەمدىلا ئىچىلىپ بولۇشىغا ئۆيگە مەتسىدىق-نىڭ ھەدىسى بەھرىنىسا كىرىپ كەلدى . مەتسىدىق ناھىيىگە — مائارىپ ئىدارىسىغا ماڭاي دەپ تۇرغانىدى .

— قانداق بولدى ، ئۇكام ، ئېخىچە ئورۇنلىشالماي يۈرگەن ئوخشىمامسەن ؟ — دېدى ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە .

— شۇنداق ، ئاچا ، بىزگە كەلگەندە دەريانىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ . ناھىيىگە تولا قاتراپ ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلەي دېدى . ياخشى خەۋەردىن ھېچبىر ئۇچۇر ـ سادا يوق .

— ئاۋۇتكامىنىڭ نېمە قىلغىنى ، ئۆزى دەپتىكەنغۇ ؟ ئۇنىڭغا قويۇلغان لەقەم توغرا ئىكەندە ...

— شۇنداق ، ئۆزىنىڭ دېيىشىدە سەۋەب باردەك قىلىدۇ . ھەر قېتىم بارسام چىرايلىق گەپ قىلىدۇ ، ئۈمىدلەندۈرىدۇ ، ئەمما نەتىجىسى يوق . بىزدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ . لەقەم ئىگىسىنى تېپىپ قويۇلۇپتىكەن ئەمەسمۇ !

— مەن دېدىمغۇ ،— دېدى دادىسى بېشىنى كۆتۈرمەي ،— خەقلەر ئۇنى يامان يەيدۇ ، دەيدىكەن . گېپىگە مەنمۇ ئىشەنمى-گەن ، ئۆزى ئېغىز ئاچقاندىكىن ئۇنداق قىلماس ، دەپ ئويلاپتى-مەن . «تاسما يېگەن ئىت ئۆلگۈچە خوينى تاشلىمايدۇ» دېگەن راستىكەن ئەمەسمۇ .

— مەنمۇ : «ئاۋۇتكا ، بىزنىڭ ئائىلىنى بەش قولدەك بىلىسىز ، ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدۇ . بۇ ئىش بەك كېچىكىپ كېتىپ باردۇ» دېسەم ، نېمە دېدى ، دېمەمسىلەر ، «ئاشۇ باشلىقىمىز ھېچ ئەيۋەشكە كەلمەيۋاتىدۇ ، نېمە ئويلايدىكىنتاڭ...» دەيدۇ . «ئەمما ئۇمىدىڭىنى ئۈزۈۋەتمە ، ساقلاپ تۇر» دەپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ .

— ھە ، مانا ئىش ئېنىق بوپتىغۇ ، نېمە ئويلايدىكىنتاڭ دېگىنى — «پۇل تىقساڭ ماقۇل دەيدۇ» دېگىنى ئەمەسمۇ ، لېكىن ئۇ باشلىقنىڭ ئاۋۇت تۇلكىنىڭ ئىشى بىلەن نېمە چاتىقى ، كىمنى قەيەرگە تەقسىم قىلىش ئۇنىڭ ئىشى . ماڭا پۇل تىقساڭ ئورۇنلاشتۇرىمەن دېگىنى ئۇ . بۇنىڭغا ھەيران قالمىغۇلۇق ، ھازىر جاھان شۇنداق بولۇپ كەتتى . شەيتانىنمۇ توپا يەمسەن دېسە ، «يېغى بارمۇ» دەپتىكەن .

— توۋا ، ئورۇق - تۇغقان تۇرۇپمۇ شۇنداق قىلامدۇ ، دادا ، يىراقمۇ ئەمەس سېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىڭ تۇرسا ! — بەھرىنىسانىڭ يۇزلىرى تاتىرىپ ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى ، — قايسى يۇزى بىلەن بىزدىن پۇل تەلەپ قىلار ئۇ ؟

— ئۇ ھەممە ئىشتا ئۆزىنىلا ئويلايدۇ . ئۆزىنىلا ئويلىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن ، ئورۇق - تۇغقانچىلىق رىشتىنىڭ ئۈزۈلۈش - ئۈزۈلمەسلىكى بىلەن كارىمۇ بولمايدۇ . باشقىلار مەنپەئىتىنىڭ يەرگە ئورۇلۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس . بىزغۇ بىز ، ئۇنداق ئادەم يولى كەلسە ئۆز ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئالداشتىن يانمايدۇ . پۇل دېگەن ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ ، تېخى ئادىمىيلىكتىن چىقىرىدۇ . مەن سىلەرگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى دادىسى ئىشنى توختىتىپ ، — بىزنىڭ مەھەللىدە ئايىسخان ئاتلىق بىر تۇل خوتۇن بولىدىغان ، ئۇنىڭ ئەتىۋارلاپ باققان يالغۇز ئوغلى بار ئىدى . ئۇ بالىسىنى خەق يېمىگەننى يېگۈزۈپ ، كىيمىگەننى كىي-

دۇرۇپ باققان . بالىسى ئوقۇپ چوڭ بولۇپ كادىر بولدى ، ئۆيلەندى . ئانىسىنى ھەر ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ تۇردى ھەم ئانىسىنىڭ بىر ئايلىقى ئۇچۇن ئون كوي راسخوت پۇلى بېرەتتى . ئۇ چاغلاردا ئون كوينىڭ خېلىلا كۈچى بار ، بىر جىڭ ئۇن ئون يەتتە تىيىن ، بىر كىلوگرام گۆش توقسان ئىككى تىيىن ئىدى . كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھېيت كېلىپ قېلىپ ، ئانىسىغا بىر كۆڭلەكلىك تۆت مېتىر چىت ئاپتۇ . ئۇ رەخت تۆت يۈەن سەكسەن تىيىن بوپتۇ . شۇ ئايدا ھەر ئايدا ئانىسىغا بېرىدىغان ئون كويدىن تۆت يۈەن سەكسەن تىيىننى تۇتۇۋېلىپ بەش يۈەن يىگىرمە تىيىن بېرىپتۇ . شۇنداق ئۇلۇغ كۇنلەردە ئانىسىغا ئالغان بىر كۆڭلەكلىك رەختنىڭ پۇلىنى تۇتۇۋالغىنى نېمىسى ؟… ئۇ خوتۇن بەش كوي بىلەن بىر ئاينى قانداق ئۆتكۈزىدۇ ؟ ھېيت ئۆتكۈزەمدۇ ، قورسىقىنى باقامدۇ ؟… ئانىسىغا ھېيتلىق بىر كۆڭلەكلىك ئېلىپ بەرگىنى ئارتۇق ئىشمۇ ؟ يا ئۇ قەرز تۆلەۋاتامدۇ ؟… ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرىگە قايتۇرغان باللىق قەرزى شۇمۇ ؟… پۇل دېگەن ئېزىتقۇ ، مانا ئادەمنى ھەر كويغا سېلىۋاتقىنى… ئاۋۇت بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ قالغىنى يوق ، پۇل ئۇندۇرۇۋالمەن ، دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ . ئاۋۇت ئۇچۇن ئۇرۇق - تۇغقاندىن پۇل ئەلا . سىلەر بىلمەيسىلەر ، ئۇنىڭ نىيەتلىرى ماڭا ئايان ، قېنى ، بالام ، بۇگۇن بېرىپ گەپ ئېلىپ باق ، مۇددىئاسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئۇقۇپ باق ، نېمە دەيدۇ ، نېمە دەپ گەپ يورغىلىتىدۇ ، ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ ، قانداق دېدىم ؟

— بولىدۇ ، دادا ، مەن بېرىپ باقاي ، ئۇ كۆڭلىگە قانداق تۇگۇچلەرنى تۇگدىكىن .

— سەن كەلگۈچە مەنمۇ ساقلاپ تۇراي ، ئىشلىرىڭنى ئۇقۇپ قايتاي ، — دېدى ھەدىسىمۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ .

مەتسىدىق ناھىيىگە يولغا چىقتى . ئانىسى بىر پارچە زاغرىنى

ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى :
— مە ، بالام ، قورسىقىڭ ئاچقاندا يەرسەن ، نانني ھەمراھ قىلساڭ ئىشىڭ ئوڭغا تارتار .
— چۈشكۈچە قايتىپ چىقارمەن ، ئانا . ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەسمەن .
بىر خىيالغا چۈشۈپ قالغان ئادەم ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدىكەن . مەتسىدىق چىگىش كىرىپ كەتـ. كەن خىياللىرىنىڭ باش ـ ئۇچىغا چىقالماي ، ئەمما قەدىمىنى تېزلىك بىلەن بېسىپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئاۋۇتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى .
— كەل ، مەتسىدىق ، كەل ، يوقاپ كەتتىڭغۇ ؟— ئاۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ كەتتى ھەم چىرايىمۇ كاۋا چېچىكىدەك ئېچىلىپ كەتكەندى .
— ماڭا ئىش تېپىلغان ئوخشىمامدۇ ، ئاۋۇتكا ؟ قالتىس خۇشخۇي كۆرۈنىسىزغۇ .
— ئىشقۇ تېپىلمىدى ، بەربىر تېپىلىدۇ ، پات ـ پات يولۇ. قۇپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ ـ دە !... ئىش چىقىپ قالسا ئىزدەپ قالىمىز ئەمەسمۇ . مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىكىڭ كېرەك .
— خېلى بولدى ، بەربىر چىقىدۇ دەۋاتىسىز ، ھازىرغىچە چىقمىدى ، ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگىلىمۇ نەچچە ئاي بولدى... قانداق قىلسام بولىدىكىنتاڭ ...
— شۇنداق ، دېگىنىڭ توغرا ، خېلى بولدى ، ئەمما بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل جىم تۇرىدىكەن ، ۋاقىت دېگەن يۈگۈرۈك ئاتتەك چاپىدىكەن ئەمەسمۇ .
— ئەسلىي ئۈرۈمچىدىن كەلمىسەممۇ بوپتىكەن...
— كەلمەي قانداق قىلاتتىڭ ؟... ئۈرۈمچى دېگەن ئادەم تۇرىدىغان شەھەر ئەمەس .

ئۇ سەل جىملىقتىن كېيىن راست گەپنى قىلدى:
— ئوقۇش تۈگىتىدىغان چاغدا ئوقۇتقۇچۇم: «ياخشى ئوقۇدۇڭ، سېنى مەكتەپكە ئېلىپ قېلىشنى ئويلاشتۇق، مەشەدە ئىشلە» دېگەندە، «ياق، ئائىلەمنىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئاتا - ئانامغا قارىمىسام بولمايدۇ» دەپ يېنىپ كەپتىكەنمەن، ئەسلىدە كەلمىسەممۇ بوپتىكەن، ئاۋۇتكا.
— يېنىپ كەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ، ئۇرۇمچىنى مەن بىلىمەن، بەرگەن ئايلىقى قورسىقىڭغا يەتمەيدىغان، مەشەدە ئىشلەپ پۇل تېپىپ بىر - ئىككى كۈنلۈك ئويناپ كەلسەڭ بولىدىغان شەھەركەن ئۇ. چوڭ شەھەرنىڭ چىقىمىمۇ چوڭ بولىدىكەن دەيمەن، يانچۇقۇڭدا مىڭ كوينى سېلىپ ئىككى كوچىنى ئايلىنىپ كەلگۈچە ھېلىقى پۇلۇڭ ئۇچۇپلا كېتىدىكەن ئەمەسمۇ! نېمىگە خەجلىگىنىڭنى بىلمەي قالىدىكەنسەن.
— يوتقانغا قاراپ يۆت سۇنارىدىم، ئاۋۇتكا.
— ئۇنداق ئۈمىدىڭنى ئۈزۈۋەتمە، — دېدى ئاۋۇت ئەسلىي گەپكە قايتىپ، — مەن چىقىدۇ دېدىممۇ چىقىدۇ. بىر ئورۇن چىقىۋاتىدۇ، ئەمما لېكىن باشلىقنى ئەيۋەشكە كەلتۈرسەڭ ئىش پۈتەتتى. بىراق گەپ قۇرۇق بولۇپ قېلىپ، ئەيۋەشكە كەلتۈرمەك تەس بولۇۋاتىدۇ… ھىم… بۇ گېپىمنى چوڭقۇرراق ئويلا.
— ئويلاۋاتىمەن، گېپىڭىزنىمۇ چۈشىنىۋاتىمەن، ئېچىپ ئېيتقاندا، باشلىقنىڭ يانچۇقىغا ئازراق پۇل سالمىساق بولماسمىكىن دېمەكچىغۇسىز؟
— ھەببەللى، ئەقىلـلىق بالىسەن - دە، ئوقۇغـان ئادەم باشقىـچە بولـىدۇ دەيمەن، — ئاۋۇتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — مانا ئەمدى چەك باسىدىغان گەپنى قىلدىڭ، ھازىر پۇلسىز ئىش پۈتمەيدىغان بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ، مانا بۇنى ئۆزۈڭمۇ چۈشىنىپسەن، جاھاننىڭ ئېقىمىغا قاراپ ئىش تۇتمىساق ئىشىمىز يۈرۈشمەيدۇ ھازىر دەيمەن.

— بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىسىز ، قولىمىز قىسقا ، خەۋىرىڭىز بار ، ئوقۇشقىمۇ ناھايىتى تەسلىكتە كىرگەنمەن ، بولىدۇ ، ئاۋۇتكا ، بىرنەچچە ئاي ئىشلەپ ئازراق بولسىمۇ پۇل غەملەي .

— بولىدىغان گەپنى قىلدىڭ ، ئەمما خاتىرجەم بولغىن ، ئورنىڭنى ساقلاپ قويىمەن ، بىرەر - يېرىم مونەك پۇلنى ئۇنىڭ كانىيىغا ئۇرۇۋەتسەك ئاشۇ پۇلنىڭ كۈچى ئۇنى ماڭدۇرىدۇ ، چاپتۇرىدۇ ، كۆڭۈلگە خۇشياقىدىغان سۆزلەرنى قىلدۇرىدۇ... خوش ، مەنمۇ ئاز جاپا تارتىۋاتقىنىم يوق ، ئۇرۇق - تۇغقان ئۈچۈن ئازراق جاپا تارتسامغۇ مەيلى ، لېكىن ئۇ مەكتەپكە بارغان بۇ مەكتەپكە بارغان ، ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ ، كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرىدىغان گەپ ، ھەممە گەپنى تېلېفوندا دېگىلى بولمايدۇ . ئەمما بۇ گەپلەرنى ئىنسانغا تىنغۇچى بولما ، يېپىلىپ كەتسە چاتاق چىقىپ خىزمىتىڭگە نۇقسان يېتىدۇ . گەپلىرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنسەن ، ئەقىللىق بالىغۇ سەن ، ئەتراپلىق ئويلىمىساق بولمايدۇ دەيمەن...

مەتسىدىق ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى باش قاتۇرۇپ كەتمەيلا چۈشەندى ، دادىسىنىڭ گەپلىرىنىڭمۇ توغرا چىققانلىقىنى چۈشەندى . «ھەركىمدىن ئۆزىگە مەنپەئەت ئىزدەيدىغان ئادەم — مەيلى ئۇ تونۇش بولسۇن - بولمىسۇن ، ۋە مەيلى ئۇرۇق - تۇغقان بولسۇن ، ئىزا - نومۇس خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ ، پۇل - مەنپەئىتىنىڭ كەينىگە بېشچىلاپ كىرىپ كېتىدۇ ، مۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدىكەن - دە !» دەپ ئويلىدى ئۇ دەرھاللا .

مەتسىدىق «راپاۋەت كۆرسىتىمەن» دېگەن ئادەمنىڭ ئالدىدىن راپاۋەت ئەمەس ، ئېغىر يۈكنى يەلكىسىگە ئارتىپ چىقتى . «ئوقۇشقىغۇ پۇل ئالسۇن بوپتۇ ،— دەپ ئويلىدى ئۇ خورلىنىش ، غەزەپ ئىلكىدە تولغىنىپ ،— ئوقۇتىدۇ ، تەلىم بېرىدۇ ، بىزدىن

ئېلىپ ، بىزگە ئىشلىتىدۇ ، مۇنۇ نائەھلىي مۇناپىقلار — پۇل
دېسە ئۆزىنى سېتىشتىن يانمايدىغانلار نېمىگە ئالىدۇ ؟ ئېھتىياج-
لىق ئورۇنلارغا بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى
ئەمەسمۇ ! ئاشۇ خىزمىتى ئۈچۈن ھۆكۈمەت پۇل بېرىدىغۇ…
ئاشۇنداق مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىۋېلىپ ، ئۇنى پۇل - مەنپەئەت
تېپىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالسا ، ۋىجداننى يوقىتىشتىن تاشقى-
رى ، خەلقئالەم ئالدىدا ، ئاددىيسى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى-
نىڭ ئالدىدا نومۇس - ئۇيات ئەمەسمۇ ! ئۇلارنىڭ يۈزى نېمىشقا
قىزارمايدىغاندۇ ؟ ئىنساپ ، ئادەمگەرچىلىك ، ھالاللىق ، ئادىللىق
دېگەنلەر نەگە كەتكەندۇ ؟ تېخى ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس ئادەم
ھېسابلاپ يۈرىدىغاندۇ - ھە !… ماقۇل ، قولىدا بارلارغۇ بېرەر ،
يوقلار قانداق قىلىدۇ ؟… بۇ ناھەقچىلىك ، بۇ دەردلەرنى كىمگە
بېرىپ ئېيتىسەن ، كىمگە يىغلايسەن ، دەردىڭنى ئاڭلايدىغانلار
بارمۇ زادى ؟… «ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا ، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى
يەيدۇ » دېگەنلەر ئەجەبمۇ توغرا دەپتىكىنا… كادىرلار ئارىسىدا
چىرىكلىشىش ئېغىر ، دېگەن گەپلەر مۇشۇنداق ئادەملەرگە قارى-
تىلىپ ئېيتىلىپتىكەن - دە… «كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ ،
قۇلىقىڭ ئاڭلىغان يالغان » . شۇنداق ، كۆردۈم ، كۆزۈم كۆرۈۋا-
تىدۇ ، بىلىۋاتىمەن . ئەمدى بىر يەرگە بېرىپ ئىشلەپ ، پۇل
تېپىش كېرەك ، قەيەردىن تاپىمەن ، نەدە ئىش بار ؟ ھەرقانداق
ئېغىر ئىش بولسىمۇ مەيلى ، تاپاي ، ئىشلەي . ئېنىق بولدىكى ،
ماڭا بۇنىڭدىن بۆلەك يول يوقكەن . بىلدىم ، ئىشقا ئورۇنلاشقان-
لارنىڭ بەزىسى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولسىمۇ ، بەزىسى ئېھتى-
ياجلىق بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ ، مۇشۇ خىل يوللار بىلەن ئاسانلا
ئورۇنلىشىپ كېتىدىكەن - دە … »

مۇشۇنداق ئازابلىق ئوي - خىياللار بىلەن ئۇ يېزىغا ، ئۆيىگە
يېتىپ چىققىنىنى تۇيمايلا قالدى . ۋاقىت چۈشتىن ئۆتكەن بول-
سىمۇ ، ھەدىسى تېخىچە كەتمەي ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ

ھەدىسىگە ئىچى ئاغرىپىمۇ قالدى .
— كەلدىڭمۇ ، ئۇكام ، — ھەدىسىنىڭ چىرايىدىن تەشنا-
لىق ، تەقەززالىق ئەكس ئىتىپ تۇراتتى ، — قانداق بولدى ؟
ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى . مەتسىدىق كۆزلەرنىڭ
تەشنالىق بىلەن تىكىلىشىدىن خىجىل بولدىمۇ ، ئوڭايسىزلىنىپ
يەرگە قارىدى . ئۇنىڭ روھى چۈشكەن ، بەدەنلىرى بوشىشىپ ،
ئاياغلىرىنى يۆتكەشىمۇ خۇشىياقمايۋاتقاندەك ھالەتتە تاپىسىدا
ئولتۇردى .
— قانداق بولدى ، بالام . نېمە بولغان بولسا شۇنى دېگىنە ؟
ئادەمنى تەلمۈرتمەي .
— گەپ قىلساڭچۇ ، تاڭگازا چىشلىۋالدىڭمۇ !
— بىزگە كەلگەندە ياخشى گەپ ، خۇش خەۋەرلەر قۇرۇپ
كەتكەن ئوخشايدۇ ، ئاۋۇتكام مېنىڭ ئىشىمنىڭ سۆرىلىپ كېتى-
شىنىڭ راستىنى ئېنىق ئېيتتى ..
— ھە ، نېمە دەيدۇ ؟
— نېمە دەيتتى ، پۇل دەيدۇ .
— ھە !... ئاۋۇت بىزدىنمۇ پۇل تەلەپ قىلىۋاتامدا ؟ —
ئانىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، بىردىنلا قېتىپ قالغان بەستى
ئاستا - ئاستا تىترەشكە باشلىدى .
— ئاۋۇتكام ئۇچۇن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتىن پۇل ئەلا
ئىكەن ، ئانا ، تۆت - بەش ئاي ئىشلەپ پۇل تاپمىسام خىزمەتكە
ئورۇنلىشالمايدىكەنمەن ، — مەتسىدىق شۇنداق دېدى - دە ، ئا-
ۋۇت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ
ھەممىسىنى سۆزلەپ چىقتى ۋە ئۇ ئۆز تەلەپلىرىنى قانداق ئۇستى-
لىق بىلەن بايان قىلغانلىقلىرىنىمۇ تولۇق دەپ چىقتى ھەم ئاخى-
رىدا ،— سوغۇق چۈشۈپ قالدى ، مۇشۇ ئەھۋالدا نەدىنمۇ ئىش
تاپقىلى بولار ، ئىش تېپىلسىلا ھەرقانداق قىيىن ، ئېغىر ئىش
بولسىمۇ قىلمىسام بولمايدۇ ،— دەپ سۆزىنى تۈگەتتى .

ھەممىسى جىمجىتلىقتا چۆكۈپ ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى . ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا : «قانداق قىلىش كېرەك ؟» دېگەن بىر قىيىن سوئال ئەگىپ يۈرەتتى . «ئىلاجسىزلىقتىن مۇشۇ يولغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇم ، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى مەتسىدىق ، — بۇنى نېمە دەپ ئاتاش كېرەك ؟ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش يولى دەپ ئاتاش كېرەكمۇ··· ياق ، ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ . بۇ خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك . ئاشكارا ئاتىساق ئاۋۇتكامىمۇ ، مەنمۇ ئىشتىن قېلىشىمىز مۇمكىن ، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا يوشۇرۇن ھالدا ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش دەپ ئاتىلىش كېرەك .»

— يادىمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ ،— دېدى چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بەھرىنىسا ،— ئېيتىپ باقاي ، بولامدۇ - بولمامدۇ ؟ ئويلىشىپ بېقىڭلار . ناھىيىمىزدە «ئۇچقۇر قانات» دېگەن يۈك بېسىش ، يۈك چۈشۈرۈش پونكىتى بار ، پونكىت باشلىقىنىڭ ئايالىنى مەن تونۇيمەن . ئۇلارنىڭ يالغۇز قىزى بىزنىڭ يەسلىدە . مەن شۇ ئايالغا ئائىلىمىزنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى ، ئىنىمنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي قىينىلىۋاتقىنىنى ئېيتىپ باقاي ، يولدىشى بىلەن سۆزلىشىپ باقسۇن ، ئۆزىگە ئېغىر ئىش ، ئۇ ماقۇل دېيىشى مۇمكىن ، ئۇنداق قالسا مەيلى ئەمەسمۇ .

— ئىشلەيمەن دېگەن ئادەم بولسىلا ئىشلەۋېرەر ، قىزىم ، — دېدى دادىسى .

— ھەي ، دادا ، ھازىر ئۇنداق ئىشنى تاپماقمۇ تەس ، شۇ يەردە تۆت - بەش ئاي ئىشلىسە ، تۆت - بەش مىڭ كوي جايلىسا ، شۇ چاغدا ئىشقا ئورۇنلىشالايدۇ . ئۆزى ئىشلەپ پۇل تېپىشتىن باشقا چارە يوقتەك قىلىدۇ ، قانداق دېدىم ؟

— بولىدۇ ، قىزىم ، ياخشى ئىشنى ئويلاپسەن ، چىدام - غەيرەت بولسىلا پۇللۇق ئىش ئۇ ، بىراق مەتسىدىق نېمە دەيدى-

كىن ، ئىشلەيدىغان ئادەم شۇ .
— بولىدۇ ، ئاچا ، ئەتىلا سۆزلەش ، — دېدى مەتسىدىق بەدەنلىرىگە قايتىدىن جان كىرگەندەك جانلىنىپ ، — ھەرقانداق قىيىن ، ئېغىر ئىش بولسىمۇ قىلىپ كېتەلەيمەن ، چىدايمەن . ئەتىلا سۆزلەش ، ئاچا ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى . قىيىنچىلىقتىن قورققان كىشى ئۆز مەقسىتىدىنى ھەرگىز ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ .
— شۇنچە يىل ئوقۇپ كېلىپ ، شۇ يەرلەردە يۈك كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ ئەمدى ، — دېدى ئانىسى ھەم ھەسرەتلىنىپ ، ھەم زارلىنىپ ، — داداڭ ئاۋۇت بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ باقسۇن ، بىزنى مۇنچىلىك قىيىنچىلىققا سالماي ، تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ، نېمە تولا ، مەكتەپ تولا ، بىرەر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا نېمە بولىدۇ ، يا ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قوياتتىمۇ...
— بولدى قوي ، بايا مەتسىدىق ئېيتتىغۇ ، تۇغقانچىلىقتىن پۇل ئەلاكەن دەپ . ئاۋۇتقا تۇغقان لازىم ئەمەس ، پۇل لازىم .
— بولدى ، ئاپا ، «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە ، كۆچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بار ، مەتسىدىق ئىشلەيمەن دېدىغۇ ، ئۇ نائەھلىنىڭ ئالدىغا دادام يۈزىنى سارغايتىپ بېرىپ يۈرمىسۇن ، — دېدى بەھرىنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭقۇر تىنىپ .
مەسلىھەت تايىن تاپتى ، بەھرىنىسا قايتتى .

8

موھتاجلىق — پۇلغا بولغان ئېھتىياج مەتسىدىقنى يۈك چۇشۇرۇش - بېسىش پونكىتىغا ئېلىپ كەلدى . مانا ئۇ بىر ھەپتىدىن بېرى مۇشۇ پونكىتتا ئىشلەۋاتىدۇ ، خىزمەتكە ئېرىشىش شەرتىدىنى ھازىرلاۋاتىدۇ . «مەن خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان

ئادەم، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغان چاغلاردا، — بۇ يەردە ئىشلىشىم شۇ پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ھەرىكەت. ئارزۇيۇم نېمە؟ خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، ئازراق بولسىمۇ ئائىلىنى ياخشى كۈنگە ئىگە قىلىش. دۇنياغا كەلگەنىكەنمەن، خەلقنى رازى قىلىشىم، ئۆزۈمنىمۇ رازى قىلىشىم كېرەك، مۇشۇ مەقسەت يەلكەمگە يۈك ئارتىۋاتىدۇ».

ماشىنا كەلمىگەن چاغلاردا مەتسىدىق كۈنگەي يەردە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى ۋە ماشىنىنىڭ تېزرەك ھەم كۆپرەك كېلىشىنى كۈتەتتى. كۈتۈش ئۇزۇنغا سوزۇلسا، ئۇنىڭ ئۇچراشقان بەزى ئادەملىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى. «ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بەرمەسلىك كېرەككەن، — دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ، — توۋا دەيمەن، ئاۋۇتكام ئادەتتە كۈلۈپ تۇرىدىغان، كەمتەر كۆرۈنىدىغان ئادەم، لېكىن ئايان بولدىكى، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئىچىگە ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق، كەمتەرلىكىگە ئادەم ئويلىمايدىغان يامان غەرەز، مۇددىئا، خۇشامەتچىلىك يوشۇرۇنغانىكەن. ئادەم ئەسكىلىك قىلسىمۇ ئۇنىڭدا ئازراق غۇرۇر بولۇش كېرەك ئەمەسمۇ! ھاكىمنىڭ كاتىپى كېلىۋىدى، شۇ يېشى بىلەن ئۇنىڭغا ئاجايىپ لاۋزا قىلىق - خۇشامەتلەرنى قىلىپ كەتتى. ‹لەقەمنى خىزىر قويىدۇ› دېگەن راستكەن، ‹تۈلكە› دېگەن لەقەم ئۇنىڭغا ئاجايىپ باب كەپتۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تازا جايىدا ئېچىپ بېرىپتۇ. خۇشامەتچىلىك سىلىق - سىپايە ھەرىكەتتەك، ئىززەت - ھۆرمەتنى سەل ئاشۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقىلارنىڭ بايلىقىغا كۆز تىككەن ياۋۇزلۇق ياكى ئەمەل تەمە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى. خۇشامەتچىلىكنىڭ روشەن ئىپادىسى سەندە يوق خىسلەتلەر بىلەن سېنى ئالدىڭدا ماختاپ ئۇچۇرىدۇ. گالۋاڭ ئادەم بولساڭ بۇ خىل مەدھىيىلەر خۇشيېقىپ، مەست بولىسەن؛ ئەقىللىق، زېرەك ئادەم

بولساڭ ئۇنىڭدىن يىرگىنىسەن . خۇشامەتچىلىك بىلەن ئالدامچى-
لىق گويا بىر قورساقتىن چۇشكەن قوشكېزەكلەردۇر » . مەتسى-
دىقنىڭ خىيالى يۆتكەلدى : «كادىرلار ئىدارىسىدىكى ھېلىقى قا-
تاڭغۇر كادىرمۇ كۇلۇپ تۇرىدىغان ئادەمكەنغۇ ، بىراق ئۇ مېنىڭ-
دىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمىدى ، شۇنى سەزدىمكى ، ئۇنىڭدا تەمە
قىلىش ئويىمۇ يوقتەك قىلىدۇ . گەپلىرىدىن ، قىلىق - ھەرىكەت-
لىرىدىن ماڭا كۆيۈنگەنلىك ، چاپسانراق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەت-
سىكەن دەيدىغان ھېسداشلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ . سۇ ئېلىپكىتىر
ئىدارىسىدىن ئىش چىقىپ قېلىۋىدى ، مەندىنمۇ ئارتۇق خۇش
بولۇپ ، مېنى دەرھال تونۇشتۇردى . ئۇ يەردىكى ئىشقا چېچەك
چىققاندا ، مەندىنمۇ ئارتۇق خاپا بولۇپ ئازابلىنىپ كەتتى . بۇ
ئادەمنى ئاۋۇتكام بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بىرى قىڭغىر يولدا ،
يەنە بىرى تۈز يولدا ، بىر - بىرىدىن ئاسمان - زېمىن
پەرقلىنىدىكەن » .

قورۇغا گۇلدۇرلەپ بىر قارا ماشىنا كىرىپ كېلىۋىدى ،
مەتسىدىقنىڭ خىياللىرى ئۇچۇپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك
تۇرۇپ ماشىنا تەرەپكە ماڭدى .

مەتسىدىقنىڭ دادىسى ھەر كۈنى بامداتقا تۇرغاندا ئوغلىنى
ئويغىتىپ قويىدۇ . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ، يۈز - كۆزلىرىنى
چالا - بۇلا يۇيۇپ چايغا ئولتۇرىدۇ - دە ، ئون مىنۇتتىن كېيىن
تېخى تاڭ ئاتماي تۇرۇپلا يولغا چىقىدۇ . بىر يېرىم سائەتلىك
يولنى بىر سائەتتە بېسىپ ناھىيىگە يېتىپ بارىدۇ . ئۇ يۇك
چۇشۇرۇش - بېسىش پونكىتىغا ھەر قېتىم بىرىنچى بولۇپ
كېلىدۇ . يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ماڭسىمۇ ، كاللىسىغا ھەر تۈر-
لۈك خىياللار كىرىۋالىدۇ . كىشى تۇرمۇش يولىدا ھەر خىل ،
قاتمۇقات توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ . پەقەت جۈرئەت ،
ئىشەنچ ، غەيرەت - شجائەت بولغاندىلا ئۇنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ .
بىراق ، ھازىر ئۇنى پۇل - دۇنيا بىلەن يېڭىشكە توغرا كېلىۋا-

تىدۇ . «مەنزىدەك نامرات ـ كەمبەغەللىنىڭ بالىسى ئۇچۇن پۇل بىلەن يېڭىش بەسى مۇشكۇل ئەمەسمۇ ! ئىشىم ئوڭغا تارتسىلا ئۇنىمۇ يېڭىپ كېتەلەيمەن» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ئىشقا كىرد-شىپ . چۇشلۇكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تاماق يەيدۇ ياكى چاي ئىچىدۇ . كەچتە يېزىغا قاراپ ماڭىدۇ . بەزىدە يۇك بېسىش ياكى چۇشۇرۇش تۇگىمەي ، خۇپتەندىن سەل بۇرۇن ياكى خۇپتەند-گە ئەزان چىققاندا ، ھەتتا يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا ئاران يېتىپ چىقىدۇ . ئۇ ھەرقانچە كەچ قايتسىمۇ ئەتىگەندە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدۇ . كۆزەتچىمۇ دەرۋازىنى كۇندە بىرىنچى بولۇپ مەتسىدىققا ئېچىپ بېرىدۇ . بۇگۇن ئۇ چۇشتە ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە قورساق تويغۇزغىلى كىردى . ھەدىسىمۇ يەسلىدىن بۇرۇنراق چىد-قىپ تاماق ئېتىپ تۇرغان ئىكەن . ئۇچەيلەن — ھەدىسى ، يولدى-شى ، مەتسىدىق بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى . ھەدىسى تاماق ئارىلىقىدا ئىنىسىغا مۇنداق دېدى :

— تاڭ لوبەنگە رەھمەت ئېيتىپ قوي ، يا ئېيتىپ بولدۇڭ-مۇ ؟ ئۇ سېنىڭ مەشەدە ئىشلىشىڭگە رۇخسەت قىلدى ، بۇمۇ چوڭ ئىش .

— تېخى رۇخسەت قىلمايدىغانمۇ ئىش بارمۇ ، ئاچا ، كىم-نىڭ بېلى چىڭ بولسا ، شۇ ئىشلەيدىغان ئىشكەن بۇ .

— بۇرۇن شۇنداقتى ، ھازىر تاڭ لوبەن ھەم ئېغىر ، ھەم پۇللۇق بۇ ئىشنى ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا بېرىدىغان بولۇۋالدى . بۇ ئىشقا ئېرىشمەكمۇ ئاسان ئەمەس . ئۇ بۇرناكۇن بالىسىنى ئالغىلى يەسلىگە كىرىپتىكەن ، سېنى ماختاپلا كەتتى : «ئىشنى ئەستايى-دىل قىلىدىكەن ، چاققان ئىكەن ، بىر سائەتلىك ئىشنى يېرىم سائەتتە پۇتتۇرۇۋېتىدىكەن ، بەزى شوپۇرلار سەھەر ماڭىمىز ، دەپ يۇكنى سەھەر بېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، بۇ چاغدا سېنىڭ ئىنىڭ بىرىنچى بولۇپ كېلىپ بولىدۇ ، باشقىلارغا بەس سالمايدۇ ، يۇكنىمۇ رەتلىك باسىدۇ ، سىلىق چۇشۇرىدۇ ، خەنزۇ-

چىنىمۇ ئانا تىلىدەك سۆزلەيدىكەن» دەپلا كەتتى . شۇڭا رەھمەت ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈپ قويغىنىڭ ياخشىمىكىن ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشىڭغا پايدىلىقمىكىن دەيمىنا ، ئۇكام .

— ماقۇل ، — ئۇ ھەدىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تاماكا يۆگىدى ۋە بوتكىغا ئالدىرىماي ماڭدى . كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قىز ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى . تېزلا ئۆتۈپ كەتمەي دېدىمۇ ، ئۇمۇ ئاستا ماڭدى . ئەمما كۆزى مەتسىدىقتا ئىدى . «نەدە كۆرگەندىمەن بۇ قىزنى... » دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىمۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى . بىر - بىرىدىن ئۆتۈشۈپ كېتەي دېگەندە قىز باتۇرلۇق قىلىپ يولنى توغرىسىغا كېسىپلا مەتسىدىققا قاراپ ماڭدى . مەتسىدىقنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى... «ئالدىمغىلا كېلىۋاتىدىغۇ بۇ قىز ، مۇشۇ كوچىدا بىر - ئىككى قېتىم كۆرگەندەك قىلىمەن ، شۇمىدۇ ؟ شۇنداق ، دەل ئۆزى... تونۇگۈنمۇ دەل مەشەدە كۆرگەن» .

— ياخشىمۇسىز ، مەتسىدىق !

قىز مەتسىدىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . مەتسىدىقمۇ ھاڭ - تاڭلىق ئىچىدە توختاپ قالدى - دە ، «بۇ قىز مېنى قانداق تونۇيدىغاندۇ ، ئىسمىمنى نەدىن بىلىدىغاندۇ... » دەپ ئويلىدى . قىز ئەركىن - بەھۇزۇر ، خۇشخۇي ئىدى .

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ ؟

— تازا تونۇيالمىدىم ، ئەمما بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن .

— بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن دەيسىزغۇ ، ئىككىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇمىدۇقمۇ ؟

— شۇنداقمۇ ؟...

— شۇنداق ، يېزىدا تۆت - بەش يىل بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇدۇق ، سىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ قالدىڭىز ،

مەن بەدەل پۇلى ، كىتاب پۇلى دېگەندەكلەرنى تاپشۇرالماي مەك-
تەپتىن قالغان . هازىر ناھىيىدە تۇرۇۋاتىمىز ، دادامنىڭ مىلىچ-
مال ساتىدىغان دۇكىنى بار . ئەمدى ئوقۇي دېسەم ، بىراق يېشىم
ئۆتۈپ كەتتى ، ئىلاجىم يوق .

مەتسىدىق ئەيمىنىپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى :

— ئۆزىڭىزچۇ ؟

— مەن يېزىدىن ناھىيىگە كىرگەن چاغدىلا ماشىنچىلىققا شاگىرتلىققا كىرگەن ، هازىر ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلىۋاتىمەن . هال - كۈنىمىزمۇ بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدى .

مەتسىدىق چىراي - شەكلى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ ساۋاقدىشىغا سەپسالدى : «ئۆزى ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ، ئادەمگە يېقىملىق كۆرۈنىدىكەن ، ئاق ئۆڭ ، ئات يۈزلۈك ، قىز-غۇچ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىكەن ، ئاغزى يوغانراق بولسىمۇ ، لەۋلىرى نېپىز ، ئۇنىڭ هۆسنىنى بېزەپ تۇرغىنى ئۈستۈنكى كالپۇكىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستىدىكى تېرىقتىن چوڭراق خال . مىجەزى خۇشخۇي ، چاقچاقلىداپ سۆزلەپ تۇرىدىكەن ، ئاۋازىمۇ يې-قىملىق ئىكەن… »

— بىز ساۋاقداش ئىكەنمىز - دە ،— ئۇ بەخۇدلۇك سۆزلىد-گەندەك قىلغان بىلەن نېمىشقىدۇ قىزىرىپ كەتتى .

— شۇنداق ، بىز ساۋاقداش . كېيىن سىزنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتى ، دەپ ئاڭلىدىم ، ئارىدىن ئۈچ - تۆت يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى سىزنى تۇيۇقسىزلا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئال-دىدا كۆرۈپ قالدىم ، شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە كۆردۈم . هە ، راست ، «ئوقۇش تۈگىتىپ كەپتۇ» دەپمۇ ئاڭلىدىم ، قانداق ، پەرەزلىرىم توغرىمۇ ، يا خاتا پەرەز قىپتىمەنمۇ ؟

— ياق ، ياق ، پەرەزلىرىڭىز توغرا ، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئىمتىھان بەرگەن ، ئۆتۈپ قاپتىمەن ، ئۈرۈم-چىدىكى سۇ ئېلېكتر تېخنىكومىدا ئوقۇدۇم . تېخنىكومنى تۈگى-

تىپ قايتىپ كەلگەن، هازىر ئىشقا ئورۇنلىشالماي ئاۋۇ يۇك چۇشۇرۇش - بېسىش پونكىتىدا هامماللىق قىلىۋاتىمەن، بۇ ئىشنىمۇ ئاران تاپتىم. هازىر ئىش تاپماق ئوقۇشقا كىرىشتىنمۇ تەسكەن.

— هازىر ئۇنىۋېرسىتېت تۈگىتىپ كېلىپمۇ ئىشقا ئورۇنلىشالماي يۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كۆرمىڭ. ئىشلەپ تۇرغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، خىزمەت هامىنى تېپىلىدۇ. بىكارچىلىق يامان، ئۇ ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ، لايغەزەل قىلىۋېتىدۇ. ئىشنىڭ ياخشى - يامىنى يوق، ئەمما هالال - هارىمى بار. سىز ئوقۇغان ئادەم، بۇ ئىشلارنى مەندىنمۇ ياخشى چۈشىنىسىز... توۋا، ئاغزىم بېسىلماي سۆزلەپلا كەتتىمغۇ، قانداق ئويلاپ قالدىڭىزكىن... تازا جاۋىلىداق قىز بوپتۇ بۇ، دەپ قالغانسىز هەرقاچان...

— ياخشى گەپلەرنى قىلدىڭىز.

«خېلى سەۋىيىسى بار قىز ئىكەنا بۇ!» دەپ ئويلىدى مەتسىدىق قىزىقىپ.

— هازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟ — مەتسىدىق «سورىمايدىغان سوئالنى سوراپ قالدىممۇ، قانداق؟» دەپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى هەم پەسكە قارىۋالدى.

قىز مەنىلىك كۈلدى:

— نەدە تۇرۇۋاتاتتىم، ئۆيدە. كىم بىلەن دەيسىزغۇ دەيمەن؟

— ياق، بىلىۋالاي دەۋاتىمەن، — مەتسىدىق قىزىرىپ كەتتى.

— ئاپام، دادىلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن. ئىسمىڭىز نېمە دېمەيسىزغۇ، يا ئېسىڭىزگە كېلىپ قالدىممۇ؟ سىز سورىماي تۇرۇپلا هەممىنى مەن دەپ كەتتىمغۇ.

— راست، دۆتلۈكمنى قاراڭ، ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن...

— ئىسمىم رەيھانگۈل ، بوستان كوچىدا تۇرىمىز . بوستان كوچا دېگەن ئاۋۇ نېرىقى كوچا ، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا يېشىل سىرلانغان بوتكا بار ، دادام شۇنى ئاچىدۇ .

— بوستان كوچا دېگەننى ھازىر سىزدىن ئاڭلىدىم . يەسلىنىڭ ئىچىدە ھەدەمنىڭ ئۆيى بار . ئۇنىڭدىن بۆلەك كوچا - ئۆيلەرنى بىلمەيمەن ، بىلىدىغىنىم كادىرلار ئىدارىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى . ھە ، راست ، سۇ ئېلىكتر ئىدارىسىنىمۇ بىلىمەن .

رەيھانگۈلنىڭ شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭدىن خېلى سوئاللارنى سورىغۇسى بار ، بىراق ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتىدۇ ، بولمىسا مەتسىدىقنىڭ ئۆزىگە بۆلەكچە قىزىقىپ قالغانلىقىنى ، گەپلىرىنى ئالاھىدە زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقىنىنى ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى بايقاپ ئۈلگۈرگەنىدى . رەيھانگۈلنىڭ قارىشىچە ، ئوغۇللارنىڭ قىزىرىپ ، ئەيمىنىپ ، ئېھتىيات بىلەن سۆزلەشلىرىدىن ، قىزلارنىڭ گېپىنى ئالاھىدە قىزىقىپ ، بېرىلىپ ئاڭلاشلىرىدىن ئۇنىڭ تېخى تەنھا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ . ئۇ مەتسىدىقنى ناھىيە بازىرىدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىلا ئۇنى تونۇغان ھەم كۆڭلىدە قانداقتۇ بىر خىل يېقىملىق ئوي پەيدا بولغان . لېكىن ، ئۇنىڭ تەنھا ياكى تەنھا ئەمەسلىكىنى ئېچىپ سوراشقا قىزلىق نومۇسى يول قويمايۋاتىدۇ ، ئەمما دەممۇدەم ئۇققۇسى ، بىلگۈسى كېلىۋاتىدۇ . مۇشۇ ئوي - خىيال ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى تېپچەكلىتىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ .

— ناھىيىدە سىزنىڭ تونۇشلىرىڭىز ياكى مەندەك ساۋاقداشلىرىڭىز يوقمۇ ؟

— بار ، سىزدەك ئەمەس ، ھەممىسى ئوغۇللار .

رەيھانگۈل كۈلۈپ كەتتى :

— بۇ يەردە بولمىسا باشقا يەرلەردە باردۇ ؟

— ياق ، يوق .

تۇيۇقسىزلا ماشىنىنىڭ قاتتىق چېلىنغان سىگنالى ئاڭلاندى .

— ئاڭلاۋاتامسىز ، ئەنە ماشىنا سىگنال بېرىۋاتىدۇ ، مېنى چاپسانراق كېلىپ ماشىنىغا يۈك باس ، دەپ چاقىرىۋاتىدۇ . خوش ، مەن كەتتىم ، ئىزدىشىپ تۇرايلى .

— خوش ، — دېدى رەيھانگۈلمۇ ، — سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن .

مەتسىدىق پونكىت قورۇسىغا ھاسىراپ كىرىپ كەلدى ـ دە ، قەغەز يەشىكلەرگە قاچىلانغان ماللارنى ماشىنىغا بېسىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ قول ـ پۇتلىرى تېز ـ تېز ھەرىكەت قىلىۋاتسىمۇ ، خىيالىغا ھېلى ئۇچراشقان رەيھانگۈل ئىسىملىك خۇشخۇي قىز كىرىۋالدى . «ئەجەب ئادەمگە يېقىشلىق ، گەپلىرى ئورۇنلۇق ، ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ يېقىملىق كۆرۈنىدىغان قىز ئىكەنا ،— دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ ،— چاقىلداپ سۆزلەپ تۇرىدۇ ، ئەمما سۆزلىرى مەنىلىك ، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدۇ . بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك مەزگىللەردىكى چىرايلار تېز ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن ، شۇ مەزگىلدىكى چىرايلىرى ئەمدى كۆز ئالدىمدىن غىل ـ پال ئۆتۈۋاتىدۇ... نېمىشقا مېنى سورۇشتۇرۇپ كېتىدۇ ـ ھە !... دىققەت قىلىپ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتسەم ، مېنىڭ تەنھا ياكى بىرەر قىزغا باغلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلگۈسى كېلىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ . ئەگەر ئۆزىنىڭ بىرەر يىگىتكە باغلىنىپ قالغان تەرەپلىرى بولغان بولسا ، ئۇنچىلىك يوشۇرۇن مەنىلىك سوئاللارنى سوراپ كەتمەس ئىدى... ئىشقىلىپ ، بولىدىغان قىزدەك قىلىدۇ . ھازىرچە مۇنداق ئىشلارنى ئويلىماسمەن ، دەپ ئويلىۋىدىم ، ئەجەب ئويلاپ قالدىما ...»

## 9

مەتسىدىق قارا قىشنى ماشىنىغا يۈك بېسىش ، يۈك چۈشۈرۈش ، يېزا بىلەن ناھىيە ئارىلىقىدا توختىماي قاتراش بىلەن

ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قىلچە بىلىنمىدى. كۆڭلىگە مەلۇم مەقسەت ـ مۇددىئانى پۈككەن ۋە قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئادەم بۇ يولدا ئۇچرىغان ھەرقانداق قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى سۆزسىز يېڭىپ كېتەلەيدۇ، ھەتتا ئۇنى قىيىنچىلىق دەپمۇ بىلمەيدۇ. بەزىلەر ئىزا تارتىدىغان ھامماللىق قىلىشتىن نومۇسلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ ئاۋۇت تۆلكىنى رازى قىلىپ، خىزمەتكە قەدەم بېسىشنى نىيەت قىلغان. ئۇ بۇ قەدەملىرىنىڭ خاتا بېسىلغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، ئەمما ئىشنىڭ ئېقىشىغا بويسۇنمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالسا، يەنە خاتا قەدەم بېسىشقا توغرا كەلسە، مەجبۇر قىلىنسا، مۇنداق قەدەمنى ھەرگىز باسمايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويدى. ئۇ خاتا بېسىلغان قەدىمىدىن ساۋاق ئالمىسا پاتقاققا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويغان.

بۇ يەرلەردە باھار بالدۇر كېلىدۇ. تەبىئەت باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ جانلاندى. ئېتىز ـ قىرلار كۆكىرىپ، دەل ـ دەرەخلەر پوتلا تاشلاپ، يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى. قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى تۇشمۇ تۇشتىن ياڭراپ كىشىلەرگە يېقىملىق گۈزەللىك ئالىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا ۋە ئۇچەكلىرىگە كىرىپ قىشلىق ئۇيقۇغا كەتكەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار قايتا باش كۆتۈرۈپ تىرىكچىلىكى باشلانماقتا ئىدى. تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل پەسلىنىڭ باشلانغانلىقىدىن قەلبى جۇش ئۇرۇپ تېپىچەكلىمىگەن ـ يايرىمىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. تەبىئەت گۈزەللىكى كىمنى مەھلىيا قىلمايدۇ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئىشقى ھېسلىرى ئالايىتەنلا ئويغىنىپ، تۇرمۇشىدىكى كەم نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ ئۇنى تولدۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. خۇمارلاشقان كۆزلىرى ئەتراپنى قىدىرىدۇ، لەۋلىرى سۇزۇلىدۇ... ئۇلار باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئېسىل پۇراقلىرىنى، بەدەن ـ بەدەنلىرىدە يېقىملىق تۇيغۇلارنىڭ يانغانلىقىنى

ھەممىدىن بۇرۇن سېزىدۇ ۋە ئالدىنقى ئاتىڭىز تېگى يوق خىيالالارنى سۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.
سۆيگۈ كوچىسىغا كىرگەن، ئۇنىڭ مېھنىتىنى تارتقان ئا- دەملەر ئۇچۇن بىر - بىرىنى ئەتىۋارلاپ - ھۆرمەتلەپ ئۆتكەن كۈنلەر بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار قىشنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەن- لىكىنى تۇيماي قالدى. مەتسىدىق بىلەن رەيھانگۈل قىشچە ھەر- قانچە سوغۇقلارغىمۇ پىسەنت قىلماي، بىر - بىرىنى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ يۈرۈشتى. توغرىسى، مەتسىدىقنى كۆپرەك رەيھانگۈل ئىزدەپ تۇردى. باھار كىرىش بىلەن ئۇنىڭ ئىزدىشى تېخىمۇ تېزلەشتى. بىر كۈنى رەيھانگۈل:
— سىزنى ئىزدەش مېنىڭ پېشانەمگىلا يېزىلمىغاندۇ، سىز مېنى بىرەر قېتىممۇ ئىزدەپ قويمايسىزغۇ؟ — دېگەندە، مەتسىدىق:
— سىزنى ئىزدەپ تۇرۇش، كۆرۈشۈش مېنىڭ يۈرىكىمگە- مۇ يېزىلغان، بىراق ئاشكارا ئىزدەپ بارالمايمەن، مەھەللىڭىزگە بارسام باشقىلاردىن، ئىشىك ئالدىغا بارسام بوتكا دۇكاندىكى دادىڭىزدىن خىجىل بولىمەن. بۇ يەردە سىز خىجىل بولىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا سىزنىڭ كۆپرەك كېلىشىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن. كېچىكىپ قالسىڭىز، راست گەپنى قىلاي، يۈرىكىم سەدپارە بولۇپ كېتىدۇ، — دېگەنىدى.
ئۇلار بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشۈپ، خۇددى دۇنيانىڭ باشقىدىنلا تۈرلىنىپ قالغاندەك، ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى ئەمدىلا بىلىنىۋاتقاندەك، ئۆمۈرنىڭ مەنىسىنى يېڭىدىن چۈشەنگەندەك ياشىماقتا ئىدى. لېكىن، ھازىرغىچە ئېغىزلىرىدىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ چىقمىدى. كۆڭلىدىكى گەپلەر ئېغىزغا چىقمىغىنى بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر - بىرىگە ۋەدە بېرىشكەندەك سەممىي، سادىق بولۇپ، «مەن

سىنىڭ» ، «سەن مىنىڭ» دىگەندەك ، ئۆزلىرىنى بىر - بىرىگە
ئاتاپ ئۆتمەكتە ئىدى .

مەتسىدىق يۇك بىسىش - يۇك چۈشۈرۈش پونكىتىدا بىرنەچ-
چە ئاي ئىشلەپ بەش مىڭ سوم يىغدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ
يەردىكى ئىشنى يىغىشتۇرۇپ ، بەش مىڭ سومنى كۆتۈرۈپ ئاۋۇت-
نىڭ ئالدىغا باردى . ئۇ بۇ پۇلنى كىچە - كۈندۈز دىگۈدەك ئېغىر
ئىش قىلىپ ناھايىتى تەسلىكتە يىغقانلىقىنى ، مۇناسىۋەتلىك باش-
لىقنىڭ بۇ پۇلنى ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىشىنى ئاۋۇتتىن ئۆتۈن-
دى . ئاۋۇت پۇلنى دەرھال ئېلىپ ئۈستەل تارتمىسىغا سېلىۋې-
تىپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . مەتسىدىق ئاۋۇتنىڭ ، يەنى
ئۆز تۇغقىنىنىڭ جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىگە قاراپ : «بەش
مىڭ سومنى ئاز كۆرۈۋاتىدۇ - ھە ، بۇ !» دەپ ئويلاپ مۇنۇ
ئىشنى سەمىگە سېلىپ قويدى :

— دادام قايسى كۈنى سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارغا ھال ئېيتىپ-
تىكەن ، باشلىقىڭلار : «ئورۇن بار ، مەن ئاۋۇتقا ئېيتىپ قوياي ،
نېمانچىلا سۆرىۋەتكەندۇ بۇ !» دەپتۇ .

كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلغان ئادەم باشلىقىدىن ناھا-
يىتى قورقىدۇ ، چۈنكى ، مەنپەئەتدار بولۇۋاتقان ئورنىدىن ئايرى-
لىپ قالارمەنمىكىن ، دەپ دائىم ئەندىشە قىلىدۇ ، ئەندىشە ھەتتا
چۈشىدىنمۇ چىقمايدۇ . شۇڭا ئاۋۇت بىردىنلا ئالاقزادىلىككە چۈ-
شۈپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە : «بىزنىڭ ئىدارە باشلىقىغا يەنە
نېمىلەرنى دىگەندۇ ؟» دەپ تېخىمۇ قاتتىق ئەنسىزلىككە چۈشتى ،
ئەمما باشلىقنىڭ ھازىرغىچە ئۆزىگە گەپ قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ ،
كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشتى ۋە چىرايىدىكى ئەنسىزلىك ئالا-
مەتلىرى ئاستا - ئاستا يوقاپ كەتتى .

— بۇ ئىشىڭ شۇڭا تېز پۈتۈپ كەتتى ، ياخشى ئىشلە ، يامان
ئىشلارغا ئارىلاشما . ئەمما بۇ ئاز پۇلنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭلەر-
مەن ، — دىدى ئاۋۇت كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇ تىكىپ چوڭقۇر

ئويغا كەتكەن قىياپەتتە .

— ئاۋۇتكا ، بۇ پۇلنى تۆت - بەش ئاي هامماللىق قىلىپ ئاران تاپتىم ، دادامنىڭ قولىغا قارىسام تۆت - بەش يىلدىمۇ تاپالمايتتى . بۇ پۇلنى ئالىدىغان ئادەمگە بىزنىڭ نامراتلىقىمىزنى ئوبدان چۈشەندۈرسىڭىز بەلكى ئىچىمۇ ئاغرىپ قالار...

— ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەم قالمىدى هازىر ، هەممىلا ئادەم ئالسام دەيدۇ . يەنە غەيرەت قىلىپ ئىككى - ئۈچ ئاي ئىشلەپ كۆپەيتىپ كەلسەڭمۇ بوپتىكەن ، ئورنۇڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋېرەتتى ئەمەسما .

— مەن ئىشلەۋاتقان يەر ئىشىمنى توختاتتى ئەمەسمۇ ، باشقا بىرىنى ئاپتۇدەك ، — مەتسىدىق بۇ پۇلنى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئەمەس ، دەل ئاۋۇتنىڭ ئۆزى ئالىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن . نەپسى يوغىناپ كەتكەن ئادەمنىڭ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي-ۋاتقانلىقىنى شۇ تاپتا ئۇ پەملەپمۇ بولدى . شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان قىياپەتتە ، ئۇنىڭ چارىسىنى ئىزدەۋاتقان هالەتتە ئولتۇرغانلىقىغا مەتسىدىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى - دە ، مۇنداق دېدى :

— باشلىقىڭلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ : «قايسى كۈنى سىزگە هال ئېيتقان ئادەمنىڭ ئوغلى مەن بولىمەن» دەپ ئۆزۈملا دەيمى-كىن - يا ، ئاۋۇتكا ؟

ئاۋۇت دەرهال كەسكىن جاۋاب بېرىپ دېدى :

— بولدى ، بولدى قوي ، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلاي-مەن ، ساڭا هازىر تونۇشتۇرۇش كېسىپ بەرسەملا بولدى . بىراق ناهىيىنىڭ ئۆزىدە ئورۇن قالمىدى ، «يېڭىئاۋات» يېزا مەكتىپى-گە بارىسەن ، ناهىيىگە ناهايىتى تۆت - بەش كىلومېتىرلا كېلىدۇ .

— ناهىيىدىكى مەكتەپلەردە ئورۇن بار ، دەپ ئاڭلىۋېدىم ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئاچامغا شۇنداق دەپتىكەن ...

— ئۇلار ئادەم بەرسە ئېلىۋېرىدۇ ، پۇلنى يانچۇقىدىن چىقار-مايدۇ ، ھۆكۈمەت بېرىدۇ ئەمەسمۇ ، شۇڭا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋ-رىدۇ . شتاتنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان ئورۇن بار ، يول قويمايدۇ . ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما . بىر - ئىككى يىل ئىشلەپ تۇر ، ئۆزۈم ئەپلەپ ناھىيىگە يۆتكىۋالىمەن . ئۇنىڭغا جىق پۇلمۇ كەت-مەيدۇ ، ناھايىتى ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي خەجلىسەڭلا ئىش پۈتىدۇ .

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەمنىڭ ۋىجدانى ، ئادىمىيلى-كى شۇنچىلىك بۇزۇلۇپ - يوقاپ كېتىدۇكى ، يېقىن ئەل - ئاغىنە ، ئۇرۇق - تۇغقان ، ھەتتا ئاتا - ئانىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ، ئۆزىنى تۆت پۇتلۇق ھايۋاندىن بەتتەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ . ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ، ئۆز مەنپەئىتىنىڭ كويىدا يۈرىدىغان ئادەم ئاخىر بېرىپ يىرگىنچىلىك ، شەرمەندە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ .

خەيرىيەت ، «يېڭىئاۋات» يېزىلىق مەكتەپكە تونۇشتۇرۇش كېسىلدى . مەتسىدىق ئاۋۇتقا نەچچە رەت رەھمەت ئېيتىپ تونۇش-تۇرۇشنى قولىغا ئالدى - دە : «پۇل دېسە جېنىنىمۇ كېسىۋېتى-دىغان ۋۇي نائەھلىي ، سېنىڭمۇ تۇغقانچىلىقىڭنى كۆرۈپ قوي-دۇق» دەپ ئويلاپ بۆلۈمدىن چىقتى ۋە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇدۇل ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى .

بۆلۈمدە ئولتۇرۇپ قالغان ئاۋۇت — ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىپ قو-يۇپ تارتمىدىن پۇلنى ئالدى - دە ، ئىككى بارمىقىنى تۈكۈرۈكى بىلەن ھۆللەپ ئۇنى ساناشقا چۈشتى . راست ، توپتوغرا بەش مىڭ كوي ئىكەن . يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرگەن ئاۋۇت : «بۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتەي ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى . ئۇنداق ئويلاپ - مۇنداق ئويلاپ ، يىراق تاغلىق يېزىدىكى ئەللىك قويىنى كۆپەي-تىشنى لايىق كۆردى . ئەسلىدە تاغلىق يېزىدىكى بىر تونۇشىغا

بېقىپ بېرىش ئۈچۈن دەسلەپ بەش قوي چىقىرىپ بەرگەن .
ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتتىمۇ ، قويلار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ
كېلىۋېرىپ ۋە تەبىئىي كۆپىيىپ هازىر قويلىرى ئەللىككە يەت-
كەن ، مانا هازىر ئۇ قويلىرىنى كۆپەيتمەكچى بولۇپ ، بازار كۈنى
مال بازىرىغا كىرىپ ئورۇق قويىدىن ئون ئىككىنى سېتىۋ-
ۋالدى ـ دە ، تاغلىق يېزىغا ماڭدۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
قويلىرى ئاتمىش ئىككى بولدى . «هەي ، كاساپەت هارىمى ،—
دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ قەيەردۇر بىر يەرلىرى ئۆرتىنىپ ، —
ئون مىڭ كوي ، هېچبولمىسا ، سەككىز مىڭ ، يەتتە مىڭ كوي
ئەكېلەرمىكىن ، قويلىرىمنى يەتمىشكە يەتكۈزەرمەن دېسەم ، ئا-
ران بەش مىڭ كوي ئەكەلگىنىنى قارا بۇنىڭ... باشقا ئادەم بولسا
بېشىغا ئاتاتتىم ، قاسىمئاخۇنكامنىڭ پۇشتى بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىزنىڭ جۇيجاڭغا هال ئېيتىپ كەپتۇ ئەمەسما ، هېلىمۇ
ياخشى جۇيجاڭنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ ، بولمىسا ، هازىر-
لا ئورۇنلاشتۇرۇۋەت دېسە بەش مىڭ كويمۇ يوقتى . شۇنىڭغىمۇ
شۈكۈر قىلاي ، قورودا بېقىلىۋاتقان ئىككى قويغا هەم ئىشەككە
سامانىنى شۇلاردىن ئېلىپ تۇرارمەن» . تەمەخورنىڭ نەپسى يوغى-
ناۋەرسە پاتقاقتا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىۋېرىدۇ . ئۇ بۇرۇن
كىشىلەردىن مىڭ سوم ، ئىككى مىڭ سوم ئالارمەن ، دەپ ئويلى-
سا ، هازىر بەش مىڭ سومنى ياراتماس بولۇپ قالدى . شۇڭا
«ئاۋۇت ئون مىڭ كوي» دېگەن گەپ چىققان ـ دە !

ئۇنىڭ ئويلىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئىشىك چېكىلدى .
ئاۋۇت ئالمان ـ تالمان تارتمىنى يېپىپ قويۇپ ئىتتىك بېرىپ
ئىشىكنى ئاچتى ـ دە ، چۆچۈپ كەتتى .

— ۋاي ، جۇيجاڭ ، كەلسىلە جۇيجاڭ ، قېنى بۆلۈمگە كىر-
سىلە ، — دېدى ئاۋۇت ئىككى پۈكلىنىپ ۋە ئۆزىنى قورقۇنچ
بېسىپ .

— بولدى ، ئالدىرايمەن ، ھېلىقى قاسىمئاخۇن دېگەن دېھقانـ نىڭ بالىسىنى قانداق قىلدىڭ ، ماڭا يىغلاپ كەپتىكەن ، سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار ئىكەنغۇ ؟ — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۆلۈمگە كىرمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپلا .

— ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم ، جۇيجاڭ ، سىلىگىمۇ دەپتىكەن ، دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم .

— نەگە ؟

— يېڭىئاۋات يېزىلىق مەكتەپكە .

— ناھىيىنىڭ ئۆزىگىلا ئورۇنلاشتۇرساڭمۇ بوپتىكەن ، بەكـ مۇ نامرات ئائىلىنىڭ بالىسىكەن ، يولغىلا بىرمۇنچە چىقىمدار بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ ـ دە .

— مەركىزي باشلانغۇچ مەكتەپكە سىلى تاپىلىغان ھەسەن لوبەننىڭ بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان . ئۇنىڭ كەينىدىنلا بۇنىمۇ ئورۇنلاشتۇراي دېسەم كەينى ـ كەينىدىن بولۇپ كەتمىسۇن ، دەپ ئويلىدىم ، خاتا قىلمىغاندىمەن ، جۇيجاڭ ؟

— ھەسەن لوبەن مائارىپقا جىق ياردەم قىلدى ، قىيىنچىلىقـ لىرىمىزنى تەڭ تارتىشتى . ئۇنىڭ ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگەن بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرمىساقمۇ بولماس… قاسىمئاخۇننىڭ بالىـ سىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپسەن ، ھە ، بوپتۇ . نامرات ئائىلىلەرـ نىڭ بالىلىرىنى تولا سۆرەپ كەتمەي تېز ـ تېز ئورۇنلاشتۇرۇـ ۋەت ، ھاللىق ئادەملەرنىڭ ، كادىرلارنىڭ بالىلىرى مەلۇم سەۋەبـ لەر بىلەن سەل ـ پەل كېچىكىپ ئورۇنلاشسىمۇ مەيلى ،— دېدى ـ دە ، كەينىگە ياندى .

※ ※

مەتسىدىق ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى ئالغانلىقىنى ، ئەتىدىن باشلاپ

خىزمەتكە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ھەدىسى مەتسىدىقتىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بىراق، ئۇ ھېيلىگەر تۈلكە ناھىيە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرماي… شۇنچە پۇلنى ئېلىپ تۇرۇپ…، — دېدى ھەدىسى ئاچچىقى بىلەن، — ساڭا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپتۇ-دە!

— بوپتۇ، ئاچا، نېمىلا بولسا ئورۇنلاشتىمغۇ، شۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش دېگىنە، مەن باشقىلاردەك شەھەر تاللاشمايمەن، تاللاشقان بولسام ئۈرۈمچىدىلا قالاتتىم.

راست، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى چوڭ ئىش. ھەدىسىنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. خۇشاللىق ئۆمۈرگە يار بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغاندەك زوقا تولۇپ خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، «قانداق بولاركىن؟» دېگەن ئەندىشىلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەدىسىنىڭ بەدەن-بەدەنلىرىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئىنىسىغا كۆيۈنۈپ مۇنۇ ئىشلارنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق تاپتى:

— سېنىڭ مىجەزىڭ سەل ئىتتىكرەك، ئۇكام، مەيلى كىم بىلەن بولمىسۇن، خىزمەتداشلىرىڭ بىلەن، بولۇپمۇ مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن ياخشى ئۆتكىن، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى، بولۇپمۇ ئادەم باشقۇرۇش، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىسى سەن ئويلىغاندەك دۇرۇس، مۇۋاپىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولۇشى ناتايىن، ئۇنداق ئىشلارنى كۆرگەندە كۆرمەسكە سال. ئاڭلىغاندا، ئاڭلىماسقا سال. قارىشىڭغا، ئىرادەڭگە خىلاپ ئىشلارنى كۆرگەندە قۇلىقىڭ گاس، تىلىڭ كېكەچ بولسۇن. ھېلىقى پىلە قۇرتى بېقىش مەسىلىسىدە كەنت شۇجىسى بىلەن قايناپ ئېتىشىپ قالغاندەك قىلىقلارنى قىلماي، شۇلارنىڭ رايىچە ئىش قىل، ئۇكام. ھازىر زامان شۇنداق بولۇپ كەتتى. «ئىش قايان — سەن شۇيان». بېشىڭدىن ئۆتتىغۇ، خىزمەتنى نەچچە ئاي جاپا

تارتىپ ئىشلەپ ئاران تاپتىڭ ، تېخى تاپالماي يۈرگەنلەر كۆر-
مىدىڭ . ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى بېسىۋالالماي بىر گەپ بىلەن-
لا يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالما ، بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈۋا-
تىدىغانسەن ، ئادەم ئۆز ئاغزىدىن كېتىپ قالىدىكەن .

— ماقۇل ، ئاچا ، مەنمۇ سىزنىڭ ئىقىشىغا قاراپ ئاقارمەن .

— ھەببەللى ، كۆپچىلىكنىڭ ، بولۇپمۇ رەھبەرلىكنىڭ رايى-
غا بېقىپ ئىش قىلساڭ زىيان تارتمايسەن .

مەتسىدىق ھەدىسى بىلەن ئوچۇق - يورۇق ھالدا ئۇزاق
پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ياندى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە يانغان خۇشاللىقى
تېپىچەكلەپ ئويناپ تۇراتتى .

## 10

ئۇ رەيھانگۈل بىلەن يۈرۈۋاتامدۇ ياكى يېقىن دوستلاردىن
بولۇپ ئۆتۈۋاتامدۇ ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . لېكىن يۈرۈۋاتقاندەك
بىر - بىرىنى قەدىرلەيتتى ، ھۆرمىتىنى قىلاتتى . سىرتتىن
قارىغان ئادەم ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقلىرىغا قاراپ ئۇلارنى يۈرۈۋاتى-
دۇ ، دەپ ئويلايتتى . رەيھانگۈل ئۇنىڭغا ياققان ، ئۆزىگە ئۆمۈر-
لۈك مەھرەم بولىدىغان قىزلىقىنىمۇ بىلىپ يەتكەن ، ئىزدىشىپ
يۈرۈشمۇ ئۆزلىرىگە يۈرۈۋاتقاندەك مەنىنى بېرەتتى . بىراق ، ئىك-
كىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ خۇسۇستا ئوچۇق گەپ - سۆز ئېيتىل-
مىدى . ئادەتتە ، بىر قىزنىڭ بىر يىگىتكە مەيلى بولسىمۇ ،
كۆڭلىنى بىرىنچى بولۇپ ئىزھار قىلىش تەس . مۇنداق ئىزھار
قىلىشنى ئوغۇللارنىڭ دېيىشى ئادەت بولۇپ قالغان . بۇ تەرەپلى-
رىنى مەتسىدىق ياخشى چۈشىنىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، تېخىچە
خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىدى ، كۈنلۈك ئىشلەپ يۈرۈۋاتىدۇ ، ئىش
ئوڭدىن كەلمىسە بىكارچى بولۇپ قالىدىغان گەپ . شۇڭا خىزمەت-
كە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن قىزغا : «مەن سىنى ياخشى كۆرىمەن ،

ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشىڭىزنى ئىستەيمەن» دەپ ئوچۇق ئېيتماقچى. مانا ھازىر شۇنداق پەيت ھازىرلاندى. ئەمدى دېسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆڭۈل مەيلىنى ئوچۇق ئىزھار قىلماقچى بولۇپ ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى كۆڭۈل مەيلىگە بويسۇنۇپ رەيھانگۈلنىڭ دۇكىنى تەرەپكە تاشلاندى.

ھاۋا ئوچۇق، كۈن قاتتىق قىزىپ كەتكەن، لېكىن بۇ ھال ئۇزۇنغا بارمىدى، ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى. بىردەمدىلا يامغۇر يېغىشىنىڭ ئالدىدىكى دىمىقچىلىق باشلاندى. مەتسىدىق: «بۇ دىمىقچىلىقنىڭ بىر دەردى بار، شارىلداپ يېغىپ كەتمىسە بولاتتىمۇ؟» دەپ ئويلىدى-دە، رەيھانگۈلنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ ماڭدى. بىراق، دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىشتىن ئويلىنىپ بىر ئۇياققا-بىر بۇياققا ئىككى-ئۈچ رەت ئۆتتى. رەيھانگۈل ئۇنى كۆرگەن بولۇشى كېرەك، دۇكان ئىچىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. مەتسىدىق خۇشال بولۇپ كەتتى.

— سىزنىڭمۇ مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان چاغلىرىڭىز بولىدىكەن-ھە، ياغاچ ئۇشتۇۋېتەيمىكىن، — دېدى رەيھانگۈل كۈلۈپ.

— ئەمدى سىزنى ئاشكارا ئىزدەيدىغان چاغ كەلدى، جۈرئەتسىزلىكىم ئاخىرلاشتى، بۇنى سىزگە ئېيتاي، دەپ كەلدىم.

رەيھانگۈل ئۇنىڭ ياپتا گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى:

— خىزمەتكە ئورۇنلىشىپسىز-دە، — رەيھانگۈلنىڭ يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە خۇش تەبەسسۇم، جانلىنىش ئالامەتلىرى يېنىپ، چىرايى تېخىمۇ يېقىملىق بولۇپ كەتتى. ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇش ئۇنىڭ چىرايىغا ئوقچۇپ چىققانىدى.

— بىراق، بىزگە كەلگەندە سايىنىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ، ناھىيىدىن ئورۇن چىقمىدى.

— نەگە ئورۇنلاشتىڭىز؟

— يېڭىئاۋات يېزا مەكتىپىگە .

رەيھانگۈل سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە :

— بوپتۇ ، يېڭىئاۋات يىراق يەر ئەمەس ، ئەتىگەندە چىقىپ كەچتە يېنىپ كىرسىڭىز بولىدىغان يەر ، ئاپتوبۇسمۇ بار . مۇنداق قىلايلى : سىز بىرەر سائەت كوچىلارنى ئايلىنىپ تۇرۇڭ ، دۇكان- دا ماڭا قاراپ تۇرغان ئىككى ئايال بار ، شۇلارنى يولغا سېلىۋې- تىپ چىقىمەن ، بۇگۈن يېرىم كېچىگىچە كوچا ئايلىنىپ سىزنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىڭىزنى بىر تەبرىكلەيلى ، سىزمۇ ، مەنمۇ كۆتكەن كۈن ئاران كەلگەندە ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىساق بولماس ،— دېدى .

— شۇنداق ، قالتىس توغرا ھەم جايىدا گەپ قىلدىڭىز…

ئالدىدا نېمە ئىش قىلىشنى بىلگەن قىزنىڭ ئېغىزىدىن مۇنداق گەپنىڭ چىقىشى مەتسىدىقنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى .

رەيھانگۈل بىر ئايالنىڭ كۆڭلىكىنىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈۋې- تىشكە تېز تۇتۇش قىلدى . ئۇ قادىلىپ تۇرۇۋالغانىدى . ئالدىغا ئىنتىلسە ، كەينىگە كەتكەندەك ئالدىراشچىلىقتا قولىغا يىڭنىنى ئىككى قېتىم سانجىۋالدى… شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ چىقتى ـ دە ، ئىككىسىنىڭ كوچا ئايلىنىشى باشلاندى . ھەر ئىككىسى : «يامغۇر يېغىپ كەتمىگىيتتى ؟ » دەپ ئاسمانغا ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى يانغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ ـ قاراپ قويىاتتى . كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى خىلۋەت كوچىلارغا تاشلانماقتا ئىدى . مەتسىدىق رەيھانگۈلگە بې- رىلىپ ـ ئىنتىلىپ تۇراتتى . بىر يىگىتنىڭ بىر قىزغا مەيلى قوزغىلىپ ، كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغاندا ، ئېيتىشنى ئويلىغان ، بىراق تېخى ئېيتىلمىغان كۆزگە چېلىقماس سېھرىي سۆزلەرنىڭ قاينىمىغا چۆشۈپ قالىدۇ . سۆي- گۈ ، ئىشق سۆزلىرىنى ئېيتماق ئاسان ئەمەسكەن ، شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرەت قىلىپ يۈرەك قاتلىرىدا تېپچەكلەپ تۇرغان گەپلىرد-

نى ناھايىتى تەسلىكتە قورۇنۇپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— رەيھانگۇل ، ئىككىمىز ساۋاقداشلىق يۈزىدىن ئارىلىشىپ بىر - بىرىمىزنى ئىزدىشىپ يۈرۈۋاتىمىز ، ھازىرغىچە ھەقىقىي مۇھەببەت سۆزلىرىمىز يۈرىكىمىزنىڭ ئاستىنقى قاتلىرىدا كۆمۈ- لۈپ تۇردى . ئەمدى كۆمۈلۈپ تۇرۇۋەرمىسۇن ، بۈگۈن شۇ سۆز- لەر تېپىچەكلەپ ئېتىلىپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ ، قويۇپ بېرەي دەۋاتىمەن .

— قويۇپ بېرىڭ ، تۇنجۇقۇپ قالمىسۇن يەنە ، — رەيھانگۇل ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنداق دېدى - دە ، ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

مەتسىدىقنىڭ كۆڭلى تىندى ، خۇشاللىقنىڭ ئىچىدىن تېپىپ چىقىشى ئۇنىڭغا ئۈمىد ، جۈرئەت ئاتا قىلىپ ، كۆڭۈل سۆزلىرى- نى بىمالال ئېيتىشقا سەۋەبچى بولدى :

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشنى… ئىستەيمەن ، — مەتسىدىق مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئېيتقۇچە تىترەپ كەتتى ۋە ئېغىزىمۇ قۇرۇپ كەتتى ، ھەتتا شۇ سۆزلەرنى دەۋەتكىنىگە نومۇسلىنىپمۇ قالدى . سۆيگۈ ئاجايىپ قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنكى ، ئۇ ئادەمنى ھەر خىل روھىي ھالەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ : مەڭدىتىدۇ ، گاڭگىرىتى- دۇ ، ئىزا تارتقۇزىدۇ ، ھەتتا ئەقىلدىن ئازدۇرۇپ ئەخمەققە ئايلان- دۇرىدۇ ، شۇنداقلا يەنە قورقماس قەيسەرمۇ قىلىۋېتىدۇ . رەيھان- گۇل مەتسىدىققا قارىغاندا جۈرئەتلىك ، غەيرەتلىك ئىكەن ھەم ئۇ خېلىدىن بېرى بىز يۈرۈۋاتىمىز ، دەپ ئويلىسا كېرەك ، مەتسى- دىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— گەپنىڭ ئوچۇق بولۇپ كەتكىنى كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى ، مەن خېلىدىن بېرى سىز بىلەن يۈرۈۋاتىمەن ، دەپ ئويلاپ كېلىۋاتىمەن ، مەنمۇ يۈرىكىمدىكى گەپنى دەي : سىز مې- نىڭ ، مەن سىزنىڭ ، بۇ گەپلەر يۈرىكىمگە نەقىشتەك چېكىل-

گەن، مەن بارلىقىمنى سىزگە مەنسۇپ، دەپ قارايمەن، بارلىقىمنى سىزگە بېغىشلىيالايمەن.

بىر - بىرىگە تەلپۈنگەن يۈرەكلەر مۇرادىغا يەتتى، بەدەن - بەدەنلەردىن يېقىملىق تۇيغۇلار قوزغالدى. مۇھەببەت ئەھلى ئۈچۈن — بۇ ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئەڭ قايناق، ئەڭ نازۇك، گۈزەل تۇيغۇ. ھەقىقىي سۆيگۈ ئىككىسىنى قايتىدىن يارالغاندەك، ئىككىسىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەندەك، ئىككىسىنى بۇرۇنقىدىن ئەقىللىقراق ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. قىز مەتسىدىقنى قايتىدىن كۆرگەن چاغلاردا كۆكسى يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان، چىرايىدىن بالىلىقى يېتىمگەن قىز ئىدى. ئارىدىن بەش - ئالتە ئاي ئۆتۈپ، ئىشقى ھېسلىرى ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈلگەن چېچىنى بېلىگە چۈشۈرگەن، چىڭ كۆكسىنى ئۇقچۇپ چىقىپ، كۆڭلەكنىڭ مەيدىسىنى خېلىلا كۆتۈرگەن قىزغا ئايلاندۇردى. ھەر ئىككىسى سۆيگۈ يولىغا كىرگەن بولسىمۇ، تېخى مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىغىنى يوق، تېپىچەكلەۋاتقان سۆيگۈلىرى تېخى چاڭقاق. ھەر ئىككى بەدەندە بەختكە ئىنتىلىش تۇيغۇسى يانغان...

ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي خىلۋەت كوچىلارنى ئايلىنىۋېرىپ، تۈننىڭ قارا پەردىسى ئاللىقاچان ئەتراپقا يېيىلىپ بولدى. مەتسىدىق كېتىۋېتىپ، بۇرۇنمۇ ئويلىغان ئويلىرىنى، كەلگۈسى كۈنلىرىنى، مۇھەببىتىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ ئۆزى دېھقاننىڭ، دېھقان بولغاندىمۇ تازىمۇ نامرات دېھقاننىڭ بالىسى؛ رەيھانگۈل بولسا بىر ئاز بولسىمۇ ھاللىقراق ئائىلىنىڭ قىزى، دادىسىنىڭ مىلىچمال دۇكىنى بار، ئائىلىسىنىڭ قوتىنى بەش - ئون قويدىن ئايرىلمايدۇ. ئىككى ھەدىسى كادىر، ئۆزى تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىش قىلىدۇ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن قىسىلمايدۇ. مۇشۇ ئەھۋالدا، كەلگۈسى كۈنلەردە ئىككىسى توي قىلماقچى

بولسا ، ئۇلار قىزنى مۇشۇ نامرات دېھقاننىڭ بالىسىغا بېرەرمۇ ؟ قىزنىڭ ئىرادىسى زادى قانچىلىك ، بوشمۇ ـ چىڭمۇ ؟… چىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بەرمەيمىز ، دەپ تۇرۇۋالسا ، ئۇنى يەڭگۈدەك غەيرىتى ، ئىشەنچىسى بارمىدۇ ؟… ئەگەر يولى كېلىپ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىغا پۇل ، مال ـ دۇنيا ئارىلىشىۋالـسا ئۇنىڭدىن غالىب كەلگۈدەك ئېتىقاد ـ ئەقىدە بارمىدۇ ؟ …گېپى كەلگەندە شېرىندەك پىداكارلىق جاسارىتى ، سەنەمدەك ئۇزۇن يىللىق ئەقىدە ، ئۈمىدۋارلىق روھى بىساتىدىن تېپىلارـمۇ ؟… بۇ ئىشلارنىمۇ ئويلىماي ، كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەي بولـمايدۇ ـ دە !

— رەيھانگۈل !

— خوش ؟

— بىز بىر ـ بىرىمىزنى خېلىلا چۈشىنىپ ، بىر ـ بىرىـمىزنى ھۆرمەتلەپ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېتىۋاتىمىز ، ئالدىـمىزدىكى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇرادىمىزغا ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىـمىزغا يېتىشكە ، بىر ئائىلىگە جەم بولۇشقا ئۇرۇنساق ، بىزگە قارشى چىقىپ ، پۈتلىكاشاڭ بولىدىغانلار چىقىپ قالارمۇ ؟

— سىز كىملەرنى ئويلاۋاتىسىز ؟

— مەسىلەن ، دوستلىرىڭىزدىن قوشۇلمايدىغانلار چىقىپ قالسىچۇ ؟

— مەن دوستلىرىمنىڭ خاھىشى ، پىكرى ، تىلىكى بويىچە ياشىمايمەن ، ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياشايمەن .

— ئەگەر ئاتا ـ ئانا ، ھەدىلىرىڭىز قارشى چىقىپ قالسىچۇ ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم تەرەپ .

— ھەدىلىرىمنىڭ ئۆيلىرى باشقا ـ باشقا . ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا مەن نېمە دېسەم شۇ ھېساب .

— ئاتا ـ ئانىنىڭ ئارزۇسى ، ئۆيلىرى باشقىچە بولۇپ قالسا ، ئۇنى يەڭمەك ئاسان ئەمەس .

— ۋايىيەي، سىز بۇ تەرەپلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىزما؟ — رەيھانگۈل مېڭىشتىن توختاپ مەتسىدىقنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرۇپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى، — مېنىڭ ئىرادەمگە قارشى چىقىدىغان ئادەم يوق، بولسىمۇ، مەن بوشىشىپ گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ يۈرىدىغان كېپىنەك، چىڭراق تۇتۇپ قويسا ئېزىلىپ كېتىدىغان شاپتۇل ئەمەس، مېنى تېخىچە سىنالماي يۈرۈپسىز - دە، يىگىت!

— هازىرغىچە يۈز بەرگەن ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇنداق ئىشلاردا ئاتا - ئانىنىڭ رولى ناهايىتى چوڭ بولىدىكەن، بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن.

— هەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، مېنىڭ ئاتا - ئانام ئاغزىمغا قارايدۇ، ماڭا قارشى چىقمايدۇ. ئائىلىدە مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان. بۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، هەرگىز باشقىچە ئويلاردا بولماڭ.

— ئىشقىلىپ، ئويلاپ قالدىم، دېگۈم كېلىپ قالدى، — مەتسىدىق قىزنىڭ ئىرادىسىدىن رازى بولۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، قىز بوشىشىپ ئىختىيارلىقىنى يوقاتقاندى ...

ئاخىرى ئۈلارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلاردىن تامچىلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، دەسلەپ سۈس ياغقان، بارا - بارا شارقىراپ يېغىشقا ئۆتتى. كېچە بەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار چوڭ كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ بىر دۇكاننىڭ ئالدىدىكى تار لەمپە ئاستىغا كېلىپ دالدىلاندى. يامغۇرنىڭ چاپقۇداپ يېغىشى ئۇلارنى يېقىن چاپلىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. يامغۇر تامچىلىرى شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك شىددەتلىك ئىدىكى، ئەتراپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان «تاراس»لىغان ئاۋاز ئادەمنى دەم ئالالماي قېيىنىلىۋاتقاندەك هالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. شامال ئارىلاش چاپقۇداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇلارنىڭ ئۈستۈبېشىنى هۆل قىلىۋەت-

مىگەن بىلەن پۈت ـ پاقالچەكلىرىنى سۇغا چىلاشقاندەك قىلىۋەت-
تى . يولغا چىققان ئادەم مەنزىلگە يېتىپ سەپەرنىڭ ھاردۇقىنى
چىقىرىشنى ئويلىغاندەك ، ئۇلارمۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ تەمىنى
تېتىشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى . بۇ مۇشۇنداق چاپلىشىپ تۇرغاندا قوز-
غىلىدىغان ھېس ـ تۇيغۇ . رەيھانگۇل شۇنداق قىلىشنى —
مەتسىدىقنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىشىنى ، لەۋلىرىگە يې-
نىش ـ يېنىشلاپ ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشىنى خالايتتى ، ئىستەيت-
تى ، لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇ ئۇنداق قىلمىدى . رەيھانگۇل بىرىنچى
بولۇپ سۆيگۈ ئىزھار قىلىشقا ئۇيالغان . ھازىر نومۇسىنى قايرىپ
قويۇپ ، ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا ئېسىلىپ تۇرۇپ مەتسىدىقنىڭ
سوۋۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە قاتتىق ـ قاتتىق سۆيدى ۋە بوش
ئاۋازدا پىچىرلىدى :

— سىز ئۆيىڭىزگە... ئەمدى... قانداق چىقىپ كېتەرسىز ؟
يولدا قالسىڭىز قانداق قىلىسىز ؟

— «شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر» دېگەن گەپنى
ئاڭلىمىغانمىدىڭىز ، ھېلى توختاپ قالىدۇ ، ئەتراپتا ئادەم كۆرۈن-
مىگىنى بىلەن ھازىر ئەتىگەن ، ئەل تېخى ئۇيقۇغا كېتىدىغان
مەزگىل بولمىدى ، پۇچقاقنى تۇرۇپ بىر ماڭسام بىردەمدىلا ئۆيگە
يېتىۋالىمەن .

رەيھانگۇلنىڭ ئېسىگە مۇنۇ خىيال كېلىپ قالدى :

— يامغۇر توختىغان بىلەن يوللار پاتقاق بولۇپ كەتتى ،
مېڭىشمۇ قىيىن ، ھازىر بېرىپ دۇكاننى ئېچىپ سىزنى سولاپ
قوياي ، يوغان ئىش ئۇستىلى بار ، ئۇستىدە خاتىرجەم يېتىڭ ،
ئەتىگەن قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدا كېلىپ دۇكاننى ئېچىپ بەرسەم
ئاستا چىقىپ كەتمەمسىز ، سىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ ؟ ئۇ چاغدا
تېخى ئادەملەرمۇ كوچىغا چىقمايدۇ .

— ياق ، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ، ئويلىمىغان ئەھۋاللار
كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن ، بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلمايلى .

مەتسىدىق دېگەندەك شارقىراپ ياغقان يامغۇر توختاپ قالدى ، ئۇلار لەمپىنىڭ ئاستىدىن چىقتى . مەتسىدىق ئاۋال رەيھانگۈلنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى ۋە خوشلاشتى . ئاندىن ئۇ يېزىسىغا يول ئالدى . رەيھانگۈل ئىشىك ئالدىدا قىيمىغان هالدا ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى .

※ ※

ئەتىسى مەتسىدىق «يېڭىئاۋات» يېزىسىغا ماڭدى . ھېلىمۇ ياخشى يېزىغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇس بار ئىكەن ، بولمىسا بەش - ئالتە كىلومېتىر يولنى ئاز بولغاندا كۈندە ئىككى قېتىم پىيادە بېسىشقا توغرا كېلەتتى . ئۇ سەھەر ماڭغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنماي يېتىپ چىقتى . ئۇ مەكتەپ ھويلىسىدا تۆت ئەتراپقا سەپسېلىپ ئۇياق - بۇياققا بىردەم قاراپ تۇردى - دە ، باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىنى تاپتى ۋە كىرىپ كەلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام !

مەكتەپ مۇدىرى يېشى ئەللىككە تاقىلىپ قالغان ، پاكىنەك ، قاپىقى تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ، يۈزلىرى گۆشلۈك ئادەم ئىكەن .

— ئولتۇر ، خوش ، سەن كىم بولىسەن ؟

— مەن ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگەن ، مائارىپ ئىدارىسى مېنى مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلدى ، — دېدى مەتسىدىق ئۆرە تۇرغىنىچە ۋە قولىدىكى خىزمەت تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى مۇدىرغا سۇندى .

مۇدىر تونۇشتۇرۇشنى ئالدى - دە ، ئۇنىڭغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ :

— بىزگە ئادەم لازىم ئەمەس ، شتاتىمىز تولۇق ، تېخى ئىككىسى ئوشۇق ، — دېدى ئۇ تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى ئۇنىڭغا

ياندۇرۇپ بېرىپ پەرۋاسىزلارچە . ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقى بىلەن ئۇنىڭ كارىمۇ يوقتەك قىلاتتى .

زور ئۈمىد بىلەن كەلگەن مەتسىدىق بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى . ئۇ : «مۇنداق بولار» دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدى . ياندۇرۇلغان تونۇشتۇرۇشنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ چىقىپ كېتىش كېرەكمۇ ياكى ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېقىش كېرەكمۇ ؟... ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇراتتى . كاللىسىدا ھەر خىل پىكىرلەر داۋالغۇپ تۇرماقتا ئىدى . ئارىدىن بىر مىنۇتچە ۋاقىت جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتتى .

— تۇرۇسەنغۇ !— مۇدىرنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى .

— بۇ تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى مائارىپ ئىدارىسىغا ياندۇرۇپ بېرەمدىم ؟

— قانداق قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ! گەپ تۈگىدى .

— ئەمىسە تونۇشتۇرۇشنىڭ كەينىگە : «شتاتىمىز تولۇق ، بىزگە ئادەم لازىم ئەمەس» دەپ يېزىپ بېرىڭ ، شۇنى ئەكىرىپ بېرەي ، ئاغزاكى دېسەم ئۇلار ئىشىنەمدۇ ، ئىشەنمەمدۇ ؟

— نېمە !... — مۇدىرنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ تۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قوشۇمىسى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كەتتى ، — يازمايمەن ، ئۇقتۇڭمۇ ، يازمايمەن ، مەن مائارىپ ئىدارىسىغا ئادەم لازىم ، دەپ دوكلات يازمىغان . تونۇشتۇرۇشنى يىرتىپ تاشلامسەن ، مائارىپ ئىدارىسىغا ئەكىرىپ بېرەمسەن ، خالىغىنىڭنى قىل !

— ماقۇل ، خالىغىنىمنى قىلاي ، بۇ تونۇشتۇرۇشنى ھاكىمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاۋۇت دېگەن ئادەم يېزىپ بەرگەن . خالىغىنىمنى قىلاي . گېپىڭىز مۇدىرغا ئۆتمىدى ، دەپ ئۇنى ھاكىمنىڭ ئۆزىگىلا بېرەي ،— مەتسىدىق شۇنداق دېدى ـ دە ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى . مۇدىر بىردىنلا كەينىگە بۇرالماقچى بولدى .

مۇدىر چۆچۈپ كەتتىمۇ ، يا ھودۇقۇپ كەتتىمۇ ، ئۇ تېخى

قەدىمىنى يۆتكىمەي دەرھاللا :

— توختىغىنە ، ئاۋۇنتقا ھاكىم ھاۋالە قىلغان دېدىڭما ، يا مەن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ ؟— دېدى .

— شۇنداق ، تېخى مۇنۇڭدەك كەمبەغەللىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىشىنى نېمىشقا چاپسانراق پۈتتۈرۈپ بەرمەيسەن ، دەپ خاپىمۇ بولغان .

قىزىق ئىش ، مۇدىر بىردىنلا ئۆزگىرىپ بوشاپ كەتتى ، بايىقى قوپاللىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى .

— چۈشتىن كېيىن مىنىڭ ئالدىمغا كىر !— دېدى ئۇ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئېچىلىپ ،— بىز ئىلمىي مۇدىر بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ساڭا بىر سىنىپنىڭ دەرسىنى ئورۇن-لاشتۇرۇپ بېرەيلى ، ئۆيۈڭ قەيەردە ، ناھىيە ئىچىدىمۇ - يا ؟

— ناھىيىگە يېقىن يەردە .

— ئۇنداق بولسا مەكتەپ بىلەن ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇ-شۇپ تۇر ، بولمىسا مەن تونۇشتۇرۇپ چىقاي ، يۈرە .

ئىككىسى تەڭلا قوزغالدى .

## 11

روھىي دۇنياغا كىرىش — يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇت-قۇچىلىق قىلىش — مەتىسىدىقتا باشقىدىنلا گۈزەل تۇيغۇلارنى قوزغىدى . قىيايەت - چىرايى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىققا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى بارغان-سېرى ئاشۇرماقتا ئىدى . بۇ روھىي ھالەتلەر ھەرقاچان ئۇنىڭ يېڭى كەسپكە نىسبەتەن چىن كۆڭلىدىن رازىمەنلىكىدىنى يۈرۈش - تۇرۇشى ، ھەرىكەتلىرىدە ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندەك شۇنداق ئېنىق ئىپادىلەپ تۇراتتى . چۈنكى ، مەتىسىدىق ئۈچ - تۆت ئايلىق بالا

تەربىيىلەش ، ئۇلارغا بىلىم بېرىش جەريانى — ئۇنىڭغا بۇ خىز-
مەتنىڭ خىزمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك خىزمەت ئىكەنلىكىنى
تونۇتتى . دۇنيادا ئوقۇتقۇچى بولۇشتىنمۇ پەخىرلىنەرلىك ئىش
يوقلۇقىنى ئۇ ئىپتىخارلىنىپ ھېس قىلدى .

«ئوقۇتقۇچى بولۇش ھەم زۆرۈر ، ھەم كۆڭۈللۈك يەنە ھەم
شەرەپلىك خىزمەتكەن ، — دەپ پات - پات ئويلاپ قالىدىغان
بولدى ئۇ يېقىندىن بېرى ،— شەرەپلىك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك جاپالىق بولىدىكەن ، لېكىن ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەمدە
جاپادىن زارلىنىش تۇيغۇسى بولمايدىكەن . ئادەم ئۇچۇن ھەممە-
دىن قىممەتلىك نەرسە نېمە؟ ئۇ ھايات . ھاياتىڭنى تىلغا ئالغۇ-
دەك ، كىشىلەر سۆيۈنگۈدەك مەنىلىك ئۆتكۈزەلىسەڭ ، ئۇنىڭ
قەدرىنى بىلگەن ھەم چۈشەنگەن بولىسەن··· »

سەن ئوقۇتقۇچى ، بالىلار - ئۆسمۈرلەرگە تەلىم - تەربىيە
بەرگۈچى ، سېنىڭ ھاياتىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ ، ئەتراپىڭدا
بالىلار چۇرقىرىشىپ يۈرىدۇ ، ئۇلار بىر قوڭغۇراق بىلەن سىنىپ-
لارغا كىرىپ ، مەكتەپ مەيدانى جىمىپ كەتسە ؛ بىر قوڭغۇراق
بىلەن سىنىپ - سىنىپلاردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، مەكتەپ
ئىچى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈلىدۇ . بۇنداق چاغلاردا ئىشخان-
لەرنىمۇ تىنچ دېگىلى بولمايدۇ : ھېلى بىر ئوقۇغۇچى كىرىپ
ئوقۇتقۇچىسىغا بىرنېمىلەرنى دەپ يانسا ، ھېلى بىر ئوقۇغۇچى
كىرىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ئاچىقىپ كېتىدۇ ، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كى-
رىپ - چىقىپ تۇرىدۇ . ساڭا ئىنتىلىپ يېپىشىپ تۇرغان ئوقۇ-
غۇچىلار جاپا- مۇشەققەتلىرىڭنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ . كەلگۈسىنىڭ
ئىگىلىرىنى تەربىيىلەۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلغاندا ، بەدەن - بە-
دەنلىرىڭنىڭ يايراپ ، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ قايناملىرىدا ئۈزۈ-
ۋاتقانلىقىڭنى چۈشىنىپ يېتىسەن···

— يامان بولدى ، تېخىچە كۆمۈر يوق ، بالىلارنىڭ كىيىمى

يالاڭ ، يىراقلاردىن كېلىدىغانلارمۇ بار ،— دېدى تۇردى ئىسىمـ لىك ئوقۇتقۇچى .
— بەزىبىر ئـوقـۇغـۇچىلار سوغۇققا جەڭ ئېلان قىلىپ ، ئۆيىدىن چىقىپلا مەكتەپكە كەلگۈچە توختىماي يۈگۈرۈپ كېلىدىـ كەن ، — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى .
— شۇنداق ، يۈگۈرۈپ قىزىپ ـ تەرلەپ كەلسە ، سىنىپتا بوران ئۇچۇپ يۈرگەن ، ھەي ، ھەي ، مۇنداق بولغاندا ، ئاسانلا ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىدۇ ـ دە ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ .
— شۇنداق ، نۇرغۇن دەردۇباللار ،— دېدى مەتسىدىق خىـ يالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ،— يوقسۇزلۇق ـ كەمبەغەللىكتىن كېلىدىكەن ، چارىسىنى قىلماق تەس بولغان ئىشتىن كېلىدىكەن .
ئولتۇرغانلار بىردىنلا جىمىپ كەتتى . بۇ سۆزنىڭ ئېغىر بېسىمى ئۇلارنى سۆزلەشتىن توختىتىپ چوڭقۇر خىيالغا سېلىپ قويغانىدى . بۇ ئېچىنىشلىق خىياللارنى كۆتۈرۈۋېتىش كېرەك ئىدى ، بۇنى بىلگەندەك ياش مۇئەللىمە ئېغىز ئاچتى :
— ھە ، مەتسىدىق ، بۈگۈن باشقىچىلىغۇسىز ، تۇنۇگۇنكى چىرايىڭىز بۈگۈن يوق ، نېمە بولدى سىزگە ؟
ئادەم مۇزلاپ كەتسە ئىش خۇشياقمايدۇ . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولى ئىشقا بارماي توڭلۇپ ئولتۇرۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭ قىلىشماقتا ئىدى .
— مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن ، تۇنۇگۇنگە قارىغاندا بۈگۈن سوـ غۇقمۇ نېمە ؟— دېدى ئۇ قاتقان قوللىرىنى ئۇۋىلاپ .
— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ، بۈگۈن تۇنۇگۇنكىدىن ئىسسىقـ راق ، سىزگە شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقان ئوخشايدۇ .
— بەلكىم…
ئون ئىككىنچى ئاي ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ ، ئىشخانىلارغىلا ئەمەس ، سىنىپلارغىمۇ تېخىچە ئوت يېقىلمىدى .

بۇ يىل ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى نىمىشقىدۇ ئىسسىقلىق پۇلى تارقىتالمىدى . يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ مۇرىسىنى چىقىرىپ تۇرۇۋالدى . بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يېزىدىكى يېگى باي — سىلىمئاخۇن ھاجىم مەكتەپكە كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ : «مەشىلەرنى قويىۋېپ تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭلار» دېگەن . ئۇنىڭ كۆمۈرلىرى ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمەي ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار سوغۇق دەستىدىن قاتتىق قىينالماقتا ئىدى . ئىشخانا ، سىنىپلاردىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى ، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن ، سۇنغان ياكى قەغىزى يىرتىلىپ كەتكەن كۆزنەكلەردىن ئاچچىق شامال ئۇشقىرتىپ كىرمەكتە ئىدى . سىنىپتا تىنچ ئولتۇرغان بالىلارغا سوغۇق تېخىمۇ ئۆتەتتى .

ئىشخانىغا مەتسىدىقنىڭ ئىگىز بويلۇق ، مەڭزىلىرىنى ئۇرۇپ چاپلىشۋەتكەندەك ئورۇق بىر ئوقۇغۇچىسى كىردى .

— مۇئەللىم ، بالىلار توڭلاپ كەتتۇق ، ئۆيگە كېتەيلى ، دەۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز ؟— دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ . ئوقۇغۇچىنىڭ سوغۇقتىن سېرىق تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەندى .

مەتسىدىقنىڭ كۆزلىرى — ئۇنىڭ ساق يېرى قالمىغان ، يىرتىقلىرىدىن بارماقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئايىغىغا چۈشتى - دە ، ھەم ھەيران بولۇپ ، ھەم مەيۈسلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى : «مەن نېمىشقا مۇشۇ چاغقىچە ئۇنى كۆرمىگەندىمەن ، بىچارە بالا قانچىلىك قىينالغاندۇ - ھە… ئائىلىسىنىڭ شۇنىڭغىمۇ قۇربى يەتمەپتۇ - دە… !» دەپ ئويلىدى مەتسىدىق ئىچىنىپ ھەم ئۆزىنى جىمىلەپ ، ئاندىن ئوقۇغۇچىسىغا قاراپ مۇلايىم ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— تۆتىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىن كەلمەڭلار ، مۇدىر شۇنداق دېدى . سەن… سەن ئۆيگە مېڭىشتىن بۇرۇن مېنىڭ يېنىمغا كىرگىنە - ھە ؟

— ماقۇل .
— ئۇنتۇپ قالما يەنە ؟
— ئۇنتۇمايمەن ،— بالا چىقىپ كەتتى .
— بالىنىڭ ئايىغىنى كۆرگەنسىلەر ،— دېدى مەتسىدىق
چوڭقۇر تىنىپ . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىچ ئاغرىتىش ، ئېچىنىشتىن
پەيدا بولغان ئاجىز نۇرلار پىلدىرلايتتى ۋە ئۇنىڭ يۈزلىرىدىمۇ
ئەندىشىلىك قايغۇنىڭ كۆلەڭگىلىرى غىل - پال كۆرۈنمەكتە
ئىدى ، — ئوقۇغۇچى مەكتەپكە پۇتىدا تۇرغۇدەك هالى قالمىغان
ئاشۇ ئايىغى بىلەن مەھەللىنىڭ بېشىدىكى كونا تۈگمەننىڭ يېنى-
دىن كېلىدۇ… نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ئاشۇ جۇل - جۇل هالەت-
تىن قاچانمۇ قۇتۇلار ، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلغىلى بولماسمۇ
- هە !…
— بولدى ، بولدى ، ئاداش ، مۇنداق ئىشلارنى ئويلاۋەرمە ،
قاچان قۇتۇلاتتى ، ئالدىمىزدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇتۇلىدۇ .
ئوقۇغۇچىنى يېنىمغا كىر دېدىڭ ، مەن بىر ئىشنى تۈيۈپ تۇرۇۋا-
تىمەن ، نېمە ئىش قىلىسەن ؟ — دېدى ئۆزىدەك ياش بىر
ئوقۇتقۇچى .
— نېمە ئىش قىلاتتىم ، ماگىزىنغا ئەكىرىپ ، چۈخەي بول-
سىمۇ پۇتىغا كىيدۈرۈپ قوياي دەۋاتىمەن .
— مەنمۇ شۇنداق قىلامدىكىن ، دەپ ئويلىۋېدىم ، بولدى
قىل ، مۇنداقلارنى قۇتقۇزۇپ تۈگىتەلەمسەن ، هېلىمۇ نەچچە ئو-
قۇغۇچىنىڭ كىتاب پۇلىنى تۆلىدىڭ ، ئاڭلىساق ، ئىككى - ئۈچ
ئوقۇغۇچىغا ئاياغ ، پاختىلىق چاپان ئېلىپ بېرىپسەن ، سېنىڭمۇ
ئائىلە ئەھۋالىڭ چاغلىقكەن ، ئاداش . ئۆزۈڭدىن ئاشسا ، ياردەم
قىل ، بولمىسا نېمە قىلىسەن زورۇقۇپ . كېيىن دەردىڭنى ئۆ-
زۈڭ تارتىپ قالارسەنمىكىن…
— راست دەيسەن ، مېنىڭمۇ چاغلىق ، بىراق مۇنۇ بالىنىڭ
ئائىلە ئەھۋالىغا قارىغاندا بىزنىڭ بىرئاز ياخشى . بىر ئادەم خۇ-

شاللىق كۆرسە، سەنمۇ ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ يايرا؛ مۇبادا
ئىغىر كۈنگە قالسا، سەنمۇ قايغۇرغىن؛ قولۇڭدىن قانچىلىك
كەلسە شۇنچىلىك ياردەم قىل، ھەمدەمدە بول. شۇ چاغدىلا
ئادىمىيلىكنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، سەنمۇ ئۆزۈڭگە يېپىشقان
ئازابتىن قۇتۇلالايسەن. ئادەمنى نىمىسىگە قاراپ ياخشى دەيمىز؟
ئىغىر كۈنلەرگە قالغانلارغا ياردەم قىلىشى، ھەمدەم بولۇشى،
كۆيۈنۈشىگە قاراپ.

بىر سائەتتىن كېيىن مەتسىدىق بايىقى ئوقۇغۇچىسىنى يېزا
ماگىنىزىغا ئەكىرىپ، پۇتىغا چۇخەي ۋە پۇتىنى ئورايدىغان بىر
غۇلاچ كەلگۈدەك ماتا ئېلىپ بېرىپ ئۇنى يولغا سالدى.

مەتسىدىق خىزمەتكە چىقىپ بىرىنچى ئايلىقىنى ئالغاندا،
زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىق بولغان دادىسىغا پاختىلىق ئىشتان، ئاپىد-
سىغا كۆڭلەك ـ تامبال ۋە ئىنىسى مەتسېلىمنىڭ پۇتىغا چىراي-
لىق قارا بەتىنكە ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگى-
مۇ، باشقىلارغىمۇ ھېچنېمە ئالمىدى. ئالغان ئايلىق پۇلىنى
ھازىرغىچە بەكمۇ نامرات ئائىلە بالىلىرىنىڭ (ئوقۇغۇچىلارنىڭ)
كىتاب پۇلى تۆلىيەلمىگەنلىرىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، دەپتەر ـ قەلەم
ئالالمىغانلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، قىشلىق كىيىملىرى يوقلىرىغا
ئاياغ، چاپان ئېلىپ بېرىپ، قىسقىسى، نامرات ئائىلە بالىلىرىغا
ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلىپ، تاپقىنىنى شۇلارغا
سەرپ قىلىپ كەلدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇغۇچىد-
لىق چېغىدا ئۆزىگە شەپقەت قولىنى سۇنغان ھېلىقى رېستوراننىڭ
ئايال خوجايىنىنى ئويلاپ قالاتتى: «ئاشۇ ئايال ماڭا ياردەم
قىلىپ ئالىقىنىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن، شەپقىتىنى تازا كۆرگەنىد-
مەن. شۇنداق ئىكەن، مەن كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ بىچارە
بالىلارغا قولۇمدىن قانچىلىك كەلسە شۇنچىلىك ياردەم قىلمىد-
سام، ھېلىقى ئايالدەك شەپقەت ياغدۇرمىسام ئادەملىكىم نەدە
قالىدۇ؟!... مەن باشقىلارنىڭ ياردىمىنىڭ تەمىنى تېتىغانىكەنىد-

مەن ، نۆۋىتىدە ياردەمگە موھتاج بولغانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ قەرزدار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىم ، چۈشىنىشىم كېرەك ، ئەلۋەت-تە ! بولمىسا ئېغىر دەردكە ، ئازابقا قالمامدىمەن . ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىرى — ئۆزىنى ، ھەم ئائىلىسىنىلا ئويلاشتا ئىپادىلىنى-دۇ ، ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى ، مۇنداق ئاجىزلىق مېنىڭ بىسا-تىمدا يوق ! » مەتسىدىق نامرات ئائىلە بالىلىرىغا قولىدىن كېلى-شىچە ياردەم قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن نە خۇشاللىق ، نە ئۆز - ئۆزىدىن رازى بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈن-مەيتتى . چاندۇرمايمەن دېسىمۇ ، بەرىبىر شۇ خىل ھالەت—غەمكىنلىك ، مەيۈسلىنىش ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى بايقاشقا ئايالىلارنىڭ ماھىر كېلىدىغانلىقى راست . ياش مۇئەللىمنىڭ ھېلىلا بايقىغىنى توغرا . مەتسىدىقنىڭ رەڭگىرويىدا ھازىرغىچە قانداقتۇ مەيۈس-لۈك ، خاتىرجەمسىزلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ئۆزى ئىقرار قىلمىغىنى بىلەن ، بۈگۈن ئۇنىڭ غەمكىنلىككە پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ بار : ئاخشام ئۇ رەيھانگۈل-نىڭ چاقىرىشى بىلەن ناھىيىگە كەلگەن ۋە ئۇلار خىلۋەت كوچى-لارنىڭ بىرىدە كۆرۈشكەن . رەيھانگۈل مەتسىدىقنى كۆرۈش بى-لەنلا ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئېتىپ ئىچ - ئىچىدىن ھەسرىتى ئۆرلەپ يىغلاپ كەتكەن . مەتسىدىق نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭ-قىرالماي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان . قىزنىڭ دەرد - ئەلەمدە تولغىنىپ شۈنچىلىك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشى ئەلۋەتتە سەۋەب-سىز ئەمەس ئىدى . رەيھانگۈلنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ، مەتسىدىقنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ - چىقمىغان مۇنداق بىر ئىش بولۇۋاتاتتى :

بۈنىڭدىن بەش كۈن ئىلگىرى بۇ ئائىلىگە ئويلىمىغان يەردىن ئەلچى كىردى . رەيھانگۈلنى سورىتىپ مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق ئىككى كىشىنى ئەلچىلىككە كىرگۈزگەن ئادەم ناھىيە بويىچە

كاتتا بايلارنىڭ بىرى ، ناھىيە ھەم ۋىلايەتتە توپ ۋە پارچە مال ساتىدىغان دۇكانلىرى ، ئىككى ـ ئۈچ قارا ماشىنا ، «سانتانا» ماركىلىق كىچىك قىزىل ماشىنىسى بار ، قول ئاستىدا ئون بەش ـ يىگىرمە ئادەم ئىشلەيدىغان ، ئۆزى قىرىق بەش ـ ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى كېرەم باي ئىدى . ئۇنىڭ ئايالى يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەن ، ئىككى ئوغلى ، ئىككى قىزى بولۇپ ، بالىلىرىنىڭ چوڭى يىگىرمە ئالتە ياشتا ، ئەڭ كىچىكى ئون يەتتە ياشتا ئىدى .

— قىزىم ، — دېدى ئاپىسى رەيھانگۈل ئۆيدە يالغۇز قالغان پەيتتە ، — ساڭا ئەلچى كىردى ، بەختىڭ بار ئىكەن ، بېشىڭغا بەخت قۇشى قوندى ، بالام… كىم ئۇ دېمەمسەن ؟

قىزى دەرھاللا ئېيتتى :

— بىلىمەن ، كىم بىلمەيدۇ ، چوشقىدەك قورساق سالغان ، ئۆيلەنگەن ، ياتلىق بولغان بالىلىرى ، نەۋرىلىرى بار ئۇ نومۇسسىز قېرىنى ! — قىزىنىڭ ئۆزىنى بېسىۋالالماي غەزەپتە ئېيتقان سۆزلىرى ئانىنىڭ خۇشلۇقىغا نەشتەردەك تەگدى …

— ئۇنداق دېمە ، بالام ، بايلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ، ساخاۋەتلىك بىر باينى نومۇسسىز دېسەڭ بولامدۇ ؟

— نومۇسسىز بولماي نېمە ئۇ… ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىنمۇ كىچىك قىزغا كۆزى چۈشكەن ئادەم نومۇسلۇق بولاتتىمۇ… خۇدايىم ئۇنىڭغا ئۇيات ـ نومۇسنى ئاتا قىلماپتىكەن ، بىلىپ قوي ، ئاپا ، جامائەت ئالدىدا ئۆيلىنىش ئېسىل پەزىلەت ، باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى ، ئۇ بالىلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆيلىنىشنى بىلمەيدىكەن ، مۇنداق ئادەمنى نومۇسسىز دېمەي نېمە دەيمىز ؟ !

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما ، — ئاپىسىنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى ، — بىز نېمە كويدا ، سەن نېمە كويدا ، بىز سېنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشۈڭنى ، تۇرمۇشۇڭنىڭ باياشات ئۆتۈشىنى ، بەختىڭنىڭ ئاقىۋەتلىك بولۇشىنى ئويلاۋاتىمىز ، ئوبدان ئويلىنىپ گەپ قىل !

— بىر قېرى بىلەن مېنىڭ كۆنۈم قانداقمۇ بەختلىك بولى-
دۇ ، ئاپا... سىلەر مېنىڭمۇ كۆڭلۈمنى ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىم-
نى ئويلىدىڭلارمۇ ؟... ئۇنىڭ باللىرى مېنى نېمە دەيدۇ ، ئانا
دەمدۇ ، سىڭلىم دەمدۇ ياكى ئۆي خىزمەتچىسى دەمدۇ ؟... مەن
ئۇلارنى نېمە دەيمەن ، بالام دەمدىم ، ئاكا دەمدىم ، ئاچا دەمدىم ؟... خەق
سورىسا ، ئۇ قېرىنى ئېرىم دەمدىم ، دادام دەمدىم ؟...
كېرەم باينىڭ : «مەن سىلەرگە كۈيئوغۇل بولسام !» دەپ
ئەلچى كىرگۈزۈشى بىلەن ئائىلىدە پەيدا بولغان ئېيتقۇسىز زور
خۇشاللىقلا ۋە تۈيۇقسىز كەلگەن تەلەي - ئامەتكە ئويلىمىغان
يەردىن دەز كېتىپ باراتتى . ئۇلار : «قىزىنى مۇنداق تېپىرلاي-
دۇ ، قارشىلىق قىلىدۇ ، دەپ ئويلىمىغان ، ‹ھېچكىمگە نېسىپ
بولمىغان ئامەت ماڭا نېسىپ بوپتۇ › دەپ خۇش بولىدۇ ، دوپپى-
سىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ » دېيىشكەن . قېنى ، خۇش بولغىنى ؟
دۇرۇس ، ئۇلار قىزىنىڭ مۇنداق چوڭ ياشلىق ئادەمگە ماس
كەلمەيدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا جورا بولسا پەرقىنىڭ بەكمۇ چوڭ-
ىيىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ، بۇنى ئويلىغان . لېكىن
دۆلەت - بايلىق قالتىس يامان نەرسىكەن ، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى
ئادەمنى تۈز يولدىن ئازدۇرىدىكەن ، توغرا نىيەتتىن ۋاز كەچتۈرى-
دىكەن ، تۈيۈق يولغا قەدەم باستۇرىدىكەن ، مانا مۇشۇنىڭكىدەك
بالىۋاقىسىنى ئويلىمىغان ، ھەتتا يىرگىنىدىغان ئادەمگە باش ئې-
گىشكە مەجبۇرلايدىكەن ، تېخى ھەتتا ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپ-
لەرنى ئېغىزدىن چىقارغۇزۇۋېتىدىكەن .
— ساڭا بىر گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي ، خۇدايىم قىزلارنى
نېمىشقا ياراتقان بىلەمسەن ؟— ئۇ تېرىكىپ ئولتۇرغان قىزىغا
سىنچىلاپ قارىدى . قىزى بېشىنى بۇراپ نەلەرگىدۇ تىكىلىپ
ئولتۇراتتى ،— بىلىپ قوي ،— دېدى ئۇ تېخى دېيىلمىگەن سۆزى-
دىن قانائەت ھاسىل قىلغان قىياپەتتە ،— ئەرلەرگە خوتۇن بو-
لۇشقا ياراتقان . ياش بولامدۇ ، ياشانغان بولامدۇ ؟ ھەممىسى ئوخ-

شاش، قىز بالا بەربىر شۇلارنىڭ بىرىگە تېگىدۇ، ياش بولسىمۇ، ياشانغان بولسىمۇ ئۇنىڭ نېمە پەرقى، ھەممىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، نېنىنى ياقىدۇ، كىرىنى يۇيىدۇ، بالىسىنى باقىدۇ... باي ئادەمگە تەگسەڭ، جاپانى ئازراق تارتىسەن، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى قانغۇچە كۆرىسەن، ئۇچما سارايلاردا ئولتۇرۇپ خېنىملاردەك تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى سۈرىسەن. نېمانداق بىزنىڭ ئويلىرىمىزنىڭ تېگىگە يەتمەيدىغانسەن، قايسى ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى ئويلىمايدۇ - ھە! بىز سېنى ياخشى كۈنگە، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بولسۇن، دەپ قىزىقىۋاتىمىزغۇ، ھەي، ئەتىسىنى ئويلىيالمايدىغان ئەخمەق!

رەيھانگۈلنىڭ — ئاپىسىنىڭ دېگەن گەپلىرىدىن يىرگىنىپ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى، ئالايغان كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچرىدى. ئۇ نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر مېنىڭ بەختىمنى ئويلاۋاتقىنىڭلار يوق، مەنپەئەت - نەپكە ئېرىشىشنىڭ كويىدا مېنى قۇربانلىق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىلەر، دادامدەك ئادەمگە تېگىپ مەن قانداقمۇ بەختلىك بولالايمەن، سىلەر مېنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىم، خاھىشىم، تەلىپىم، ياشلىقىم تەلەپ قىلغان ئىستەكلىرىمنى خازان قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر، مېنى دوزاخقا ئىتتىرىۋاتىسىلەر... سەن قىزلارنى ئەرلەرگە خوتۇن بولۇشقا ياراتقان دەيسىنا، سەنمۇ بىلىپ قوي، ئاپا! خۇدايىم ئوغۇللارنى ئاتا بولۇشقا، قىزلارنى ئانا بولۇشقا ياراتقان! ئەرنىڭ قانداق كۆڭلى بولسا، ئاياللارنىڭمۇ شۇنداق كۆڭلى بار، ئەرنىڭ كۆڭلى ھېسابقا ئېلىنىپ، قىزلارنىڭ كۆڭلى ھېسابقا ئېلىنمامدىكەن، بۇ دۇنيادا قىزلارنىڭ رولى يوقمىكەن؟... سەن قىزلارنى ئۇنچىلىك كەمسىتىپ كەتمە، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا قىز ئىدىڭ، ھازىر ئانا بولدۇڭ. سېنىڭ خوتۇن بولۇشتىن باشقا ئەمگىكىڭ، ئاققۇزغان قان - تەرىڭ يوقما، سەن

بىزنى تۇغۇپ ، ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىمىدىڭما ، ياخشى ـ ياماننى ، ئادەم بولۇشنى ئۆگەتمىدىڭما ؟... بۇگۈنكى قىزلار — ئەتە ـ ئۆگۈنكى ئانا . ئانىلار بولمىسا مۇشۇ جەمئىيەت ، مۇشۇ ناھىيە ، ۋىلايەت ، بولاتتىمۇ ؟ ! ئانا پۈتۈن ھاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلغۇچى ئەمەسمۇ ، دۇنيانى يارانقۇچى ئەمەسمۇ !... — ئۆز سۆزىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ كەتكەن رەيھانگۈل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، سەل توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەن نېمە دېسە خوپ دەيدىغان ، قاياققا ھەيدىسا ماڭىدىغان ھايۋان ئەمەس . مەن ئۆز كۈنۈمنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىۋاتقان ، ئۆز تۇرمۇشۇمنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئاڭلىق ئادەممەن ! سىلەر مېنى خۇددى ئاتا ـ ئانائىلار سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلغاندەك بېقىپ چوڭ قىلىپ ۋەزىپەڭلارنى تۈگەتتىڭلار ، ئەمدى تۇرمۇشۇمنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۆزۈمنىڭ قولىدا . ئۆزۈم ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇشقا ئۆزۈم ئىگە ، ھېچكىم ماڭا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ .

ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ گېپى خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى . لېكىن قىزىنىڭ غەزەپلىنىپ ، ھاياجانلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئانىغا تەسىر قىلغاندەك ئەمەس .

ئۇ قىزىنى كېرەم بايغا ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرەلمىدى ، كۆندۈرەلمىسىمۇ نىيىتىدىن يانمىدى ، دەممۇدەم قارشىلىققا ئۇچراپ تۇرسىمۇ سۆزىدىن توختاپ قالمىدى . تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتنىڭ قەدرىنى قىلىشقا ، پەيتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىققا دالالەت قىلىش بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى . ئاپىسىنىڭ گەپلىرىدىن ، چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىزار بولغان رەيھانگۈل قاتتىق گەپ قىلىپ دۇمباقنى يېرىۋېتىشنىڭ ، ئۆزىدىن كۈتۈۋاتقان ئۇمىدنى يوققا چىقىرىۋېتىشنىڭ ۋە ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدى :

— بىر گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي ، ئاپا ، سىلەر مېنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشۇمغا ئارىلىشىۋەرمەڭلار ، ئەگەر يەنە ئارىلىشىد-

ۋېرىدىغان بولساڭلار مېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر .
ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، بېشىنى قېقىپ ئۆيدىن يۇگۇرگەنـ
ـدەك ئىتتىك چىقىپ كەتتى . ئانا سۇلتىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى
ۋە چىرايى تاتىرىپ كەتتى . بىرهازادىن كېيىن قانسىز لەۋلىرى
سۇس پىچىرلىدى : «بۇنىڭغا مەن گەپ يىگۇزەلمىگۇدەكمەن ...
ئەمدى هەدىسى سۆزلەشمىسە بولمىغۇدەك... ئۇ يىغلاپ چىقىپ
كەتتى ، نەگە بارىدىغاندۇ ، بېشى قايغان تەرەپلەرگە كېتىپ قالارـ
مۇ ؟... ياق ، شۇ دۇكىنىغا بارار . »
رەيهانگۇل شۇ چىققانچە ئۆكسۇگەن دىلىغا ئارام ئىزدەپ
بازار ئارىلىدى ۋە ئالىدىغان نەرسىسى بولمىسىمۇ ، ئۇچرىغان
دۇكان ـ ماگىزىنلارغا كىرىۋەردى . ماگىزىنلاردىكى توپ ـ توپ
گەزلىملەر ، چىرايلىق ، پارقىراق ، هەر خىل ، هەر رەڭدىكى
ماللار ئۇنىڭغا قانداقتۇ سەت ۋە كۆرۈمسىز سېزىلىشكە باشلىدى .
كوچىغا چىقىپ قاياق ئۇدۇل كەلسە ، شۇ ياققا ماڭدى . ئۇ هەر
كۇنى كوچىغا چىققاندا ئۇچرىغان جۇل ـ جۇل كىيىملىك ، مېـ
يىپ قەلەندەرلەرگە ئون ـ يىگىرمە تىيىن بېرىدىغان . بۇگۇن
ئۇچرىغان قەلەندەرلەرگە پۇلمۇ بەرمىدى ۋە ئاچچىقىدا پىچىرلىـ
ـدى : «قېنى ، ئۇلارنىڭ تىلىگەنلىرى ؟ ‹بەختلىك بولۇڭ ، قىـ
ـزىم ، مۇراد ـ مەقسىتىڭىزگە يېتىڭ › ، دەيتتى . بەرگەن سەدىقەمـ
ـنىڭ ساۋابى قېنى ؟ مۇرات ـ مەقسىتىمگە يېتىشىمگە هېلىتىنلا
توسالغۇلار پەيدا بولۇۋاتىدىغۇ ، سەدىقەمنىڭ قىلچە ياردىمى بولمىـ
ـدىغۇ... مەن ئەخمەق شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىپ يۇرۇپتىمەن » .
كەيپى ئۇچقان رەيهانگۇل ئارىلاپ يۇرۇپ كېرەم باينىڭ كاتتا
ماگىزىنىغا كىرىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمـ
ـدەك خاتا ئاياغ باسقانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنىڭدىن شۇنداق تېز چىـ
ـقىپ كەتتى : «جۇۋاينىمەكنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ قالغانلىقىمنى
قارىمامدىغان ، هېلىمۇ ياخشى ئۇ چوشقا يوقكەن ، بولمىسا خۇشاـ
ـمەت قىلىپ ، سەت هىجىيىپ كەيپىمنى تېخىمۇ ئۇچۇراتتى ، ئاه

خۇدا ، نېمە قىسمەتلەردۇ بۇ ؟ ‹دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا . سايدا تۈگمەنلەر يۈرىدۇ كۆزدىن ئاققان يېشىغا ›
دېگەنلەر ئەجەب توغرا دەپتىكەن… بېشىمىغا ، كېلىۋاتىقان بۇ دەرد ـ ئەلەملەرنى مەتسىدىققا ئېيتىشىم كېرەك . ئەگەر ئۇ ناھىيىدە بولغان بولسا ، ئۇنىڭغا بۇگۈنلا ھەممە دەردلىرىمنى تۆكەتتىم . شەنبە كۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ . دەيمەن ، ھەممىنى دەيمەن ، ئۇ مۇناپىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىشىمىز كېرەك ، مەتسىدىق قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى چوقۇم تاپىدۇ ، ئەڭ مۇۋاپىق يول كۆرسىتەلەيدۇ » .

لېكىن ، ئەتىسىلا ئۆيدە رەيھانگۈلنىڭ توي قىلىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئالتە يىل بولغان ھەدىسى پەيدا بولدى ۋە چىرايى سارغىيىپ ، بېشى ساڭگىلاپ ، ئۇنىسىز بولۇپ كەتكەن سىڭلىسى بىلەن سۆزلەشتى . ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يەردىن چىقمىغان نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بولۇنۇپ ، ئۇلار ئۇزاق ئولتۇرۇشتى . ئېيتىلغان گەپ ـ سۆزلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسىمۇ ، رەيھانگۈل يەنىلا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە يېقىنمۇ كەلمىدى ، قاياقتىن گەپ قىلسا ، شۇ ياقتىن توراپ تۇردى . بىراق ، ھەدىسى قارشىلىق شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى .

— ئۇنداق قىلما ، سىڭلىم ، بىزنىڭمۇ گېپىمىزنى ئاڭلاپ قوي ، ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ھەرگىز يامان يولغا باشلىمايدۇ ، ساڭا ياخشى بولسۇن دەيدۇ ، بېشىڭغا دۆلەت قۇشى قونۇۋاتسا ئۇنى ئۈچۈرۈۋېتەمسەن ، ئەخمەق ! ئويلاپ باققىنە ، قورسىقىنى تۇزۇك باقالمايۋاتقان ئائىلىگە چۈشسەڭ ھەممە دەردنى ئۆزۈڭ تارتىسەن ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا قالىسەن ، بېشىڭنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتىدۇ ، ئاخىر پۇشايماندا قالىسەن ، ھەتتا جاندىن كەچكۈڭ كېلىدۇ ، شۇ چاغدا يەنە ئاتا ـ ئانا كېرەك بولىدۇ ، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ ۋە گەپنى ئوچۇق قىلىپ ، — كېرەم باي ياخشى

گەپ قىپتىغۇ، ساڭا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدىكەن، بالىلىرى بىلەن بىللە تۇرمايدىكەنسەن، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گەپ بولامدۇ؟!

— نېمانداق گېپىمنى چۈشەنمەيدىغانسىلەر، ئۇ قېرىغا تەگمەيمەن، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار دەۋاتىمەن.

— تازا قىران مەزگىلىگە كەلگەن ئادەمنى قېرى دەپ يۈرىسەنغۇ... ھە، ماقۇل، قېرى بولسا نېمە بوپتۇ، ساڭا نېمە زىيىنى بار؟ قىزىل پىكاپىغا چۈشۈپ، ئويۇنىڭنى ئويناپ، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ، بايلىقىنىڭ قەنتىنى چېقىپ يۈرۈۋەرمەمسەن.

— مېنىڭ جېنىمغا پېتىۋاتقىنىمۇ قىزىل پىكاپ، سىلەرنى قىزىقتۇرۇۋاتقىنىمۇ ئاشۇ قىزىل پىكاپ! ھەي، جېنىم ھەدە، سىلەر ئۇنى ھار ئالمىساڭلار، مەن ھار ئالىمەن.

— سېنىڭ رايىڭغا ماقۇلمۇ دەيلى، ئۇ يالاڭ تۆشكە تەگسەڭ، بىر ئائىلە دېگەندە ياخشى - يامان ئىشلارمۇ، ئۇرۇش-جېدەلمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئاتا - ئاناڭدىن كەچسەڭ، شۇنداق ئىشلار بولۇپ قالسا، كىمنىڭ ئالدىغا يىغلاپ بارىسەن. ئاتا - ئاناڭ كېرەك بولمامدۇ، بېشىڭنى سىلاپ يېشىڭنى ئېرتىدىغان، ساڭا قۇچاق ئاچىدىغان ئادەم كېرەك بولمامدۇ!... ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ تازا چوڭقۇر ئويلاپ باق، ئاتا - ئانىدىن كەچكەن قايسىبىر ئادەم ياخشى كۈنگە قالغان!

— شۇنچىلىك قىزىقىپ كېتىۋاتقان بولساڭ، ئۆزۈڭ تېگىپ راھىتىنى كۆرۈۋال! — رەيھانگۈل غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاستىنقى قاتلىرىدىكى گەپلەر ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، — مەن مەتسىدىققا ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن، ۋاپاسىزلىق - ھاياسىزلىق ھەم ۋىجدانسىزلىق بىساتىمدىن تېپىلمايدۇ! ۋىجدانىمنى ھېچقاچان بۇلغىمايمەن. ئۇنىڭغا تېگىپ جاپا تارتسامۇ، ئۇنى راھەت دەپ بىلىمەن. سەن شۇنى بىلىپ قوي، ھەدە، مۇبادا قېرىدىن تاياق يېسەم، شۇ يەر ساقاي-

ماس يارا بولىدۇ ، يولى كېلىپ قېلىپ مەتىسەدىقتىن تاياق يېسەم شۇ يەردىن گۈل ئۈنىدۇ . نېمىشقا دەمسەن؟ چۈنكى ، ئۇ ئۆز دېمەتلىكىم ، ئۆز خىلىم ، سۆيگەن ئادىمىم !

رەيھانگۈل تۇرۇلۇپ كەلگەن غەزەپ ــ نەپرىتىنى ، يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان سۆزلەرنى دەپ بولدى ــ دە ، بىر «ئۇھ» تارتىپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىندى . ئارىنى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى . ھەدىسى ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك سۈلتىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . «ئۆزۈڭ تېگىپ راھىتىنى كۆرۈۋال» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ ، ئۆيلەر يۇقىرى ــ تۆۋەن بولۇۋاتسىمۇ ، لېكىن ئۇ سىڭلىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈش ۋەجىدىن باشقا گەپ قىلماي ، «شۈككىدە» ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى . رەيھانگۈل مېڭىش ئالدىدا يەنە مۇنۇنى قوشۇپ قويدى :

— ئاپام سېنى بىلىپ ماڭا سالغانىكەن ، سۆزلەپ بولغانسەن ، سېنىڭمۇ ۋەزىپەڭ تۈگىدى ، ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ سىڭگەن نېنىڭنى يە . ئەمدى سەن تۇرماق ھاكىم ، ۋالىيلارنى ئىشقا سالسىمۇ ، ماڭا گەپ يېگۈزەلمەيدۇ . خوش ھەدە ، يولۇمنى تورىما ، مەن دۇكانغا كەتتىم .

مانا شۇ ئىشلاردىن كېيىن رەيھانگۈل شەنبىنى كۈتمەي ئالدىراپ مەتىسەدىقنى چاقىرتقانىدى . ئۇ ئائىلىسىدە بىرنەچچە كۈندىن بېرى بولۇنغان گەپ ــ سۆزلەرنى ، ئويلاپمۇ باقمىغان ئۆزگىرىشلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ ئالدىرىماي تولۇق دەپ چىقتى . «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ــ يادى جاۋاب تېپىشتا ئىدى .

مەتىسەدىقنىڭ بەزلىشى ، تەسەللى بېرىشى بىلەن رەيھانگۈل يىغىدىن توختاپ ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى ، ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭشىدى . مەتىسەدىق ئۇنىڭ بىلىگە قول ئۇزاتتى . ئۇلار شۇ ھالدا ئاستا قەدەم بېسىپ خېلى ئۇزاق ماڭدى . تۇيۇقسىز قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتكەچكە ، كېچە بەك قاراڭغۇ ئىدى .

ئاچچىق شامال ئۇشقىرتىپ كەلمەكتە ۋە يۈزلەرگە يىڭنىدەك سانجىلماقتا . لېكىن ئۇلار بۇنى سەزمەيتتى . ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئۆزلىرىنى قاتتىق چىرمىۋالغان قىيىن سوئالغا جاۋاب تېپىش بىلەن بەند ئىدى . قايغۇلۇق كۆڭۈلدىن سۆز چىقـمىقى ئاسان ئەمەس ، ئادەم غەم - قايغۇغا قانچىلىك چوڭقۇر پاتسا ئازابلىرى جىمجىتلىققا شۇنچىلىك چوڭقۇر چۆكۈپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەكنى يەپ كېتىۋاتقان قايغۇنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ يامان بولىدۇ . شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۈمىد ، كەلگۈسى توغرۇلۇق سۆز قىلىش مۇمكىنمۇ !

ئۇلار ئېغىر جىمجىتلىق ئىچىدە قەدەملىرىنى ھارغىنلىق بىلەن بېسىپ قانچىلىك ماڭغانلىقىنى ، قايسى كوچىلارغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئاخىر رەيھانگۈل ئېغىز ئاچتى :

— گەپ قىلمايسىزغۇ ، قانداق قىلىمىز ؟

— مەنمۇ قانداق قىلىمىز دېگەن بۇ قىيىن ئىشنى ئويلاۋاتىمەن ، ئۆزىمىزمۇ رازى بولىدىغان ، ئاتا - ئانىمىزمۇ رازى بولىدىغان بىر ئامال تاپساق بولاتتى .

— ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن ئادەم مەن ، ئۆزىمىز رازى بولىدىغان ئىشتىن مېنىڭ ئاتا - ئانام ھەرگىز رازى بولمايدۇ . بالا - قازا ، تەتۈر قىسمەت ماڭا شۇنداق شىددەتلىك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇكى ، چوڭلار كېلىشىپ : «توينى بىر ھەپتە ئىچىدە قىلىۋېتىمىز » دېيىشىپتۇدەك .

— نېمانچىلا ئالدىرايدىغاندۇ ، سىزنىڭ رايىڭىزغا ھەرگىزمۇ قارىمامدىكەن ؟

— قارىسا ئىككى ئوتتۇرىدا شۇنچىلىك گەپ - سۆز ، جېدەللەر بولاتتىمۇ .

— ئاتا - ئانىڭىز نېمانچىلا جىددىيلىشىپ كەتكەندۇ...

— قىزىقكەنسىز ، جاۋابنى كېچىكتۈرۈۋەتسەك پەيتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز دەپ ئويلاۋاتىدۇ - دە ! مال - دۇنيا پۈتۈن

ئائىلىنى مەزگىلدىن بۇرۇن ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتىدۇ .
— پەيتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز دېگىنى نېمىسى ؟
— ھەي ، مەتسىدىق ، ئويلاپ باقمامسىز ، ئۇ باي ، پۇللۇق ئادەم ، دېگەن ۋاقىتتا ماقۇل دېمىسەك ئۇ ئۆزگىرىپ باشقا قىز-لارغا ئەلچى كىرگۈزىدۇ ، دەپ ئەنسىرەۋاتقان گەپ .
— ئۇ ئۆزگىرىپ كەتسە ياخشى ئەمەسمۇ ؟
— بىزگىمۇ ياخشى بولاتتى ، كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىش بولات-تى ، بىراق ئاتا - ئانامنىڭ نىيىتىنىڭ ئەسكىلىكىنى قارىمام-سىز ، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكۈچە توينى قىلىۋالايلى ، دەپ ئۇ قېرى-دىن بۇرۇن ئالدىراۋاتىدۇ - دە ! ھازىر ئۆيدىكىلەر باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ توينىڭ ھەلەكچىلىكىدە . كاتتا باي بىزنىڭ كۈيئوغلىمىز بولىدىغان بولدى ، دەپ بېشى ئايلىنىپ ئادەم قېلىپى-دىن چىقىپ كەتتى .
ھەر خىل گادىرماچ ئوي - خىياللاردىن كېيىن مەتسىدىق ئەقىل تېپىپ مۇنداق دەپ ئېغىز ئاچتى :
— قىزىل قەغەز ئالىدىغان چاغدا سىز كادىرلارغا : «مەن قوشۇلمىسامۇ ئاتا - ئانام ماڭا بېسىم ئىشلىتىپ زورلۇق قىلى-ۋاتىدۇ ، دادامدەك ئادەمگە ھەرگىز تەگمەيمەن ، مېنىڭ ئۆز يىگى-تىم بار» دەڭ . كادىرلار چوقۇم سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ ھەم سىزنى قوللايدۇ ، ئۆز ئىختىيارلىقى بولمىغان ئادەمگە قى-زىل قەغەز كەسمەيدۇ ، بۇلارنى بىلىدىغانسىز ، بۇ نىكاھ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ .
— ھەي ، مەتسىدىق ، سىز ساددا ئىكەنسىز ، مەن ھەممە ئىشلارنى ئويلىدىم ، ئاڭلىمىغان ئوخشايسىز ، ھازىر رايونلارغا بارمايلا نىكاھ قەغىزى ئالىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن ، نېرىقى مەھەللىدىكى ھاجىنىسا دېگەن قىزنى قېرى ئادەمگە بەرمەك بول-غاندا ، ئۇ قىز : «مەن دادامدەك ئادەمگە ئۆلسەممۇ تەگمەي-مەن !» دەپ تۇرۇۋالغاندا ، پۇل بىلەن ئۇلار ئۇ يەرگە بارماي

تۇرۇپمۇ قىزىل قەغەز كەستۇرۇپ بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ھاجىنىدـ
سانىڭ تويى ئۆز ئىختىيارلىقىسىز مەجبۇري بولدى . «بۇ كېرەم
باي دېگەن چوشقىنى شۇنداق قىلمايدۇ» دەمسىز ، ئۇ تېخىمۇ
پۇللۇق تۇرسا . ھازىر ھۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ پۇللۇق ئادەملەرگە
ئىگىلىدىغان بولۇپ قالدى .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— قانداق قىلاتتۇق ، قاچىمىز .

— قاچىمىز ؟

— شۇنداق ، قاچىمىز . سىلەرنىڭ بۇ يەردىن يىراقراق يەرـ
لەردە بىرەر تۇغقىنىڭلار باردۇ ؟ شۇ يەرگە بېرىپ ئىككى ـ ئۈچ
كۈن تۇرۇۋالساق ئىش تۈگەيدۇ ، بىزنى ھېچكىممۇ ئىزدىمەيدىغان
بولىدۇ .

مەتسىدىق ئۈچۈن ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر گەپ ئېيتىلغانىدـ
ىدى . ئۇ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك جىمىپ كەتتى ۋە
كۆز ئالدىغا نۇرغۇن ئىشلار چىگىشلىنىپ كەلدى : ئەڭ دەسلەپ
مەكتىپى كەلدى . ئۇ بىر سىنىپنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى ئىدى .
مەكتەپكە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئەمەس ، بىر سائەت بارمىسا بولـ
مايتتى . يامان يېرى ، ئاپىسى قاتتىق ئاغرىق ئىدى . ئۇنى بىرـ
نەچچە كۈن تاشلاپ قويغىلى تېخىمۇ بولمايتتى . ئەتىگىنى مەكتەپـ
كە ماڭسا ، كەچتە ئۆيگە كەلگۈچە ئالدىراپ كېتەتتى ، «ئاپام نېمە
بولغاندۇ ؟ » دەپ ئەنسىرەيتتى . ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان
بىردىنبىر ئادەم مەتسىدىق ئىدى . مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇنى بىرنەچچە
كۈن تاشلاپ قويۇپ خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ ؟… بالا ئەمەسمۇ ،
ئانا ئالدىدا بالىلىق قەرزىگە بوغۇلغان پەرزەنت ئەمەسمۇ ، مۇبادا
ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، يۇرت ئالدىدا قانداق باش
كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدۇ ؟ بۇ ئىشقا يېنىكلىك قىلغىلى
بولمايدۇ ـ دە ! ئەگەر قاچسا ، ياق دېسە ، رەيھانگۈل قانداق
ئويلاپ قالىدۇ ھەم ئۇ قانداق قىلىدۇ ؟ «ئوغۇل بالىمەن ، دەپ

بېلىگىنى باغلاپ يۈرگىنىڭ قېنى ، سەن مۇشۇنداق جۈرئەتسىز ، قورقۇنچاق يىگىتمىدىڭ دېمەسمۇ ؟ »… ئۇياققا تارتسا ئات ئۆلىدىغان ، بۇياققا تارتسا هارۋا سۇنىدىغان ئىش بولۇۋاتىدۇ ـ دە . مەتسىدىقنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ قاتتى ، تېشىمۇ قاتتى . ئۇ ئۆمرىدە مۇنچىلىك قىينالمىغانىدى . بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمدەك ئۆزىنى بىلمىگەن هالدا قەدىمىنى بىر ئۇياققا ، بىر بۇياققا ئالاتتى ، يۈرىكىمۇ تىنىمسىز پۇلاڭلاپ ، ئاغزىمۇ گەپكە كەلمەي پۇتۇن ۋۇجۇدى خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىۋاقتا ئىدى .

— گەپ قىلمايسىزغۇ ، نېمانداق پۇلاڭلايسىز ، قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ نېمە ؟— رەيھانگۇل ئۇنىڭغا يېنىچە تىكىلىپ قارىدى .

— ياق ، قورقۇپ كەتمىدىم ، ئويلىنىۋاتىمەن…

— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ، ئەمدى نېمىنى ئويلايسىز ، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ، جۇمۇڭ !

— ماڭا قاراڭ ،— دېدى مەتسىدىق مېڭىشتىن توختاپ ،— سىز دېگەندەك قاچساقمۇ بولاتتى ، بىراق سىز ياخشى بىلىسىز ، مەن ناهايىتى تەسلىكتە خىزمەتكە كىردىم ، بىرنەچچە كۈن يوقاپ كەتسەم مېنى ئىشتىن چىقىرىۋېتىدۇ ، بۇنىمۇ مەيلى دەيلى ، يامان يېرى ، ئاپام هازىر قاتتىق ئاغرىق ، كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنى شۇ هالدا قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلەيمەن ؟ مەن بالا ئىكەنمەن ، بۇنى ئويلىمىسام بولامدۇ ، تۇيۇقسىزلا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا يۈرىكىمدە ساقايماس داغ قالامدۇ… ئەمما مەن شۇنىمۇ ئويلاۋاتىمەن ، بىز پەيتنى قولدىن بېرىپ قويساق ئىش تۈگەيدۇ ، چىقالماس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىمىز ، هەر ئىككىمىزنىڭ يۈرىكىگە يارا چۈشىدۇ .

— راست ئېيتىسىز ، ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ — رەيھانگۇل تاقەتسىزلەندى ،— قانداق چارە تاپسىڭىز ، ئۇ چارىڭىز بىزنى قۇتۇلدۇرسىلا بولدى .

— مۇنداق قىلايلى ،— دېدى مەتسىدىق بىرئاز جاز-

لىنىپ ، — سىز توي بولىدىغان كۈنى ئۇ تەييارلىقىم پۈتمىدى ، بۇ تەييارلىقىم پۈتمىدى ، دەپ بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈڭ ، شۇنداق قىلسىڭىز ئارىدا ئون - ئون بەش كۈن ئۆتىدۇ ، مەن شۇنىڭغىچە ئاپامنى يېزا دوختۇرخانىسىدىن ناھىيىلىك توختۇرخانىغا ئەكېلىپ كۆرسىتىمەن . بالىنىستىتا ياتسۇن دېسە ياتقۇزاي ، بولمىسا دورا - ئوكۇللارنى ئېلىپ ياندۇرۇپ چىقاي ، چوڭ دوختۇرلار كۆرگەندىكىن ، كىچىككىنە ياخشىلىنىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن . شۇ چاغدا بىزدە ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەملىك تۇغۇلىدۇ . شۇ چاغدا دەرھال يېنىڭىزغا كېلىمەن ، «ئالاتوغراق» يېزىسىدا ئانامنىڭ تاغىسى بار ، شۇ يەرگە قېچىپ چىقايلى ، ئىككى - ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋالساق ، ھېلى سىز ئېيتتىڭىزغۇ ، بىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولمايدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى شۇ ۋاقتىدا كۆرمەمدۇق . مەكتەپ مېنى سەۋەبسىز ھېسابلىسا ھېسابلار ، قانداق دەيسىز ، ئويلىرىم بولامدىكەن ؟

— بولىدۇ ، شۇنداق قىلايلى ، جاھان مۇنچىلىك تار ئەمەستۇ ؟ بىزنى قوينىغا ئالغۇدەك يەر ، جېنىمىزنى جان ئەتكۈدەك ئىش چىقىپمۇ قالار ، مۇرادىمىزغا يەتسەكلا قالغان ئىشلار چاغلىق .

## 12

بۇگۈن چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يىغىن ئېچىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى . مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى يىغىنغا ھەممە ئادەمنىڭ قاتنىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ، پەقەت قاتتىق ئاغرىق بولۇپ ئورنىدىن قوپالمايدىغانلاردىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ سۆزسىز ئىشتىراك قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى . تۇنۇگۈن مائارىپ ئىدارىسى مۇدىرلارغا جىددىي يىغىن ئاچقان ، كۆپچىلىك يىغىندىن خەۋەردار بولسىمۇ ،

يىغىنىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىدى . چوڭ سىنىپقا يىغىلغان
بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلەر تېخى ئاڭلىتىلمىغان يىغىن-
نىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرى ، پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ قىزىق گەپكە چۈشكەندى . ئۇلار قىزىق گەپكە چۈشكەن
بولسىمۇ ، لېكىن چىرايلىرىدا قانداقتۇ بىلىپ بولماس غەمكىن-
لىك ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئالاقزادىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .
— يېزا مائارىپىنىڭ ساپاسىنى تەكشۈرۈپ ،— دېدى روزىها-
جى ئىسىملىك پاكار بويلۇق ، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر
ئوقۇتقۇچى ، — ئاپتونوم رايوندىن خىزمەت ئۆمىكى كەپتۇ ، دەپ
ئاڭلايمەن . شۇلار ئەتە بىزنىڭ مەكتەپكە چىقىشى مۇمكىن . مې-
نىڭچە مۇدىر شۇ ئىشنى ئۇقتۇرىدۇ ، بەلكى ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ
بولار .
— ئۇنداق بولسا چوقۇم دەرس ئاڭلايدۇ ،— دېدى ياش
مۇئەللىمە ، — ئەتىدىن باشلاپ سىنىپقا ئەتراپلىق ، پۇختا تەييار-
لىق قىلىپ كىرسەك بولغۇدەك . دەرس ئۆتەلمىدى ، دەپ بېشى-
مىزغا بالا كەلمىسۇن يەنە .
— دەرس ئاڭلىسا چوقۇم باھالاش ئېلىپ بارىدۇ ،— دېدى
يەنە بىر ئوقۇتقۇچى ،— قايسىمىز قانداق باھالىنىمىز ، كىم
بىلىدۇ ...
— باھالاش ئېلىپ بارسا ئاقىۋىتى قانداق بولار ؟ «لايا-
قەتلىك ـ لاياقەتسىز » دەپ ئايرىيدىغان گەپتە ، ئالدىمىزدا خېلى
ئىشلار بولىدىغان ئوخشايدۇ ـ دە ، بۇلارنىڭ جىددىيلىشىپ كې-
تىشىدە بىر گەپ بار جۇمۇڭلار...
— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئۇرۇمچىدە
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى خېلىلا ئوبدان ئۆستۈرۈپتۇ دەيدۇ ، بۇ
ئىش بىزنىڭ ناھىيىگە ئەمدى يېتىپ كەلدىمىكىن . بۇ يەرگە
خەۋەر ئۆلەرمەن كالا ھارۋىسىدا كېلىدۇ ئەمەسمۇ .
— ئۇنداق بولسا ،— يەنە بىر ئوقۇتقۇچى خۇشلۇقىدىن ئال-

دىراپ سۆز قاتتى ،— بۈگۈنكى يىغىندىن بىر خۇش خەۋەر ئاڭلاي-دىكەنمىز - دە ! بۈگۈن ئۇلۇغ يېنىمىزنى بېسىپ تۇرغان ئوخشاي-مىز .

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چىرايلىرىدا بىردىنلا خۇشاللىق ئۇچقۇنلىدى ، تەبەسسۇم يانغان كۆزلەر بىر - بىرىگە تىكىلدى ، جىلۋىلەندى .

— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭلار ،— دېدى ئالدىدا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچى كەينىگە قايرىلىپ ،— قۇلاققا خۇشياقىدىغان گەپ يالغان بولىدۇ ، قېنى ، قايسى ھەق گەپ راست بولغان ؟ !

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گەپلىرى راسا داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە يىغىن سورۇنىغا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئىلمىي مۇدىر كىرىپ كەلدى . گەپ - سۆزلەر «چىپپىدە» توختاپ ، سوغۇق دەستىدىن يەرگە ئۆرۈلۈۋاتقان پۇتلار جىمىپ ، ھەممىسى ئۆلارغا ، بولۇپمۇ يىغىندىن قايتىپ كەلگەن مۇدىرغا قارىدى . سۈرلۈك جىمجىتلىق باشلاندى . كۆپچىلىك مۇدىرنىڭ ئېغىزىدىن جاننى سۆيۈندۈرىدىغان ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان خەۋەرلەرنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتمەكتە ، كۆزلەرمۇ ئۇنىڭغا ئۈمىدلىنىپ تىكىلمەكتە ئىدى .

مۇدىرنىڭ ئېغىزىدىن قانداق گەپ چىقار ؟ راستتىنلا قۇلاققا خۇشياقىدىغان گەپ چىقارمۇ ياكى ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان گەپ چىقارمۇ ؟…

ھەممىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۆرۈپ كەتتى ، يانغان كۆز-لەردىن نە شادلىقنى ، نە خاپىلىقنى بىلگىلى بولمايتتى .

— يولداشلار !— دېدى پاكىنەك ، يۈزى گۆشلۈك ، قاپىقى دائىم تۈرۈلۈپ تۇرىدىغان مۇدىر سۈرلۈك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ،— تۈنۈگۈن ئا جۇيجاڭ مائارىپ ئىدارىسىدا يىغىن ئېچىپ ھاكىمنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزدى . ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق : مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنى تۈزەش - كۆركەملەشتۈ-

رۇش، يوللارنى كەڭرى ئېلىش — راۋانلاشتۇرۇش، مۇھىتنى ياخشىلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلگىنىگە ئىككى - ئۈچ يىل بوپتۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن شەھەر - ناھىيىلەر قوزغىلىپ، ھەرىكەت قىلىپ ئۆز تەۋەسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، يېپيېڭى قىياپەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بوپتۇ. ئەمما بىزنىڭ ناھىيىگە ئوخشاش ئاز بىر قىسىم شەھەر - ناھىيىلەر تېخىچە تەۋرەنمەي، كونا قىياپىتى بويىچە تۇرۇپتۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بىزنى ئايىماي تەنقىد قىلىپ، ناھىيىمىز رەھبەرلىرىنى قاتتىق خىجىللىقتا قويۇپتۇ. شۇڭا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ناھىيىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىپتۇ. دەسلەپكى قەدەمدە ناھىيىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈش مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدىكەن: بىرىنچىدىن، ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان كەڭلىكى ئالتە مېتىرلىق، ئۇزۇنلۇقى سەككىز يۈز مېتىرلىق ئاسفالتلىق يول بۇزۇپ تاشلىنىپ، يېڭىدىن كەڭلىكى يىگىرمە تۆت مېتىرلىق، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم كىلومېتىرلىق ئاسفالتلىق يول ياسىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، شۇنىڭغا تۇتاش ھالدا كەڭلىكى ئون تۆت مېتىرلىق، ئۇزۇنلۇقى سەككىز يۈز مېتىرلىق سەككىز ئاسفالتلىق يان يول ياسىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى مەجنۇنتاللار قومۇرۇلۇپ تاشلىنىپ، يېڭىدىن بەش يىللىق سېدە دەرەخلىرى قويۇلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بۇ يوللارنىڭ كەينى تەرىپىگە بىر تۇتاش تۆت مېتىر كەڭلىكتە چىم ياتقۇزۇلىدۇ؛ ھازىر قىيىنچىلىقىمىز زور بولغاچقا، ناھىيە مالىيىسىدىن چىقىم قىلالمايدىكەن. ئۇنداق بولسا بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ قانداق ھەل قىلىنىدۇ؟ بۇنىڭغا پۈتۈن ناھىيىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن — بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەردىن بىر مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىش قارار قىلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا سودىگەر - تىجارەتچىلەر، ئالدىن بېيىغان ئادەملەر سەپەرۋەر

قىلىنىدىكەن . بۇ قۇرۇلۇش كېلەر يىلى 3 ـ ئايدا باشلىنىپ 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلىشىدىكەن . پۈتۈن كادىرلار ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدىن بۆلۈپ ـ بۆلۈپ تۇتۇش هازىردىن باشلىنىدىكەن .

مۇدىرنىڭ سۆزىدىن كېيىن يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىم ـ جىتلىققا چۆكۈپ كەتتى ، هەممىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى . بەزىلەر غەمكىن ئۈچقۇنلار پىلدىرلىغان كۆزلىرى بىلەن يەر ئاستىدىن بىر ـ بىرىگە قاراپ ـ قاراپ قويسا ، بەزىلەر كۆزلىرىنى يەردىن ئالالماي «شۈككىدە» بولۇپ كەتكەندى . هەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى ، ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان قىيىنچىلىقلىرىنى ئويلاۋاتاتتى . ئاز بىر قىسىم ئادەملەر بەخىرامان ـ غەمسىز ئولتۇرغىنى بىلەن كۆپچىلىكنى غەم بېسىپ كەتكەن ، ئويلىمىغان يەردىن كەلگەن بۇ خەۋەر ئۇلار ئۈچۈن يەڭگىللى بولمايدىغان بالايىئاپەت بولۇپ تۇيۇلماقتا ، يۈرىكىگە ۋەھىمىلىك ئەندىشە چۈشمەكتە ۋە يۈرىكىدە ئازابلىق يارا پەيدا قىلماقتا ئىدى . كۆزلەردە مەيۈس ئۈچقۇنلارنىڭ پىلدىرلىشى ، باشلارنىڭ ساڭگىلاپ كېتىشى ، ئاۋازلارنىڭ ئۆچۈپ كېتىشى — مانا مۇشۇ ۋەھىمىلىك خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئىدى . ئۇلاردا هەر خىل ئوي ـ خىياللار : «كۈنىمىزنى ئاران ـ ئاران ئۆتكۈزۈۋاتساق ، ئۆيىمىزدىن بوران ئۈچۈپ تۇرسا ، يوللارنى كەڭرى ئېلىش ، شەهەرنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ نېمە هاجىتى ، ئالدى بىلەن تۇرمۇشىمىزنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈشنى ، ئۇنىڭ چارە ـ تەدبىرىنى ئويلىسا بولمامدۇ ؟ مۇشۇنداقلا بولسا بۇ ‹كۆتۈمدە ئىشتان يوق ، ئېتىم مارجان بۇۋى › بولۇپ قالمامدۇ ؟» دېگەن پىكىرلەر پەيدا بولۇۋاتسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى . دۇنيادا كۆڭلىگە كەلگەن گەپلىرىنى ، هەققانىي پىكىرلىرىنى ئېيتالماسلىقتىنمۇ ئېغىر ئازاب يوق ئىكەن . راست گەپنى قىلغاندا ، بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ

چاڭگىلىدە قىلىش ئىنتايىن ئېغىر ئازاب ئىكەن .

— ھە ، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك جىمىپلا كەتتىڭلارغۇ ؟

مۇدىرنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مەتسىدىق :

— چوڭقۇر ھاڭدىن چىقالمايۋاتىمىز ،— دېدى .

مۇدىر ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋامۇ قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بۇ ئىشقا پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان گەپ ، بۇ يول قۇرۇلۇشىغا قانچىلىك ئىئانە بېرەلەيسىلەر ، بەلگىلىمىدىن جىقراق بەرسەڭلار تېخى ياخشى ،— مۇدىر كۆپچىلىككە سەپسېلىشقا باشلىدى .

يەنە چىقىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق باشلاندى . ھەممىسى كۆزىنى مۇدىردىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى .

— مەن بۇ يول قۇرۇلۇشىغا بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن ئىئانە قىلدىم ،— دېدى مۇدىر يەنە ،— سىلەرمۇ ياخشى بىلىسىلەر ، بىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق زور . ئايالى ناھىيىدە بالىنىستىتا يېتىۋاتىدۇ . ئۇ قانچە مىڭ يۈەن بىلەن چىقىدۇ ، ھازىر بىرنېمە دېيىش تەس . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى . سىلەرچۇ ؟… گەپ قىلمايسىلەرغۇ ، بۇ گەپ قىلماي قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ، گەپ قىلمىسام ئۆتۈپ كېتەمدىكىن ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار .

ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىدىراق ئولتۇرغان ياشراق بىر مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ سوئال قويدى :

— بۇ ئىختىيارىي ئىئانە توپلاشمۇ ياكى مەجبۇرىي پۇل يىغىشمۇ ؟

— راست گەپنى دېسەك ، ئىختىيارىي قىلىپ بەرسەڭلار ئىئانە ، بەرمىسەڭلار مەجبۇرىي تۇتۇپ قېلىنىدۇ . ئورۇنلاشتۇرۇش شۇنداق ، — دېدى مۇدىر سەل كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە .

— ئۇنداق بولسا ، بۇ مەجبۇرىي سىلىق ئىكەندە ،— دېدى بايىقى ياشراق مۇئەللىم غۇدۇراپ .

جىمجىتلىق يەنە باشلاندى . باياتىن بېرى ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان مەتسىدىق ئاخىرى ئېغىز ئاچتى :

— بىزنىڭ پارتىيىمىز خەلقنىڭ هالىغا يېتىدۇ . نەچچە مىڭ يىللىق زۇلۇمدىن ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشمۇ ئاسان ئەمەس ، پارتىيىمىز كېچە - كۈندۈز نامىغا مۇناسىپ هالدا خەلقنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ . بىزنىڭ ناهىيە رەهبەرلىرى بۇنىڭغا قارىماي ، خەلقنىڭ هالىغا يەتمەي ، شەهەرنى گۈزەللەشتۈرىمىز دېيىشە ، بۇ — تاز گۈل قىسقاندەك ئىش بولمامدۇ ! باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئالدىمىزدىكى مۇنۇ ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا قاراپ باقايلى ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ قىش سوغۇقىدا جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن يازلىق ئاياغلار بىلەن ، جۇل - جۇل يالاڭ كىيىملەر بىلەن مەكتەپكە كېلىۋاتىدۇ . بىز ئالدى بىلەن مۇشۇنداق نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە قالغانلارنى ، دېهقانلارنىڭ ئاچ - توق قېلىپ ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىنى ئويلىماي ، يوللارنى كەڭرى ئېلىشنى ، شەهەرنى گۈزەللەشتۈرۈشنى ئويلىساق ، رېئاللىقنى ئۇنتۇپ چەللىدە ئات چاپقان بولمامدۇق ! خەلقنىڭ هالىغا يېتىدمىز دەيدىكەنمىز ، ئۇلارغا ئۇسسۇغاندا سۇ ، مۇزلىغاندا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلىشىمىز كېرەك ، بىزگە هازىر زۆرۈرى مۇشۇ . مەن بەزىلەرنىڭ شاپاشلاپ پايپاققا نال قاققاندەك ئىشقا يۈگۈرمەي ، دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئەستايىدىل ئويلىشىپ ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن .

مەتسىدىقنىڭ سۆزى چاۋاك چېلىنمىغىنى بىلەن يېرىلالماي تۇرغانلارنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى ، تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ ئاۋازى «گۈرردە» كۆتۈرۈلدى :

— مەتسىدىق بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدى ، ئۇنىڭ هەققانىي سۆزى بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز !

— بىزنىڭ ئىئانە قىلغۇدەك ، پۇل يىغقۇدەك ھالىمىز يوق !
— ئىئانىنى تۇرمۇشتا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەنلەر ، باي سودىگەر ـ تىجارەتچىلەر ئۆشرە ـ زاكات ھېسابىدا قىلسا بولىدۇ .
— ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمىغان قانداق قارار بۇ ؟ ئۇلار قارارنى ئىسسىقىدا يىغىشتۇرۇۋالسۇن !
— بىز ئائىلىمىزنى ، قورسىقىمىزنى ئاران بېقىۋاتىمىز ، مۇشۇ ئەھۋالىمىزنى چىقىش قىلماي ، يەنە يول قۇرۇلۇشىغا پۇل بەر ، دەپ تۇرۇۋالسا ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك بولمامدۇ !
مەتسىدىق غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردىيۇ ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ھەربىر سۆزىنى ئالدىرىماي دانىمۇدانە چىقىرىپ دې-دى :
— كۆپچىلىكنىڭ پىكرى توغرا ، توغرا پىكىرلەر ئالقىشلى-نىشى كېرەك ، بىراق خەلقتىن ئايرىلغان رەھبەرلەر ئەمەلنى ئەقىل دەپ بىلىدۇ ، شۇڭا ئۇلار بىلەرمەنلىك قىلىدۇ . بىلەرمەن-لىك — ئەمەلىيەتنى بىلمەسلىكتىن ياكى ئاتايىن بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ ، ئەمما ئۇ شۇنىڭغا قارىماي شۆھرەت قوغلىشىدۇ ...
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، مەتسىدىقنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاش-ماي تۇرۇپلا مۇدىرنىڭ بەدەن ـ بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ جۇدۇنى تۇتتى ـ دە ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى :
— گېپىم بار دەپلا قىلىشىۋەرمە ، چوڭقۇرراق ئويلىشىپ ئۆزۈڭنى دەڭسەپ گەپ قىلىش !... ناھىيىلىك پارتكوم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇشۇ ناھىيىدىكى رەھبەرلىك ئورگىنى . نا-ھىيىلىك پارتكوم ، ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا قارشى چىقىش — پارتىيىگە قارشى چىققانلىق !
— يائاللا ، مۇدىر ، قالپىقىڭىز يانچۇقىڭىزدا تەييارلا ئىكەنا ،— دېدى مەتسىدىق ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ . بۇ گەپ كۆپ-

چىلىكنى «پاراققىدە» كۆلدۈرۈۋەتتى ،— بىز ھەققانىي گەپنى
قىلىۋاتىمىز ، ھەق گەپنى قىلغانلارغا قالپاق كىيدۈرۈۋەرسىڭىز
قالپىقىڭىز يەتمەي قالىدۇ ، جۇمۇڭ ،— يىغىن ئەھلى تېخىمۇ
قاتتىق كۈلدى ،— قالپاقنى تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزلىسەم كىشىلەر
قورقىدۇ دەمسىز ، كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش ، قورقۇتۇپ سۆز-
لەش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى . مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن ، سىز
تېخىچە بۇرۇنقى قاراشتا قاپسىز ، ئۇ چاغلار ئۆتۈپ كەتكەن .

مۇدىر تېرىكىپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى ، چىرايى تاتى-
رىپ ، كۆزلىرى يېنىپ كەتتى :

— سەن… سەن ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈپ نېمە دەۋاتىسەن
- ھە… نېمە بولۇشۇڭنى ، ناھىيىلىك پارتكومغا قارشى چىققانلى-
قىڭنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قوي !…

بىراق ، بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي كۆپچىلىكمۇ تۇشمۇ -
تۇشتىن سۆزلەپ كەتكەچكە ، مۇدىرمۇ ئەيىبلەش - ھاقارەتكە
تولغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى ۋە كۆڭلىدە :
«خەپ سېنى ، توختاپ تۇر ، كۆرىسەن تېخى» دەپ ئويلىغان
مۇدىر بىر سائەتكىمۇ يەتمىگەن يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جا-
كارلاشقا مەجبۇر بولدى .

شۇنداق قىلىپ ، يىغىن مەجبۇرىي ئىنئانە تويلاشقا قارشى
چۇقان - سۈرەن ئىچىدە ئاياغلاشتى .

※ ※

مەكتەپ مۇدىرى يىغىن خاتىرىسىنى ئېلىپ ، كەيپى ئۇچقان
ھالدا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا ئالدىراپ ماڭماقچى بولدى .

— مۇدىر ، نەگە ، ئالدىراپلا ماڭدىڭىزغۇ ؟

— ئا جۇيجاڭغا بۈگۈنكى يىغىن ئەھۋالىنى دوكلات قىلى-
مەن . تۈنۈگۈن ئېيتتىغۇ ، ئا جۇيجاڭ : «ناۋادا ناھىيىلىك پارت-

كوم ، ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا قارشى چىققان ، باشقىلارغا يامان تەسىر بەرگەن ھەم باشقىلارنى قۇتراتقانلار بولسا دەرھال دوكلات قىلىڭلار ! » دېگەن . ۋاقتىدا دوكلات قىلمىساق بولمايدۇ ـ دە ، بۇنى ئەلۋەتتە سۈرۈشتۈرىدۇ ، سۈرۈشتۈرۈش بۇرۇندىن تارتىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىش .

ۋاقىت ئۇچقاندەك تېز ئۆتمەكتە ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىگە تېخى بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت بار . مۇدىر : «قانچە تېز بارسام شۇنچە ياخشى !» دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ مەكتەپنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقتى ـ دە ، ئاپتوبۇس بېكىتىـ گە قاراپ ماڭدى . ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن ، تونۇش شوپۇر ئۇچراپ قېلىپ ، شۇنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا تېزلا يېتىۋالدى ۋە ھېچ نەرسىگە قارىماي ، ئا جۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى . ئا جۇيجاڭ ئىشخانىسىدا بار ئىكەن ، ئىككىسى سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن ، مۇدىر ھېلى مەكتەپتە ئېچىلغان يىغىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ، مەكتەپتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شەـ ھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ، كىملەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ، كىملەرنىڭ يامان نىيەت بىلەن قانداق قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىنى ۋە كىملەرنىڭ كۆپچىلىكنى قايسى يولغا باشلىغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ يىغىن تەرتىپىنى بۇزغانلىقىنى ، ھەتتا رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ يىغىن مەيدانىنى كۈلكە ـ چاقچاق سورۇنىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى ، قىسقىسى ، يىغىننىڭ ئەھمىيىتىـ نى يوققا چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ چىقتى .

— بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا ، — دېدى ئا جۇيجاڭ سەل جىملىقتىن كېيىن جىددىي ھالدا ،— ئاساسىي قۇتراتقۇلۇق قىـ لىۋاتقان ئادەم ياش ئوقۇتقۇچى مەتسىدىق ئىكەن ـ دە ؟

— شۇنداق ، قايسى ئوقۇتقۇچىنىڭ قانداق نىيەتتىكى ئادەمـ

لىكى بۇ قېتىم تازا ئېنىق بولدى . بۇرۇن دىققەت قىلماپتۇق ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇندىنى تازىلىمىساق بولمىغۇدەك ...

— بۇنى كېيىنرەك ئويلىشايلى ،— دېدى ئا جۇيجاڭ ئويلىنىپ ھەم مۇدىرغا تىكىلىپ ،— ئۇنىڭ ناھىيىمىزنى گۈزەللەشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارشى چىققانلىقىنى بىرنەچچە نۇقتىغا جەملەپ قىسقىچە دەپ باقسىڭىز ؟

ئا جۇيجاڭ مەتسىدىقنىڭ كۆپچىلىك ئىچىدە قۇترانقۇلۇق قىلغان سۆزلىرىنى ئويلاپ ، خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ ، قەلىمىنى قولىغا ئالدى . ئۇ بۇنى ھاكىمغا دەرھال دوكلات قىلىشنى ئويلىغانىدى .

— بولىدۇ ،— مۇدىر يېزىپ ئەكەلگەن جۈملىلەرگە قايتا كۆز يۈگۈرتتى ،— ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ ، — دېدى مۇدىر دەپتىرىگە قاراپ ، — بىرىنچى ، بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ، بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىز قورسىقىنى ئاران بېقىۋاتىدۇ ، ياكى ئاچ - توق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ، بۇنىڭغا قارىماي شەھەرنى گۈزەللەشتۈرىمىز دېسەك — بۇ تاز گۈل قىسقاندەك ئىش بولمامدۇ ؛ ئىككىنچى ، پارتىيىمىز خەلقنىڭ نامراتلىقىنى كۆرمەي يەنە پۇل يىغىش قىلىمىز ، دەپ قارار چىقىرىپ ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەن قىلىۋاتىدۇ ؛ ئۈچىنچى ، بىزنىڭ ناھىيە رەھبەرلىرى خەلقتىن ، ئاممىدىن ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان رەھبەرلەر ، شۇڭا ئەمەلنى ئەقىل دەپ بىلىپ كۆرەڭلەپ ، بىلەرمەنلىك قىلىۋاتىدۇ ، شان - شۆھرەت قوغلىشىۋاتىدۇ ؛ تۆتىنچى ، پارتىيە بىزگە مەجبۇرىي سىيلىق سىيلىۋاتىدۇ ، بىز مۇنداق سىيلىققا قارشى ، پارتىيە بۇ سىياسەتنى ئىسسىقىدا يىغىشتۇرۇۋالسۇن ؛ بەشىنچى ، قالپاقنى تەڭلەپ تۇرۇپ ، قورقۇتۇپ ، ھەيۋە قىلىپ قارار چىقىرىش — ئەسلىي پارتىيىنىڭ ئىستىلى ئەمەس ، بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى . بەزىلەر پايپاقىا نال قاققاندەك ئىشقا

يۈگۈرمەي خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ئويلاپ ئىش قىلسۇن . بىزگە هازىر گۈزەللىك ئەمەس ، قورساقتا نان ، ئۈچىمىزغا كىيىم كېرەك .

مۇدىر سۆزنى تۈگىتىپ ، ئا بۇيجاڭنىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى .

— ئۇنىڭ جىنايەتلىرى ئاساسەن مۇشۇ بەش تۈرلۈك ، يىغىنچاقلاپ چىققىنىم مۇشۇ .

— هىم ... ،— ئا جۇيجاڭ يەنە تاماكا يۆگەپ ، ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق - قاتتىق شوراپ ، ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ كۆزىنى بىر نوقتىغا تىكتى - دە ، ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ پارتكوم ، هۆكۈمەتنىڭ قارارىغا هە دەپلا مائارىپ ساهەسىدىن قارشىلىق چىقسا ، ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ لىڭشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماقتا ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر چارە - ئامال تېپىپ قارشىلىقنى ئورنىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ ، خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىرغا تىكىلدى :

— پارتىيىمىزنىڭ بىرنى جازالاپ ، مىڭنى تەربىيىلەش سىياستى بار ،— دېدى ئا جۇيجاڭ جىددىي هالدا ،— بىراق ، مەتسىدىقنىڭ بەش تۈرلۈك قىلمىشى تېخى جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن ، دەپ ئۇنىڭ چارىسىنى قىلمىساق ، ئاز - تولا ئۇچۇقلاشتىن سىرتتا قالدۇرۇپ قويساق ئەلۋەتتە بولمايدۇ . ئەهۋالدىن قارىغاندا ، بۇ باشقىلارغا ئىنتايىن يامان تەسىر بەرگەن ، يەنى ئۇنىڭ سۆزى باشقىلارنى قۇترىتىش رولىنى ئوينىغان ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پارتكومنىڭ ، هۆكۈمەتنىڭ قارارىغا قارشى چىقىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن . شۇنداق ئىكەن ، بۇ مەسىلىنى ئۇنۇملۇك هەل قىلىشنىڭ چارىسى قانداق بولىدۇ ؟ بۇنى ئۇنۇملۇك هەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپمىساق بولمايدۇ - دە !

ئا جۇيجاڭمۇ ، مۇدىرمۇ جىددىي تۇستە بىر - بىرىگە سوئال

نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپ قىلىشتى . بۇ خۇسۇستا ، ئا جۇيجاڭنىڭ ئويلىغىنى ، كۆڭلىگە پۈككىنى بولسىمۇ ، لېكىن مۇدىرنىڭ ئېـ-نىق هالدا ئويلىغىنى ، كۆڭلىگە پۈككىنى يوق ئىدى . شۇڭا ئۇ ئا جۇيجاڭنىڭ ئېغىزىدىن نېمە چىقاركىن ، دەپ تېخىچە ئۇنىڭغا تاقەتسىزلىنىپ قاراپ تۇراتتى .

— سىز قانداق ئويلاۋاتىسىزكىن ، مېنىڭچە ، قارشىلىقلارنى مۇنۇ ئۇسۇلدا توسۇپ قالغىلى هەم ئۇنى سۇندۇرۇۋەتكىلى بولىـ-دۇ : مەتسىدىقنى ساقچىلار تۇتۇپ ئاپىرىپ تۆت ـ بەش كۈن سولاپ قويسا ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ ئىلىپتەك بولۇپ كېتىدۇ . شۇنداق قىلساق قانداق بولار ، سىزنىڭ باشقىچە ئەقلىڭىز بارمۇ ـ يا ؟

— مەن قوشۇلىمەن ، يۈزدەيۈز قوشۇلىمەن ، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا ، جۇيجاڭ ، — دېدى مۇدىر ئورنىدىن يېرىم قوزغىلىپ هەم ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ، — شۇنداق قىلمىساق ، ئۇلار ئەدەپ كېتىدۇ ، تېخى ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈشىمۇ مۇمـ-كىن... بۇ ئىشقۇ شۇنداق بولىدىغان بولدى ، بۇنى ناهىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا خەۋەر قىلىش كېرەك ـ دە ! بىراق... بىراق كىم خەۋەر قىلىدۇ ؟ ياكى مەن خەۋەر...

— ياق ،— ئا جۇيجاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى دەرهال بۆلدى ،— ناهىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا خەۋەر قىلساق هەرگىز بولمايدۇ ، بۇنى سىلەرنىڭ يېزىلىق ساقچىخانىغا خەۋەر قىلىمىز ، سىزنىڭ خەۋەر قىلىشىڭىز هاجەتسىز ، ئۇلارنىڭ سىز-نىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىشىمۇ ناتايىن . مەن بۇ ئەهۋاللارنى هازىرلا هاكىمغا دوكلات قىلىمەن ، يېزىلىق ساقچىخانا باشلىقى بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن . سىز زۆرۈر مەلۇمات يەتكۈزدىڭىز ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . خوش ، قايتىسىڭىز بولىدۇ ، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى .

مۇدىر يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغ ئاغدۇرۇلۇپ

كەتكەندەك ئىشخانىدىن يېنىكلەپ چىقتى ۋە يىراقلارغا كۆز تە-
كىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى .

## 13

مەتسىدىق كەچقۇرۇنلۇقى — كۆز باغلانغان چاغدا ئۆيىگە
قايتىپ كەلدى . ئۇ مەكتەپتىن خاپا بولۇپ مەيۈسلىنىپ قايتقان-
دى . ئۇ كېلىۋېتىپ تاس قالدى ناھىيە يولىغا چۈشكىلى ، ئۇنىڭ
يولىغا تەلمۈرۈپ قالغان رەيھانگۈلنىڭ ئەھۋالىنى ، بىرنەچچە
كۈندىن بېرى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچىمۇ
بولغانىدى . بىراق ، ئاپىسىنىڭ ئۆيدە ئېغىر يېتىقتا قالغانلىقى
ئۇستۇن كېلىپ ئۇنى ئۆيىگە سۆرەپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ چىراي-
دىن هارغىنلىق ۋە كىملەرگىدۇ غەزەپلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ
تۇراتتى ، كۆزلىرىدە ئاجىز نۇرلار پىلدىرلايتتى ، نېپىز هال رەڭ
لەۋلىرى سۇس تىترەۋاتاتتى . لېكىن ئۇ ، ئاپىسىنىڭ ئالدىغا
خۇشال كىرىشنى ئويلاپ چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە ـ تەبەسسۇم
يۇگۈرتۇپ ئىشىكنى ئاچتى .
— ئاپا ، مەن كەلدىم !— ئېغىر يېتىقتا ئۇنىسىز ياتقان
ئاپىسىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى تەسلىكتە ئېچىلدىيۇ ،
ئاستا يۇمۇلدى . مەتسىدىق سۇپىغا چىقىپ ئاپىسىنىڭ ئاياغ تەرد-
پىدە ئولتۇردى . تەكچىدە پىلىلداپ يېنىۋاتقان جىنچىراغ ئۆي
ئىچىنى غۇۋا يورۇتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان
قاپقارا ئىسلار ئۆي ئىچىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ
ئىچىدىكى ئادەملەرنى ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنايلىنىپ ئۇنىسىز
ياتقان ئاپىسىنى ، يۇقىرىدا مۇكچىيىپ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان
دادىسىنى ۋە تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغان كىچىككىنە ئىنىسىنى
خىيالىي گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا ئىدى . كېسەلنىڭ غەلدە ـ
غەشلىرى ۋە بىرنەچچە كۈندىن بېرى يېتىمگەن مەينەتچىلىكتىن

دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقان ئاچچىق ھەم قاڭسىق پۇراق گۇپپۇلدەپ تۇراتتى .

— ئاپام دورىلىرىنى ئىچتىمۇ ؟— دېدى مەتسىدىق تەگسىز خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان دادىسىغا قاراپ . ئۇنىڭ چىرايىدا ۋەھىمە ، ئەنسىزلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

— چۈشتە ئىچكەن… سۇيۇق قىلىپ ئۇماچ ئېتىپ بەرسەم كۆڭلى تارتمىدىمۇ ، زادىلا ئىچكىلى ئۇنىمىدى . ھازىرغىچە ئاغزىغا گىياھ سالمىدى ، ئۇنىمۇ ئۇچۇپ كەتتى ، بالام ، — دادىسىنىڭ ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى . مەتسىدىقنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئۇرۇپ چاپلىشۋەتكەندەك جۇدەپ ، سۆزسىز ياتقان ئاپىسىغا ئېچىنىش ، ئىچ ئاغرىتىش ۋە كىملەرگىدۇ يانغان غەزەپ كۆز چاناقلىرىغا ئاچچىق - ئاچچىق ياش تامچىلىرىنى تىزغاندى . ئۇ ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇياققا قاراپ تۇرۇۋالدى . بىراق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى .

ئۇ تېخى ئۈچ كۈن بۇرۇنلا ئاپىسىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كالا ھارۋىسىغا سېلىپ ئاپارغانىدى . ئۇ ھارۋىدا يېتىپ ئەمەس ، ئولتۇرۇپ بارغان . دوختۇرلار ئۇنى يېرىم كۈن تەكشۈرۈپ بالنىستىتا ياتقۇزماقچى بولغان . بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە ئالدى بىلەن بەش مىڭ يۈەن تاپشۇرۇشنى ، ئەگەر ھازىر تاپشۇرالمىسا بالنىستقا ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان . مەتسىدىق دوختۇرلارغا : «ئاپام ئالدى بىلەن بالنىستتا يېتىپ تۇرسۇن ، مەن مەكتەپكە چىقىپ ، نەدىن بولمىسۇن ئىككى كۈن ئىچىدە بەش مىڭ يۈەن تېپىپ كېلىمەن ، ماڭا ئىشىنىڭلار ، مانا خىزمەت كىنىشكامنى ، كىملىكىمنى قويۇپ ماڭاي» دېسە ، ئۇلار پەقەت ئۇنىمىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن يېنىغا سېلىپ بارغان پۇلغا ئىككى خىل دورا ئېلىپ ئاپىسىنى ياندۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان .

— ھەدەم چىقمىدىمۇ ؟

— چىققان ، بىر كۈن قاراپ كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭمۇ ئۆيى بار ، بالىسى بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خەقنىڭ ئۇششاق باللىرىغا قارايدۇ ئەمەسمۇ ، ئەتە ئەتىگەندە يەنە چىقىدۇ ، «بىر ھەپتىگىچە ئۆزۈم قارايمەن» دەيدۇ . شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر خۇدايىم …

— ئاپامنىڭ ئەھۋالى بەك ئوساللىشىپ كېتىپتۇ ، دادا ،— دېدى مەتسىدىق ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ،— ئەتە ھەدەم قاراپ تۇرسا ، مەن مەكتەپتىكى پۇلى بار مۇئەللىملەردىن ئاز - ئازدىن بولسىمۇ قەرز ئېلىپ يىغىپ بەش مىڭ يۈەن جايلاپ كېلەي ، ئۆگۈنلۈككە ئاپامنى يەنە ناھىيە دوختۇرخانىسىغا ئەكىرىپ ، بالنىستتا ياتقۇزايلى ، قانداق دەيسەن ، دادا ؟

— شۇنداق قىلايلى ، بالام ،— ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا يىغىلغان ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇ يىغلامسىرىغان ئاۋازدا : «ئاپاڭ تېخى ياش ، ئەمدى قىرىققا كەلگەن ، مەندىن ئون بەش ياش كىچىك ئىدى . بۇ يەردە بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ ، دورىسىنى ئىچكۈزۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيدۇ ، بالنىستتا ياتقىنى ياخشى ، شۇنداق قىل ، بالام ،— دېدى .

ئاتا - بالا ئىككىسى ئۈنسىز يىغلاپ كەتتى ، بۇلارغا قاراپ كىچىككىنە مەتسېلىممۇ ئۆمچىيىپ يىغلاپ كەتتى . لېكىن ئۇندىن چىقىرالمىدى . دادىسىنىڭ ئاچچىق ياشلىرى— «بۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقىلى يىگىرمە بەش يىل بوپتۇ . ئۇنىڭغا مەن قانچىلىك باياشات تۇرمۇش ، خاتىرجەملىك ئاتا قىلالىدىم ؟ ماڭا تېگىپ قانچىلىك راھەت كۆرەلىدى ؟… ئۇ ھازىرغىچە غۇربەتچىلىك ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كەلگەن غەم - قايغۇ ، ئاشقا تاپسا نانغا يوق ، نانغا تاپسا ئاشقا يوق تۇرمۇشتىن باشقا نېمە كۆردى ؟ !… » دېگەنلەرنى ئىپادە قىلسا ؛ مەتسىدىقنىڭ توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرى — «ئانا ، مېھرىبان ئانا ، قاششاق تۇرمۇش ، موھتاجلىق ، ھەسرەت - نادامەت سېنى مۈكچەيتكەن ، يىقىتقان ئانا ، مەن باللىق قەرزىمنى قانچىلىك ئادا قىلالىـ

دىم ؟… ساڭا قاراپ ، ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىپ ، سېنى ياخشى
كۆنلەرگە ، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمەن ، ياخشى يېگۈزىمەن ،
ياخشى كىيدۈرىمەن دېگەنىدىم ، قېنى ، كۆڭلۈمگە پۈككەن نىيەت-
لىرىم ، ئويلىغان ئارزۇلىرىم قېنى ؟… سەن كېسەلگە مۇپتىلا
بولۇپ ھالسىراپ ياتقىنىڭدا دەردىڭگە دەرمان بولالمىدىمغۇ ، قو-
لۇمدىن ھېچنېمە كەلمىدىغۇ ، ئارزۇ - ئارمانلىرىم تۇنجۇقۇپ
كەتتىغۇ ، سەن دۇنياغا جاپا تارتقىلىلا ، ھەسرەت - ئەلەم چەككى-
لىلا كەلگەنمۇ ؟ سېنىڭ ئەركىن - ئازادە ، موھتاجلىق كۆرمەي
ياشاش ھوقۇقۇڭ يوقمۇ ؟ مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ غۇر-
بەتچىلىك زەنجىرى دەم ئالدۇرماي گېلىڭنى بوغۇپ كېلىۋاتىدى-
غۇ ، سېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال قىلالمايۋاتىمەنغۇ ، قۇربىتىم
يەتمىدىغۇ ، مۇشۇمۇ كۈنمۇ ، مۇشۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ ؟… »
دېگەنلەرنى ئىپادە قىلماقتا ئىدى .
كەمبەغەللەرنىڭ بېشىغا قاتمۇقات ئېغىر كۈن چۈشكەندە ،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىماقتىن ئۆزگە ئامال يوقكەن - دە !…
مەتسىدىق ئەتىگەندە — ئوقۇغۇچىلار يېڭىلا سىنىپلارغا كى-
رىپ كەتكەندە مەكتەپكە كىرىپ كەلدى . ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا
مەكتەپ ئىچىنى قانداقتۇ بىر سۈر بېسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس
قىلدى . تىۋىشسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . بۇ
ھالەتنىڭ تەسىرىدىن مەتسىدىقمۇ بىرقىسما بولۇپ ئەتراپىغا سىن-
چىلاپ قاراپ قويدى . ئۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىرىشىگىلا
بىرى :
— سېنى مەكتەپ مۇدىرى ئىزدەپ كىرىپتىكەن ، «كەلسىلا
ئىشخانامغا كىرسۇن » دېگەن ،— دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە
قاراپ . مەتسىدىق ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قال-
دى - دە : «بۈگۈن بۇلارغا نېمە بولغاندۇ ، مەكتەپ ئىچىنى سۈر
بېسىپ كېتىپتۇ ، مۇنۇ ئوقۇتقۇچىلار ماڭا بىرقىسمىلا قارايدىغاندى-
دۇ ، قانداقتۇ بىر سەۋەب بولسا كېرەك ؟ » دەپ ئويلىدى .

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ئىككى ساق-
چى فورمىسىنى كىيگەن ئادەمنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
نېمىشقىدۇ بىر - بىرىگە ۋەھىملىك قارىشىپ قالغانىدى . ھايال
بولماي ، مۇدىرنىڭ چىقىپ مەتسىدىقنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلى-
كىنى سورۇشتۇرۇشى بۇ ۋەھىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى .
كىشىلەر ساقچىلارنى كۆرسە ئۆزىدە ۋەھىمە ، ئەندىشە ۋە قورقۇش-
نىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ، ئۆزىنىڭ بىرەر جى-
نايەت - خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ شۇنداق
ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ . ئادەملەردە نېمىشقا مۇنداق ھېسسى-
يات قوزغىلىدىغاندۇ - ھە ؟...
مەتسىدىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ماڭ-
ماقچى بولدى . بىراق تۇيۇقسىزلا ئويلىنىپ قالدى : «مۇدىرنىڭ
ئىشخانىسىغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چاقىرتىلىشى ئادەتتە بولۇپ تۇرى-
دىغان ئىش . بۇ ئىش ئەزەلدىن ھېچكىمگە غەلىتە تۇيۇلغان ئە-
مەس ۋە ھېچكىمنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغانمۇ ئەمەس . لېكىن
نېمىشقا ماڭا خەۋەر يەتكۈزگەن ئىسمايىلكام ئوڭايسىزلىنىپ يەر-
گە قارىۋالىدۇ ؟ باشقىلارمۇ مەندىن كۆزىنى قاچۇرىدۇ ؟ ئۇلارنىڭ
چىرايلىرىدىن بىلىپ بولماس غەم - ئەندىشە چىقىپ تۇرىدۇ ؟...
قىزىق ئىش ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە كەلسەم ، ئاپامنىڭ
ئەھۋالىنى سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ كېتىدىغانلارنىڭ بۈگۈن ئە-
جەب ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ - ھە... مۇدىرنىڭ مېنى
چاقىرتىشى بۇلاردا مۇشۇنداق روھىي ھالەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا
سەۋەب بولغانمىدۇ... بۈگۈن قىزىقلا روھىي ھالەتلەرنى كۆرۈۋا-
تىمەن ، ياخشىسى ، مۇدىرنىڭ ئالدىغا كىرەي ، شۇ چاغدا ھەممە
ئىش ئايان بولىدۇ» .
مەتسىدىق مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا سالام قىلىپ كىرىپ كەل-
دى . ئۇ ئىشخانىدا ساقچىلارنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى - دە ،

ئۆزىمۇ تۇيماي نېمىشقىدۇ ئۆزىدە ئەندىشىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى
ھېس قىلدى .

— مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز ؟

مۇدىر ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋامۇ قىلماي ، ھەتتا قاراپمۇ قويماي ساقچىلارغا كۆز يۇگۇرتۇپ :

— سىلەر ئىزدىگەن مەتسىدىق دېگەن ئوقۇتقۇچى مۇشۇ ،— دېدى كۆزىنى مەتسىدىقتىن قاچۇرۇپ .

— مەتسىدىق سىز بولسىڭىز ، بىز بىلەن مېڭىڭ ،— ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

— نەگە بارىمەن ؟

— بىز بىلەن ساقچىخانىغا بارىسىز .

— نېمە ! — مەتسىدىق چۆچۈپ كەتتى ،— نېمىشقا ساقچى-خانىغا ئاپىرىسىلەر ، نېمە ئىش قىپتىمەن ، يا بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپتىمەنمۇ ؟

— ساقچىخانا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىلا ئاپىرىدىغان جاي ئەمەس ، سورايدىغان ئىشلار بولىدۇ ، بەزى ئىشلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن ئۇ . سىزدىن بەزى ئىشلارنى ئېنىقلاپ بېقىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ .

مەتسىدىق نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي بىر ساقچىلارغا ، بىر مۇدىرغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . «سېنىڭمۇ ئاغزىڭ بېسىقىدىغان چاغ كېلىدىكەنا ، قورقۇپ ئۆلگەنسەن ، ھا-رىمى» دەپ ئويلىغان مۇدىر مۇنداق دەپ سۆز قاتتى :

— ئېيتتىغۇ ، بەزى ئىشلارنى ئېنىقلايمىز دەپ . بىز رۇخ-سەت قىلغاندىكىن ، نېمىدىن قورقاتتىڭ ، بېرىۋەرمەمسەن .

— قورققىنىم يوق ، نېمىدىن قورقاتتىم ، بارسام باراي .

ساقچىلار قوزغالدى ، ئۇلار مەتسىدىقنى باشلاپ مۇدىر ئىش-خانىسىدىن چىقتى . قورۇغا چىققاندا ، ئىشىك - دېرىزىلەرگە

يىغىلغان ئوقۇتقۇچىلار ساقچىلارنىڭ نېمىشقا مەتسىدىقنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ئەنسىزلىك يانغان كۆزلى-رى بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى . ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا خىزمەتدىشىغا نىسبەتەن كۆيۈنۈش ، ئىچ ئاغرىتىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇنى ئېلىپ مېڭىش دەرس ئۆتۈلۈۋات-قان ۋاقىتقا توغرا كەلدى . ئەگەر تەنەپپۇس ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولسا ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا ئەگىشىپ خېلى يەرلەرگىچە ماڭغان ۋە بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان بولاتتى .

مەتسىدىق خىياللىرىنىڭ باش - ئۇچىغا چىقالماي كېتىپ باراتتى ، ئۇ ئويلايتتى : «مېنى نېمىشقا ئېلىپ ماڭدى؟ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۈم؟… بەزى ئىشلارنى ئېنىقلايمىز ، دەيدۇ . ئېنىقلايدىغان نېمە ئىش بار ، ‹بەزى ئىشلار › دېگىنى نېمىسى؟ ‹بەزى ئىشلار › دېگىنىنىڭ ئۆزىنىمۇ بىلمىسەم؟… دۈشمەنسىز ئادەم بولمايدۇ ، سەۋەبسىز ئىشمۇ بولمايدۇ . مېنى چاققانلار بارمۇ - يا؟… ئادەم ئۇرمىدىم ، ئوغرىلىق قىلمىدىم ، ھۆكۈمەت-نىڭ سىياسىتىگە قارشى گەپ قىلمىدىم ، شۇنداق ئىكەن ، چاق-قانلار مېنىڭ نېمەمنى چاقىدۇ؟… تېپىش تەس بولغان قىيىن بىر تېپىشماق بولدىغۇ بۇ ئىش… كىم بىلىدۇ ، مەن ئويلىمىغان ، چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىشلارنى سورامدۇ تېخى ، مۇنداق ئىشلار ئازمىتى ، گۇناھى يوق ئادەملەرنى ئەكىرىپ كېتىپ ، كېيىن چىقىرىۋەتكەن ئىشلار كۆپقۇ…»

— سەن نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ —

ئۇلار ساقچىخانىغا يېتىپ كېلىپ ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ساقچىخانا باشلىقىنىڭ سورىغان بۇ سوئالى مەتسىدىقنى ھەيران قالدۇردى . ئۇ قاچان ، قەيەردە قانداق جىنايەت ئۆتكۈز-گەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى ھەم ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈز-مىگەنىدى .

مەتسىدىق ھەيرانلىق ۋە غەزەپ ئىچىدە ئۆزىنى بېسىپ تۇ-
رۇپ جاۋاب بەردى :
— مەن ھېچقاچان ، ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم .
— نېمە ! جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم دەمسەن ؟
بايا مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇنى «سىزلەپ» گەپ قىلغان
ساقچىخانا باشلىقى ئۇنى ئەمدى «سەنلەش»كە ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ
پوزىتسىيىلىرىمۇ ئۆزگىرىپ ، كۆزلىرى ئالىيىپ ، ھەرىكەتلىرى
قوپاللىشىپ ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى .
— شۇنداق ، ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم ،— دېدى
مەتسىدىق نەلەرگىدۇ قاراپ ئىشەنچلىك ھالدا .
— شۇنداقمۇ ،— ساقچىخانا باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ كەت-
تى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئالدىدىكى دەپتەرنى كۆرسىتىپ
تۇرۇپ دېدى ، — ماۋۇ نېمە ، سېنىڭ ئەكسىيەتچى سۆزلىرىڭ
ئاللىقاچان دەپتەرگە چۈشۈپ كەتكەن ، تىنىۋالىمەن دەپ خام
خىيال قىلما !
— ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ، دەپتىرىڭگە نېمىلەرنى يېزىۋالغى-
نىڭنى مەن نەدىن بىلەي ...
— بىلمەس بولۇۋالغان بولساڭ ، مەكتەپتىكى يىغىندا نېمى-
لەرنى دېگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ تۇر ، بىرىنچى ، «بىزنىڭ كادىرلى-
رىمىز ، دېھقانلىرىمىز قورسىقىنى باقالماي جان تالىشىۋاتىدۇ ،
پارتىيە بۇنى نېمىشقا كۆرمەيدۇ .» بۇنى سەن دېمەي شەيتان
دېگەنمۇ ؟ يەنە ئاڭلاپ تۇر ، ئىككىنچى ، «پارتىيە خەلقنىڭ نامراتـ-
لىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، بىلمەسكە سېلىپ ، پۇل يىغىش قىلى-
مىز ، دەپ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىۋاتىدۇ .» بۇ سېنىڭ
سۆزۈڭ بولماي نېمە ! توختا ، گەپ قىلىشقا ئالدىرىما ، يەنە بار ،
ئۈچىنچى ، «پارتىيە — خەلقتىن ، ئاممىدىن ، ئەمەلىيەتتىن ئاي-
رىلغان ، ئۇ خەلقنى ئويلىمايدۇ ، نام - ئاتاقنى ، شۆھرەتنى
ئويلايدۇ ، خەلقنىڭ غېمىنى قىلىمىز ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن -

تاشقويۇن بولىمىز دېگىنى پۈتۈنلەي يالغان .» بۇچۇ؟ تۆتىنچى ،
«پارتىيە خەلققە مەجبۇرىي سېلىق سېلىۋاتىدۇ ، پۈتۈن خەلق
پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى تۇرىدۇ .» بۇمۇ يالغانمۇ؟ سې-
نىڭ بۇ تۆھمەتلىرىڭگە كىم چىداپ تۇرالايدۇ ، ئەمدى گەپ قىلە ،
تۈزكور ؟

مەتسىدىق ئۆزىنىڭ بۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكى-
نىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى : «مەكتەپتە ئېچىلغان يىغىندا
ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن تېرىۋې-
لىپ ھەم تېخى تېرىۋالغان سۆزلەرنى ئۆزگەرتىپ ، ھەتتا ئۇ
ئۆزگەرتكەن ، ياسالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مەتسىدىقنى
سۆزلىگەن قىلىپ ، كۆتۈرۈپ ئەكەلگەن مۇدىر ئىكەن ـ دە ! شۇ
چاغدا مۇدىر : ‹يىغىن ئەھۋالىنى ھاكىمغا دوكلات قىلىمەن ›
دەۋاتاتتى ، بەلكىم ھاكىم ساقچىخانىغا خەۋەر قىلغاندۇ ، خەۋەر
قىلىسىمۇ مەيلى ، نېمىشقا نەق سۆزنى خەۋەر قىلماي ، ئۇنى ئۆز-
گەرتىپ ، ياساپ خەۋەر قىلىدۇ… چۈشەندىم ، ئۇلارنىڭ مەقستى
مېنى يىقىتىش ئىكەن ، مېنى يىقىتىپ خىزمەت كۆرسەتمەكچى
بوپتۇ ـ دە !… مەن بىرنەچچە قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلارغا ئېچىل-
غان يىغىنلاردا مۇدىرنىڭ خاتا سۆزلىرىنى ، كەلتۈرگەن سانلىق
مەلۇماتلىرىنى قېقىۋەتكەنىدىم ـ ھە ! شۇنىڭدىن ئۆچ ئاپتۇ ـ
دە !… تېخى مېنى مۇنۇ ‹تۆھمەتچى › دەيدا ، ھاپ دېسە قاپ
دەيدىغان… »

— بارچە تۆھمەتنى سەن قىلىپ ، يەنە مېنى تۆھمەت قىلدىڭ
دەيسىنا ، تۆھمەتخور !— دېدى مەتسىدىق تۇرۇلۇپ كەلگەن ئاچ-
چىقىنى باسالماي ،— «ئۆزىدە تاغارلاپ تۇرسا ، باشقىلارغا قاپ
ئېلىپ يۈگۈرۈپتۇ» دېگەن مۇشۇكەن ـ دە .

— نېمە دەۋاتىسەن ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈپ ، قارا بۇنى
… تۆھمەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ، ھارىمى !

— بىلىمەن ، ئەلۋەتتە بىلىمەن ، تۆھمەت قىلىش دېگەن

ئۆزى ئۆتكۈزمىگەن سەۋەنلىكلەرنى ، بىساتىدا يوق خاتالىقلارنى ، ئەمەلىيەتتە كۆرۈلمىگەن ئىللەتلەرنى زورمۇزور شۇنىڭغا ئارتىپ قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ . يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ، تۆھمەت دېگەن بىرەر دەلىل ـ ئىسپاتنى ئەينەن سۆزلەش ئەمەس ، ئاغزىغا كەلگەننى قارىسىغا سۆزلەۋېرىش دېگەنلىكتۇر ! ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى ، تۆھمەت ھەمىشە ياخشى ئادەملەرگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ ، تۆھمەتنىڭ ياخشى ئادەملەرگە ئامراقلىقىغا ھەيرانمەن .

— بىز ساڭا — ياخشى بىر ئادەمگە ئۇۋال قىلىۋېتىپتىمىز ـ دە !... سەن ... خاتالىقلىرىڭنى بوينۇڭغا ئېلىشنىڭ ئورنىغا تېخى بىزنى ھاقارەت قىلىۋاتامسەن ، بۇ قانداق ئورۇن بىلەمسەن ؟— دېدى ساقچىخانا باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ چىرايىدا ياۋۇزلۇق يېنىپ كەتكەنىدى .

— بىلىمەن ، بۇنى كىچىك بالىلارمۇ بىلىدۇ . بۇ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمايدىغان ، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئورۇن ، ھەتتا بۇ ئورۇننىڭ ساقچىلىرى ھەققانىيەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ...

— بۇنى بىلىدىكەنسەن ، ئەجەب خاتالىقلىرىڭنى بىلمەيدىكەنسەن ـ ھە !— دېدى ساقچىخانا باشلىقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ . ئۇ ھاكىمنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ئويلاپ قالغانىدى : «ئۈچ ـ تۆت كۈن سولاپ ، ئوبدان چۆچۈتۈپ ، ئاندىن چىقىرىۋېتىڭلار !» ئەگەر ھاكىم شۇنداق دېمىگەن بولسا ، ئۇ ئۇنى بۇ چاغقىچە ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە نەچچە شاپىلاق ئۇرۇپ ، قىستاپ دېمىگەن گەپلەرنى دېگۈزگەن بولار ئىدى .

— بۇ تېخى چۆچۈمەپتۇ ، سولاپ قويۇڭلار ،— ساقچىخانا باشلىقى شۇنداق دېدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى . ئەجەبلىنىش ، ھەيران قېلىش ئۇنى گەپ قىلىشتىنمۇ مەھرۇم قىلغانىدى .

مەتسىدىقنى سولاپ قويغان ئۆي — تاملىرى قېلىن ، دېرىزى-
سىز ، تورۇسى ئېگىز ، ئېگىز تورۇسىدا ئالىقانچىلىك تۈڭلۈكى
بار ئۆي ئىدى . ئۇ كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا
غۇۋا يورۇغان بۇ توپىلىق ئۆيدە تۈگۈلۈنۈپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا ھالسىز ياتقان بىچارە ئانىسى كەلدى . ئانىسىنىڭ بىر
تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ ، گەپتىن قېلىپ ، ئۆينىڭ ئوتتۇرى-
سىدا سۇنايلىنىپ ياتقانلىقى ، دادىسىنىڭ ئاچچىق ياشلىرىنىڭ
توختىماي تۆكۈلۈۋاتقانلىقى ، ئۆيدە گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆ-
كۈم سۈرۈۋاتقانلىقى ئېنىق گەۋدىلەندى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆز
ئانىسىغا قارىيالماي ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىلاجسىز قېلىپ ،
ئويلىمىغان يەردىن گۇندىخانىغا كىرىپ قالغانلىقىدىن يۈرەك -
باغرى ئۆرتەنمەكتە ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قىينالماقتا ئىدى .
شۇ تۇرقىدا ئاچىسى ئانىسىغا پايپېتەك بولۇپ قاراپ ، ئۆزىنىڭ
مەكتەپتىن پۇل جايلاپ كېلىدىغانلىقىغا زور ئۈمىد باغلاپ يولىغا
كۆز تۇتۇپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندۇ ؟ شۇنداق ، تەلمۈرۈپ ئولتۇرى-
دۇ . بىراق ، بۇ پېشكەلچىلىكنى كىم ئويلىغان ؟… تىت -
تىتچىلىق ئىچىدە ۋاقىت غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە . كىچىككىنە تۈڭ-
لۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇقمۇ ئۆچتى . سولاقخانا ئىچىنى بارغان-
سېرى قاراڭغۇلۇق باسماقتا ، نەپەس بوغۇلماقتا . ئۇ ئۇياققا ئۆرۈ-
لۈپ تامغا قاراپ ئولتۇردى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا
رەيھانگۈل كەلدى : «بىچارە قىز ، ھىمايىسىز قالغان قىز ، بېشى-
غا نېمە كۈنلەر كېلىۋاتىدىكىن ؟ كۆزلىرى تېشىلگەندەك بولۇپ
يولۇمغا قاراۋاتقاندۇ ، ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بول-
غانىدىم ، قېنى قۇتۇلدۇرغىنىم ، قېنى ئۇ پەيت ؟… مەنمۇ ئەر-
كەك بولدۇممۇ ؟ ئۇنى ئېلىپ قاچماقچى ، كۆڭۈل چۈشكەن تۇر-
مۇشىمىزنى باشلىماقچى بولغان ئەمەسمىدۇق… پېشكەلچىلىك ،
دەردۇبالا ، ناھەقچىلىك ماڭىلا كېلەمدۇ - ھە ؟… رەيھانگۈل :

‹بىر كەتكەنچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەن بېلى بوش ئادەمگە
نېمىشقىمۇ كۆڭۈل بەرگەندىمەن › دەپ ئويلاۋاتقاندۇ ؟ ئۈمىدسىز-
لىك ئىچىدە ئازابلىنىپ تولغىنىۋاتقاندۇ ، ئىسىت ، ئىسىت !...
ئاھ ، رەيھانگۈل ! جۈرئەتلىك ، كۆيۈمچان قىز ، قىسمىتىگە باش
ئەگمىگەن قىز ! »— مەتسىدىق كېيىنكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ۋار-
قىرىۋەتتى - دە ، نېمىشقىدۇ ئىشىككە قارىدى .

بىر چاغدا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ بېشىدىن - ئايىغىچە
بۆلۈنتەك ئاپئاق كىيىم كىيگەن ، چىرايىدىن تەمكىنلىك ، قەي-
سەرلىك چىقىپ تۇرغان رەيھانگۈل كىرىپ كەلدى . سولاقخانا
ئىچى بىردىنلا يورۇپ كەتتى .

«غەپلەتتە يېتىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس ،— دېدى
ئۇ مەتسىدىقنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، —
بوشاڭ ، جۈرئەتسىز ئادەم تەقدىرگە تەن بېرىدۇ ، بىز ئۇنداق
ئادەملەردىن ئەمەس ، تۇرۇڭ ، مەن بىلەن مېڭىڭ ، ‹ئالاتوغراق ›
يېزىسىدا تاغامنىڭ ئۆيى بار دېۋدىڭىزغۇ ، شۇ يەرگە قېچىپ
بارماقچى ئىدۇققۇ ، ئەتە مېنىڭ تويۇم بولماقچى ئىدى ، مەن
قېچىپ چىقتىم ، دەرھال شۇياققا ماڭايلى ، يۈرۈڭ ، ئىشىك ئال-
دىغا ئېگەر - توقۇملۇق ، يۈگۈرۈك قارا گىر ئاتنى ئەكېلىپ
قويدۇم ، شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇمىز... سۆيگۈ كوچىسىغا كىرگەن
ئادەم قاناتسىز ئەمەس ، گۈزەل تۇرمۇشقا قەدەم ئالغان ئادەملەر
ئۇلاغسىزمۇ ئەمەس . بىزگە ھېچكىم يېتىشەلمەيدۇ ! كىيىملىرىڭ-
ڭىزدىكى توپا - چاڭنى قېقىپ ، ھەممە مەينەتچىلىكنى مەشەدە
قالدۇرۇپ كەينىمدىن تېز چىقىڭ...

«خۇپتەنگە ئەزان چىققىلى نېكەم ، كېچە قەيەرلەرگە
بارغاندۇ ؟ » سولاقخانىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ جىمجىتلىقتا چۆ-
كۈپ كەتتى . چاشقانلارنىڭ كىتىرلىشىدىن باشقا ھېچقانداق تى-
ۋىش ئاڭلانمايدۇ .

# 14

مەتسىدىق يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ سولاقخانىسىغا سولانغان كۈنى يېرىم كېچە مەھەللىدە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇن - تىنسىزلا جان ئۈزدى. كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يېرىم كېچىدە كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قولۇم - قوشنىلار تېزلا كىرىپ كېلىشتى ۋە هازىدارلارغا قوشۇلۇپ قولۇم - قوشنىلاردىن بىرنەچچەيلەن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. يىغا - نالىغا يىغلىغۇچىلارنىڭ يىغا - زارىغا دىققەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ — ئۇلار ئۆزىنىڭمۇ دەرد - ئەلەم، كۈلپەتلىرىنى قوشۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى سېزىش ئانچە تەس ئەمەس. هەسرەتلىك ئۆلۈملەرنى كۆرگەنلەرنىڭ كونا هەسرەتلىرى قوزغالماي مۇمكىنمۇ!

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مەھەللىنىڭ بىرنەچچە ياشلىرى ئا-دەتلەنگەن ئۇسۇل بويىچە ئۆزلۈكىدىن يەرلىك كولاشقا ماڭدى. شۇ چاغدىلا مەتسىدىقنىڭ يوقلۇقى سۈرۈشتۈرۈلدى ھەم مۇسىبەت پەيتىدە «ئانام» دەپ قاقشاپ يىغلايدىغان بىردىنبىر ئوغۇلنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى:

— مەتسىدىق قېنى؟... كېچىدىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ نەگە كەتكەندۇ - ھە؟...

— ئانىسى قازا قىلسا، بالىسى مەشەدە تۇرۇپ، ئۇستىدە تۇرماسلىقى زادىلا كۆرۈلمىگەن غەلىتە ئىشقۇ بۇ؟

— باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن، يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنى نامازغا ئېيتىش ئۈچۈن كەتكەندۇ بەلكىم.

— ئۇ ئىشلارغا دەسسەپ تۇرغان ئاساسلىق هازىدار ئادەم ماڭمىسىمۇ باشقىلار چىقىپ قالار ئىدى...

بۇ سوئاللاردىن ئۇنىڭسىزمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تۇرغان ئاتا يىغا ئارىلاش جاۋاب بەردى:

— خەۋەرىڭلار بار ، بىزنىڭ مەزلۇم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ، ناھىيىدىكى دوختۇرلار : «ئالدىن بەش مىڭ يۈەن تاپ- شۇرمىساڭلار ئۇنى بالىنىستقا ئالمايمىز» دېگەن . مەتسىدىق : «پۇل جايلاپ كېلىمەن» دەپ تۇنۇگۇن ئەتىگەن مەكتىپىگە كەت- كەن . كۈندە كەچتە كېلەتتى ، نېمە بولدىكىن ، تۇنۇگۈن كەچ كەلمىدى... مانا ھازىرغىچە خەۋىرى يوق .

— مۇشۇ چاغقىچە سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدىڭلارمۇ؟... تازا سۈرۈشتۈرىدىغان يېرىدە بۇ؟ — دېدى ئاق ساقاللىق بىر كىشى .

— نېمە بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭىئاۋاتقا ئا- دەم چىقىش كېرەك ، ئۇنىڭغا نەدە ئادەم؟ مېيىتنى تاشلاپ مەن نەگە قوزغىلالايمەن .

— مۆرىمەس ئادەمدە سىلى ، بۇرۇنراق ئېيتساڭلا بولما- دۇ؟ بولدى ، يېڭىئاۋاتقا ھازىرلا مەن ئوغلۇمنى ماڭدۇراي ،— ئاق ساقاللىق كىشى قولىنى سىلكىپ شۇنداق دېدى - دە ، ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى .

چۈش — پېشىندا مېيىت نامىزى ھويلىدا ئوقۇلدى - دە ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلدى . كىشىلەر مېيىتنى يەرلىكىگە قويۇپ ، ئاخىرقى پېشىندىن ئۆتكەندە قەبرىستانلىقتىن ياندى . قىشنىڭ كۈنى بىرتۇتام دېگەندەك بىردەمدىلا كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى ، نەق شۇ چاغدا يېڭىئاۋاتقا كەتكەن بالا كۆزلىرىنى مۆلدۈر- لىتىپ قايتىپ كەلدى .

— يوق ، ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ .

— نېمە ! ...— كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇشۇپ پارقىرىغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى . مۇنداق بولۇشىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغانىدى .

— نېمىشقا تۇتۇپ كېتىپتۇ؟

— بىر ئىشنى ئېنىقلايمىز دەپ .

«مەتسىدىقنى نېمىشقا تۇتۇپ كەتتى؟ نېمە جىنايەت بىلەن ،

قايسى ئىشنى ئېنىقلايدۇ ؟ » بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . تۇتۇپ
كەتكەن ئورۇن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ
ياكى يېزىلىق ساقچىخانىمۇ ، ۋە ياكى باشقا بىرەر مۇناسىۋەتلىك
ئورۇنمۇ ؟ بۇنى تېخىمۇ بىلمەيتتى . يېڭىئاۋاتتىكى مەكتەپكە بار-
غان بالا : «بىر ئىشنى ئېنىقلايمىز ، دەپ ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپ-
تۇ» دېگەن خەۋەرنىلا ئېلىپ يانغانىدى . شۇڭا ئۇ ئالدىراپ سو-
رالغان سوئاللارغا ئېنىقراق جاۋاب بېرەلمىدى . ئۇنىڭ بۇ جاۋابى
ھازىدارلارنى ۋە باشقىلارنى ھەرقىسما ئوي - خىياللارغا سالغان
سىرلىق ئىش بولۇپ قالدى . بۇ سىرلىق ئىشنىڭ تېگى - تەكتى-
گە يەتمەكچى بولغان بىردىنبىر ئادەم — مەتسىدىقنىڭ ئاچىسى
بولدى . «بۇ ئىشنى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك ، — دەپ ئويلىدى
ئۇ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ ، — بۇنى مەكتەپ رەھبەرلىكى ،
ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم بىلىدۇ ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىمۇ ياكى يېزىلىق ساقچىخانا تۇتۇپ كەتتىمۇ ، بۇنى ئۇلار
نېمىشقا بىلمىگۈدەك ؟ ئەلۋەتتە بىلىدۇ . ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنى تۇ-
تۇپ كەتسە ، ئۇنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبىنى بىلمەيدىغان نەدە ئۇنداق
گالۋاڭ مۇدىر بولىدىكەن ؟… »
مەتسىدىقنىڭ ئاچىسى مەكتەپ ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارى-
سى ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ، يېزىلىق
ساقچىخانا ئارىلىقىدا توختىماي قاتراپ ئۈچ كۈندىن كېيىن مەت-
سىدىقنىڭ يېزىلىق ساقچىخانىدا ئىكەنلىكىنى ئاران بىلدى . تۆ-
تىنچى كۈنى ئۇ يېزىلىق ساقچىخانىغا باردى ۋە ساقچىخانا باشلىقى
بىلەن يېرىم سائەتتەك سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ساقچىخانا
باشلىقى خېلى تۈزۈك ئادەمدەك قىلاتتى . ياش جۇۋان ئۇنىڭدىن
رازى بولۇپ نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .
— ئىنىڭىز بەك تەرسا - جاھىل ئىكەن ، بىز سورىغان
سوئاللارغا توغرا جاۋاب بەرمەي تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالدى .
بولمىسا ئۇ ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن بولاتتى ، — دېدى ساقچىخا-

نا باشلىقى ،— بىز گىمۇ بىر ئاز پۇرسەت بېرىڭ ، ئەتىگىچە ئويلىـ.
شايلى ، مەن چوقۇم كۆچ چىقىرىمەن ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ .
— شۇنداق قىلسىلا ، جېنىم سوجاڭ ، ياش بالىلار قىزىققان
بولىدىكەن ، كۆڭۈللىرىگە ھەرگىز ئالمىسىلا ، بىزدىن يانمىسا ،
خۇدايىمدىن يانار . ئۆگۈنلۈككە مەرھۇم ئانىمىزنىڭ يەتتە نەزىـ.
ـرى ، ئۆلۈمىدە بولالمىدى ، بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرىدۇ ، يەتتە نەزىـ.
ـرىنى بولسىمۇ ئۆزى ئۇستىدە دەسسەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋالسۇن .
— بولىدۇ ، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلىڭ ، يۈزىڭىزنى قىـ.
لىپ چىقىرىپ بېرەي ، شۇنىڭغىچە مەن جۇيجاڭغا تەستىقلىتىپ
كېلىمەن .
— شۇنداق قىلسىلا ، سوجاڭ ، خۇش بولۇپ كېتەي .
— ماڭا ئىشىنىڭ ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ .
ئۇ ساقچىخانىدىن يېنىكلەپ ، ئۈچ كۈندىن بېرى ماڭغان
يوللىرىنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قايتىپ
چىقتى - دە ، ئۆيگە ئالدىراپ ماڭدى . ئۆيگە كېلىپلا ئۇنىڭ يولىغا
تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇرغان دادىسىغا ھەم ئانىسىنىڭ يەتتە
نەزىرىگە ئولتۇرۇپ قالغانلارغا ساقچىخانا باشلىقىنىڭ خېلى تۈـ.
زۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى ، قىلغان سۆزلىرىنى ئىلىك ئېلىپ مەتـ.
ـسىدىقنىڭ چىقىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ، مەتسىدىق ئۆزىـ.
ـنىڭمۇ ئەتە قايتىپ چىقىدىغانلىقىنى ، مەتسىدىقنىڭ خاتالىقى ئېـ.
غىزىدىن كەتكەن خاتالىق ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىۋەتـ.
ـسىمۇ بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ھەممەيلەننى خاتىرجەم قىلدى .
— جېنىم بالام ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدە بولالمىغانلىقىغا قانچىـ.
لىك ئازابلىنىپ كەتكەندۇ ،— دادىسى تاراملاپ تۆكۈلۈپ ئۇنسىز
يىغلاپ كەتتى ،— بەش مىڭ يۈەن جايلاپ كېلىمەن ، خاتىرجەم
بول ، دادا ، ئانام ساقىيىپ كېتىدۇ ، دېگەن . بېشىغا ئۇشتۇمتۇت
دەرد - ئەلەم كېلىشىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى - دە ، ئەتە كەلسە
قانداق بولۇپ كېتەر… كەمبەغەلنىڭ تەلىيى دائىم كاج بولامدىـ.

غاندۇ ، ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ : «بالام كادىر بولدى» دەپ بېشى ئاسمانغا يەتكەن ، ھەي بىۋاپا ئالەم ...

— بولدى يىغلىمىسىلا ،— تەسەللى بەردى باشقىلار ،— بەندە ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشىنى ، قانداق تەقدىر - قىسمەتلەرگە قېلىشىنى بىلمەيدۇ - دە.... خۇدادىن كەلگەن ئەجەلگە باشقا گەپ قىلمىغۇلۇق ، سەۋر قىلماق زۆرۈر ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سەۋر قىلغان ئاممىنىڭ گۇناھىدىن خۇدامۇ ئۆتىدۇ .

— شۇنداق ، ھەق گەپ بولدى ،— باشقىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى .

ئۆيدە نەزىرىنىڭ تەييارلىقى قىلىنماقتا ئىدى . تەييارلىق قىلىپقۇ ئات - تۆگە سويماقچى بولۇۋاتقىنى يوق ، نەزىرگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن ئۇماچ ھەم بىر تالدىن قويماق قويماقچى . قويماقنى ئاچىسى ئەكەلگەن ئاق ئۇندىن سىلىۋاتىدۇ ، ماينىمۇ شۇ ئەكەلگەن ، بولمىسا ئۇمۇ يوقتى . ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ ئائىلىدە بىر قىز تۇغۇلۇپ ، بويىغا يېتىپ ناھىيىگە ياتلىق قىلىنغانىكەن . ئۆلۈمنىڭ ھەممە چىقىمى ئاشۇ كۆيۈمچان قىز تەرىپىدىن قىلىندى . يىگىرمە نەچچە يىل ئىجىل - ئىناق ئۆتكەن بىر ئائىلىدىن شۇنچىلىك نەرسىلەرنىڭ چىقماسلىقى نەقەدەر ئېغىر ھەم ئېچىنىشلىق ئىش - ھە ! ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇنداق مۇكچىيىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەر بەلكى بۇ ئىشلارنى ئويلاپمۇ كەتمەس .

بەزى كۈنلەر شۇنداق چاپسان ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپمۇ يېتەلمەيسەن ، بەزى كۈنلەر شۇنداق ئاستا سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتىدۇ ، ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ ، بىزەڭلىكىدىن بىزار بولۇپ ھارىسەن . بۈگۈنكى كۈن مەتىسىدىقنىڭ ئاچىسى ئۈچۈن شۇنچىلىك سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتتى ، خۇددى قوياش قىمىرلىمىغاندەك . تاڭنى ئاتقۇزماق قانچىلىك تەس بولغان بولسا ، ۋاقىتنى چۈشكە يەتكۈزمەك شۇنچىلىك قىيىن بولدى . چۈش-

تىن كېيىن ئۇ زور ئۈمىد بىلەن يولغا چىقتى. «ئىنىمنى كۆرىمەن، قانداق بولۇپ كەتتىكىن؟ سوجاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، — دەپ ئويلاپ كېتىپ باراتتى ئۇ قەدەملىرىنى ئالدىراپ بېسىپ، — تىت - تىت بولغاندۇ، تېپىرلىغاندۇ، مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە ئۆزىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنغاندۇ، زارلاپ قاقشىغاندۇ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغاندۇ، بىچارە ئۇكام، تەلەيسىز ئۇكام...»

ئۇ ساقچىخانىغا كىرىپ كەلدى. ساقچىخانا باشلىقى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. ئۇ مەتىسىدىقنى ئاچىسى كېلىشتىن بۇرۇن باشقا تۈرمىگە يۆتكىۋېتىپ خاتىرجەم بولغانىدى.

— كېلىڭ، ئورۇندۇققا كېلىڭ، ئازادە ئولتۇرۇڭ!

ياش جۇۋان: «بەزىلەر ساقچىلارغا قاراشقىمۇ ئادەم ئەيمىنىدۇ دەۋاتاتتى، ئۇنداق ئەمەسكەنغۇ، ئەدەپلىك، سىلىق ئىكەنغۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

— خوش، سىزنىڭ يۇزىڭىز ئۇستۇن كېلىپ، ئىنىڭىزنى چىقىرىدىپ بەرمەكچى بولدۇم، بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنسىز، — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىز ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدىم... مېنى قانداق رازى قىلماقچى بولۇۋاتىسىز... ئەلۋەتتە ھاردۇقۇمنى چىقىرارسىز؟ سىزنى قىلغاننى بىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ياش جۇۋان كۆزىنى پەسكە ئېلىپ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، سۆزىنىڭ تېگىدە قانداق مەنىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ساقچىخانا باشلىقىچۇ؟ ئۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاق يۈزىگە، سۈزۈك بويۇنلىرىغا، نېپىز ھال رەڭ لەۋلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ نەپسى تاقىلداپ، ئېغىزى تامشىپ كېتىۋاتاتتى. ياش جۇۋان: «قانداق رازى قىلارمەن، ‹ھاردۇقۇمنى چىقىرارسىز› دەيدۇ. بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ -

دە! ھازىر نەدە پۇل، ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى بۇرۇنراق ئۇققان بولسام، بىر ئىلاج قىلىپ پۇل جايلاپ كېلەر ئىدىم، تۇۋا، قانۇن ئورۇنلىرىمۇ پۇل تەلەپ قىلىدىكەن - دە!…» دەپ ئويلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئوڭايسىزلىنىپ قارىدى.

— ئۆلۈملۈك بولۇپ قېلىپ قولىمىز قىسقا بولۇپ قالدى. خاپا بولماي، تەخىر قىلىپ تۇرسىلا سوجاڭ، بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىپ سىلىنى جەزمەن رازى قىلىپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ساقچىخانا باشلىقى ئۆز مەقسىتىنى باشقىچە چۈشىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا بولىدۇ، ئاۋۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ تۇرۇڭ، مەن ئىنىڭىزنى باشلاپ چىقاي.

مەتسىدىقنىڭ ئاچىسى ئىچكەركى ئۆيگە — مەتسىدىق بىرنەچچە كۈن ياتقان سولاقخانىغا، ساقچىخانا باشلىقى سىرتقا ماڭدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ بىرەر مىنۇت تۇردى - دە، قايتىپ كىردى ھەم ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى، ئاندىن سولاقخانا ئۆيگە كىردى. ياش جۇۋان نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشىكنىمۇ ئىچىدىن ئىلىپ ياش جۇۋاننىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ تويۇقسىزلا چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ۋاي! سوجاڭ… نېمە قىلىۋاتىدىلا… نېمە ئىش بۇ، ئۇنداق قىلمىسىلا… سىلى ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ مۇنداق قىلسىلا… قانۇننى… قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلسىلا بولامدۇ؟!… — ياش جۇۋان خۇددى تورغا چۈشۈپ قالغان بۆدۈنىدەك تېپىرلاپ، ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدىن چىقىپ كېتىشكە ئورۇندى ۋە ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي قاتتىق ھاسىراپ قىينالماقتا ئىدى.

— مەن سەندىن پۇل تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق ،— ئۇ «سىز» لەشتىن بىردىنلا «سەن» لەشكە ئۆتكەندى ،— تېپىرلاپ ئاۋارە بولما ، بەرىبىر چاڭگىلىمدىن چىقىپ كېتەلمەيسەن ، ماڭا ئۆزۈڭنى ئون مىنۇت ئاتا قىلساڭلا بولدى ، سەندىن رازى بولۇپ ، ئەتە ئەتىگەندىلا ئىنىڭنى چىقىرىپ بېرىمەن... قانداق ياخشىلىق قىلامدىكەنسەن ،— ساقچىخانا باشلىقى شۇنچىلىك ئورۇق ، كۆچ - مادارسىز ياش جۇۋاننىڭ قوللىرىنى شۇنچىلىك ئاسانلا قايرىپ ھەدەپ سۆيمەكتە ۋە تېپىرلاشلار ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇ-ماقتا ئىدى .

— ۋاي ، خۇدايىم ! قانداق قىلارمەن ... ،— ھاسىراپ - ھاسىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى ئۇ ،— نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق بۇ ... ھايۋانمۇ بۇنچىلىك بولماس... قويۇۋەتسىلە سوجاڭ ، مېنىڭ ئېرىم بار ، ئۆيۈمنى پاكىز تۇتقىلى قويسىلا ، جېنىم سوجاڭ...

— ئېرىڭ قاراپ تۇراتتىمۇ ، ئەخمەق .

— خۇدايىم قاراپ تۇرىدۇ... خۇدايىمدىن قورقمامسىلا ، سوجاڭ .

— مېنى خۇش قىلساڭ خۇدايىممۇ خۇش بولىدۇ ، تەشنالىقنى قاندۇرۇش — ساۋابلىق ئىش ، خۇدايىم تەشنالىقنى قاندۇر-غانلارنىڭ بەختىنى بېرىدۇ .

ئۇ تېپىرلاپ ، كۆچىنىپ ، ھالسىراپ كەتكەن ياش جۇۋاننى يېنىككىدە كۆتۈرۈپ باستى - دە ، ئۇستىگە ئېغىر گەۋدىسىنى تاشلىدى . ئۇ قانچە تېپىرلاپ قارشىلىق قىلىپمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلى-دىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدى . ۋارقىراي دېسە ، خەلقئالەم ئالدىدا سەتچىلىكتىن ؛ ۋارقىرىماي دېسە ، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قورق-تى . ئاغىچە ئۇمۇ نەپسىنى قاندۇرۇشقا باشلىغانىدى . بىچارە ياش ئايال قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشنىڭ ئامالىنى ھەرگىزمۇ قىلالمىدى...

— ئەتە ئەتىگەن ئىنىڭ قويۇپ بېرىلىدۇ ،— دېدى ئۇ ئورنى-

دىن تۇرۇۋېتىپ ،— ئۇنى ئۆيۈگە كۈتۈۋال ، قوپە ئۆلۈك ، ھېلى
بىكار…
ياش جۇۋان ئۇنچىقمىدى - دە ، تالاغا چىقتى ۋە بېشى
پىرقىراپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ماڭالماي قالدى ھەم ئۆزىنى
مەينەتچىلىككە پېتىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى . بىردەم تۇرۇۋې-
لىپ كېيىم - كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭ-
شىدى ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەتكىنىگە خۇش بولۇپ ئاستا
قەدەم باستى . «قۇتۇلغىنىمغۇ قۇتۇلدۇم ، بىراق بۇلغىنىپ بول-
دۇم . بۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن ، ئېرىمگە نېمىمۇ
دەرمەن ،— دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ ئۆزىنى ئەرزىمەس نەرسىگە
ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىپ ھەم سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ ، —
ساقچىلارنى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ ، يامان ئادەملەردىن
ھىمايە قىلىدۇ ، دېيىدى . قېنى ھىمايە قىلغىنى ؟ قېنى قوغدىغى-
نى ؟… يامان ئادەملەردىن ھىمايە قىلىش ئەمەس ، ئۆزلىرى ئەڭ
ياۋۇز ئىكەنغۇ ! ئەسكىلىكنى ، ئىپلاس ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلى-
دىكەنغۇ… ئاھ ، خۇدا ! قانداق قىلارمەن ، نېمە ئىشلار بۇ ،
دوزاخقا كىرمەي تۇرۇپ دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆردۈمغۇ… خۇدايىم
مۇشۇنداق باسقۇنچى ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلارنىڭ
جاجىسىنى بېرىپ ئۇلارنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا ، شەرمەندە
قىلىۋەتسە بولمامدىغاندۇ… ‹خوتۇن - قىزلار ئاجىز بولىدۇ ›
دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىم ، راست ئاجىزكەن-
مىز ، ئەرلەرگە ھامان بوزەك بولىدىكەنمىز ، قولىمىزدىن ھېچ-
نېمە كەلمەيدىكەن ، شۇنداقكەن… بۇ ئىشلارنىڭمۇ سورىقى بولۇپ
قالار ، دۇنيادا ياخشى ئادەملەر كۆپقۇ… »

※ ※

مەتسىدىقنى ئەتىسى ئەمەس ، ئۆگۈنى — يەنى ئانىسىنىڭ
يەتتە نەزىرى ئۆتۈپ ، بىر كۈندىن كېيىن قويۇپ بەردى . ئۇ

چىقىپلا ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقتى ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ
يىغلىدى ، ئوغۇل بالىمەن دەپ بىلىنى باغلاپ يۈرگىنىگە ئۆزىنى
ئۆزى تىللاپ ، ئانىسىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىدە بولالمىغىنىغا قاتـ-
تىق ئاھ ئۇردى ، ئازابلاندى . ئۇ ئۆزىنى قانچە ئەيىبلىسىمۇ ،
ئانىسى بەرىبىر بۇ دۇنيا بىلەن ئاللىقاچان خوشلىشىپ كېتىپ
قالغانىدى .

ئۇ ئاپىسىنى ئويلاۋاتقان ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارسىز ياش
تۆكۈۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ رەيھانگۈل خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى
بولمىدى . «بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بارالمىدىم ، بېرىشقىمۇ ئامالىم
بولمىدى ،— دەپ ئويلىدى ئۇ تىت - تىت بولۇپ ،— بىراق ،
ئۇ بۇ كېلىشمەسلىكلەرنى ، بېشىمغا تۇيۇقسىز كەلگەن دەرد -
ئەلەملەرنى بىلمەيدۇ ، بەلكى ئۇ مېنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيـ-
دىغان جۈرئەتسىز ، يارىماس ئادەمگە چىقىرىۋەتكەندۇ... ھازىرمۇ
نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن ، يولۇمغا قاراپ - قاراپ ھارغاندۇ ،
لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ، ئۈمىدىنى ئۈزمەي يەنە يولۇمغا ئىنتىـ-
زارلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندۇ ، بىچارە قىز شۇ تاپتا نېمە
كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلى قارا ، پەيلى
يامان ئىدى . پۈتۈن ئائىلىسىدە ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان بىرىمۇ
كىشى يوق ئىدى» .

مەتسىدىق شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ناھىيىگە قاراپ يول
ئالدى . ئۇ يەنىلا ئۆز بەختىگە ئىنتىلىپ ، ئۆز بەختىنى تېپىش
ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش يولىغا چۈشكەنىدى . ئۇنىڭ ئۆز بەختىگە
ئىنتىلىش ھوقۇقى يوقمۇ ؟ ئۇ ئادەم ، ئادەمنىڭ ئۆز بەختىگە
ئىنتىلىشى ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ، مىجەز - خاراكتېرى ، مۇقەر-
رەر باسىدىغان يولى . شۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ قەدەملىرىنى ئىلـ-
داملىتىۋاتىدۇ ، ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتىدۇ . ئادەم بىرەر
ئوڭۇشسىزلىققا ، پېشكەللىككە ، ئېغىر كۈنگە قالغاندا ، ئۆز بەخـ-
تىگە ئىنتىلىش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ تۇيۇلىدۇ . مەتسىدىقنىڭ

رەيھانگۈلنى كۆرمىگىنىگە ئۇن تۆت كۈن بولدى. ئەسلىدە ئۇ
رەيھانگۈلنىڭ بېشىغا ئېغىر قىسمەت كېلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە
ئۇنى ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر يوقلاپ تۇرۇشى، ھالىدىن خەۋەر
ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئېغىر
كۈندىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئويلاشقان، شۇنداق ھەرىكەت
قىلمىسا رەيھانگۈل ئۆمۈرلۈك ئازابتا، بەختسىزلىكتە قالاتتى.
لېكىن، تازا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا مەتسىدىق ئۆزىمۇ ئويلىمىغان
يەردىن قارا زۇلمەتنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن
شۇ مەزگىلدە قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى تاپالمىدى ھەم تاپال-
مايتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن رەيھانگۈل خەۋەرسىز، ھازىرقى گەپ،
رەيھانگۈل ھېلىمۇ مەتسىدىقنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلەي
دېدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى
بىرگىنچلىك تەقدىرىنىڭ قوينىغا تاشلاپ بېرىپ بولدىمۇ؟... بۇ
تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، بىزگىمۇ قاراڭغۇ. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيال-
لىرى ئۇنىڭدىن نېرىگە ئۆتەلمەيتتى.

مەتسىدىق قەدەملىرىنى ئىلداملىتىپ مېڭىپ ناھىيە بازىرىغا
يېتىپ باردى ۋە ئۇ ئالدى بىلەن رەيھانگۈلنىڭ تىككۈچىلىك
قىلىدىغان دۇكىنىنىڭ ئالدىغا باردى. دۇكان ئېتىكلىك، ئۇنىڭ
ۋىۋىسكىسىمۇ ئېلىۋېتىلگەنىدى. دۇكان نېمىشقا ئېتىلىپ، ۋى-
ۋىسكىسى ئېلىۋېتىلدى، نېمە ئۆزگىرىش بۇ؟... بۇ نېمىدىن
دالالەت بېرىدۇ ـ ھە؟... مەتسىدىقنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ
كەتتى... ئۇ ھەر خىل خىياللار، ئەندىشىلەر ئىسكەنجىسىدە تۇ-
رۇپلا قالدى، ئۆيىگە بېرىش كېرەكمۇ ـ يە؟ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا
بارغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قانداق چاقىرتىدۇ، ئىشىكىنىڭ ئالدىدى-
كى بوتكىدا دادىسى بولسىچۇ؟... ئۇ بېرىراق كېلىپ نېمە قىلارد-
نى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇردى. كوچىدا كىشىلەر كۆپ ئىدى، ئۆز
ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ-
نىڭغا پۈتۈن ئادەملەر، ناھىيە بازىرى نېمىشقىدۇ غەمدە قالغاندەك

تۇيۇلۇپ كەتتى . شۇ ئەسنادا مەتسىدىق «ئۇچقۇر قانات» يۈك چۈشۈرۈش ـ يۈك بېسىش شىركىتىدە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا تونۇشۇپ قالغان پاكار بويلۇق ، بىر دېمەتلىك ئابدۇكېرىم ئاتلىق ياش يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .

— بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ، ئاداش ؟ — دېدى ئۇ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن .

— ئاۋۇ تىككۈچىلىك دۇكىنىدا رەيھانگۈل دەيدىغان ماشىنىچى قىز بولىدىغان ، يوق تۇرىدۇ ، دۇكانمۇ ئېتىلىپ قاپتۇ ، نېمە بولغاندۇ ؟

— ھە ، قىزنى دەمسەن ، سەن تېخى ئاڭلىمىدىڭما ؟

— ياق ، نېمە بولدى ؟… ئاغرىپ يېتىپ قاپتىمۇ ، يا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپتىمۇ ؟

— راست ، سەن ئاڭلىماپسەن ـ ھە… ئۇ قىز ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى !

— نېمە ! — مەتسىدىق داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ، بىردىنلا تىكەنلىشىپ كەتكەن گەۋدىسى سىلكىنىپ ، كۆزلىرى يېنىپ كەتتى .

— ئۇ قىزنى ئاتا ـ ئانىسى ئۆزىنىڭ دادىسىدەك بىر ئادەمگە ، سەنمۇ بىلىدىغانسەن ، ناھىيىمىزدە كېرىم باي دېگەن باي سودىگەرگە مەجبۇرلاپ بەرمەكچى بولغاندا ، ئۇ بىچارە قىز قوي ئېغىلىغا كىرىپ ئۆزىگە ئۆزى سىرتماق ساپتۇ ئەمەسمۇ ! !

مەتسىدىقنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، قاتتىق ئەندىكىپ ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى . كۆڭلىدە قارا بوراندەك پەيدا بولغان مەڭگۈلۈك ئايرىلىش — جۇدالىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنى بوشاشتۇرۇپ تاس قالدى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتكىلى ۋە ئۆزىمۇ قالايمىقان ئۇرۇپ كەتكەن يۈرىكىدە ئۆچمەس مۇسىبەتلىك ئۇچقۇنلارنىڭ يانغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى .

— ئاڭلىساق ، ئەسلى ئۇ قىزنىڭ سەھـرالىق سۆيـگەن يىگىـتى بار ئىكەن ، ئۇ يىگىـت بەكمۇ نامرات ئائىلىنىڭ بالىـ سىكەن ، — ئۇنىڭ چىرايىدا ھەم غەمكىنلىك ، ھەم غەزەپ ئۇچـ قۇنلىرى ياندى ،— قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «قىزىمىزنى ئۇنداق نامراتنىڭ بالىسىغا ھەرگىز بەرمەيمىز !» دەپ قىز قانچىلىك قارشىلىق قىلسىمۇ ، ئۇنىڭ زارىغا قۇلاق سالماي ، ئاشۇ قېرىغا مەجبۇرلاپ بەرمەكچى بوپتىكەن ، بەرمىسەڭ مانا ئەمىسە ، دەپ قىز ئۆلۈۋاپتۇ ، ئاجايىپ ۋىجدانلىق قىزكەن ئەمەسمۇ ، ۋىجدانىـ غا ، سۆيگۈنىگە سادىق بولۇپ ياش جېنىنى خازان قىپتۇ ، كۆرـ دۈڭمۇ ، مۇنداقمۇ ئېسىل ، پىداكار قىزلار بولىدىكەن جۇمۇ ! كىتاب ـ كىنولاردىلا كۆرىـدىغان ئىشلارنـى ئەمەلىيەتتىمۇ كۆرـ دۈق ، ئاداش .

بۇ گەپ مەتسىدىقنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تېخىمۇ ئۆرتەپ ، ئۆزىنى تۈۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدى .

«ئانامدىنمۇ ، رەيھانگۈلدىنمۇ ئايرىلىپتىمەن ، ئانامغۇ كېـ سەل بولۇپ قېلىـپ ساقىـيالماي كېـتىپ قالـدى ، رەيھانگۈلـ چۇ ؟— دەپ ئويلىدى ئۇ يېزا يولىدا كېتىۋېتىپ ،— مېنىڭ ۋاقتىدا بارالماسلىقىم ، بېرىش ئىمكانىيىتىمنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېتىپ قالدى . بۇنىڭغا يەنىلا مەن سەۋەبچى… قانداق قىلاي ، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن دەردلەرنى قانداقمۇ سىڭدۈـ رىمەن ، ياشىماق نېمانچە تەستۇ ؟ دەرد ـ ئەلەم مېنىلا ئانىي تاپامدىغاندۇ ؟ ئۇھ… »

ئۇ ناھىيىگە يۈگۈرگەندەك بارغانسېرى ئىتتىكلەپ ، ئۈمىدـ لىنىپ ماڭغان . مانا ئەمدى قايتقاندا ئۈمىدلىرى ئۈزۈلۈپ ، يۈرىـ غا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئاستا ، ئۈياق ـ بۇياققا تاشلىنىپ دەلدەڭشىپ ماڭدى ۋە بولالماي يېرىم يولدا ئېرىق قىرىدا ئولتۇـ رۇپ قالدى . بەدەن ـ بەدەنلىرىنى توختىماي سىلكىۋاتقان ھېسـ سىياتلىرىنى بېسىپ بىردەم ئولتۇردى ، كەيىنى ـ كەينىدىن

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا ماڭدى.

مەتسىدىق كەچقۇرۇنلۇقى ئانىسىز قالغان مۇڭلۇق ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تەكچىدە جىنچىراغ پىلىلداپ يېنىپ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتقانىدى. دادىسىمۇ، ئىنىسى مەتسېلىممۇ غېرىبسىنىپ مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ دادىسى ئېلىپ قويغان بىر چىنە ئوماچنى ئىچىپ بولۇپ ئىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر ئېغىزمۇ گەپ بولۇنمىدى. ھەممىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن، ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇ جىمجىتلىقتا ئېغىر مۇسىبەت، جۇدالىق ھەسرىتى، يۈرەك جاراھىتى، چوڭقۇر دەرد - ئەلەم ۋە ئەستىن چىقماس غەم - قايغۇ يوشۇرۇنغانىدى. غەم - قايغۇ — ئىشلىرى ئوڭدىن كەلمەيۋاتقان ئادەمنى تاپسا بارغانسېرى زورىيىپ، ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق ئۈنسىز، ئېغىر جىمجىتلىقتا سېلىپ قوياتتى.

ئەتىسى مەتسىدىق كۆڭلى تارتىپ تۇرغان ناھىيە بازىرىغا كەلدى ۋە رەيھانگۈلنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇددى قاراش مەنئى قىلىنغاندەك دۇكانغا يوشۇرۇنچە ئاستا قارىدى. ئېتىكلىك دۇكان ئۇمچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى يانغان كۆزلىرىنى پەسكە ئالدى - دە، ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆي ئىچىدىن ئاچىسىنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ: «بولدى، يىغلىما... سەندە نېمە گۇناھ... ئۇ سەن خالاپ قىلغان ئىش ئەمەس...» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ ئاچىسىنىڭ يىغىسى بېسىلغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردى. ئاچىسى ئىنىسىنى كۆرۈپ شۇئان سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ئۇ شۇ چىققانچە يېنىپ كىرمىدى. مەتسىدىق بىر سائەتچە ئولتۇرۇپ ئاچىسىنىڭ يولدىشىدىن ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئاچىسىغا قىلغان زورلۇقلىرىنى ئاڭلىدى - دە،

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى...

چىرايىدا قان قالمىغان مەتسىدىق نېمە قىلارىنى بىلمەي كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە تەگسىز خىيالغا پېتىپ تۇرۇپلا قالدى ، بارا - بارا ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىترەپ سىلكىنىشكە باشلىدى... ئاچىسىنىڭ تارتقان خورلۇقلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ يېرىلىپ كېتەي دېگەندى .

— قانداق قىلىمىز ،— دېدى ئاچىسىنىڭ يولدىشى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ ،— مەن سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەپ تۇراتتىم ، سىزنىڭ كېلىپ قالغىنىڭىز ياخشى بولدى .

— مەنمۇ قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمەن...

— ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بارايمىكىن دەيمەن . نېمىدېگەن ئېغىر خورلۇق بۇ ! مەن تېخىمۇ ئېغىر خورلىنىۋاتىمەن ، دۇنيادا خورلىنىشتىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمايدىكەن... نېمىشقا ئاشۇنىداق زوراۋانلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ - ھە ؟... كۆز يېشى قىلىش ، بوزەك بولۇش بىزنىڭ پېشانىمىزگىلا يېزىلغانمۇ ؟... قانداق قىلىمىز ، ماڭا تۈزۈك مەسلىھەت بېرىڭا ، ئۇكا ؟ — غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى .

— شۇجىنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭىز بىكار ،— دېدى مەتسىدىق قولىنى شىلتىپ ۋە غەزەپ - نەپرەتتىن تىترەپ ،— قانۇن - نىزام قېنى ؟ جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قانۇن نەگە كەتتى ؟ ... قانۇننى قوغداپ ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇننى مۇشۇنداق ئاياغ ئاستى قىلسا ، باشقىلار نېمە قىلمايدۇ ؟ !... مەن بېرىپ كۆرگەن ، بېشىمدىن ئۆتكەن... ئۆتكەندە شۇجىنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئىدىمغۇ ، ئۇ كادىرلار سىياسىتىنى ئىجرا قىلماي ، مېنى ئىشخانىسىدىن قوغلاپ چىقاردىغۇ ، شۇ ئورۇننى ، شۇ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا كىم بەرگەن ؟... بولدى ، ئەمدى ھېچنەگە بارماسلىق كېرەك ، جاھان شۇنداقكەن ، قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدى-

كەن ، بارغانىنىڭمۇ پايدىسى يوق . يۈرەكتىكى يارىلارنى كۆپەيتىپ نېمە قىلىمىز .

— ياق ، مەن سىز ئالدىغا كىرگەن شۈجىنى دەۋاتقىنىم يوق ، مۇئاۋىن خەن شۈجىنى دەۋاتىمەن . ئۇ باشقىچە ئادەمكەن ، پۇقرالارنى ئويلايدىكەن ، ھەق - ناھەقنىڭ تېگىگە يېتىپ ئادىل ئىش قىلىدىكەن .

— شۇنداقمۇ ، خەن مۇئاۋىن شۈجى دېگىنىڭىز ھېلىقى قولىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان ، چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپمايدىغان ، چىرايى سۇرلۇك ، پاكىنەك ئادەمما ؟

— تاپتىڭىز ، دەل ئۆزى ، سىز ئاڭلىمىغان ئوخشايسىز ، بىر ئاينىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر ئىش بوپتۇ : قارىياغاچ يېزىلىق پارتكوم شۈجىسى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى بىر ئىش ئۈستىدە گەپ تالىشىپ قاپتۇ . ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ بىر - بىرىگە يول بەرمەپتۇ . شۈجى ئەمدىلا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن تاۋ يىجۇڭ ئىكەن . ئۇ ئەسلىدە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى بولۇپ ، يېزىلىق پارتكومغا ئۆستۈرۈلۈپ يۆتكەلگەنىكەن . ئۇنىڭ كەلگىنىگە تېخى يېرىم يىلمۇ بولمىغانىكەن . يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئەللىك بەش ياشلىق ، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن ساۋۇت توختى ئاتلىق ئادەم ئىكەن . ئىككىسى گەپ تەرگىشىپ ئاخىر قىزىرىدىشىپ كېتىپتۇ . تاۋ يىجۇڭ : «مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامسەن ، يوق ؟ » دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپتۇ . يېزا باشلىقى : «سېنىڭ گېپىڭ خاتا تۇرسا نېمىشقا ئاڭلىغۇدەكمەن » دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ . ياش بالا ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ - دە ، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئىشخانىدىن غولىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپتۇ . ساۋۇت توختى بولسا بالىسىدەك ئادەمدىن تاياق يېگەنلىكىگە چىدىماي يىغلاپ كېتىپتۇ - دە ، ئۇن - تىنىسىز ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ . ئەمما ،

ئۆيىگە كېلىپلا يەنە يىغلاپ كېتىپتۇ… ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەھۋال-نى ئۇقۇپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئىككىنچى ئوغلى: «ھەي، دادا، ئاشۇ كىچىككىنە بالىدىن تاياق يەپ كەلدىڭمۇ… نېمىشقا سەنمۇ بىرگە بىرنى قوشۇپ ئىككىنى سالمىدىڭ، قويغىنە سېنى!…» دەپتۇ غەزەپلىنىپ. دادىسى: «مەنمۇ راسا سالاي دېگەن، لېكىن ئۇنىڭ كۆرۈنمەي، مېنىڭ ھېساپ بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئېھتى-يات قىلدىم» دەپتۇ. بىرىنچى ئوغلى: «ھەي، جېنىم دادا، سەن دائىم بىزگە باشقىلارغا ھەرگىز بىرىنچى بولۇپ چېقىلماڭلار، باشقىلار چېقىلسا قاراپ تۇرماڭلار دەيتتىڭغۇ، ئۆزۈڭنىڭ گېپىگە ئۆزۈڭ ئەمەل قىلماپسەنغۇ؟… ئەسلىدە سېنىڭمۇ قول ياندۇرىدى-غان نۆۋىتىڭ كەپتىكەن ئەمەسمۇ… خەير، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋې-تىپسەن… مۇنداقلا بولدى قىلىۋەتسەڭ بولماس، بۇنىڭدىن كې-يىنمۇ خىزمەت ئۈستىدە مۇنداق تالاش ــ تارتىشلار يەنە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دائىملا تاياق يەپ يۈرەمسەن… ياخشىسى، يۇقىرىغا ئەرز قىل، كىشىلەر ناھىيىدىكى خەن شۈجىنى بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىدىغان، ھەق ــ ناھەقنى ئايرىيدىغان ياخشى شۈجى، دەپ تەرىپلىشىدىكەن، شۇنىڭ ئالدىغا بار، بولمى-سا خورلۇق ئازابىدىن بىزمۇ، سەنمۇ قۇتۇلالمايمىز، دادا!» دەپتۇ. بالىلىرىنىڭ پىكرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ساۋۇت توختى ناھىيىگە كىرىپ خەن شۈجىنىڭ ئالدىغا بې-رىپتۇ ــ دە، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىپتۇ. ئاخىر قانداق بوپتۇ دېمەمسىز، تاۋ يىجۇڭنى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، باشقا يېزىغا ئادەتتىكى كادىر قى-لىپ يۆتكىۋېتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەتسىدىقنىڭ تۇمانلاشقان كۆڭلى يورۇپ:

— بولدى، مەنلا باراي، خەن شۇجىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈملا كىرەي، — دېدى مەتسىدىق دەرھاللا.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا كىرىپ

خەن شۇجىنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە ، يېزىلىق ساقچىخانا باشلىقى ـ
نىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆزلەپ چىقتى .
ئەمما ، خەن شۇجىنىڭ دائىملا تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان سۇرلۇك چى ـ
رايىغا قاراپ ئىشلىرىنىڭ ئادىل ھەل بولۇشىدىن ئەنسىرەپ قال ـ
دى . خەن شۇجى قولىدىكى تاماكىسىنى كەينى ـ كەينىدىن
قاتتىق شوراپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە ، مۇنداق دېدى :
— بولغۇلۇق بوپتۇ ، مېنىڭمۇ غەزىپىم كەلدى ، بۇ قىلمىش
سىز دېگەندەكلا بولسا ، بىز ئۇنى قاتتىق جازالايمىز . مەن ئاچ ـ
چىمىزدىن ، سىلەرنىڭ ئائىلىدىن كەچۈرۈم سورايمەن . بىر قانۇننى
ئىجرا قىلغۇچى خادىمنىڭ سىز دېگەندەك قانۇننى ئاياغ ئاستى
قىلىشى — ئۇنىڭ ھەسسىلەپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ،
ئۇنى جازالىغاندىمۇ قاتتىق جازالايمىز . بىزگە ئىشىنىڭ ، پات
ئارىدا بۇ ئىش سىز ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇقراق ھەل بولىدۇ .

※ ※

شۇ ئىشلاردىن كېيىن مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت ـ بەش
كۈن ئۆتۈپمۇ كەتتى . مەتسىدىق مەكتەپكە كەلگەندە ئۇنى سىنىپ
تەربىيىچىلىكتىن ھەم ئوقۇتقۇچىلىقتىن قالدۇرۇپ گېزىت ـ
ژۇرناللارنى تارقىتىدىغان ئىشقا قويغان . ھازىرغىچە شۇ ئىشنى
قىلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئىچى ئاغرىمىدى ، ئىچى ئاغرى ـ
غانلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى ، پەقەت كۆڭۈل ئېيتىپ
تەسەللى بېرىپلا قوياتتى ، مۇنداق تەسەللىلەر پىنھان جايلاردىلا
بولاتتى ، خالاس .
شۇنداق بولۇۋاتسىمۇ مەتسىدىق ئوقۇش ھەققىنىڭ ئېغىرلى ـ
قىدىن ، سىلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەكتەپكە كېلىشتىن توختاپ
قېلىشقا مەجبۇر بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ، بەزىدە
مەيۈسلىنىپ ، بەزىدە غەزەپلىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ . «نامرات دېھقان

بالىلىرىدىن ،— دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ پات ـ پات ،— نېمانچە كۆپ ئېلىنىدىغان ھەقلەر بۇ ، ھە؟… مەركەزدىن سىلىقلارنى يەڭگىللىتىش ، ئازايتىش توغرىسىدا يوليورۇقلار كېلىپ تۇرسىـ مۇ نېمىشقا ئەمەل قىلىنمايدۇ؟ چۈنكى ، يوليورۇقنى ئىجرا قىلىـ مىغانلارغا جازا بېرىلمەيدۇ ، يەرلىك شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەن . شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى بىلگەننى قىلىپ ، يۇقىرىنى ئالـ داپ يۈرۈۋېرىدۇ» .

ئۇلارنىڭ ئەرز ـ شىكايىتى ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەل بولدى . يېزىلىق ساقچىخانا باشلىقىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يەكۈنى چىقتى . خەن شۇجى مەتبۇئاتقا : «بىزگە ئىشىنىڭ ، پات ئارىدا بۇ ئىش سىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشىراق ھەل بولىدۇ» دېگەنىدى . راست شۇنداق بولدى . خەن شۇجى ئەۋەتكەن ئۈچ كىشلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى يېزىلىق ساقچىخانا باشلىقىنىڭ قىلمىشلىـ رىنى تەلتۆكۈس ئېنىقلاپ چىقتى ۋە ئۇنى ھەممە خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلىغانىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭغا قاماق جازاسىمۇ بەردى . ئەمما مەتبۇئاتنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنىڭ پەقەت بىرىلا يېشىلـ دى . «مۇنداق ئىشلار تېخى نۇرغۇن ،— دەپ ئويلىدى ،— بىزدەك ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلىپ بېشىغا كەلگەن ناھەقچىلىك ، خاتالىقلارنىڭ سەۋەبـ چىسىنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى جازالىتالايدۇ . لېكىن ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغانلارچۇ؟ مەسلەن ، بۇ زوراۋانلىق قىلمىشىنى سوراقلاش دادامنىڭ بېشىغا قالسا ، ئۇ : ‹بوپتىلا ، بىزنىڭ كۈـ چىمىز نەگە يېتەتتى ، ناھەقچىلىكنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىش بەسى مۇشكۈل ، بىز ئۇچۇن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى نەدە تۇرۇپـ تۇ !› دەپ شۇنچە زور قىلمىشنى بولدى قىلىۋېتەتتى . بۇ دادامـ نىڭلا ئەمەس ، نۇرغۇنلىغان دېھقانلارنىڭ ئەمەلىيەت بەرگەن چۈـ شەنچىسى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەيھانگۈلنىڭ ئۆلۈمى ، ئۇنىڭغا قول ـ قانات بولالمىغانلىقى ، بىللە بولۇشقا ئامالسىز قېلىشى

كەلسە ؛ تۇرۇپلا ئانىسىدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ قېلىشى ، ئۇ-
غۇل بالىمەن دەپ بېلىنى باغلاپ يۈرۈپمۇ داۋالىتىشقا قۇربىنىڭ
يەتمەسلىكى ، ئائىلىسىنىڭ تېخىچە نامراتلىق ئىسكەنجىسىدىن
قۇتۇلالماسلىقى ، ناھەق ئىشلارنىڭ پات - پات يۈز بېرىپ تۇرۇشى
ئۇنى دەرۋىش بولۇپ چىقىپ كېتىشكە ئۈندەپ تۇراتتى . ئۇ تۇ-
رۇپلا ھەممە نەرسىدىن ، ھاياتىدىن كەچكۈسى ؛ تۇرۇپلا يەنە كەل-
گۈسى كۆڭلەرگە ئۈمىد باغلاپ ياشىغۇسى كېلىپ قالاتتى .

ئاخىر ئۇ — يۈز بېرىۋاتقان نائىنسابلار قىلمىشلىرىدىن ،
قارا كۆڭۈل نائەھلىيلەر زوراۋانلىقىدىن ، سىياسەت ، بەلگىلىمە-
نى قايرىپ قويۇپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغانلار ئىشلىرىدىن ،
جاھان غوۋغاسىدىن خالىي بولۇشنى ئىستەپ ، كۆز كۆرىدىغان ،
قۇلاق ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئىشلاردىن نېرىراق يۈرۈشنى ئويلاپ
جىمىغۇر بولۇپ كەتتى .

## 15

چەكسىز كەتكەن قۇملۇق — تەكلىماكان .

تەكلىماكان دېسە ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا چېتى كۆرۈنمەس
چەكسىز كەتكەن قۇملۇق گەۋدىلىنىپ كېلىدۇ . بىراق ، ئۇ چەك-
سىز كەتكەن قۇملۇقلا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە
ئىپتىدائىي ئورمانلىقلار ، ھەر خىل ئۇچار قۇشلار ، ياۋايى ھايۋان-
لار ، يىل بويى ئۆكسۈمەيدىغان دەريا - ئېقىنلارمۇ بار . ئاشۇ
تىلسىملىق يەرلەردە ھاياتلىق بىردە كۆرۈنۈپ ، بىردە كۆرۈنمەي
داۋاملىشىپ تۇرىدۇ .

ئەنە قۇملۇقنى بېسىپ يالغۇز بىر ئادەم كېلىۋاتىدۇ . تەق-
دىرنىڭ رەھىمسىز قولى ئۇنى مۇشۇ ئادەمسىز چۆللۈككە پىرقى-
رىتىپ تاشلىغان . ئۇنىڭ قولىدا ئاقلانغان ، ئۆز ئىسمى ئويۇپ
چېكىلگەن ئۇزۇن تاياق ، مۈرىسىدە ئالا خۇرجۇن . ئۇنىڭ مەنزىلى

قەيەر ، نەگە بېرىپ ، نەدە توختايدۇ ، ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ . ئۇ بۇ دۇنيانىڭ مۇشۇنداق دەشت - باياۋانلىرىنى ، ئىزناسى بەزىدە كۆرۈنۈپ ، بەزىدە كۆرۈنمەي ئۇچۇپ كەتكەن پايانسىز يوللىرىنى كېزىشكە خۇشتار . ئۇنىڭ خۇشلۇقى چەكسىز . ئادەمسىز چۆل- لۈكتە ياشاۋاتقىنىغا ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ئۆتۈۋاتقىنىد- غا شۇنچىلىك خۇشال . ئادەملەر بارلىكى جايلاردا ، ئادەملەر ئارد- سىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ، ئادەمنى دەرغەزەپ قىلىدىغان نائەھ- لىيلىك ، كۆڭلى قارىلىق ، زورلاۋانلىقلارنى ، سۇخەنچى ، خۇشا- مەتچىلەرنى كۆرمەيدۇ ، ئاڭلىمايدۇ ، ئۇنىڭسىز هوشىنى بىلمەي- دىغان ئادەملەردەك ئارام ئېلىپ غەمسىز ياشايدۇ ، بۇ نېمىدىگەن راھەت !

يولۇچى — يولنىڭ بويىدىكى يوغان توغراقنىڭ ئاستىغا كېلىپ سايىداپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقچى بولدى . تايىقىنى خۇر- جۇننىڭ يېنىغا قويۇپ توغراققا يۆلەندى . ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىكى قۇم بارخانلىرىغا چۈشتى . دەريا تەرەپتىن ئۇچقان يېقىملىق شا- ماللار جانسىز قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە ئويناپ ، قۇملارنى تەۋرىد- تىپ ئۇچۇرماقتا ، يېرىم ئوچۇقچىلىقتىكى توغراقلىقنىڭ ئەترا- پىدا ئۈنگەن ، بويى بىر مېتىرمۇ كەلمەيدىغان شالاڭ ، يۇمران قومۇشلارنىڭ ئاجىز يۆپۈكلىرىنى ئاستا لىڭشىتماقتا ؛ بالدۇر كەلگەن باھار ئۇ تېخى كۆرمىگەن ياۋا گۈللەرنى يېنىك تەۋرەت- مەكتە . تەرلەپ كەتكەن يولۇچى توغراقنىڭ سايىسىدا هۇزۇرلىن- نىپ ئولتۇرۇپ ، دادىسى ، ئاچىسى بىلەن بولغان دەتالاشنى ئەس- لەپ قالدى :

«مەتسىدىق ، كەتمە بالام ، كەتمە ، بۇ يەر سېنىڭ تۇغۇلغان يېرىڭ ، جېنىڭ ، روھىڭ ، بارلىقىڭ ، ئەجدادىڭنىڭ ھەممىسى ، كۆيۈمچان ئاناڭمۇ مۇشۇ تۇپراق ئاستىدا ، ئۇلارنىڭ روھى بېشىڭ- غا قاتتىق كۈن چۈشكەندە سېنى يۆلەيدۇ... بىلىمەن ، دىلىڭ رەنجىدى ، مىجەزىڭ يېنىك ، ھەممە دەردۇبالالار مىجەزىڭنىڭ

يېنىكلىكىدىن بولدى. مىجەزى يېنىك ئادەم ئاچچىقىدىن تېز يانىدۇ ۋە خاپىلىقنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، سېنىڭ نېمىشقا ئۇنتۇلمايدىغاندۇ، جېنىم بالام...»

ئاچىسى دادىسىنى ياقلىدى:

«سەن ئۆز تارىخىڭنى، مەدەنىيىتىڭنى، ئەجدادىڭنى ۋە كىملىكىڭنى مەشەدىن تاپالايسەن، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىمەن دەيسەن، باشقا يەردە ھەرقانچە باي بولساڭمۇ غېرىبسىنىپ قالىسەن، بايلىقىڭ سېنىڭ غېرىبلىقىڭنى، مىسكىنلىكىڭنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.»

«ئۇنداق ئەمەس، ئاچا، مەن بايلىق، پۇل دەپ كېتىۋاتقىنىم يوق، پۇلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەملەرنىڭ قانچىلىك پەسكەشلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى يوقىتىۋاتقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شەھەردە بولسۇن، يېزىدا بولسۇن، ئادەمنى نەپرەتلەندۈرىدىغان، يىرگەندۈرىدىغان ئىشلارنى جىق كۆردۈم، بۇنىڭ داۋاسى يوقكەن، دەرد ـ ھەسرەتلىرىم ئىچىمگە پاتمىدى. زامان ھەسرەتكە ئەمەس، يالغان خۇشاللىقتا خۇشتاركەن... مەن يىراققا كەتمەيمەن، ئادەمسىز يەرگە كېتىمەن، مېنىڭ رىزقىم دەشت ـ باياۋانلارغا چېچىلغاندەك قىلىدۇ، بۇنىڭدىن بېشارەت بولدى، مەنزىلىم مېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

«ھەي، جېنىم بالام، ‹زامان قايان، سەن شۇيان› دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئۆزۈڭنى مۇنچىلىك ئاۋارىچىلىكلەرگە، سەرسانلىقلارغا سېلىپ نېمە قىلاتتىڭ...»

«شۇنداق، دادا، شۇ ئىشلارنى ئويلا ـ ئويلا ئاخىر جۇنۇن ھالىغا چۈشۈپ، پايانسىز دەشت ـ داللارنى كېزىش يولىنى تاللىدىم، يولۇمنى توسۇماڭلار، جاراھەتلەنگەن دىلىم مۇشۇ يولدىن ئەمىن تاپىدۇ.»

باش ئۈستىدىكى توغراق شېخىغا قونغان قاغىنىڭ قاقىلدىشى

ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئۈزۈپ قويدى .

دەشت ـ باياۋانلارنىڭ جىمجىتلىقى يەنە باشلاندى . ناگان ـ ناگاندا قەيەردىدۇر بىر يەرلەردە سايرىغان ھەر خىل قۇشلارنىڭ ئاۋازى سۇس ئاڭلىنىپ قالاتتى . قاياقتىندۇر ئۇرغان يېقىملىق شامال شۇرلاپ يېتىپ كەلدى . مەتسىدىق ئارام ئېلىپ ھۇزۇرلاندى ، كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى ، لېكىن ئۇخلىمىدى . ئۇ كۆزدنى يۇمىسلا كۆرگەنلىرى يادىغا كېلەتتى : «بولدى ، مۇشۇ ئېچىدنىشلىق قىياپەتلەرنى كۆرمەي ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان نالە ـ پەريادلارنى قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن ، جاھان غوۋغالىرىددىن نېرى بولاي ، شۇنداق دەپ مۇشۇ ئادەمسىز چۆل ـ جەزىرىدلەرگە كەلدىم ، يەنە نېمىشقا شۇ ئىشلارنى ئويلاپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن ، يۈرەك يارىلىرىمنى نېمىشقا كۆپەيتىمەن ، بولدى قىلاي ، ئويلىماي » .

مەتسىدىق ئورنىدىن تۇرۇپ ، تايىقىنى ئېلىپ ، خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە سېلىپ ئاستا ماڭدى . ئۇنىڭغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئادەمسىز چۆلدەرەپ تۇرغان ساتمىلار ئۇچراپ قالاتتى . تازا زەن قويۇپ قارىغان ئادەم ساتمىلاردىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىشى مۇمكىن . شۇنداق ، توققۇزىنچى ـ ئونىنچى ئايلاردا بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە كىشىلەر چارۋا ماللىرىغا پىچان ئورۇپ ، ئۇنى قۇرۇتۇپ قىشلىق ئوزۇقى قىلىپ ساقلايدۇ . شۇ چاغلاردا مۇشۇ ساتمىلاردا يىراقتىن كەلگەن كىشىلەر دەم ئالىدۇ ، غىزالىنىدۇ ياكى تۈنەيدۇ . ساتمىلاردىن پايدىلىنىش ئۇچۇن چوڭلۇقى لىگزىدەك كېلىدىغان توغراقنىڭ بىر ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى كامارغا يېقىن ئەكېلىپ قويىدۇ . ئۇ سۇس تۈتۈن چىقىرىپ ئايلاپ ـ ئايلاپ كۆيۈپ تۇرىدۇ . شۇڭا زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ ، ئوت ئىزدەپ ئاۋارە بولمايدۇ . بۇ زامان ـ زامانلاردىن تارتىپ

داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادىتى .
مەتسىدىق توغراقلارغا سەپسېلىپ ، ئاستا ، ئالدىرىماي ماڭ-دى . توغراقلاردىكى ئىككى خىل قىياپەت ئۇنى ھەيران قالدۇر-ماقتا ئىدى . بەزى توغراقلار قۇرۇپ ، شاخلىرى ساڭگىلاپ ياكى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغان بولسا ؛ بەزىلىرى ياپيېشىل ياشىرىپ ، تەڭگىدەك يالتىراق يوپۇر-ماقلىرى جۇلالىنىپ پايانسىز چۆللۈكتە ھاياتلىق ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان قەيسەر ئادەمنى ئەسلىتەتتى . ئىككى خىل قىياپەت مەتسىدىققا مۇنۇ چۈشەنچىنى ئاتا قىلدى : ھاياتلىق ئۇچۇن تىرى-شىپ كۈرەش قىلغانلار ياشىرىدۇ ، ھۇرۇنلىشىپ چۈشكۈنلەشكەن-لەر قۇرۇپ ئۆلىدۇ .
ئۇ شالاڭ توغراقلىققا يېتىپ كەلدى . بىردىنلا شامال چىقىپ كېتىپ ، توغراقلار ئۇزۇك - ئۇزۇك تاۋۇشتا شىۋىرلاشقا باشلىدى :
— ئەي دەرۋىش ، نەگە بېرىپ ، نەدە توختايسەن…
مەتسىدىق توختاپ ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى ، ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ھاڭ - تاڭ قالغان مەتسىدىق يەنە ماڭدى .
توغراقلار يەنە شىۋىرلىدى :
— ياش ئىكەنسەن… نېمىشقا بۇ يولغا چۈشتۈڭ ؟
ئۇ توختاپ كەينىگە ، ئىككى يېنىغا قارىدى - دە ، ئېغىز ئاچتى :
— مەن دەرۋىش ئەمەس ، ئەمما دەرۋىشلىك يولىغا چۈشەي دەيمەن .
— سېنىڭ كۆرگەنلىرىڭ شۇنچە كۆپمۇ ؟
— مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنى كۆرسەڭ ، سەنمۇ دەرۋىش بولۇپ كېتەتتىڭ .
— ھەي ، بىچارە …

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇنىمۇ ئۆچتى . مەتىسىدىق پەرۋامۇ قىلماي يولىنى داۋام ئەتتى .

ئۇ چىڭقىچۇش مەزگىلىدە قويۇق توغراقلىققا يېتىپ كەلدى ۋە قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىپ توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى . خۇرجۇندىن ئاخشام كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ قويغان توشقان گۆشىنى ئالدى . بۇ يەر دەرياغا يېقىن ئىدى . بىر پارچە لاتىغا ئورالغان گۆشنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا باردى . دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ گۆشنى تامشىپ تۇرۇپ يېدى ، كەينىدىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ راسا بىر كېرىلىۋېتىپ ، خۇرجۇننى قويۇپ قويغان يەرگە كېلىپ توغراققا يۆلىنىپ ئولتۇردى . خېلىدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزى نېرىدىكى يوغان توغراق غولىغا چۈشتى . قىزىق ، ھاياتىدا ھەيران قالغان بىر ئىش يۈز بەردى : كۆزى چۈشتى ـ دە ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ، توغراق غولىدا ئېيتقۇسىز گۈزەل بىر قىز ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى . «چۈشۈمۇ ، ئوڭۈمـمۇ بۇ ؟— دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ،— بۇ قىز قانداق قىلىپ توغراققا ئايلىنىپ قالدى··· » قىزىق يېرى شۇكى ، مۇنداقلا قارىسا قىز كۆرۈنمەيتتى . تازا زەن سېلىپ قارىسا ، ئۆزگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق بايقايتتى . ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەيمىنىش ئىچىدە ئاستا بېرىپ توغراقنىڭ غولىنى — قىز ئۆزگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان يەرلىرىنى سىلىدى ، ھېچنېمە بىلىنمىدى ھەم ھېچنېمە كۆرۈنمىدى . بايىقى گۈزەل قىزدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ ئەنسىرەش ، ئالاقزادىلىك يانغان كۆزلىرى بىلەن تۆت ئەتراپقا قارىدى «بۇ توغراقنىڭ ئالدىغا خاتا كېلىپ قالدىممۇ ؟ » دەپ ئويلىدى . ياق ، كەلگىنى شۇ توغراق ، باراقسان شاخلىق مۇشۇ توغراق . «بۇ قانداق بولغىنى ، ھېلىقى قىز قېنى ؟— دەپ ئويغا پاتتى ئۇ ، — كۆزۈمنى ئالداۋاتقان كىم ؟··· مېنى مەشەگە ئەكەلگەن كىم ؟··· شەيتان

ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ قالدىمۇ ـ يا؟ ...»

ئۇ ئۇرنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يوغان توغراقتا يەنە زەن سېلىپ قاردى: شۇنداق كېلىشكەن، شۇنداق چىرايلىق، تال ـ تال كىرپىكلىك، ئاغزى ئويماقتەك، ئىككى ئۆرۈلگەن چاچلىرى تاپىنىغا چۈشكەن، مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش قېتىپ قالغان قىز يەنە پەيدا بولدى، مۆجىزە يەنە كۆرۈندى ۋە ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

مەتسىدىق تېخىمۇ ھەيران قالغانلىقىنى، قىزىق ھاياجانلىرىنى باسالماي، توغراق قىزغا خىتاب قىلدى:

— ئەي گۈزەل قىز، كىمسىز؟ كىم بولىسىز؟ ... قانداقلارچە توغراقتا ئايلىنىپ قالدىڭىز، ئېيتىڭا، نە ئىشتىن بۇ ھالغا كېلىپ قالدىڭىز؟... يۈرىكىمىدىكى چىگىشلەرنى يېشىۋەتسىڭىزچۇ؟

توغراق قىزدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى ـ دە، توغراقلىق ئىچى ئاجايىپ جىمجىتلىققا چۆكۈپ كەتتى.

مەتسىدىق ئىككىنچى قېتىم قاتتىق ئىنتىزارلىقتا سوئاللىرىنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇنىڭدىن يەنە سادا چىقمىدى، ئەمما مەتسىدىققا ئۇ تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ نۇرلۇق، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كۆرۈندى. ئۇنىڭ ھەيرانلىق، ھاياجانلىق ئالامەتلەر ئەكس ئەتكەن يۈزلىرىدە ئەمدى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ياندى ـ دە، يەنە سوئاللىرىنى تەكرارلىدى. لېكىن ئۈمىدلىرى جاۋابسىز قالدى. «ئۇ قانداق قىسمەتلەر ۋەجىدىن شۇ ھالغا كېلىپ قالغاندۇ؟ ئۇنىڭ شۇ ھالغا قانداق سىرلار يوشۇرۇنغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. مەتسىدىقنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن توغراق قىزغا باغلىنىپ قالغانىدى.

— ئەي توغراق قىز، بىلەمسىز، مەن نۇرغۇن ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچراپ، ئاشۇ غوۋغالاردىن يىراق بولاي، دەپ مۇشۇ ئادەمسىز چۆلگە تاشلىنىپ قالدىم. ئاۋال سىز ئېيتىڭا، سىز

زادى كىم ؟... ئاندىن مەنمۇ كىملىكىمنى كەچمىش ـ كەچۈرمىشـ
لىرىمنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي... كېلىڭ ، ئاشۇ نازۇك قوللىـ
رىڭىزنى ماڭا بېرىڭ ، ئىككىمىز دوست بولايلى .
مەتسىدىق جاۋاب ئالالىماي قەلبى ئىنتىزارلىقتا يېنىپ
ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى ، ئولتۇراتتى ، قوپاتتى ، تىت ـ تىت
بولاتتى ، بۇرۇقتۇرمىلىقتا قىينىلاتتى... قاچانكى ئۇ توغراق قىزـ
غا يېقىنلاشسا ، ئۇنىڭ گۈزەل سىيماسى ئاستا ـ ئاستا ئۆچەتتى ،
نېرىراق كەتسە ، باشقىدىنلا جىلۋىلىنىپ كېتەتتى . مەتسىدىق
قانچە قىلىپمۇ ، يۈرەك سۆزلىرىنى ئايانماي تۆكۈپمۇ ئۇنىڭدىن
جاۋاب ئالالمىدى .
شۇنداق قىلىپ ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى . يېنىك شامال
ئۇرۇلدى ، توغراق يوپۇرماقلىرى شىۋىرلىدى . ئۇ توغراق قىزـ
نىڭ يېنىدىلا يېتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، كېچە باغرىنى يېرىپ
سادا كەلدى :
— ئەي مۆھتەرەم يىگىت ، بۇ يەردە ياتسىڭىز بولمايدۇ ،
دەرھال توغراقلىقتىن ئايرىلىڭ ، يول بويلىرىدىكى بوش قالغان
ساتمىلاردا ياكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە يېتىڭ ، ئەڭ بىخەتەر
جاي ئاشۇ .
شۇنىڭدىن كېيىن يەنە سۈرلۈك جىمجىتلىق باشلاندى .
«بۇ ئاۋاز نەدىن چىقتى؟ ... توغراق قىز زۇۋانغا
كەلدىمۇ ـ يا ؟... توغرا ، توغراق قىز زۇۋانغا كەلگەن ئوخشايدۇ .
بولمىسا ئادەمنىڭ تىۋىشىمۇ يوق بۇ جايدا توغراق قىزدىن باشقا
كىم سۆزلەيتتى ، ئۇ بايىقى توغراقلاردەك شىۋىرلاپ ئەمەس ،
خۇددى ئادەمدەك سۆزلەۋاتامدۇ ،— دەپ ئويلىدى ئۇ خۇشاللىقى
ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي ،— نېمىلا بولمىسۇن ، توغراق قىز زۇۋاذـ
غا كەلدى . ئەمدى تاڭ ئاتقاندا سۆزلىشىدىغان بولدۇم . خۇـ
دايا شۈكۈر... »
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توغراقلىقتىن ئايرىلىپ ، نېرىدىكى قۇم

دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، ئاسمانغا قاراپ ئوڭدا ياتتى . چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار يېقىنلا يەردە ، قول سوزسا يەتكۈدەك يەردە تۇرغاندەك قىلاتتى . چۆل جىمجىتلىقى تىۋىشسىز ، ئاجايىپ سۇرلۇك جىمجىتلىق ئىدى .

ئۇيقۇ ئۇگدىكى ئۇنىڭ كۆزىگە تورىنى يايماي تۇرۇپلا ، ئۇ چاپسانراق تاڭ ئېتىشىنى ، توغراق قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ، مۇھىمى ، سۆزلىشىشنى ، ئۇنىڭ سىرىنى ، كىملىكىنى ، نە ئۈچۈن شۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى . شىۋىرلاپ يېتىپ كەلگەن ئىللىق شامال ئۇنى تەۋرىتىپ يەلپۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى .

بىر چاغدا ئۇ كۆزىنى ئېچىۋىدى ، تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ . ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپلا توغراقلىققا يۈگۈردى . «يۈزۈمنى يۇيماي بارسام بولماس ؟ » دەپ ئويلاپ ، ئالدى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ يۈز - كۆزىنى يۇيدى ، ئاندىن توغراق قىزنىڭ ئالدىغا — تۈنۈگۈنكى ئولتۇرغان يېرىگە بېرىپ ئولتۇردى ۋە توغراق قىزغا تەلمۈرۈپ قارىدى . خېلى ۋاقىت ئۆتتى ، توغراق قىزدىن سادا يوق . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توغراق قىزغا تىكىلىپ :

— ئەي گۈزەل ، سىرلىق قىز ، ئېغىز ئاچسىڭىزچۇ ، سادايىڭىزغا تەشنامەن ، ئاخشام ئېغىز ئېچىۋىدىڭىز ، خۇشاللىقىمدىن تېرەمگە پاتماي سەكرەپ كەتتىم… ئادەم ئاۋازىنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتىمەن ، رەھىم قىلىپ مېنى تەشنالىقىمغا يەتكۈزسىڭىزچۇ !— دېدى .

يېقىملىق شاماللار ئۇرۇلماقتا ، ئالا كۆلەڭگىلەر نازىغىپ ئوينىماقتا ، نەدىندۇر ھەر خىل قۇشلارنىڭ نازۇك ئۈنلىرى ئۇچۇپ كەلمەكتە . ئاجايىپ نازۇكلۇق ، نەپىسلىك ، سېھىرلىك گۈزەللىك توغراق ئىچىدە جىلۋىلىنىپ ئوينىماقتا…

— ئەي يىگىت ! — ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىدىن توغراق قىز بىردىنلا زۇۋانغا كەلدى ، — ئەگەر سىز سىر ساقلىيالايدىغان بولسىڭىز ، مەن سىزگە سىرلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي ، باشقىلارغا تىنغۇچى بولماڭ .

— مەن سىر ساقلىيالايمەن ، ماڭا ئىشىنىڭ ، مەنمۇ سىر ساقلىغۇچىغا تەشنا ، ئەگەر باشقىلارغا تىنسام قارا يۈز بولۇپ كېتەي .

— قىزىق ئىش ، — دېدى ئۇ دانىمۇدانە سۆزلەپ ، — ئادەم دۇنياغا كېلىدىكەن ، ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ ، بىرلىرى كۈلۈپ ، بىرلىرى قاقشاپ دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن . توۋا دەيمەن ، ئىگىسى نېمىشقا بەندىلىرىگە تىرىكلىك ئاتا قىلغاندۇ ؟... نېمىشقا بەزىلىرىگە كۈلۈپ خۇشال - خۇرام ياشاشنى ، بەزىلىرىگە قايغۇرۇپ دەرد - ئەلەم تارتىشنى ئاتا قىلغاندۇ ؟ ئەگەر بەندىلىرىگە ياخشى ئىش قىلىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشنى ، يامان ئىش قىلىپ كۆپچىلىكنىڭ لەنىتىگە قېلىشنى كۆرسەتمەكچى بولسا ، تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تېخى ياخشى ياكى يامان ئىش قىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغۇ ؟ ... قېنى سۆزلەپ بېقىڭا ، ئەي يىگىت ، تىرىكلىكنىڭ زادى مەنىسى نېمە ؟

— تىرىكلىكنىڭ مەنىسى ، — دېدى مەتسىدىق ئۇنىڭدىن سادا چىققانلىقىغا خۇشلۇقى تېشىپ ، — تىرىكلىككە ئېرىشكەن ئادەم ئاز - تولا ياخشى ئىش قىلىپ ئۆزىنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ رازى قىلىش ، ئەڭ بولمىغاندا ياخشى ئىشمۇ قىلماي ، يامان ئىشمۇ قىلماي ياشاش ، مانا بۇ تىرىكلىكنىڭ مەنىسى . لېكىن تىرىكلىكنىڭ ئىچىگە قاباھەت ، كۆڭلى قارىلىق ، شۇملۇق ، ساختىپەزلىك يوشۇرۇنغان بولىدىكەن .

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز ، ھەقىقىي گەپنى قىلدىڭىز ، ياش بولسىڭىزمۇ كۆرگەنلىرىڭىز كۆپ ئىكەن ، دەرۋىش .

— مەن دەرۋىش ئەمەس ، بىراق دەرۋىش بولۇپ كېتەي دەيمەن ، بۇ دۇنيانىڭ ئەسكىلىكىدىن خالىي بولۇپ ياشاي دەي-مەن ، سىزلا بولىسىڭىز شۇنداق ياشالايمىز .

— يولۇچى يىگىت ، مەن تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىم ، قاراڭا ، مەن قانداق هالغا كېلىپ قالدىم ، ئادەمنىڭ كۆرگىنىدىن كۆرمىگىنى كۆپ بولىدىغان ئوخشايدۇ . مېنىڭ ئەقلى - هوشۇمە-نى بىلگىنىمگە ئاران بىر - ئىككى يىللا بولغان ، شۇنىڭغا قارىماي مېنىڭ كۆرگەنلىرىم شۇنچە كۆپ هەم چۇشۇمگىمۇ كە-رىپ باقمىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار . «كۆپرەك ئۆمۈر كۆرگەنلەر نېمىلەرنى كۆرگەندۇ ؟» دەپ ئويلاپ كېتىمەن .

— شۇنداق ، مەنمۇ ياشلىقىمىنىڭ يېرىمىغا يەتمەي تۇرۇپلا ،— دېدى يىگىت توغراق قىزغا تەلمۈرۈپ قاراپ . ئۇنىڭ دەردلىرى قوزغالغانىدى ،— ئادەمنىڭ كۆرگەنلىرى ئۆمرىدىنمۇ كۆپ بولىدىكەن . گۈل ئېچىلاي دېگەندە قارا بوران كېلىپ باس-سا ، گۈلنى غازاڭ قىلىۋەتمەمدۇ ؟— بىرئاز ئېغىر ، سېھىرلىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆزى جاۋاب بەردى ، — ئەلۋەتتە غازاڭ قىلىۋېتىدۇ . غازاڭ قىلىۋەتكەنلىكى ماڭا ئايان .

يەنە جىمجىتلىق باشلاندى . قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلەپ ، ئۇنىڭ نۇرلىرى توغراقلار ئارىسىدىن ئەركىلەپ چۇشمەكتە ئىدى . توغراق قىز تېخىمۇ نۇرلۇق ، يېقىملىق بولۇپ كەتتى . مەتسىدىقنىڭ يۈرىكىگە چۇشكەن ئۈمىد ئىختىيارسىز دولقۇنلان-ماقتا ئىدى . ئاخىر ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ توغراق قىزغا كۆڭ-لىدىكى ئۈمىدىنى يەنە ئېيتتى :

— كۆڭلۈمدە بىر ئۈمىدىم بار ، ئۇ تېپىچەكلەپ ماڭا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ ، ئېيتىڭا سۆيۈملۈك قىز ، سىز قانداق قىلىپ توغ-راق قىزغا ئايلىنىپ قالدىڭىز ، نە هاللار بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ؟ ... سىر ساقلىغان ئادەملەر دوست بولالايدىغۇ ؟

توغراق قىز خېلى جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ

كەچۈرمىشلىرىنى ھېچقانداق شەرت قويماي بايان قىلىشقا ئۆتتى:

— مەن بىر ئادەمنىڭ يالغۇز قىزى ئىدىم، كۈنلەر، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بويۇمغا يېتىپ رەسىدە بولدۇم...

توغراقلار ۋەھىمىلىك ئۈن بىلەن شىۋىرلىماقتا، يېقىنلا يەردىن قاغىلار شۇملۇق تىلىگەندەك قاقىلدىماقتا، نېمىلەردىندۇ ئۈركۈگەن توشقانلار ئۇياق - بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە ۋە بەزىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىپ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاردىماقتا، دەريا بويى تەرەپتىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ ئەنسىز ئۈنلىرى ئاڭلانماقتا. مەتسىدىق توغراق قىزغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى تىڭشىماقتا. ئۇ قىزنىڭ بايانلىرىغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنكى، ئۇ توشقاننىڭ ئۆندەرىگەندەك ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى. توغراقلارنىڭ شىۋىرلىشى، قاغىلارنىڭ قاقىلدىشىنى سەزمىدى. بىر ئىشقا، ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتكە قاتتىق بېرىلىپ كېتىش باشقىلارنىڭ دەرد - ئەلىمىنى ئۆز دەرد - ئەلىمى دەپ بىلگەنلىكىدىن بولىدۇ. قىزنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەملىرى مەتسىدىقنىڭ باغرىنى تىلىپ گويا ئۇنى بىھوشلۇق ھالىغا كەلتۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش تامچىلىرىنى تىزدى. شۇنداق ئادەملەر بولىدىكى، ئەگەر ئۆزى دەرد - ئەلەملىك بولسا، باشقىلارنىڭ دەرد - ئەلىمىگە ھەممىدىن بۇرۇن ياش تۆكىدۇ، بەلكى دەردمەنگە ئۇنىڭدىن ئوشۇقراق قايغۇرىدۇ.

توغراق قىز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندە، مەتسىدىقنىڭ يۈزلىرى توختىماي قۇيۇلغان ياشلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، بەختسىزلىك، قايغۇ - ئەلەمنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئېغىر تىنىپ قالغانىدى.

— ئادەم يولدىن چىقسا، شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە، ئۆزى بىلىپمۇ - بىلمەيمۇ قاتىلغا ياكى رەسۋايى - شەرمەندىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن

گۇۋاھچىمەن ، شۇ كۆرگەنلىرىمدىن نۇرغۇن ئەرزىيەتلەرنى چەك-
كەندە ، ئېخىمۇ قاباھەتلىك تۇرمۇش قوينىغا چۈشۈشكە ئاز قالغان-
دا ، خۇدانىڭ نەزىرى چۈشۈپ قېتىپ قالدىم ، توغراق قىزغا
ئايلىنىپ قالدىم . ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا سىز بىلەنمۇ
ئۇچراشمىغان بولاتتىم .

— ئۇنداق ئىشلار ھازىر ئېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى . شۇڭ-
لاشقا مەن جۇنۇن ھالىغا چۈشتۈم . ئادەملەردىن يىراقراق ياشاش-
نى نىيەت قىلىپ مۇشۇ ئادەمسىز چۆللۈكنى ماكان تۇتماق-
چىمەن .

— نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ناھەقچىلىكلەر يۈز بېرىدۇ ؟—
توغراق قىز يەنە ئېغىز ئاچتى ،— بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىمۇ ؟
ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە ، ئويلىغىنىغا مۇخالىپ ئىشلار يۈز بەرسە ،
بۇ تەقدىردىن دەپ ناموۋاپىق ئىشلارنى تەقدىرگە دۆڭگەپ قويۇش
توغرىمۇ ؟... قېنى سىز ئېيتىپ بېقىڭا ، زادى توغرىمۇ ؟

— ئەي تەڭداشسىز گۈزەل قىز ،— دېدى مەتسىدىق ئۇنىڭ
سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ،— كىشىلەر ناموۋاپىق ئىشلارغا ، ئېچىن-
ىشلىق كۈنلەرگە قالغاندا ، بۇ تەقدىردىن دەپ ، ئۆكسۈگەن
كۆڭلىنى بەزلەيدۇ . ئۇ بىر تەسەللى ، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز
ئىشەنمەيمەن .

— سىزنىڭ ئىشەنمەسلىكىڭىزدە بىر سەۋەب بولۇشى مۇم-
كىن ، ئەمدى نېمىشقا دەرۋىشلىك يولىغا چۈشكەنلىكىڭىزنى ئېيت-
تىپ بېرىڭ ، ئېنىق ئېيتاي ، نېمىشقا ئادەملەردىن بىزار بولدى-
ڭىز ؟

مەتسىدىق توغراق قىزنىڭ قىيىن سوئالىغا ئويلىنىپ كەت-
مەيلا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى :

— مەن بىر نامرات دېھقاننىڭ بالىسى ئىدىم ...

توغراق قىز كەچۈرمىشلىرىنى چۈش بولاي دېگۈچە سۆزلەپ
تۈگەتكەن ، مەتسىدىق ئاخىرقى پېشىنغىچە سۆزلەپ تۈگەتتى .

مەتسىدىققا توغراق قىزنىڭ مەڭزىدە قېتىپ قالغان ئىككى تامچە ياش ھازىرلا كۆزىدىن سىرىلىپ چۈشكەندەك تۇيۇلدى . ئاجايىپ سىرلىق جىمجىتلىق باشلاندى . دەل - دەرەخلەرمۇ ، ئوت - چۆپلەرمۇ قېتىپ قالغاندەك جىمجىت ئىدى .

— بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مۇھەببەتكىمۇ پۇل - بايلىق ئارىلى-شىپ ، پۇلى بارلار ، مەنسەپدارلار كۆزى چۈشكەن قىزلارنى ئالالايتتى . پۇلى ، مەنسىپى يوقلار سۆيگەن قىزنىمۇ ئالال-مايتتى . ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلار تېخىچە بار ئىكەن - دە !

مەتسىدىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ :

— شۇنداق... ھازىرمۇ ئۇنداق ئىشلار بار ، تېخى كۆپىيىپ ئەۋج ئېلىپ كەتتى ،— دېدى .

— تۇرمۇش رەھىمسىز ئىكەن ، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى ، ھازىرمۇ رەھىمسىزلىكىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ ، بېشىڭىزدىن ئۆت-كەن ئىشلارغا قارىغاندا ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدىكەن - دە ، بۇ ئۇدۇمكەن .

— مەن ئاۋام خەلق ئەركىنلىككە چىقتى ، تەڭ - باراۋەر بولدى ، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى بوزەك قىلالمايدۇ ، تەڭسىز-لىك بولمايدۇ ، دەپ ئويلىغان . لېكىن بولىدىكەن ، ئادەملا بولى-دىكەن ، ئۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن .

دەرەخلەر ئارىسىدىن چۈشكەن ئالا كۆلەڭگىلەر توغراق قىز-نىڭمۇ ، مەتسىدىقنىڭمۇ بەست - ھالىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە غەمكىن - قايغۇلۇق ئۇچقۇنلار يانغان ئىدى .

— شۇنداقكەن ، بىچارە قىزلار دەرد - ئەلىمىنى كۆز يېشى قىلىپ تۆكۈپ ، ۋىسالغا يېتەلمەي ئۆتۈش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ . مەن شۇنى بىلدىمكى ، كۆز يېشىنى قانچە كۆپ تۆككەن ئادەم شۇنچە بوزەك ، بىچارە بولىدىكەن . كۆز يېشى ھېچكىمنى ۋىسالغا يەتكۈزەلمەيدىكەن . بىراق ، سىز سۆيگەن رەي-ھانگۈل تەتۈر قىسمەتلەرگە چەك قويۇپتىغۇ ، ئۆزىنىڭ ياش جېنى-

نى قۇربان قىلىپ، ئۇنى بۇزۇپ تاشلاپتىغۇ،— دېدى توغراق قىز.

— مەن شۇنداق ئىسيانكار قىزلارنىڭ كۆپرەك چىقىشىنى تىلەيمەن. ھېلى سىز مەنسەپدارلارنى تىلغا ئالدىڭىز، ھازىر كىشىلەر شۇنچىلىك بۇزۇلۇپ كەتتىكى، بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ئادەمنى، ھەتتا ئۆز دوستىنى، يېقىن ئادىمىنى سېتىۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارنى قىلتاق بىلەن قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئادەملەرنى پۇل - بايلىق، مەنسەپ بىلەن قولغا چۈشۈرمەن دەيدىغانلار بار ھەم چۈشۈرگەن، لېكىن چۈشمەيدىغانلارمۇ بار. رەيھانگۈل چۈشمىدىغۇ، ئۆز ۋاقتىدا سىزمۇ چۈشمەپتىكەنسىزۇ... قاراڭ، دۇنيادا ئەڭ ئەركىن نەرسە قۇش ئىكەن، خالىغان يېرىگە بارالايدىكەن، پەرۋاز قىلالايدىكەن، خالىسا توختاپ، خالىغان يېرىگە قونالايدىكەن، كۆشەندىسىگە ئۇچراپ قالسا دالدىلىق بىخەتەر يەرگە مۆكۈنەلەيدىكەن، بىز ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا ئاشۇ قۇشلاردەك ئەركىن بولالمايمىز؟... بىزمۇ بىرلىشىپ مۇشۇ پايانسىز زېمىندا ئەركىن يۈرۈشىمىز كېرەكتە، چوقۇم شۇنداق بولالايمىز!

— ياشىساق نېمىدېگەن تەس - ھە!— دېدى توغراق قىز،— ئۆمرىمىز غەم - قايغۇ، ئەندىشە ئىچىدە ئۆتىدىكەن، ئەزەلدىن شۇنداقكەن.

— شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، غەم - قايغۇلۇق، ئەندىشىلىك ئۆمۈر — ئەندىشىسىز ئۆمۈرنىڭ باشلىنىشى. بىر ئادەمدە ئىشەنچنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا ئۈمىد تۇغۇلغانلىقىدىن،— دېدى مەتسىدىق قەتئىي ھالدا،— قاپقارا بۇلۇتلارنى سورۇۋېتىدىغان بوران ھامان چىقىدۇ.

خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن توغراق قىز دېدى:

— بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلار ئوخشىشىپ كېتىدىكەن...

— شۇنداق ،— مەتسىدىق ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى ،— بىز خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىكەنمىز ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، ھەتتا كۆيۈپمۇ قالدىم .

— مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس ، ھالىتىمنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ...

— ئىشىنىمەنكى ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم ئەسلىڭىزگە قايتالايسىز ، بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت قالمىدى .

— خۇدايىمنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ، بىلمىدىم ، قانداق ئىشەنسەم بولار ؟

— قىزىقكەنسىز ، بېشىڭىزغا قاتتىق كۈن چۈشكەندە سىزنى توغراق قىزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن خۇدايىم ۋاقتى كەلگەندە ، ئەسلىڭىزگە قايتۇرالامدۇ ، خۇدانىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىڭ...

— ھەي بۇ... بۇنىڭغا ئۇزۇن زامانلار ئۆتىدۇ ، شۇنىڭغىچە سىزمۇ قېرىپ مۈكچىيىپ كېتىسىز .

— ياق ، ئۇنداق بولمايدۇ ، ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ بولدى ، ئەمدى ئەسلىي ھالىتىڭىزگە قايتىشىڭىزغا كۆپ ۋاقىت قالمىدى . ئۈمىدۋار بولۇڭ ، ئۈمىدۋار بولساق چوقۇم تىلىكىمىزگە يېتىمىز . مەن سىزنى ساقلايمەن ، ئاشىق - مەشۇقىنى ساقلىمىسا ، ئۇنىڭ نېمىسى ئاشىق بولغانلىق بولىدۇ ، مەن سىزنى قاتتىق تەشنالىق بىلەن كۈتىمەن . چوڭقۇر ئويلاپ يەتتىمكى ، مەڭگۈلۈك بەختىمنى پەقەت سىزدىنلا تاپالايمەن ،— ئۇ ئاسمانغا قاراپ دېدى ،— ئەي خۇدا ، توغراق قىزنى ئەسلىگە ياندۇرۇپ ، مېنى مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزسەڭ نېمە بولار ؟ سېنىڭ ئارغامچاڭ نېمانچە ئۇزۇندۇ ؟ ئۇنى توغراق قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويغىنىڭغا نەچچە يۈز يىللار بوپتىغۇ ، يېتەر ئەمدى ، بىزنى گۈزەل ۋىسالىمىزغا يەتكۈزسەڭ گۈل ئۈستىگە گۈل ، نۇر ئۈستىگە نۇر بولما-

دۇ ، شۇ چاغدا مەن خەلقئالەم ئالدىدا «مەشۇقۇم بار» دەپ مەيدەمنى كېرىپ يۈرمەمدىم !

بۇ بىپايان چۆللۈكتە ھېچقاچان چىقمىغان ئىللىق شامال چىقتى . ياۋا گۈللەرمۇ ئەڭ ئېسىل پۇراقلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچتى ...

— بىلمىدىم ،— دېدى توغراق قىز غەمكىن ئاۋازدا ،— ئادەمگە نېمىشقا ئۆمۈر بېرىلگەندۇ ؟ ئۆمۈر دېگەن زادى نېمىدۇ ؟

— ئۆمۈر دېگەن تىنچ ـ خاتىرجەملىكتىن كۆرە ، بەختسىزلىك ، دەرد ـ ئەلەم ، ئازاب ـ قايغۇلارنى ماڭدامدا بىر ئېپادىلەپ تۇرىدىغان ھەسرەتلىك كارۋان . بۇ كارۋانغا ھەر دوقمۇشتا بىر پېشكەللىك ، ئوڭۇشسىزلىق ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇ قىسمەتلەرنى يېڭىپ بولغۇچە ھاياتىڭ ئاخىرلىشىپ قالىدۇ ياكى ئورنىڭدىن قوپالماس دەرىجىدە ھالسىراپ قالىسەن ، خۇددى چىرايلىق گۈل توزۇپ كەتكەندەك .

— ئادەمنىڭ ياشىشى خۇددى قارغا ئوخشايدىكەن . ئۇ يىغىۋاتقاندا شۇنداق چىرايلىق ، تاغ ـ دالىلارغا چۈشسە ، دەل ـ دەرەخلەرگە قونسا تېخىمۇ چىرايلىق ، بىراق ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا ، گۈزەللىك ئۇزاققا بارمايدۇ . مېنىڭ غەمسىز ، بەختلىك كۈنلىرىم ئۇزاققا بارمىدى ، سىزنىڭمۇ شۇنداقكەنغۇ...

— شۇنداق ، شۇنداقكەن ، ئەسلىدە ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ياخشى ئادەم بىر بولسا باي بولغاندا ، بىر بولسا ئەمەل تاجىنى كىيگەندە ئۆزگىرىپ ياخشى خۇلق ، ياخشى پەزىلەتلەردىن ئايرىلىپ قالىدىكەن .

— خۇدايىم تارتقان دەردلىرىمگە ، ئېغىر ئازابلىرىمغا ئىچى ئاغرىپ ، — دېدى توغراق قىز تەمكىن قىياپەتتە ،— مېنى توغراق قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . نەچچە يۈز يىللىق ھاياتىم مەندە

سىز ئۆتۈپ كەتتى . بۈنىڭغا ھازىر ئۆكۈنىمەن . يىگىتىم — جەسۇر پالۋانىم قۇربان بولدى . بىزنى قاچتى دەپ قالماڭ ، بىزنىڭ قېچىشىمىز زۇلۇمغا ، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانىمىز ! ئەسلىي مەن تۇتۇلۇپ قالساممۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشىشىم كېرەك ئىدى ،— ئۇ بىردەم توختاپ سۆزىنى داۋام قىلدى ،— سىزنىڭ دەرۋىش بولۇپ كەتمەكچى بولۇشىڭىزمۇ خاتا ، دەرۋىشلەر قايسى دەۋرنىڭ بولمىسۇن ، ئۇلار شۇ دەۋرگە قارشى ، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ جەسۇر ئادەملىرى . ئەسلىدە ئۇلار دەرۋىش بولۇپ كەتمەي ، شۇ جاھان بەگلىرى ، زالىملىرى بىلەن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئېلىشىشى كېرەك ئىدى ، بولمىسا ئۇلار بىلەن كىم ئېلىشىدۇ ؟ !... خەير ، ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى... كېلىڭ ،— دېدى توغراق قىز مۇلايىم ئۈن بىلەن ،— كۆكسۈمگە بېشىڭىزنى قويۇڭ ، ئۆزۈم قېتىپ قالغان بولسامۇ ، روھىم تىرىك ، مەنمۇ ھەقىقىي ئادەمگە ، بولۇپمۇ كۆڭلۈمگە ياققان ئادەمگە تەشنامەن !

مەتسىدىق توغراق قىزغا قاراپ كەتتى — دە ، ھەم ھەيرانلىق ، ھەم تەشنالىق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى — دە ، ئاستا كۆزىنى يۇمىرىلىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى . توغراق قىزنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقاندەك بولۇپ ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقاندەك ، ئاجايىپ سېھرىي جۇشقۇنلۇق ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

يىگىتنىڭ توغراق قىزغا چىن يۈرىكىدىن ئېيتىۋاتقان ئىلتىجا — يالۋۇرۇشلىرى ، توغراق قىزنىڭ ئۇنىڭ ئىلتىجا — يالۋۇرۇشلىرىنى قوبۇل قىلمايۋاتقان كەسكىن جاۋابلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى . ئەمما قىزنىڭ چىرايى خۇشخۇي ئىدى .

شىۋىرلاپ ئىللىق شامال چىقتى .

ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەتسىدىق توغراق قىزدىن نېرى كەتمەي، دەم كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ، دەم ئۇنى ئايلىنىپ يۈردى.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ شەرق ئاقىرىشقا، ئاستا - ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى. كۈننىڭ بىر چېتى تارتىنچاق قىزدەك كۆرۈندى.

2004 - يىل، نويابىر، ئۈرۈمچى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTIyMDUuemlw",
"filename_decoded": "40212205.zip",
"filesize": 19171774,
"md5": "4a2f288753226d403378c0f8f5fbcf9d",
"header_md5": "e21b6a38fb28ec1ac6b7a197027fbf8e",
"sha1": "ee2871de70e672bd2e1be2510e98a823042d8e31",
"sha256": "42b1ad5643c8f428da99b60f3f830ca56b48a81c9a866633aff8bbfba87c92cc",
"crc32": 585253789,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 19591405,
"pdg_dir_name": "\u2551\u00b7\u2564\u03b5\u2563\u251c\u2500\u2229\u2561\u2500\u255f\u0398\u255a\u2566\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40212205",
"pdg_main_pages_found": 329,
"pdg_main_pages_max": 329,
"total_pages": 333,
"total_pixels": 1262147176,
"pdf_generation_missing_pages": false
}